
# قومۇل نەزمىلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى : ئېلى ئىسمائىل



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئەخەت ھاشىم
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەھەممەت ئايۇپ،
ھۆسن خەتلەرنى يازغۇچى: ئېلى ئىسمائىل
فوتو سۈرەتلەرنى تارتقۇچىلار: رېن گۇاڭمىڭ،
سەمەت ئەسرا، گاۋ شاۋدۇڭ.

جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى توپلىمى (شىنجاڭ تومى) ماتېرىيالى
رايون نومۇرى: 290500، پوچتا نومۇرى: 839000

## قۇمۇل نەزمىلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمائىل

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 32.125 قىستۇرما ۋارىقى: 10
1991 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 4,570
ISBN 7 — 228 — 01689 — 0/I·537
باھاسى: 9.70 يۈەن

# ئايۇپ قۇربانىنىڭ بېغىشلىمىسى

قۇمۇل (ئىۋىرغول) — خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ئەڭ باي بولغان قەدىمىي دىيار. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ۋە سىياسىي كۈرەشلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، يەرلىك ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك، مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل، رىتىمى شوخ - تېتىك، تىلى ئاممىباپ، يېقىملىق، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار بولغاچقا ناخشىغا سېلىپ ئېيتىشقا ئەپلىك بولۇپ، ئىلمىي، بەدىئىي ھەم تەربىيىۋى قىممىتى يۇقىرى. ئۇ مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى كۆز چاقنىتىدىغان بىباھا گۆھەر. پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلاق.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان «قۇمۇل نەزمىلىرى» نىڭ نەشر قىلىنىشى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. ئۇ خەلقىمىزنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى ئېھتىياجى ھەسسىلەپ ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يېڭى دەۋردە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى يەنىمۇ بېيىتىش، ۋىلايىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە، كىشىلەرنىڭ قۇمۇلنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، قۇمۇل خەلقىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، ئۆرپ - ئادىتى، ئېتىقادى، - قىزىقىشى، مۇھەببەت - نەپرىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىش ھەم تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى مول پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەن ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ، پۈ-

www.uyghurkitap.com

تۈن خەلقىمىزنىڭ، پارتىيەمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆمۈلۈپ ياتقان مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قېزىش، توپلاش، تەتقىق قىلىش، رەتلەش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يېڭىلاش جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىغا تېخىمۇ مول مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

1990 يىل 17 - ئاپرىل

挖掘昆仑民间文学的源泉、丰富人民的精神生活。

韩鹏凤

一九九四、二

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇمۇل خەلق ئەدەبىياتى مەنبەسىنى
قېزىپ، خەلقنىڭ مەنۋى تۇرمۇشى-
نى بېيىتايلى.

خەن پېڭتۇ

1990 - يىل، يانۋار




ئېلى ئىسمائىل
«قۇمۇل نەزمىلىرى»
دىكى ماتېرىياللارنى
ۋەتلىمەكتە.



خەن پېڭتۇ بىلەن
ئايۇپ قۇربان «قۇمۇل
نەزمىلىرى»نى كۆزدىن
كەچۈرمەكتە.




«قۇمۇل نەزمىلىرى» نى تەھرىرلەش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئىش ئۈستىدە.




ئازنا بازار مەسچىتى (ھىجرىيە 912 - يىلى ياسالغان).




ئالتۇنلۇق، (قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ مەخپىرەتلىكى 1840 -
يىلى ياسالغان).




يالغۇز تۇيۇن
مازىرى




ئاقچۇق تۇرا



ئاراتام بېغىدىكى
مىڭ ئۆي





باغداش تاغلىرى



زۆركى تېغى

نېرىن قىردىكى
قۇمتاغ





قۇمۇل شەھىرىدىن بىر كۆرۈنۈش.




قۇمۇل خەلق توي يۈز ئاچقۇسىدىن بىر كۆرۈنۈش.




ئەل نەغمىچىلەر مۇقام ئورۇندىماقتا.



قۇمۇل خەلق مۇقام
تېكىستلىرى قايتا سېـ
لىشتۇرۇلماقتا



ئۆرپ - ئادەت،
مەۋسۇم - مۇراسىم
قوشاقلىرى ئۇستىدە
سۆھبەت



شەھەر ئىچى
يېزىسىدىكى پېشقەدەملەر
بىلەن بالىلار قوشاقلىرى
ۋە تارىخىي قوشاقلار
ئۇستىدە سۆھبەت

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com



قارادۆۋە يېزىسىدىكى ئەل نەغمىچىلەر بىلەن سۆھبەت



قۇمۇل تاغ رايونى-دىكى پېشقەدەملەردىن تارىخىي داستان ۋە تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىگەللەنمەكتە.



توپلانغان ماتېرىياللار.

## مۇھەررىردىن

«قۇمۇل نەزمىلىرى» — قۇمۇل خەلقى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىي مىراس. «قۇمۇل نەزمىلىرى» قۇمۇل خەلقىنىڭ تارىخىنى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇمۇل نەزمىلىرى» «قۇمۇل خەلق مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى»، «تارىخىي داستانلار»، «تارىخىي قوشاقلار»، «ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوشاقلىرى»، «ئەمگەك قوشاقلىرى»، «ئۆرپ - ئادەت، مەۋسۇم - مۇراسىم قوشاقلىرى» «مۇھەببەت قوشاقلىرى»، «ئېيتىشىش ۋە ھەر خىل تېمىدىكى قوشاقلار» «بالىلار قوشاقلىرى»، «قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىرى» دىن ئىبارەت ئون قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قامۇسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

«قۇمۇل نەزمىلىرى» نىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا، كۆپ يىللاردىن بېرى قۇمۇل دىيارىنى كېزىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «قۇمۇل نەزمىلىرى» نى توپلاپ، رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان يولداش ئېلى ئىسمائىلنى ۋە ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئېلى ئىسمائىل 1937 - يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزا ئازنا بازار مەھەللىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان. 1953 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە قۇمۇلدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 - يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى دارىلمۇ-

ئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1975 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1985 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قارمىقىدىكى «مىللەتلەر قەدىمقى ئەسەرلىرى ۋە تىل - يېزىق ئىشخانىسى» غا يۆتكەلگەن بولۇپ ھازىر بۇ ئىشخانىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئېلى ئىسمائىل 1959 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت، خەتتاتلىق ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش - رەتلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىر - مەسەللىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە ھۆسن خەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئېلى ئىسمائىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاپ رەتلەشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق 1989 - يىلى دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك سەنئەت، ئىلىم - پەن لايىھىلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى خىزمىتى بويىچە خاتىرە مۇكاپاتىغا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار توپلىغۇچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خەتتاتلىق ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى بىلەن «جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر خەتتاتلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەتنى قېزىش - تەكشۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 4 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز

«قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى»نىڭ تېكىستلىرى


«قۇمۇل ئۇن ئىككى مۇقامى» توغرىسىدا ........................ 3

1. دۇر مۇقامى ........................................ 1
2. ئۇلۇغ دۇر مۇقامى ........................................ 45
3. مۇستەھزات مۇقامى ........................................ 62
4. چارىگاھ مۇقامى ........................................ 107
5. خۇپتى مۇقامى ........................................ 144
6. چەبىيات مۇقامى ........................................ 185
7. مۇشاۋرەك مۇقامى ........................................ 213
8. ئۇزھال مۇقامى ........................................ 250
9. دۇئا مۇقامى ........................................ 284
10. دولان مۇشاۋرەك مۇقامى ........................................ 296
11. ئىراق مۇقامى ........................................ 311
12. راك مۇقامى ........................................ 327

تارىخىي داستانلارى

ياچبەگ داستانى ........................................ 347
ئۆمەر باتۇر داستانى ........................................ 357
ئىسلام بېگىم داستانى ........................................ 363
زىنداندىكى توختاخۇن ........................................ 371

www.uyghurkitap.com


تۆمۈر خەلپە ھەققىدە ........................ 376
خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە ........................ 389


## تارىخىي قوشاقلار


يىلنامە قوشىقى ........................ 401
سەمەرخان يولى ........................ 401
ئىسھاق بېگىم يەگانە ........................ 403
باغداش تېغى ........................ 404
ئاراتام بېغى ........................ 407
ئايىمخان ........................ 409
خان غوجام ........................ 412
ئالىمخان ........................ 415
چورقى دېمەك بىزنى ........................ 422
يەمشى دېگەن جاي ........................ 424
گۈلدەستىخان ........................ 425
سادىر پالۋان قومۇلدا ........................ 427
شىخشىخشا ........................ 429
ماتىتەي ........................ 433
مىرزا گۈلۈم ........................ 434
مىجىت توقا قوشاقلىرى ........................ 435
نىياز قۇل قوشاقلىرى ........................ 436
گۈپۈرالى ـ گۈپۈر ........................ 439
رۇخستلىك بولسۇن ماڭا ........................ 441
زۇركى توغرىسىدا ........................ 442
يەرنى خوغا ئالغاندا ........................ 443
سالى دورغا توغرىسىدا ........................ 445
قاسىم پالۋان ........................ 449
ئابدۇرېھىم دورغا ........................ 453

سادىق قورمال ........................ 455
ئابدۇنىياز مىراپ ........................ 456
مەمتىمىن پالۋان ........................ 458
ئىمىن پالۋان ........................ 459
زىۋانىسا خېنىم ........................ 460
چاكىسىلىك دورغا ھەققىدە ........................ 461
گۈل ئاچىل ........................ 463
چەرەن يە ........................ 464
ئەسكەر باللار پىيادە ........................ 466
نېرىنقىر بىر تاغ ........................ 467
شويتەغول ........................ 468


## ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوشاقلىرى


دەرد - ئەلەم توغرىسىدا ........................ 473
غېرىب - مۇساپىرلىق توغرىسىدا ........................ 480
زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك توغرىسىدا ........................ 490
زىندان قوشىقى ........................ 493
نوم ھەققىدە قوشاق ........................ 495
ئاتا - ئانا ۋە قېرىنداشلىق توغرىسىدا ........................ 499
ياشلىق ۋە قېرىلىق توغرىسىدا ........................ 509
ئويۇن - چاقچاق توغرىسىدا ........................ 511
نەسىھەت قوشاقلىرى ........................ 516


## ئەمگەك قوشاقلىرى


قوغۇن ھەققىدە ........................ 521
كېۋەز چاغلىمى ھەققىدە قوشاق ........................ 523
ئورما قوشىقى ........................ 524
خارمان قوشىقى ........................ 526

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويچى قوشىقى ........................ 528
ئوۋ قوشىقى........................ 531

## ئۆرپ - ئادەت، مەۋسۇم - مۇراسىم قوشاقلىرى

نورۇز قوشىقى ........................ 535
پېرە قوشىقى ........................ 539
بارات قوشىقى ........................ 542
رامزان قوشىقى ........................ 545
قار بېيىتى ........................ 553
كۆك مەشرەپى ۋە كۆك بېيىتى ........................ 557
يۈز ئاچقۇ بېيىتى ........................ 570
پوتا بېيىتلىرى ........................ 596
قىقاس بېيىتلىرى ........................ 646

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئارزۇ - ئارمان ھەققىدە ........................ 665
مەدھىيە قوشاقلىرى ........................ 677
ۋاپادارلىق ۋە ۋاپاسىزلىق ھەققىدە ........................ 727
تەلپۈنۈش ۋە خۇشلىنىش ھەققىدە........................ 738
سېغىنىش ۋە جۇدالىق ھەققىدە ........................ 744
رەنجىش ۋە دەرد تۆكۈش ھەققىدە ........................ 774
ئەدەب - ئەخلاق ۋە پەند - نەسىھەت ھەققىدە ........................ 819
ۋە باشقىلار ........................ 828

## ئېيتىشىش ۋە ھەر خىل تېمىدىكى قوشاقلار

نەغمە بىلەن بەختىنىسا ........................ 837
مۇسا چاپاق دەمسەن مېنى ........................ 840

ئۆمەرقارى بىلەن مارىخاننىڭ ئېيتىشىشى .......... 842
خالىق ئىبراھىم بىلەن رابىخاننىڭ ئېيتىشىشى ...... 853
ئېيتىشىش ........................................ 864
يار مۇنچە زار ئەتتىڭ مېنى ........................ 866
خېنىم - خېنىم ................................... 869
يىگىت - يىگىت ................................... 871
مەن بىر ئەر ئىدىم ................................ 872
ئانا كۆرمەي قىز ئالما ........................... 874
پاناھ بېرىڭ خۇدايىم ............................. 877
هاراق ھەققىدە ................................... 890
تاماكا ھەققىدە .................................. 894
ناس ھەققىدە ..................................... 898
غىجەك ھەققىدە ................................... 898
داپ ھەققىدە ..................................... 899
دۇتار ھەققىدە ................................... 902
ئىشىك ھەققىدە ................................... 903
چاي ھەققىدە ..................................... 909
ئات ھەققىدە ..................................... 913
قۇشلار تىلى ھەققىدە ............................. 923
قارچۇغا ھەققىدە ................................. 925
قارلىغاچ ھەققىدە ................................ 926
كاككۇك ھەققىدە .................................. 928
خوش ئەمدى ....................................... 930

**بالىلار قوشاقلىرى**

دىگىر - دىگىر توشقان ............................ 935
كىگىزچى بىلەن شاگىرت ............................ 937
كون چىق ......................................... 938

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاق تېرەك........................................ 938
تاي مۈنچاق........................................ 939
مەن پاختەك........................................ 939
بۇرۇلە - بۇرۇلە باقى........................................ 939
ئەنى - بەنى ........................................ 939
مېنىڭ ئاپام ئاپئاق ........................................ 940
بالا بەزلەش ........................................ 940
ئالتى - ئالتى ئوتتۇز ئالتى ........................................ 941
بالام - بالام كۆتى پوق ........................................ 941
چىڭگىل لەيلى ........................................ 941
تاقۇا - توقۇ........................................ 942
كىم ئوساردى ........................................ 943
تېقىرچاق ........................................ 944
چولىچاق ........................................ 944
دوم - دوم - دوم ........................................ 944
قاغىلار - قاق ........................................ 945
بەش پولۇمنى بەر ئاداش ........................................ 946
ئۆھۆ - ئۆھۆ بوۋىسى ........................................ 947
دۇگا - دۇگا قوشقاچ ........................................ 947
بىر باستىم، ئىككى باستىم ........................................ 947
ئىمام ئاخۇنۇم نەگە بارىلا ........................................ 947
مىياڭ - مىياڭ مۇشۇكۇم ........................................ 948
ئاسمانغا تاش ئاتتىم ........................................ 948
ھە دېگەنگە ھە بېرەي ........................................ 948
جاقا - جومبۇرجاق ........................................ 949
ئاداش - ئاداش بولايلى ........................................ 949
خوپ بولۇڭ ........................................ 949
كەتتى - كەتتى خاۋازا ........................................ 950

بىر بالىنىڭ بەرسەڭچۇ ...... 950
چۆچۈرەڭ قاينايدۇ ...... 950
ئىھ - ئىھ مەن ئاغرىق ...... 950
ئاخۇنزادە ئاپئاق ...... 951
مەن موللام بىلەن ...... 951
مەن قۇشناچىم بىلەن ...... 951
ئاق مەخمەل پايپاق ...... 951
ئاق ماپا ...... 951
توڭگۇر تۈك ...... 952
لىڭگىر تايتاق ...... 952
قۇربان قۇرت ...... 952
دات پادىشاھىم دات ...... 953
ئەللەي قۇشىقى ...... 953
قۇمۇل تاغ رايونلىرىنىڭ ئەللەي قوشىقى ...... 955
ھەر ھەپتىدە يەتتە كۈن ...... 958
قاتار - قاتار تۆگىلەر ...... 958
قۇتۇر - قۇتۇر، شۇم قۇتۇر ...... 959
جالدۇر جاقىم، جالدۇرجاق ...... 959
ئىشىكىدىن نىمە تىپتىدۇ ...... 960
مالدىكى مەكرولار ...... 961
ۋاسسارى ...... 962
ۋاتىر - ۋات ...... 963
مىس خوپۇڭ ...... 963
ئالتى غاز ...... 963
جىن بوپتۇ ...... 964
مەن كەلدىم ...... 964
قارا قاش خېنىم ...... 964
يىغلىماڭ قىز ...... 964

تاقىقا ـ تۇقىقا .......................... 965
بولدى ـ بولدى .......................... 966
ياغۇر ياغلاق .......................... 966
ئەنى ـ مەنى .......................... 966
ئوينىمايمەن .......................... 967
ئاق تەلەگگە .......................... 967
بېشىڭدىكى نېمىدۇر .......................... 967
ئەتلىككە ھېيت .......................... 968
چىڭگىلەي .......................... 968
ئونچە ـ مارجان چېچىلدى .......................... 968
ئاتالڭ نەگە كەتتى .......................... 969

## قۇمۇل خەلق ئەل نەغمىچىلىرى

ئاخۇنبەك سۇبۇر .......................... 973
ئاقپاشا .......................... 975
سەدۇل ھەمدۇللا .......................... 978
توختاشخان ئىمىن .......................... 979
راجى غوجامنىياز .......................... 980
ئۆمەر قارى .......................... 981
يەھيا ئەيندىن .......................... 984
نەمەت بوسۇق .......................... 986
يۇسۇپ خېلىل .......................... 988
نىياز باست .......................... 990
ئەسەت مۇختار .......................... 992
ئەمەت ئىسمائىل .......................... 994
نىياز سوپا مەمەتنىياز .......................... 996
قىيۇم يونۇس .......................... 997

# كىرىش سۆز

ۋىلايىتىمىز قۇمۇل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىسى بۇ دىيارنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا ئايرىپ تۇرىدۇ. شىمالىي قىسمىغا بارىكۆل ناھىيىسى بىلەن ئاراتۈرۈك ناھىيىسى جايلاشقان. جەنۇبىي قىسمىغا قۇمۇل شەھىرى جايلاشقان. ئېگىزدىن قارىسىڭىز، قۇمۇل بوستانلىقىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تىزمىسى گويا قانـتىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان ھەيۋەتلىك سۇمرۇغقا ئوخـشايدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر، بەش بازار، ئالتە چارۋىچىلىق فېرمىسى، 38 يېزا، 68 كارخانا... بار.

ۋىلايىتىمىزنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 153 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇقراق بولۇپ، تەخمىنەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يەر كۆلىمىگە باراۋەر كېلىدۇ.

ۋىلايىتىمىزدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق 30 مىللەت بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 400 مىڭدىن ئارتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 83 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20.85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇرۇندىن تارتىپ قۇمۇل خەلقى سۇ بويلاپ ئولتۇراقلىـشىپ، تەبىئىي شارائىتنىڭ ياخشىلىقىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانـچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

قۇمۇلدا گۈزەل مەنزىرىلىك ئون سەيلىگاھ، 122 تۇرا، 72

www.uyghurkitap.com

تۇردىغىن بوستانلىقتا ئايلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

قۇمۇل ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولغانلىقى، رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىغانلىقى، تارىختا مىللەتلەر، رايونلار ئارىسىدا بېرىش - كېلىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ ئۇلىنىپ داۋام قىلغانلىقى... قاتارلىق ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن، ئومۇمىي ئورتاقلىقتىن باشقا، ھەرقايسى رايونلاردا تۇرمۇش شارائىتى، ئۆرپ - ئادەت، خاراكتېر - پىسخىكا قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە خاس بىر- مۇنچە ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن ۋە ساقلىنىپ قالغان. قۇمۇل خەلقىنىڭ «قەدىمكىنى كۆرىمەن، ئاڭلايمەن دېسەڭ تاققا چىق، يېقىنقىنى كۆرىمەن، ئاڭلايمەن دېسەڭ باققا بار» دېگەن سۆزلىرىمۇ قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن باب كېلىدۇ.

قەدىمدىن تا شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر بەك كەم بولۇپ، ساۋاتلىقلار ئاز، ساۋاتسىزلار كۆپ ئىدى. لېكىن قۇمۇل خەلقى ئىچىدە بېيىت - قوشاق، ناخشا - ئۇسسۇل بىلمەيدىغىنى يوق دېيەرلىك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خەلق مەنىۋى ئوزۇققا موھ- تاج. خەلق ئۆتمۈشتە جەبىر - زۇلۇم تارتىپ، دەرد - ھەسرەت چەككەن كۈنلىرىدە، كۈرەش ۋە تۇرمۇشتا نەتىجە قازانغان، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلانغان كۈنلىرىدە، ھېسسىياتىنى باسالماي، بېيىت - قوشاق توقۇپ، ناخشىغا سېلىپ ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي - تۆكۈن، مەشرەپ ۋە يۈز ئاچقۇلىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، قۇدا بولغان ياكى پوتا سالغان- دىن كېيىن، يا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى، يا بېيىت - قوشاق ئېيتىپ بېرىشى ياكى بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشى كېرەك.

مازار، بەش قەدىمكى قەبرىستانلىق، ئالتە قەدىمكى شەھەر خارابىسى، ئىككى بۇددا غارى، ئىككى تاش ئابىدە، 11 تاش ئويما سۈرەت، بار، يەنە 12 ئورۇندىن تېپىلغان ياغاچ، تاش، مىس ۋە تۆمۈر قورallar بار. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1959 - يىلى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا قاراشلىق تۆمۈرتى يېزىسىدىكى چارۋىچى يەھيا رەھىم تېپىۋېلىپ تاپشۇرغان، VIII ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر توخرى يېزىقىدا يېزىلغان مەشھۇر «مايتىرى سىمىت» ناملىق ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېخانىدا ساقلانماقتا.

قىسقىسى، قۇمۇلنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرى، داڭلىق مەھسۇلاتلىرى، خىلمۇ خىل مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ساياھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە ھەر ساھەدىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ قەدىمدىنلا «توققۇز ئەجدىھا تال يۇرتى»، «يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى»، دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر. بۈگۈنكى كۈندە بولسا شەرق بىلەن غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى تېخىمۇ مۇھىم دەرۋازا بولۇپ قالدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئاق كۆڭۈل، كەمتەر، خۇش پېئىل، سىلىق - سىپايە، ئۆم - ئىناق، مېھماندوست، ئويۇن - چاقچاق، ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق بولۇشتەك خاراكتېر - خۇسۇسىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئىگە. «بىرى بۇلىقى، بىرى خۇلقى ياخشى» بولغان قۇمۇل خەلقى قەدىمدىن بۇيان بۇ زېمىندا ياشاپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھالال تەرى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىپ، بۇ زېمىننى يېشىل مەرۋايىتتەك چاقناپ

بۇ نومۇرلاردىن بىرەرسىنى ئازراق بولسىمۇ ئورۇندىيالمىسا، شۇ كىشى ئۆزىمۇ بىئەپلىك، خىجالەتچىلىك ھېس قىلىدۇ. باشقىلار بولسا «كۈلكە» ئاستىغا ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بېيت-قوشاق، ناخشا - ئۇسسۇل بىلمەيدىغانلار بىلىدىغانلاردىن ئۆگىنىپ، كېيىنكى «قېيىن» ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ.

شۇڭا، مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئىچىدە ناخشا - قوشاقتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىي مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئىنتايىن كۆپ. قۇمۇلدا ئەلنەغمىچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئېنىقلاپ كۆرۈشىمىزچە، ھازىر ھايات ئەلنەغمىچىلەر 250 دىن كۆپرەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىقلىرى 120 دىن ئارتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 90 دىن كۆپرەك بېيت - قوشاقچى بار. شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا مەلىكىلىك نەغمىچىلەر بولمىغان شارائىتتا، ئورۇندۇققا چىقىپ ئېيتىدىغان خام نەغمىچىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ؛ تاغ رايونلىرىدا بولسا، باش نەغمىچىلەر باشلاپ بەرسە، سورۇن بويىچە كۆتۈرۈلۈپ ئېيتىدىغان ئادەتمۇ مەۋجۇت. كۆپلىگەن ياشلار مەكتەپ سىرتىدا قالغان ئۆتمۈشتىكى جاھالەتلىك مۇھىتتا، قۇمۇل ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇلارغا مەدەنىيەت، ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - قانۇن ئۆگىتىدىغان دەرسخانا بولغانىدى.

قىسقىسى، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەردىن بۇيان ناخشا - قوشاقتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىي مىراسقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، زاماندىن - زامانغا تارقىتىپ، سۆيۈپ ئوقۇپ، زوق بىلەن ئېيتىپ كەلمەكتە. ئازاتلىقتىن كېيىن، قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولسا، مەدەنىي مىراسلار ئىچىدىكى بىباھا گۆھەر. ئۇنى نەشىر قىلىپ يورۇقچىلىققا چىقىرىش، ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرۇش كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم

خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى خېلى بۇرۇن قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولمىغانىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. قولىمىزدىكى «قۇمۇل نەزمىلىرى» نى ئەشۇ ئاساستا نەشرگە تەييارلىدۇق.

1980 - يىلدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىپ، ئون بەش مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ، قۇمۇل شەھرىگە قاراشلىق 38 يېزا، بىكتۇەنگە قاراشلىق ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدانى (ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يالاڭ، ساقا، توغۇچى)، تارانچى كانى، ھەربىي ئات فېرمىسى قاتارلىق جەمئىي 43 ئورۇننى تەكشۈردۇق. 55 كوللېكتىپنى، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى زىيارەت قىلىپ، يازما خاتىرە قالدۇردۇق، 260 دەك ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئالدۇق. ئاساسلىق كۆرۈنۈشلەردىن 300 پارچە سۈرەت تارتتۇق، ئون مىڭ كۇبلېتقا يېقىن قوشاق توپلىدۇق؛ بۇنىڭ ئىچىدىن ئالتە مىڭ كۇبلېتتىن كۆپرەك قوشاقنى تاللاپ، كاپىيەنگە ئالدۇق. «ئىلمىيلىك، ئومۇمىيۈزلۈك، ۋەكىللىك خاراكتېرى بولۇش» دېگەن ئۆلچەم بويىچە 5000 كۇبلېتقا يېقىن قوشاقنى تاللاپ توپلامغا كىرگۈزدۇق.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

بۇ قوشاقلارنىڭ يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك، تىماتىك دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى تېرەن، ھېسسىياتى قويۇق، تەسەۋۋۇرى مول، مەنتىقىلىق باغلىنىشى ھەم بولۇپ، ئىلمىي ۋە تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە.

ئەدىبىيلىك جەھەتتىمۇ نەپىس ۋە كۆركەم، لىرىكىلىق تۈسى قېنىق، قۇرۇلمىسى پۇختا، تىل تەسۋىرلىرىگە باي بولۇپ، ئاممىباپ، يېنىك، يېقىملىق ۋە ئوبرازلىق. «قۇمۇل نەزمىلىرى» دە ئەدەبىي تىل ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، يەرلىك شېۋىلەرمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئۇچماق» (جەننەت)، «تۇغ» (توزان)، «باغىر» (بېغىر)، «كېرىت» (كىلىت)، «قاچار» (مەگىز)، «پاچىق» (لاي)... دېگەندەك. قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ قۇمۇل ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلەپ ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى بار. ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى قۇمۇلغا كېيىنرەك تارقالغانلىقتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبى ساقلىنىپ قالغان. «قۇمۇل نەزمىلىرى» نىڭ شەكىل - تۈرلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىدە ۋە كۆپرەك بارماق ۋەزنى شەكلىدە ئۇچرايدۇ. قاپىيە، ۋەزنلىرى ماسلاشقان بولۇپ، رىتمى ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، ئەستە قالدۇرۇش ئاسان، ناخشىغا سېلىپ ئېيتىشقا ئەپلىك.

بىز قۇمۇل خەلقىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى خەزىنىسىدىكى ناخشا - قوشاقتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى ئەڭگۈشتەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قاراپ، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ «شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ»، «كونىدىن يېڭىنى يارىتىپ»، «قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ىمىز لازىم. خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە-يوسۇنى، خاراكتېر - خۇسۇسىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ توپلام ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپتى. كىتابنىڭ باش قىسمىغا قىستۇرما سۈرەتلەر، بېغىشلىمىلار كىرگۈزۈلدى.

ئەمدى توپلامنىڭ كونكرېت تۈزۈلمىسىگە دائىر بەزى ئىزاھلار ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتەيلى:

1. مۇقام تېكىستلىرىگە خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ ئومۇملاشقانراق قوشاقلار تاللىۋېلىنىپ، قالغانلىرى باشقا قىسىملارغا كىرگۈزۈلدى.

2. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ باش كۇبلېتىغا، جۈملىدىن قاي-تۇرمىلارغا ئاھاڭ بەلگىسى بېرىلدى. ئۇلانمىلار ئىرناق ئىچىگە ئېلىندى. تەكرارلىنىدىغان سۆز ۋە مىسرالار قوش چېكىتلىك تىك پاراللېل (‖: :‖) سىزىق بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلدى.

3. قوشاقلارنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇبلىرى ئەينەن ساقلاپ قېلىندى. ئەگەر بىر قوشاقنىڭ كۆپ خىل ۋاريانتى بولسا، ئەڭ ئالاھىدىلىككە ئىگىلىرى تاللىۋېلىنىپ، ئىمكان قەدەر بىر يەرگە تىزىلدى.

4. شىۋە، ئادەم، يەر - جاي، ئۆرپ - ئادەت، ئۆسۈملۈك قاتارلىق ئوبيېكتلار ناملىرىنىڭ ئىزاھاتلىرى ھەربىر قىسمىنىڭ كەينىگە بېرىلدى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى. بۇ ئانىدىن «سۈت» ئەممەي تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. قۇمۇل شىنجاڭدىن ئىبارەت «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» ئىچىدىكى ناخشا - قوشاققا ئەڭ باي قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. «قۇمۇل نەزمىلىرى»نىڭ نەشر قىلىنىشى مەدەنىي مىراسلارنى قېزىش سەپىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى «بېكەت» ئەمەس. ئۇ ئېچىلىپ بولمىغان بوز، قېزىلىپ بولمىغان كان، ئايىغى ئۈزۈلمەس بۇلاق. بىز پۈتۈن قۇمۇل خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ يەنىمۇ ئىرىشىپ ئىشلەپ، بۇ بايلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ، يورۇقلۇققا چىقىرىپ، خەلقىمىزگە تېخىمۇ مول مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توپلامنى ئىشلەشتە خەنپىڭتۇ، ئايۇپ قۇربان، توختىخان ئىسمائىل، تۇردى قۇربان، جاۋلوشىن، ئابدۇراخمان مۇتەللا، غوجى سالى، نىزام ھېيت، ئوسمان روزى قاتارلىق يولداشلار ۋە ھەر قايسى يېزا - قىشلاق، بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى يولداشلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە پائال ياردىمىگە ئېرىشتۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىكى قۇربان ۋەلى، جاڭ يۇنلۇڭ، يۇسۇپ ئىسھاق قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە قىممەتلىك مەسلىھەتلىرىگىمۇ مۇيەسسەر بولدۇق.

«قۇمۇل نەزمىلىرى»نىڭ دەسلەپكى تەھرىرلىكىنى غولام غوپۇر، مۇھەممەت ئەخمەت، مۇھەممەت ئېلى قاتارلىق يولداشلار ئىشلىگەن. تەھرىرلەش جەريانىدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى تىل - يېزىق ئىشخانىسىدىكى سەمەت ئەسرا، سائادەت كىچىك، بەگمەت يۇسۇپ، ئايگۈل مەھەممەت قاتارلىق يولداشلارمۇ ياردەملەشتى.

توپلامنى ئىشلەش جەريانىدا بولۇپمۇ قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھەر، ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى ساقلاپ، راۋاجلاندۇرۇپ، تارقىتىپ كەلگەن ئەل نەغمىچىلەر، بېيىت - قوشاق، داستانچىلىرىمىزنىڭ زور قوللىشى ۋە ئەمەلىي ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتۇق.

«قۇمۇل نەزمىلىرى»نى نەشرگە تەييارلاشتا ئالاھىدە ياردەم بەرگەن يۇقىرىدىكى رەھبەرلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە
تىل - يېزىق ئىشخانىسى**

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى
ئىشخانىسى**

# قۇمۇل خەلق مۇقاملىرىنىڭ

# تېكىستلىرى



www.uyghurkitap.com

## «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» توغرىسىدا

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» قەدىمىيلىككە، قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن ناخشا - مۇزىكىلار جۇغلانمىسى بولۇپ، ئۇ قۇمۇل خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ھەم سەنئەت ھاياتىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلىدۇر.

قۇمۇل خەلقى ئەجدادلىرىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ياراتقان بۇ سەنئەت بايلىقىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە ئېلىپ كەلگەن.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇسلۇب، كۈي، ئاھاڭ، نەغمە شەكىللىرى، مۇقام نامىلىرىنىڭ ئاتىلىشى ۋە تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، بەزى مۇقام نامىلىرى ۋە تەرتىپلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، بېيىت - قوشاقلىرىنىڭ موللىقى، خىلمۇ خىل شەكىل ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكى، پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كەلگەنلىكى ۋە قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»دىكى بەزى مۇقاملار «ئون ئىككى مۇقام»دىكىدەك «راك مۇقامى»، «چارىگاھ مۇقامى»، «چەبىيات مۇقامى»، «مۇشاۋىرەك مۇقامى»، «ئىراق مۇقامى» دەپ ئاتالسىمۇ، قالغان مۇقاملار «دۇر مۇقامى»، «ئۇلۇغ دۇر مۇقامى»، «جانىكەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقامى»، «يالغۇز تويۇن مۇقامى» دېگەنگە ئوخشاش يەرلىك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى مۇقاملارنىڭ ئايرىم يەرلىك ناملىرىمۇ بار، شۇنداقلا، «قومۇل ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىدە يازما شېئىرىيەت ئۆلگىلىرى يوق دېيەرلىك. بەلكى ئۇ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەلق بېيىتلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىدىن تۈزۈلگەن، ھەر بىر ئاھاڭ-دا كېلىدىغان ئۈلانما، قايتارمىلارمۇ كۆپ ھەم خىلمۇ خىل. مەسىلەن: ئايارەي، داغلارەي، ئاي، يەي، ھەي، ۋاي، جېنىم - جې-نىمەي، خېنىمەي، جېنىم ئوتتۇك سېنىڭ، بى دەرد، داغۇ - پەريادەي، شاھ پىرىم ئويناڭ، شىشىلىشىپ ئويناڭ، جېنىم ئويناڭ، نادان ئويناڭ، ئەي خارابىڭمەن، ئۆرۈلدى پەلەك، چۆرۈلدى پەلەك، ۋاي دا-دەي، نادانىڭمەن، شۇنداق نادانىڭمەن، جېنىم ئاچچام، خان لەيلۇن، پاھ، پاھ مەشۇقۇم، شەرى خۇمارى، قۇرغۇيۇك بولاي، خۇ-مارىم، يارسەنەم، دەردىڭ يامان، كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان، ھەيرانۇم، گۈلبانۇم، شەرۋانۇم، ئانارخان يارىم دوس، مۇدەن-خان... مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇ خىل تۈسكە ئىگە سۆزلەر ھەر قايسى ناخشا - كۈيلەردە ئۈلانما ياكى قايتۇرما بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ئۈلانمىلار ئىچىدىكى «ئەي، ھەي، مەي، يەي نەي، رەي، ۋەي، گەي» دېگەنگە ئوخشاش ئۈلانمىلار ئۆلۈك بىر فورمۇلا بويىچە ئۈلىنىپ كەلمەستىن، بەلكى ناخشا تېكىستلى-رىدىكى مىسرا ۋە سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى تاۋۇشقا قاراپ، ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا جانلىق ئۈلىنىدۇ. مەسىلەن: تۆ-ۋەندىكى ناخشا تېكىستىگە قاراپ باقايلى:

ياغلىقىمنى (يەي) كۆك بوياتتىم، (مەي)
// بەلبېغىمنى (يەي) ھالۋەرەڭ. (گەي): //
يېڭى باغدا (يەي) ئالما پىشتى، (يەي)
كۆندە كېلىپ ئالما يەڭ. (گەي)

قۇمۇل ناخشىلىرىدىكى رەڭگا - رەڭ ئۇلانمىلار ۋە قاي-
تۇرمىلار ناخشا - مۇزىكا رىتىمى، مەزمۇنى ۋە ھېسسىياتىنى تولۇق-
لاش. راۋانلاشتۇرۇش، كۈچەيتىش، ئەۋجىگە كۆتۈرۈش ۋە ئىس-
تېتىك لەززىتىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.
«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ناخشا - كۈيلىرىنى
ئۈچ قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن. قۇمۇل مۇقاملىرىدا دەسلەپ يال-
غۇز قۇمۇل غىجىكىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن قىسقا مۇقام
ئېيتىلىدۇ. ئاندىن مۇڭلۇق، يېنىك ھەم ئاستا ئېيتىلغان مەش-
رەپ ناخشىلىرىغا ئۆزگىرىدۇ. ئارقىدىنلا شوخ، قىزغىن كەي-
پىياتقا تولغان سەنەم ناخشىلىرى باشلىنىپ، ئەۋجىگە كۆتۈ-
رۈلىدۇ. قۇمۇل مۇقام ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى مۇڭلۇق، ئەمما
دولقۇنسىمان، ئۇسلۇبى يېنىك، ئەمما ئۆزگىرىشچان، بولۇپمۇ
كۈي - نەغمىلەرنىڭ تەشكىللىنىش تەرتىپلىرى مۇرەككەپ،
يېپىشقاق بولغانلىقتىن، ئاھاڭلارنىڭ ئۆزگىرىش، چۈشۈرگىلىرى-
نىڭ ئالمىشىش جەريانىنى پەرق ئېتىش تەسرەك.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە
بىر نەچچە قېتىم تەرتىپكە سېلىنىپ خاتىرىگە ئېلىنغانىكەن.
قۇمۇل ۋاڭى ئوردىسىدا توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام، سەي-
لە - ئارام كۈنلىرىدە، ئوردا ئەھلى ۋە جامائەتچىلىك ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغان ئەل ھاپىزلىرى بولغان. ئۇلار قۇمۇل ۋاڭ-
لىقىغا قاراشلىق ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلاردىن چاقىرىپ كې-
لىنگەن خەلق ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر سازەندە، ناخشىچى، مۇ-
قامچىلار بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىقى ئۇلارنىڭ مەخسۇس پايدىلىنىشى
ئۈچۈن ئوردىغا قاراشلىق مۇنبەت يەرلەردىن بىرقىسمىنى ئاجرىتىپ
بەرگەن. قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»
نى تەرتىپكە سېلىشقا بىرقەدەر توھپە قوشقان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا
ئەرزىيدىغىنى شۇكى 1920 - يىللاردا (قايسى يىل ئىكەنلىكى ئېنىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمەس) شاھ مەخسۇت XV ئەسىردە ئۆتكەن يەكەن سۇلتانى ئابدۇرىشىتخانىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتكە سېلىپ خاتىرىگە ئالدۇرغانلىق ئىشىدىن ئىلھاملىنىپ، «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىمۇ رەتلەپ، خاتىرىگە ئالدۇرۇش قارارىغا كەلگەن. بىراق، بۇ ئىشنى ئوردىدىكى مۇتەئەسسىپ، ئۆلىمالار ئەيىبلەپ، بۇ «شەيتاننىڭ ئىشى، ئىماننى سۇسلاشتۇرىدۇ.» دەپ شاھ مەخسۇتقا نارازى بولغان. شاھ مەخسۇت بۇ ئىشتىن خاپا بولۇپ، ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى «ئىلمىي مۇسقىيۇن» دېگەن كىتابنى ئالدۇرۇپ چىقىپ: «بۈيۈك مۇزىكا كىتابىنى يازغان كىشى ئىسلامدا سىلەردىنمۇ كامىل كىشى ئىدى» دەپ ئۆز كۆزقارىشىنى دەلىللىگەن ھەم بۇ كىتابنى مەدرىسلەردىكى مۇدەررىس، ئىمام، قارى، تالىپ-لارنىڭ دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىشىغا بۇيرىغان، شۇندىن كې-يىن ئۇلار شاھ مەخسۇتنىڭ بۇ ئىشى توغرىسىدا قايتا ۋەز ئېيتمىغان. شۇنىڭ بىلەن شاھ مەخسۇت ئوردا كاتىپلىرىدىن ئىبراھىم خەلپە، ياقۇپ خېتىپ قاتارلىق خەتتاتلارنى تەييارلاپ، قومۇل مۇقاملىرىنى رەتلەش ئىشىنى باشلىۋەتكەن. شۇ قېتىمقى پائالىيەتكە، نومدىن: غىجەكچى ھەم مۇقامچى ھادى بوۋا، ناخ-شىچى جاننارىخان، جانبانوخان؛ قورايدىن: ئايشىخان، خۇپتى-خان، يېتەرخان؛ قومۇل شەھەر ئىچىدىن: غىجەكچى ھەم مۇ-قامچى، ئالتۇنچى كۆسۇنىياز ئاخۇن، بەرباپچى ھە-سەن كەكلىك، قۇربان كەكلىك، ناخشىچى روزى قىز، خۇپتىخان، مېھرىبانۇ ئاپپاق، خۇشنارى ئاپپاق، مەكلىك ئۇستام؛ پالۋان-تۇردىن: تۇرسۇن دورغا، قارا دۆۋىدىن: راۋابچى ماياق ھاشىر-بەگ، تۆۋەنتۇردىن: گۇشۇك نۇرۋانىخان، شەمشىخان... قاتارلىق ئەڭ مەشھۇر ئەلنەغمىچى، مۇقامچىلار قاتناشتۇرۇلۇپ، «قومۇل ئون ئىككى مۇقامى» تارىختا تولۇق رەتلىنىپ خاتىرىگە ئېلىنغان.

بىراق ئەڭ ئېچىنارلىق ئەھۋال شۇكى، مۇشۇنداق تارى-

خىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور مەنىۋى گۆھەرنى 1932 - يىلى
مۇستەبىت شېڭ شىسەي قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرۇش
ئۈچۈن كەلگەندە، نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ھەشەمەتلىك
ۋاڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئوردا كۇتۇپخانى-
سىدىكى مىڭلىغان كىتابلارنىمۇ بىللە كۆيدۈرۈۋەتكەن. بەختكە
يارىشا ئۇنىڭ ئىبراھىم خەلپە تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن يەنە
بىر نۇسخىسى قۇمۇل شەھەر، ئاقيەردە تۇرۇشلۇق موللانىزۇر دور-
غىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇ بالايى-
ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا كونا كىتابلار بىلەن
بىللە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.
1930 - يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى مەغلۇپ بول-
غاندىن كېيىن، 1940 - يىللاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن مەلۇم خىزمەت نەتىجىلى-
رىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەيلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى بول-
سۇن، مەيلى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بولسۇن ھېچقايسىسى قۇمۇل
مۇقاملىرىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن
«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تەرتىپلىرى ئۆز ئېقىمىغا
قويۇۋېتىلىپ، قالايمىقانلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن؛ بەزىلىرى بول-
سا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.
ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نى رەتلەش،
تەرتىپكە سېلىش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، 1950 - يىللار-
دا بىرىنچى قېتىم ئەھۋال ئىگەللىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. 1963 - يىلىغا كەلگەندە مەركىزىي
مىللەتلەر مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بىر قى-
سىم ئەلنەغمىچىلەر تەكلىپ قىلىنىپ بىرىنچى قېتىم لېنتىغا ئې-
لىنغان. بۇنىڭدا قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن 85 ياشلىق مەشھۇر
ئەلنەغمىچى مەخلۇك ئۇستا، ئابلەت قادىر (ئاق پاشا)، راۋابچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەت قالتىس، بەرباپچى تالىپ خېتىپ، غىجەكچى ئاخۇنبەگ، يۇنۇس سۆلەت، قاراتالدىن: سەدۇللام، ئاستانىدىن: يۈسۈپ خېلىل، ئارا ئاقيەردىن: راشىدىن ئىمام، لوجەۋەندىن: داڭ ـ داڭ تۇرسۇن، ... قاتارلىق داڭلىق مۇقامچىلار قاتناشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن قالايمىقانلىشىشقا يۈزلەنگەن «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام» ناخشا ـ كۈيلىرىنىڭ ئەسلى تەرتىپ ئاساسى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، قايتىدىن تۇرغۇزۇپ چىقىلغان. 1975 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئىككىنچى قېتىم لېنتىغا ئېلىنغان. 1982 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇمۇلغا كېلىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، قۇمۇل مۇقاملىرىنى رەتلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاخۇنبەگ، ئاق پاشا، سەدۇللا قاتارلىق داڭلىق ئەلنەغمىچىلەرنى تەشكىللەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ خېلى مۇكەممەل بولغان قۇرۇلما سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» 24 شۆبە، 360 چۇشۇرگە (نەغمە) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ 19 شۆبە 262 چۇشۇرگىسى (نەغمىسى) ساقلىنىپ قالغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلۇقدۇر، دۇئا، راك، ئىراق، دولان مۇقاملىرىنىڭ ئىككىنچى شۆبىسى بىلەن نەغمىلىرى يوقىلىپ كەتكەن.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ يېڭى تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، دۇر مۇقام (يۇردوم ئالەم مۇقامى) ئىككى شۆبە بولۇپ، بىرىنچى شۆبىسى 17 نەغمە، ئىككىنچى شۆبىسى 13 نەغمە.

ئىككىنچى، ئۇلۇغ دۇر مۇقامى (ھاي ـ ھاي يولەن مۇقامى) بىر شۆبە، 10 نەغمە.

ئۈچىنچى، مۇستەھزاد مۇقامى (يالغۇز تويۇن مۇقامى) ئىككى شۆبە بولۇپ، بىرىنچى شۆبىسى 13 نەغمە، ئىككىنچى شۆبىسى 16 نەغمە.

تۆتىنچى، چارىگاھ مۇقامى ئىككى شۆبە بولۇپ، بىرىنچى شۆبىسى 9 نەغمە، ئىككىنچى شۆبىسى 13 نەغمە.

بەشىنچى، خۇپتى مۇقامى ئىككى شۆبە بولۇپ، بىرىنچى شۆبىسى 20 نەغمە، ئىككىنچى شۆبىسى 13 نەغمە.

ئالتىنچى، چەببيات مۇقامى (جانىكەم مۇقامى) ئىككى شۆبە بولۇپ، بىرىنچى شۆبىسى 10 نەغمە، ئىككىنچى شۆبىسى 14 نەغمە.

يەتتىنچى، مۇشاۋىرەك مۇقامى (دەردىڭگە داۋا مۇقامى) ئىككى شۆبە بولۇپ، بىرىنچى شۆبىسى 13 نەغمە، ئىككىنچى شۆبىسى 12 نەغمە.

سەككىزىنچى، ئۇزال مۇقامى (دەردىلىۋا مۇقامى)، ئىككى شۆبە بولۇپ، بىرىنچى شۆبىسى 15 نەغمە، ئىككىنچى شۆبىسى 12 نەغمە.

توققۇزىنچى، دۇئا مۇقامى (كىچىك دەردىك يامان مۇقامى) بىر شۆبە، 10 نەغمە.

ئونىنچى، دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى، بىر شۆبە، 11 نەغمە

ئون بىرىنچى، ئىراق مۇقامى (چوڭ دەردى يامان مۇقامى بىر شۆبە، 13 نەغمە.

ئون ئىككىنچى، راك مۇقامى — بىر شۆبە، 11 نەغمە.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ يوقىرىقى تەرتىپ ئاساسي دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل سىستېما بولسىمۇ، بىز قۇمۇل مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىنى خاتىرلەشتە ئۇنى يەنىمۇ تولۇق ۋە يەنىمۇ ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇل بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ ۋە باشقا شەھەر - يېزا، قىشلاقلارنى كېزىپ، پىشقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەم مۇقامچىلارنى كوللېكتىپ ھەم يەككە ھالدا زىيارەت قىلىپ، قايتا لېنتىغا ئېلىپ، ئۇنى ئىلگىرىكى توپلىغان يازما خاتىرىلەر ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى، رايون ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق، نەتىجىدە، «قۇمۇل ئۇن ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل سىستېما نۇسخىسى تۇرغۇزۇلدى. مۇقام تېكىستلىرىگە ئادەتتە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ھالدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان نەزمىلەر تاللاپ ئېلىنىپ، قالغان قىسمى باشقا بۆلەكلەردىكى قوشاقلارغا كىرگۈزۈلدى.

«قۇمۇل ئۇن ئىككى مۇقامى» نى ئەنگە ئېلىش ۋە سېلىشتۇرۇش جەريانىدا قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزىسىدىن: ئاخۇنبەك، ، ئاق پاشا، سالى تۆمۈر، ئەمەت ئىسمايىل، زەپەرخان، ئۆمەر قارى، مارىخان، نىياز سوپا، باسىت رەمنىياز، خالىق ئىبراھىم؛ پالۋانتۇر يېزىسىدىن: ھېلىم بانۇ، ئەسەت مۇختار، يەدىگا قارى؛ راھەتباغ يېزىسىدىن: سەدۇللا، گالى ئاخۇن، ئىلياس تۆمۈر، پانائىمىن، روزى سوپى؛ بوغاز يېزىسىدىن: ئويۇپ نەزەر، ئەمەت پەزۇل، قادىر ھادى، سىدىق يارى، ئابدۇل توختى؛ قارا دۆۋە يېزىسىدىن: نەمتۇللا رەھمۇتۇللا، نىياز باسىت، قېيۇم يۇنۇس، ئابلىز ئىمىن، ھاپىز موللا، گېكىل داۋۇت، ئەمەت ئىسمائىل، ئەمەت شاكىر، ھارۇن نىياز؛ توغۇچىدىن: ئەمەت ئابدۇل، ئابدىۋايىت سۇبۇر؛ ئاستانە يېزىسىدىن، يۇسۇپ خېلىل، ئىسمائىل سوپا، ھېلىم شەيخ، يۇسۇپ غازى؛ تۆمۈرتى يېزىسىدىن: قىياس نۇردۇن، تىمۇرخان، سارىخان؛ ئارا تۆرۈك ناھىيە نوم يېزىسىدىن: راجى غوجامنىياز، ئانارخان، ئېلى يۇنۇس، ئاتېكەم نىياز، خەلچەم ھاپىز؛ ئاداق يېزىسىدىن: چوك ئانارخان، يۇنۇس ئەمەت، ھەسەن يۇنۇس؛ باي يېزىسىدىن: يەھيا ئەيىندىن، ياقۇپ تاش، يەدىگاخان، تەكەنخان

ئىمىن؛ خوتۇنتام يېزىسىدىن: نىياز سوپا، ياقۇپ غوجى؛ ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: ئابلىز روزى، ئويۇپ يەھيا، ئىسمائىل يۇنۇس، سىدىق ئەمەت قاتارلىق ئەل نەغمىچىلەرنىڭ قىزغىن ۋە سەمىمىي ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇق. توپلامنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىز بۇ يېرلداشلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرىنى ساقلاش، تارقىتىش ۋە يورۇقلۇققا چىقىرىشتا قوشقان تۆھپىسىگە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

[illegible]

[illegible] ئى ئەدىكە ئېلىش ۋە [illegible]
[illegible] ئەسەر [illegible] بىرنەچچەن؛
[illegible] تۇغۇرە ئەمەت، ئەسانىلى، زەپەرخان،
[illegible] نوۋ، ياسىن ۋەسىيار، خالىق [illegible]
[illegible] ھېلىم باقى، ئەسەت ئوختار، [illegible]
[illegible] بىرنەچچەن؛ سەدۇللا، ئالى ئاخۇن، [illegible]
[illegible] سوپى؛ بوغاز بىرنەچچەن؛ [illegible]
[illegible] ئاسىر ھادى، سىدىق باقى، ئابدۇل [illegible]
[illegible] بىرنەچچەن؛ ئەمتۇللا زەمىۇتۇللا، نىياز ياسىن، [illegible]
[illegible] ھاپىز موللا، كىچىك داۋۇت، ئەمەت
[illegible] ھارۇن نىياز؛ توقۇچىدىن: [illegible]
ئابدۇل، [illegible] ئاستانە بىرنەچچەن، يۇسۇپ خەلپە،
[illegible] يۇسۇپ غازى؛ تۇمۇرلىك بىرنەچچەن؛
[illegible] ئارا تۇرۇپ ناھىيە [illegible]
بىرنەچچەن [illegible] ئاتاۋغان، ئېلى يۇنۇس، [illegible]
[illegible] ئاداق بىرنەچچەن؛
[illegible] ھەسەن يۇنۇس باي، [illegible]
[illegible] باقى تاش، يەدىكاخان، [illegible]

# I. دۇر مۇقامى (يۈردۈم ئالەمنى)

## بىرىنچى چۈشۈرگىسى

### مۇقام

//: ئىشت ئەي نادان، كەت، سىنىڭدەك گۈلئۈزارىم يوق. ://
ئىنتىزار بولدۇم ساڭا، سىنىڭدەك خۇش مېھرىبانىم يوق.
ئايارەببىم داغ بىي ... بىي يارى دەردمەنلەر.

نە ئېرەنلەر پىنھان بولدى، بۇ دۇنيادىن مۇسۇلمانلار،
قارا يەر ئاستىغا كىردى، نە ئۇ خانۇ - خاقانلار.
جانام ئەي بىي ... بىي ... يا رەسۇلىللا.

تېۋىپلە تاپمىدىلەر، ئۆلۈمنىڭ دەردىگە دەرمانلار،
نە دەپدۇرلەر خالايىقلار، خازان بولدى گۈلىستانلەر.
جانام ئەي بىي ... بىي باقار ئالەم.

### I. يۈردۈم ئالەم

//: يۈردۈم ئالەمنى كەزدىم ( مەي جېنىم يارەي )://
//: سوردىم بارچىدا غەم بار :// ( جېنىم ئايارەي ).
//: غەمسىز كىشى ئالەمنى ( يەي، جېنىم يارەي )://
//: ياراتقان خۇدايىم بار (جېنىم ئايارەي)://

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنى ئۆلتۈرگەندەك ئەمدى،
ئوقۇيدۇرمەن ئىمانىمنى.
قىيامەت قازى بولغاندا،
نەدەپ ئەيتاي جاۋابىمنى.

مېنى موللا يىگىت دېيدۇ،
مېنىڭ موللالىقىم ياخشى.
سېنىڭدەك بىيگۇپا ياردىن،
مېنىڭ تەنھالىقىم ياخشى.

ساناقا سەككىز ئاي بولدى،
جۇدا بولدۇم ۋىسالىڭدىن.
يۈرەكىم خۇن بولۇپ ئاقتى،
سېنىڭ دەردى - پىراقىڭدىن.

مەندۇر - مەندۇر مەستانە،
جىگەرلەر كاۋاپ خانە.
بىر جانىمنى سەن ئالساڭ،
ئەزرائىل سەمەر خانە.

## 2. يارەنلەر يار ئۆلتۈرگۈدەك

يارەنلەر (هەي) يار ئۆلتۈرگۈدەك،
كۆردۈڭلەرمۇ (يەي).
ئەندىرجان سايىسىدا
سورىيەڭلارمۇ.

ئەندىرجان سايىسىدە
نەلەر بار ئىكەن. (نەي).
خان غوجام دەستارىدا①
گۈللەر بارئىكەن.

خان غوجام توخۇلىرى
چىللاشىدۇ.
مۇستاپا كارۋان بەگلەر
يىغلاشىدۇ.

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى
تاغدا قويۇڭ.
تاغ يولى يىراق كەلسە
باغدا قويۇڭ.

يۈزۈمنى قىلبى سايان
ئاچىپ قويۇڭ.
بېشىمغا بىر دەستە گۈل
ساچىپ قويۇڭ.

### 3. ۋەدىسى يالغان بىۋاپا

قارىقاش ئولتۇرىسەن
باغدا ئېچىلغان گۈلدەك،
ساڭا ئىچىم كۆيىدۇ
قەپەزدىكى بۇلبۇلدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتۇرما:

ئاللا چاقچان يارەي... ،
ۋەدىسى يالغان بىۋاپا ئايارەي.

* * *

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

ۋاي ئاداش قايرىما قاش،
باغدا تېپىشقان بىر ئاداش.
ئالدىدا يالغان ئىدۇق،
ئەمدى بولايلى چىن ئاداش.

قارىقاشىڭنىڭ بېغىدا
گۈللەر ئېچىلدى رەڭمۇ - رەڭ.
قارىقاش قاۋۇل يارىم،
كۈندە كېلىپ ئالما يەڭ.

قېشىڭ شوختۇر، قېشىڭ شوختۇر،
قېشىڭدىن كىرپىكىڭ شوختۇر.
سېنىڭدەك ياخشى جانانە
جاھان سەراسىدا يوقتۇر.

قېشى قارا ھىلالى
سىزنى قايدىن بىلەيلى.
سىز ئاندا، بىز مۇندا،
سودىنى قانداق قىلايلى.

سەۋزىرەڭ قوشقاچ بولۇپ،
ئۇچتۇم قاناتىمنى سوزۇپ.
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا،
مەن ياناي ئۈمىد ئۈزۈپ.

خەستە جانىم ساقايماس
بۇغىنە دوراڭ بىلەن.
ئىككى ياخشى بىر بولالماس
ئاخىرەت ئارمان بىلەن.

بارارىڭنى باغدا كۆردۈم،
يانارىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ
بولدى كۆزۈمگە توتىيا.

بىۋاپا دەپ ئاڭلىدىم،
باغرىمغا تاشنى باغلىدىم.
بىۋاپا سەن يارنى دەپ،
چۆللەردە مەن قان يىغلىدىم.

دوستقا دوست قىلدىڭ مېنى،
دۈشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى.
ئالتە تال كىشمىش بېرىپ
ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

گۈلمۇدەپ سۆيدۈم سىنى،
گۈلدىن بىتەر قىلدىڭ مىنى.
سۆيگىنىم ئالەمگە توشتى،
ئەمدى سۆيمەسمەن سىنى.

#### 4. جىنىم ئوتتۇك سىنىڭ

//: مەن باراي‌مىكىن ئاندا،
يار كىلەمدىكىن مۇندا. ://
يارغا - يار كىرەك بولسا،
يورغىلاپ كىلەر مۇندا.

قايتۇرما:
ئاي دەردى يامان ( ئايارەي )
جىنىم ئوتتۇك سىنىڭكى داغلار. ( ئايىرەي )

* * *

يارىم بارمىغان تويغا،
مەن سورىماي بارالمايمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

يارىم ئىتلىرىڭ يامان
ئالدىم قولۇمغا تاشنى.
دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
ئەمدى كۆرۈڭ ئويناشنى.

ھۆل پاختا، بۇزۇق چۇغرۇق.
چىكمەت چاققاننى ئەيتايمۇ؟
خەقنىڭ شەرىگە بىرىپ،
غېرىپ بولغاننى ئېيتايمۇ.؟

## 5. خوش دەردى يامان

ئايۋانەڭنى (يەي) ئاگلاپ، ئاگلاپ،
//:بولدۇم ھەيرانە (يەي)://.
ئىشقى ئوتى (يەي) يامان ئىكەن،
//:قىلدى دىۋانە. (يەي)://.

قايتۇرما:
خۇش دەردى يامان (ئايىرەي)،
جىنىم ئۆتۈك سىنىڭكى داغلارى (ئايىرەي)

* * *

يارى كەلسۇن دەپتىمۇ،
مىنىمۇ كەلسۇن دەپىمۇ.
يارىنىڭ سۆيى ئۇلۇغ،
ئېقىپلا ئۆلسۇن دەپتىمۇ.

دەردىم تولا ئېيتايمۇ،
ھالىم تولا ئېيتايمۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
يارىم ساڭا ئېيتايمۇ.

دەردى بولمىسا يارنىڭ
ئېيتامدۇ تولا ناخشى.
ناخشا ئېيتقانغا يار كەلمەس،
ئەسلى بىر كۆڭۈل خوشى،

تەقدىر ئاللا، سۇبھان ئاللا،
ھالىم تەڭ بولدى.
يار قاشىغا باراي دېسەم،
توخۇ چىللىدى.

چىللاڭ توخۇ، چىللاڭ خوراز،
يارىم ئويغانسۇن.
ئوخلاپ - چۆچۈپ ئويغانغاندا
ئوچۇقلار باسسۇن.

## ٦. ئاھۇم يارەي

//: ياردىم كېچە تۈن يامدا،
جانان ئۈچۈن ئاستاغىنا ://(ئاھۇم يارەي بىي دەرد)
//: كىردىم ئېنىڭ ئايۋانىغا
بىر - بىر بېسىپ ئاستاغىنا://

*      *      *

كىرسەم يېتىپتۇ ئۇل خېنىم
گۈل خورمىسىدەك ئاچىلىپ.
تۇردۇم بىردەم قېشىدا
ئويماسمۇ دەپ ئاستاغىنا،

ئىرغاتقۇەردىم بېشىنى،
ئاچتى كۆزىنى يار - يار.
كىمدۇ سەن يابىئەدەپ،
يانغىن دېدى ئاستاغىنا.

تۆۋىدە ئاغام ياتۇر،
تۇيسا سېنى يا ئۆلتۈرۈر.
ئۇشرە - زاكاتىڭ بولۇر،
بىر باقسىنا ئاستاغىنا.

شۇنچە يىراقتىن كۆرگىلى،
كەلدىم قېشىڭغا شۇل كېچە.
قالمىسۇن كۆڭلۈڭ سېنىڭ،
سۆيگىن مېنى ئاستاغىنا.

لائىلاھە لام ئېلىپتەك،
قاشىڭىزنىڭ قارىسى.
مۇنداقمۇ يىراق چۇشەرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

ئىككىمىزنىڭ ئارىسى،
قىلدى يۈرەكلەرنى كاۋاپ.
شېشىدە كۆرسەم بويۇڭنى،
مەككە دەپ قىلسام تاۋاپ.

مەككىگە بارماڭ يارىم،
بۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۆندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغۇنچە بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

### 7. زىرۇ - زەۋەر قىلىندۇ

//:زىرۇ زەۋەر ② قىلىندۇ،
غەمزەڭ مېنى. ://
ئۆلتۈرىدۇ، تىرگۈزىدۇ،
(ئاي جان) دەردىڭ مېنى.

جەبرە - زۇلۇم،
بەندەڭگە سالما خۇدا.
بىر ياخشىنى يامانغا،
بۇيرۇما خۇدا.

### 8. لائىلاھە قۇدرىتىڭدىن قورقىمەن

/:لائىلاھە قۇدرىتىڭدىن قورقىمەن.://
/:ياشقىنا ئۇلان جېنىمدىن قورقىمەن.:/
ياشلىقىمدا كۆپ گۇناھ قىلغان ئۈچۈن،
ئاخىرى دوزاخ ئوتىدىن قورقىمەن.
قايتۇرما:
جانىم قورقىمەن، ئاي بىدەرد يارەي.

(ئىرغاي بويلۇقۇم، كەپتەر خۇيلۇقۇم،
لاچىن كۆزلۈكۈم، ئۈچ قىسمالىقىم)

بارچە ئايەتنىڭ بېشى ياسىن تۇرۇر،
ئوق ئاتالمىغان يىگىت ياسىندۇرۇر.
ئوق ئېتىپ تەگسە نىشانە - پەللىگە،
ئارچا بىلەن غۇنچە رەڭلىك يارىشۇر.

سايى يەردە تاۋۇز تېرىپ ئۈندۈرمەكمىن،
پەلىزى پەلىزىگە يەتتىمكمىن.
سوراڭلار ئاشىقلىنىڭ ئۇستادىدىن،
مۇرادى - مەقسىتىگە يەتتىمكمىن.

ئەلكىدە قوغۇن تېرىپ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا.

دوزاخ يۈزلۈك دۈشمىنىڭدىن
ئۈيانىمۇ قاچ، بۇيانىمۇ قاچ.
ئوتىغا پايلىمساڭ،
يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇلارنى چاچ.

ياردىنى ئىزلەپ سوراپ مەن تاپمىدىم،
قول سېلىپ ئامراق تۆشىگە باقمىدىم.
قول سېلىپ ئامراق. تۆشىگە مەن بېقىپ،
نە ھالاۋەت، قىلچە ھوزۇر تاپمىدىم.

شۇ مۇھەببەت شەۋقى مەندىن كەتمىدى،
قول سېلىپ سۇنسام لېۋىگە يەتمىدى.
ناگىھان يەتسە قولۇم يار بويىغا،
تاتلىقلىقى دىلىمدىن ھەرگىز كەتمىدى.

### 9. داغى پەريادەي

(ئاي) ياخشى ئاتىم (ئاي) يامان بولدى،
//: ئويناپ قۇل بىلەن.: //

www.uyghurkitap.com

(ئاي) يۇسام ـ يۇسام (ئاي) ئېرىسمەيدۇ،
//:قىزىل گۈل بىلەن.://

قايتۇرما:

داغى پەريادەي،
سېنىڭ ئۈستۈڭدۇر.
گۈلشەن داغىمەي...

* * *

سىم ـ سىم ئارىلاپ ياغدى يامغۇر،
تاغلارنى بويلاپ،
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ،

يارىم سەپەر ئاتلىنىپتۇ،
مىنگەنى دۇلدۇل.
قاچارلىرى③ قىزىل ئالما،
ساچلارى سۇمبۇل.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ بېشىدىن
سېرىلدىم تۈزگە.
بىلەرسىزمۇ ـ بىلمەسسىزمۇ،
ئاشىق مەن سىزگە.

قىرچىن تالنىڭ قىپچىسى④
باغدا ئەرۋىشىم.
مەن ساڭا نېمە قىلادىم
جانىم ئادىشىم.

ئاللا يارىم تەرلەپ قاپسىز،
يەلپۈپ قويايمۇ؟
يەلپۈگۈچنى دالدا قىلىپ،
سۆيۈپ قويايمۇ؟

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدىن
سېرىلدىم تۈزگە.
قىرچىن تالنىڭ قېپچىسىدەك
ئېگىلدىم سىزگە.

ئۇيان ئۆتۈپ - بۇيان ئۆتۈپ،
كۆڭلۈگىنى ئالاي.
قارچۇغانىڭ بالىسىدەك
قولۇڭغا قوناي.

ئىچسەم - ئىچسەم مەس قىلمايدۇ
قالماق بوزاسى.
ئەجەپمۇ يامان ئىكەن
يارنىڭ ئىزاسى.

يامانلىماڭ جېنىم يارىم،
مەن سىزگە يېقىن.
ئىككى يۈرەك قوشۇلغاندا،
چېقىلار چېقىن.

**10. سەھەر ناخشىسى**

(ئاي) بارسىلا بىللە بارايلى،
(ئاللا) ئايرىلىپ (جان) قالغان يامان. (نەي)

(ئاي) ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ، (يەي)
(ئاللا) خەقنىڭ بەدنامى يامان.

قايتۇرما: جان ئاللا يامانەي.

* * *

بارسىلا كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى ئەرتەي،
ھەمراھ بولسۇن ماڭا.

گۈلمۇ گۈللەر ئاراسىدا
ياپپاڭزا⑤ گۈل ئۈزگىچە.
مەن يارىمنى قويۇپ بەردىم،
ئوينىۋالسۇن كۆزگىچە.

گۈلنى بەردىم ئوينىسۇن،
بەرگىنى بەردىم ئوينىسۇن.
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بولسا،
قويۇپ بەردۇق ئوينىسۇن.

خىرامان بولماق يېرىم،
شۇنچە خىرامەنلىك ئۆتەر.
ياخشىلىق ئۆتكەن بېشىمدىن
بۇ يامانلىقلارمۇ ئۆتەر.

دوسلىرىم مەندىن زېرىكتى،
دۈشمەنلىرىم سەنمۇ زېرىك.

سەن ئىشەنگەن تاغلىرىڭدا
ياتماپتۇ بىرمۇ كىيىك.

## 11. سەن دىل يار - يارەي

//: سايدا يۈرگەن سىرىق تۈلكە،
سايىنىڭ تۈلكەسى.: //
ئۆلتۈرەمدۇ، تىرگۈزەمدۇ،
يارنىڭ كۈلكەسى.

قايتۇرما:

سەن دىل يار - يارەي،
كاپەر⑥ يار - يارەي.
ئاتەش كۆزلۈك يالىرىڭ
مەن بولاي.
ئايارەي ... ئاي ... داغۇمەي، جىنىمەي.

* * *

قايناق⑦ كىشى كىتەر ئىكەن
شەرىنى تاشلاپ.
كەتكەن بولسا كىتەر ئىدى،
يارىنى باشلاپ.

مىنى تاشلاپ كەتكەنىڭنى
ئۇنتۇمىغايسەن.

ئەمدى كەلسەڭ بوسۇغامغا
يولۇتمىغايمەن.

ئىمنە⑧ بولۇر جانۇم خانۇم
كۆڭلۈمنى ئالساڭ.
كۆيۈپ تۇرغان يۈرەكىمگە
قولۇڭنى سالساڭ.

ياخشى ئۆتكىن ياخشىلار بىلەن،
پادىشاھ بولماستىن بۇرۇن.
بۇ قارا يەر ئاستى ساڭا
جايى بولماستىن بۇرۇن.

## 12. شاپتۇلنىڭ شېخى پەس

//:كېتەرىڭنى بىلگەن بولسام
يولدا تۇرۇۋردۇم.://
يىغلاپ ـ قاخشاپ قالغانىمدىن
بىرگە بارۇردۇم.

قايتۇرما:

ۋاي ـ ۋاي جېنىمەي،
شاپتۇلنىڭ شېخى پەس.

ۋاي ـ ۋاي جېنىمەي،
مۆكسى ئاندىنمۇ پەس،
ياخشىلارغا سۆز سالسام،
يەردە قويمايدۇ نەپەس (سەي)

زالىم يار ـ يارەي،
شىرىن يار ـ يارەي،
چىنتاش كۆزلۈك يارلىرىڭ مەن بولاي،
ئايارەي ـ ئاي ـ داغۇمەي، جېنىمەي.

* * *

بارغانىڭدىن، تۇرغانىڭدىن
كەتكەنىڭ ياخشى.
ياردەردىنى تارتقانىڭدىن،
ئۆلگەنىڭ ياخشى.

بارۇرمەن دەپ، تۇرۇرمەن دەپ،
يالغاندىن ئېيتقان.
بارۇر ـ كېلۇر يوللارىغا
ئازغان تېرىتقان.

بارۇر لاچىن، تۇرۇر لاچىن،
سالسام ئالادۇ.
مەن ئۆلگەندە يارغىنەمنى
كىملەر ئالادۇ.

ئاتىم بولسا يورغا بولسا،
توقسام، مىنسەم.
يارىم بولسا ياندا بولسا،
ئوينىسام، كۇلسەم،

سۇدا سۇخسۇر⑨ بوغۇزلىسام
تامدۇرماي، قانى.

يامانىڭكى ئالدىدادۇر
ياخشىنىڭ جانى.

ئاقتى سۇلار، تامدى سۇلار،
دەريانىڭ ۋاقتى.
مەن يارىمغا باقاي دېسەم
ئۇقەتنىڭ ۋاقتى.

13. يار سېنىڭ قەلەندىرىڭ بولاي

//: يار سېنىڭ قەلەندىرىڭ
بولۇپتىمەن، بولۇپتىمەن. (ئايارەي): //
ئالتى ئايدىن، ئالتى يىلدىن،
مەن سېنىڭ كويۇڭدىمەن (هەي).

قايتۇرما:
يار سېنىڭ قەلەندىرىڭ جېنىمەي.

* * *

ئالتە ئاينى، ئالتە يىلنى،
ئالتە كۈنچە بىلمىدىم.
دۇنيادا مىڭ يار تۇتۇپ،
بىر سېنىڭدەك بىلمىدىم.

مەن سېنى خوپ بىلىمەن،
كۆڭلۈك ماڭا مايىل ئەمەس.
ئالتى ئايدىن، ئالتى يىلدىن
مەن سېنىڭ كويۇڭدا مەن.

مەن بىلىمنى باغلىۋالدىم،
قىل بىلەنمۇ سىم بىلەن.
سەن كېتەرسەن، مەن قالۇرمەن
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن.

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالاسى بار ئۈچۈن.
ئالتى ئاي ئوتتۇزدا كۆيدۈم
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.

تاققا چىقتىم، كىيىك ئاتتىم،
تاغچى پالۋانلار بىلەن.
ئۆمرۈم زايا ئۆتەرمۇ،
قەدىر بىلمەس يارلار بىلەن.

تاغقا چىقتىم كىيىك ئاتتىم،
بوز كىيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنىڭ
قوينىدا ياتالمىدىم.

تاغقا چىقتىم، كىيىك ئاتتىم،
بوز كىيىك يۈگۈر - يۈگۈر.
ئوڭ قولۇڭ مورەمگە يەتتى،
ئادىشىمغا مىڭ شۈكۈر.

### 14. شاپىرىم ئويناڭ

دەردلەر كەلدى باشىمغا (شاپىرىم ئويناڭ)،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا (جېنىم ئويناڭ، نادان ئويناڭ).

كىشى كەلسىدى قاشىمغا (شاپىرىم ئـويناڭ)
خـەت بـەرسەم ئاداشىمغا (جېنىم ئويناڭ، نادان ئويناڭ)

* * *

بارايلى دېمەدۇقمۇ،
يانايلى دېمەدۇقمۇ.
شەرتىمىز قىزىل ئالما،
چىشلەشىپ يېمەدۇقمۇ.

يار بارسا بارايىنىمۇ،
يولدا قالايىنىمۇ.
چىقماس يارنى ساقلاپ،
ئـاۋارە بولايىنىمۇ.

ئۈزۈن يولغا يول قويدۇم،
ئۆزۈمدىن چوڭغا قول قويدۇم.
كېلىك يارىم ئوينايلى،
سەكسەن تۆت سەر پۇل قويدۇم.

ئاتىم ئويناپ سۇندۇردى
قۇش باشلىق ئېگەرىمنى.
يار دەردى يامان ئىكەن،
كۆيدۈردى جىگەرىمنى.

## 15. يار خارابىمەن

//:تاغ تۈۋىدە ئۆيەدۇ،://
شىلدىرلىسا تۇيادۇ (يار خارابىمەنەي)،

//:ئازۇككىنە بىلەكى، //
تۇتماي تۇرۇپ سۇنادۇ (ئاي خارابىگىمەنەي).

قايتۇرما:
ئاي خارابىگىمەن كىم بارۇر خەستەن،
خەستەنگە ئېلىپ باردى سېنى ئۆلار.
سۇنغان ساپاق ئايلالار،
سېنى قايدىن تاپقاي كىشى (ئايارەي).

* * *

تاغ تۈۋىدە ئۆيۈم بار،
تېزەك قالار چوغۇم بار.
ئايدا - يىلدا بىر كۆرسەم،
تەمكە⑩ سالۇر مەيلىم بار.

يارنىڭ ئۆيى قايدىدۇر،
سۇيى يوق ئېرىق، سايدىدۇر.
توختالغۇسى يوق شۇ يارنىڭ
تۇرار جايى قايدىدۇر.

**16. گىلاڭ⑪ تاغلاردىكى مۇزدۇر**

كەشمىگەن دەريانى كەزدىم،
//:ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.://
ئەمدى كۆڭلۈك تىندىمۇ،
يۈرەك - بېغىرغا ئوت يېقىپ.

ئاي بىي ... بىي دەرد كىلاك تاغلاردىكى مۇزلار ئايارەي،
ئاي بىي... بىي دەرد سەرۋەگىلەر⑫ دىكى قارلار (ئايارەي)،

* * *

يار بۇ يەردىن كەتكىلى،
مىنىڭ مۇندا تۇرغۇممۇ يوق.
كۈندۈزى خىيال قىلىپ،
كېچىلىرى ئۇيقۇممۇ يوق.

كېچىلەپ تامنى تېشىپ،
يالاڭ ئاياغ سۇنى كېچىپ.
سىنى دەپ كەلمىدۇقمۇ،
بۇرۇنقى يارلاردىن كېچىپ.

17. خانلار ئاغچام

مەن بۇگۈن نېمە بولدۇم (يەي)،
//:خىيال قىلدىم ئاخشامغا (يەي).: //
باغ باغلىغان جۇۋانلار (جېنىممەي)
//:زوق ئەيلىسۇن ناخشامغا (يەي): //

قايتۇرما:
جانلارەي خانلار. ئاغچام،
ئوينايدۇ لەۋەڭ باللارەي.

قارا - قارا قاشلارىڭ،
يەلپۈنەمدۇ ساچلارىڭ،

ساڭا نېمە دەرد كەلدى،
تۆكۈلەمدۇ ياشلارىڭ.

يارىمنىڭ قارا ساچى
چۈشۈپتۇ ياڭاقىغا.
يارىمنى سۆيەرمەن دەپ،
ئۆلەيمۇ تاياقىغا.

يارىمنىڭ ئېتى لەيلى،
ماڭا بارمىدۇر مەيلى.
بولسا بولمىسا مەيلى،
مەن يارىنىڭ قەلەندەرى.

ئىگىز ئازغان بېشىدا
ئۆپكە يىگەن سارنى كۆرۈڭ.
خان بىلەن بەس قىلىدۇ،
مىدىر جامال يارنى كۆرۈڭ.

ئىگىز - ئىگىز ئالمىلارنى
بويلىغىلى ياخشى.
سىزمۇ كىچىك، بىزمۇ كىچىك
ئوينىغىلى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى چۇشۇرگىسى

### I ئۆرگىلىدۇ پەلەك

ئايمۇ چۇشتى ئۆي ـ ئويمانغا (خېنىم)،
//:كۈنمۇ چۇشتى ئۆي ـ ئويمانغا (خېنىم)،://
مەيلىمىز چۇشۇپ قاپتۇ (خېنىم)،
باينىڭ قىزى ئاي ـــ ئايخانغا (خېنىم)،

قايتۇرما:

ئۆرگىلىدۇ پەلەك، چۆرگىلىدۇ پەلەك،
كىمنىڭ يارى سەن ئالتۇن، قايرىپ سۆيگۈدەك،

* * *

يارىم ساڭا ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار،
ئازار بەرمەڭ جانىمغا،
يۈرەكىمدە دەردىم بار.

يارىم كەتكىدەك ئەمدى،
كەتكۈزگىلى قويمايمەن،
مىڭ تاشلاپ كەتسە ئۇ،
مەن كىم بىلەن ئوينايمەن.

(يولىغا غۇلاچ يېيىپ
ماڭدۇرغىلى قويمايمەن.)

يارىم كەتكىندەك ئەمدى،
كېتىۋەرسۇن، يول بولسۇن.
بىزنى تاشلاپ كەتكەننىڭ
ئىككى كۆزى كور بولسۇن.

يارىم كەلگىندەك ئەمدى،
كەلگەنلەردىن سورايمۇ؟
يار كەلگۈچە تاقەت يوق،
شاملىنى پۇرايمۇ؟

## 2. ئۆلىۋالا كېتىمىز

(ئاللا) داپنى مەن (ۋاي) چالغان بىلەن،
‖:(ۋاي) ناخشىنى مەن (ۋاي) ئەيتالمىدىم:‖
(ئاللا) ئىچىمدە (ۋاي) دەردىم تولا
(ۋاي) يارىم ساڭا (ۋاي) ئېيتالمىدىم.

قايتۇرما:
ئۆلىۋالا كېتىمىز، كۆيۈۋالا كېتىمىز،
خۇدايىم بۇيرۇسا مەقسەتكە يېتىمىز.

[(ئاي) بېلىجان، يادوست ھەمراجان، جېنىم مەستۇرىخان،
[كۆرۈشكە يارلىرى، ئازقالدى بۇ جان.

[ئەجدادۇر يېشىم، شەيدادۇر بېشىم،
(ۋاي) دەريا بولۇپ (ۋاي) ئاقتى يېشىم. ]

*　　*　　*

مەن بۇ يەرلىك ئەمەسمەن،
يەر - سۈيۈڭنى بىلمەسمەن.
يەر - سۈيۈڭنى بىلگەندە
باغلىساڭمۇ تۇرماسسەن.

مەن بۇ يەرگە كەلمەستىم،
باشلاپ كەلدى ئىبراھىم.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

بۇگۈندىن نېرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم،

خۇدانىڭ بەندىسى كۆپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
مېنىڭدەك بولسا بولغاندۇ،
كۆيۈپ كۆل بولغىنى يوقتۇر.

### 3. شەر - شەردە ئوينا غلار

سەن مېنىڭ ناۋارىمسەن (ئايارلىرەي، بىرلەۋەك خانلىرەي)،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن، (بالىخان شەر - شەردە ئوينا غلار)

ئاخشىمى قاراڭغۇدا (ئايارلىرەي، بىر لەۋەك خانلىرەي)،
ياندۇرغان چىراغىمىسەن (بالىخان شەر - شەردە ئويناڭلار).

* * *

يارىسىز ئۆمرۈم ئۆتمەس،
قارىسام كۆزۈم يەتمەس.
مەن يارنى خىيال قىلسام،
كۆڭلىمدىن غىزا ئۆتمەس.

قارا قالپاقنى كىيىپ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى.
سەن يارىمنىڭ دەستىدىن
راۋاپچى بولمامدۇ كىشى.

يىراق يەردىن قورقمايمەن،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
بىزنىڭ يارغا پۈتۈلگەن
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

ئۆرلەپ چىقتىڭ چولپانغا،
يېنىپ چۈشتۈڭ پورپاڭغا⑬.
كېيىپ ئېشىڭ ئاندا دەپ،
چوكا سەپسەن يۇنداڭغا.

## 4. سىز ياخشى بىز ياخشى

//: كەتتى يار كۆڭلى قارا،
كېلەمسەن يارىم دېمىدى (ۋاي دادەي).://

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چمنگه چاینی قۇیۇپ،
ئچەمسەن یاریم دېمدی (ۋاي دادەي).

قایتۇرما:

سز یاخشی ـ بز یاخشی،
ئۆینغلی لەۋەن یاخشی (ۋاي دادەي).

* * *

سز یاریم یامانلیماڭ،
یاخشی ـ یامانني كم بلۇر.
ئككى ئاشق بر بولۇپ،
چۆلنی تېرسا گۈل ئۈنۈر.

یۈركم غالۋۇرغا ئوخشاش،
قۇیسلا تۇرماس تېرق.
شۇنچە جاراھەتلەر بلەن
یارنڭ چرايى ساپ سېرق.

سەن تېرق تېرمساڭ،
قۇشقاچ كېلپ قونارمدی،
سەن گۈمبات (14) قوپارمساڭ،
ئایلا چۆگان ئۆلەرمدی.

يەنە ئاللاھۇ دېسەم،
كەلمەس كۆزۈمنڭ ئۇيقسى.
ئۇيقنی كەلتۈرمگەن
بىۋاپا يار سودىسى. (15)

كېچە بولسا ئۇخلىماي،
تام ياقىلاش نە پايدىسى.
كۈندۈزى ئەل غوۋغىسى،
كېچىسى يار سودىسى.

ئۇيقۇلارنى ئۇخلىماي،
ئۇيقا قەرزىڭ بارمىدى.
يەنە كىشىنىڭ ياردا
سېنىڭ تامايىڭ بارمىدى.

ئانداق ئەتمەگلەر مېنى،
مۇنداق ئەتمەگلار مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولۇرمىز،
تاشلىۋەتمەگلەر مېنى.

### 5. بالىخان

‖ : ئىتلار هاۋشىدۇ (بالىخان)،
گادايىنى كۆرسە : ‖
ئاشىق سۆزلەيدۇ (بالىخان)،
‖ :مەشۇقنى ‖ كۆرسە. :

* * *

يارىمنى كۆردۈم،
مەستانە بولدۇم.
خەقتىن يوشۇرسام،
ئاشكارا بولدۇم.

ئاشكارا قىلغان
سېنىڭ ئىشقىڭدۇر.
مەستانە قىلغان
شېرىن سۆزۈڭدۇر.

يارىمنى كۆردۈم،
مەستانە بولدۇم.
ئەقلى - ھوشۇمدىن،
بىدارە بولدۇم.

يارىم كېلىپتۇ،
ماڭا ئىرادە.
سالغان ئوتلارى
ئاندىن زىيادە.

قەلەمدەك قاشلىرىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
مېنى ئوتقا سېلىپ،
نەدۇر خىيالىڭ.

باغدا سېرىق گۈل.
ھەر باغدا بولماس،
ھەر باغدا بولسا،
سېنىڭچە بولماس.

سەندەك قىزىل گۈل،
باغدا ياتامدۇ؟

سوراي باغۋەندىن،
پۇلغا ساتامدۇ؟

كۆيۈپ كەتتى مېنىڭ
بۇ ئۇستىخانىم.
قىزىپ كەتتى مېنىڭ
بۇ خەستى جانىم،

بىر دانە ئەرىدىم،
مىڭ دانە بولدۇم.
ئىشقى ئوتۇغدا
سەرسانە بولدۇم.

6. ئوي ـ ئويلايسەن

ئوي ـ ئويلايسەن، ئوي ـ ئويلايسەن،
//: ئويچىمىدىڭ سەن. ://
يان باغرىدا يېتىۋاپسەن،
قويچىمىدىڭ سەن.

قايتۇرما:
شۇرىما شۇرلايدۇ (بالىخان)،
كاگشاگدا⑯ ئوينايدۇ.
يارىمى تاپالماي (بالىخان)،
كۆڭلىمى ئوۋلايدۇ.

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشناڭ نەكەتتى،
كۆشۆتمگە يەتتى.
بېرئۇالسا كەلمەيدۇ،
پوچتىدا خەت كەتتى.

سىم ـ سىم دېيدۇ، سىم ـ سىم دېيدۇ،
سىم بار بوينۇمدا.
ئاخشام بېرىپ تونالمادىم،
كىم بار قوينۇڭدا.

سىم ـ سىم دېيدۇ، سىم ـ سىم دېيدۇ.
سىم بار بوينۇمدا،
قىلچە گۇناھ مەندە بولسا
قىلىچ بوينۇمدا.

ئايلار بولدى، يىللار بولدى،
پەرياد قىلساڭچۇ.
مېنىڭ ئاندا يارىم بار دەپ،
خىيال قىلساڭچۇ.

نەچچە تولا تېۋىپ بولسا،
بىلەكنى باقۇر.
يار ئاغرىقى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم تاپۇر.

### 7. يېڭى باغنىڭ گۈللەرى

ئوڭ قاشگىنىڭ، سول قاشگىنىڭ (دوست ... جانىم دوستلارىم)
ئاراسىدا مەن (ئايارەي يېڭى باغنىڭ گۈللەرى).

يارىم خانىنىڭ قولاقىدا (دوست، جانىم دوستلارىم،)
ئالتۇن ىيگىنە⑰ مەن (ئا.. يارەي يېڭى باغىنىڭ گۇللەرى).

* * *

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتاۋىدا
كۆيدى پېشانەم.
ئۆزۈم ئۆلسەم - ئىتىم قالسۇن،
ئامۇ - نىشانەم.

قېشىڭ قات - قات، كۆزۈڭ قاتە
قاشلارىڭ قات - قات،
قاشلارىڭنىڭ قاتلىقىدىن
سۆيەرمەن پات - پات.

مىنگەن ئاتىم چىلان توروق،
قەيىندىن ئېگەر.
قېشى قارا يارىنىڭ ئوتى
يۈرەككە تېگەر.

يۈگەن نوختا قالغان يەردە
تونۇم قېلىپتۇ،
قېشى قارا شۇ يارلاردىن
كۆڭلۈم قېلىپتۇ.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئوينىاي دەپ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارمۇ مەيلىك، يوقمۇ مەيلىك،
بىلەي دەپ كەلدىم.

پەس - پەسكىنە ياپشاك⑱ ئۆينىڭ
تېگى تۈز بولسا.
ئانىسىنىڭ دېگى چىقۇر،
قىزى ئۈز بولسا.

غاز بالىسى، غاز بالىسى،
غازنىڭ بالىسى.
ئوق تەگكەندە چىقىرايدۇ
قىزنىڭ ئانىسى.

### 8. ياراتقان جايدا بىر گۈلخان

ئۈشۈك ئالدى گىياھدۇر،
شىلدىرلىسا تۇيادۇر.
نازۇك يارنىڭ بىلەكى
تۇتماي تۇرۇپ سۇنادۇر.

قايتۇرما:
يارئاللا، ئەرۋاھلار.
ياراتقان جايدا بىر گۈلخان.

* * *

كەتمەن كۆتۈرۈپ بېرىپ،
ئاچتان سۇلىرىڭ قايسى.

بىزنى يامان دەپ بىرىپ،
تۇتقان يارلىرىڭ قايسى.

ئالتۇن قەپىزىم بولسا،
شاتۇتنى باقاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
مەيدەمگە ياقاي دەيمەن.

ئالتۇن بىلەن رەنانى
مەن يارغا ئاتاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
قوينىمدا ياتاي دەيمەن.

ئاتىنىڭ ئامدىنى تاغدا،
گۈلنىڭ ئامدىنى باغدا.
ئوينىساقمۇ - ئوينا يىلى،
يارنىڭ ئامدىنى ياندا،

گۈرجەك كۆتۈرۈپ بىرىپ،
قوناققا سۇ ئاچاي دەملا،
كۆيۈك ئوتىغا سەپ قويۇپ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا.

سۇ ئايرىلىپ ئاقمايدۇ،
يار قايرىلىپ باقمايدۇ.
يار قايرىلىپ باققاندا،
بىر خىيالى ياقمايدۇ.

كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ،
بىخىنىڭ بىلەن يول سالدىم.
مەشرەپنى تولا ئوينىپ،
يۈرىكىمگە داغ سالدىم.

كەچ بولدى، زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
جالانى⑲ ئۈزۈن سېلىپ،
گۈل قىسىپ جوۋان بولدى.

### 9. چاقچاق گېپىمىز بار

يارىم بولسا ئۆزلىرىدەك،
لەۋلىرى قىزىل گۈلدەك.
يارىم مېنى سارغايتتى
باغدىكى سېرىق گۈلدەك.

قايتۇرما:

چاقچاق گېپىمىز بار (يارەي).
شاڭخو سۆزىمىز بار.
ياردىن خەۋىرىڭ يوق (زىۋاسەن)⑳
(ئاي) ئەسلى خەۋىرىڭ يوق، ئۆزۈڭ خوش خۇي...

* * *

توننى تىكتىم تويۇڭغا،
ئۆلچەپ، تىكتىم بويۇڭغا.

ئاخشام كەلسەم چىقمىدىڭ،
خاپا بولدۇم خۇيۇڭغا.

تاغدىن چۈشتۈم تويۇڭغا،
توغ[21] يۇقمىسۇن بويۇڭغا.
ئاتا - ئاناڭ خۇش مازۇز[22]
قىرچىن تالدەك بويۇڭغا.

ئەتىيازنىڭ شامىلى
قاچان ئۆتتۇر ئۆيۈڭدىن.
قاچانغىچە قالمايسەن،
ئەكە - نايناق خۇيۇڭدىن.

## 10. موتۇرخەينىڭ[23] پۆپۈكى بار

ئىلىپ بەر دەپ يىغلايسەن
//:كېيمەيدىغان نېمەڭگە،://
ئەتە - ئاخشام چىللايسەن
چىقمايدىغان نېمەڭگە.

قايتۇرما:

ئەرلا - تەرلا كەيچەن بار،
موتۇر خەينىڭ پۆپۈكى بار.
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار،
يۇلتۇز بولمىسا ئاكىڭىز بار.

ئېگىز تاغقا مەن چىقسام،
يارىم كۆرۈنەرمىكىن.

يارلاردىن خەۋەر كەلسە،
كۆڭۈل سۆيۈنەرمىكىن.

جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم،
يىراققا كەتتىڭىز ئەمدى.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى
كىمگە خار قىلاي ئەمدى.

چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
ئۆيۈڭنى مازار دەمسەن؟
ئالتە ئاي بولدى بۇ دەرتكە،
يۈرەكنى تازا دەمسەن؟

دەرۋازاڭ ئەجەب يوغان،
ئېتىپ قويغىلى بولماس.
خۇيلىرىڭ ئەجەب نازۇك،
سۆيۈپ قويغىلى بولماس.

ئېتىم سۇنى ئىچمەيدۇ.
لازا بارمىكىن كۆلدە.
يار تالاغا چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە.

## 11. ئاچا ـ جېنىم ئاچا

//:دەردى بولمىسا يارنىڭ
ئېيتامدۇ تولا ناخشى،://

ناخشا ئەيتقانغا يار كەلمەس،
ئەسلى بىر كۆڭۈل خوشى.

قاپتۇرما:

هەي، هەي ئاچا جىنىمەي ئاچا.
بالام يوق دەپ يىغلاپسەن،
مىنى بىقىۋالساڭچۇ،
هويلاڭدىكى تېرەككە
شاخ ئۈنتۈۋالساڭچۇ.

* * *

ئالمىنى بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا.

يارىم بەرگەن بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ - چۆچۈپ ئويغانسام،
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.

كەتكىنىڭگە يول بولسۇن،
كەتكەنلەردىن غەم يىمە.
دوستلىقىڭ كۆڭلۈڭدە بولسا،
ئۇينىغىنىڭدىن ئەن دىمە[24].

## 12 . بۇرگەم

بۇرگەم - بۇرگەم بىر باتۇر،
//:باسما يوتقاندا ياتۇر://
بۇرگەمنى سۇغا سالسام،
//:كۆزلەرىنى ئالايتۇر.://

* * *

بۇرگەمنى بۇرغا ئەتتىم،
تارتىپ بۇرنىدىن تەشتىم.
ئالتى ئايلىق ئوزۇق ئارتىپ
يارىم بىلەن مىنگەشتىم.

بۇرگەمنىڭ بۇرۇتلارى،
ئالماستىن تۇۋاقلارى.
باغدا پىشقان ئالمىدەك
يارىمنىڭ قۇلاقلارى.
(بۇرگەمگە قاراپ باقسام،
دىڭگايغان قۇلاقلارى)

خى...دىيسەممۇ ماڭمايدۇ،
چا...دىيسەممۇ ماڭمايدۇ.
توپىلاڭنى كۆرسە يىپتىۋالدۇ،
پاتقاقنى كۆرسە پىتىۋالدۇ.

ئاچچىقىم نەدىن كەلدى،
تارتىپ بوغۇزلىۋەتتىم.

ئاتمىش چارەك ياغ چىقتى،
يەتمىش چارەك گۆش چىقتى.
ئۇگىمۇ بەردىم بىر چارەك،
بۇگىمۇ بەردىم بىر چارەك.

گۆشىنى نەزىر ئەتتىم،
شىرىسى ماڭا قالدى.
شىرىسىنى ئاپىرىپ،
ئايىپ كۆنچىگە بەردىم.

ئايىپ كۆنچىدىن ئالىپ،
ساۋۇت كۆنچىگە بەردىم.
ساۋۇت كۆنچىدىن ئالىپ،
كېرەم كۆنچىگە بەردىم.

ئاتمىش كوندە ئاشلانسۇن،
يەتمىش كوندە روسلانسۇن.
بونى ئاڭلاپ خەقلەرنىڭ
كۆڭۈللىرى خوش بولسۇن.

ئاتمىش كوندە ئاشلانسۇن،
يەتمىش كوندە روسلانسۇن.
ئايلالارغا ئويماقلىق،
يىگىتلەرگە غىلاپلىق.

يېرىم كۆن ئىشىپ قالدى،
يەنە بەردىم ئۆتۈككە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوتۇنۇم تۇغۇۋىدى،
سېلىپ قويدۇم بۆشۈككە.

ئۆتتۈكنى كىيىۋېلىپ،
توق - توق قىلدىم توش بولدى.
بۇنى ئاڭلاپ خەقلەرنىڭ
كۆڭۈللىرى خوش بولدى.

ئۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا،
ئۇسما تېرىدىم دوست بىدىنەم
شەھەرنىڭ جوگانلىرى
مورلاپ قاچتى دوست بىدىنەم.
ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ،
قوڭىغا تەپتىم دوست بىدىنەم.

ئۇپىدا ياتتىڭمۇ (دادەي)
سۇپىدا ياتتىڭمۇ.
ئون بەش ياشتا قىز چوك قىلىپ،
تۇڭگانغا ساتتىڭمۇ،

### 13. يارىم - يارىم دوست

(نەگە بارساڭ مەن باراي ئانارخان يارىم دوست)

مەن سېنى پاناھ تارتىپ،
// : ئايۋانىڭدا ياتايمۇ. : //
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە
// : سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ. : //

قايتۇرما:

يارىم ـ يارىم دوست،
بالىخان يارىم ـ يارىم دوست.
نەگە بارساڭ مەن باراي،
ئانارخان يارىم ـ يارىم دوست.

* * *

هاۋا ـ هاۋاغا ئوخشار،
بۇلۇت نېمىگە ئوخشار.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
ئالتۇن تاجىغا ئوخشار.

رومال سەپسەن بېشىڭغا،
پېشانەڭگە چۇشۇرمەي.
قاچانغىچە يۇرۇيسەن،
ئوتلىرىڭنى ئۆچۇرمەي.

مەن يىراقتا كەتكەندە،
هەر كۇندە كېلەلمەيمەن.
ئىچىم كۆيىدۇ ساڭا،
كۆرمىسەم بولالمايمەن.

تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا،
ئېتىلىخاندۇ بۇ چاغقا.
يىراقتىكى شۇ يارلار
سېغىنغاندۇ بۇ چاغقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق،
يار كېتەرمىكىن بىللە.
يار كەتسە بىللە كەتسەك،
ئويۇن - كۈلكىسى بىرلە.

سېنىڭ بىلەن مەن باراي،
دۆۋەجىنگىچە[25] يارىم.
ئۈمەت قىلسىلا ئوينايلى،
جانلار چىققىچە يارىم.

## 2. ئۇلۇغ دۇر مۇقامى

(هاي - هاي ئۆلەن مۇقامى)

### مۇقام

جاھاندا ئىككى يارىم بار، بىرى ئالىم بىرى زالىم.
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق، بىرىگە كۆيىدۇ يۈرەك باغرىم.
جانام ئابىي ... بىي ... بىي باقا ئالەم.

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر، ئەجەب دىۋانىلەر بولدۇم،
جاھاندا خالايىقتا، بەسى ئەپسانىلەر بولدۇم.
جانام ئابىي ... بىي ... بىي باقا ئالەم.

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر، يۈرەكىم قىپ - قىزىل قاندۇر،
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن، كۆڭۈل ھەردەم پەرىشاندۇر.
جانام ئابىي ... بىي ... بىي باقا ئالەم.

### 1. دىلۋەكىجان

جاندۇر (ئاي جان) //: سېنىڭ يارىڭ: //
جانانىدۇر (ئاي جانەم) مېنىڭ يارىم

چىققىلى (ئاي جان) //: چارەسى يوق،: //
بىچارىدۇر (ئاي جانىم) مېنىڭ يارىم.
قايتۇرما:
ئايرەي جېنىمەي، بىچارىدۇر ئاي جانەم مېنىڭ يارىم.

* * *

يۇقىرى بېرىۋىدىم
كۆرۈندى يارىنىڭ باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ يىغلىۋىدىم
سېرىلدى سەرۋەڭ تاغلىرى.

يۇقىرى بارغانسېرى،
يارىمنى مەن كۆرگەنسېرى؛
مېنى ئاندا قىينىما،
مەن كۆڭۈل بەرگەنسېرى.

يۇقىرى باراي دېسەم:
ئالدىمدا بىر نوغرى داۋان.
قايرىلىپ ياناي دېسەم،
يارىنىڭ ئوتى ئاندىن يامان.

يۇقىرى يارىنىڭ ئۆيى،
ئاندىن تۆۋەن دوستىنىڭ ئۆيى.
ئوتى باغرىمدا كۆيەدۇ،
ئۇستىخانىمدا چوغى.

## 2. دوس غوجام ئاللايەي

نېمەك بار ئىدى جۇگان سېنىڭ
ئايارەي جان ئاستانىدا، جان باسماقىدا.
ئۆدەك ئۇچىدۇ، قانات قېقىپ،
جان ئاستاغىنا، دوس غوجام ئاللايەي.

قايتۇرما:
ئا — يارەي، ئاي ... داغۇمەي،
خېنىم كىشى ئايلا.
(ئايارەي دوس غوجام ئاللىيەي)
خېنىم كىشى ئايلا.)

* * *

يانا ئىللەتنى ماڭا،
سەپتۇ خۇدايىم نەقىلاي.
تەقدىرى - خۇداغا
مەن نۇچۇك چارە قىلاي.

يەنە بارساق بارايلى
ئاشىقلىنىڭ بازارىغا.
يەنە زۇلپا㉖ سالاينى
ئىلغاپ تۇرۇپ ئۇبدانىغا.

سەن - سەن مېنى سەن،
خارابى قىلدىڭ مېنى سەن.
كۆيدۈرۈپ، ئوتلارغا سېلىپ،
كاۋابى قىلدىڭ مېنى سەن.

www.uyghurkitap.com

## 3. ھاي - ھاي ئۆلەن

ھاي - ھاي ئۆلەن، ھاي - ھاي ئۆلەن،
(ۋاي) باشلاردىلا (ۋاي جېنىمەي).
(ئاي) گۈلنى ئېلىپ، ئاي ... چېگمەنگە[27] ...
(ۋاي) تاشلادىلا (ۋاي جېنىمەي)...

ھاي - ھاي ئېتىم (ئاي) بار ئۇچۇن،
خوش كۆرىمەن (ۋاي جېنىمەي...).
(ئاي) مەن يارىمنى (ئاي) سېغىنسام،
(ۋاي) چۈش كۆرىمەن (ۋاي، جېنىمەي).

* * *

ھاي - ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن،
گۈل قايدا بار.
بىر ياخشىغا بىر يامان
ھەر جايدا بار.

ھاي - ھاي ئۆلەن ھاي ئۆلەن،
ئىز كېلىدۇ.
قىزىل توننى پۈركىنىپ
قىز كېلىدۇ.

ھاي - ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن.
بارمۇ ھايات.

قارچۇغىدەك بويۇڭغا
بولدۇم سايات㉘.

هاي ـ هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن،
نەقىلاي.
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى
پارە قىلاي.

هاي ـ هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن،
قار كېلىدۇ.
بەرگى خازان تونىنى كىيىپ
يار كېلىدۇ.

### 4. يەللى

قەنتى ناۋات // ئاغزىڭدىدۇر. //
شېكەر لېۋىڭدە (ئەي يەللا).
سېرىق زەپەر //: قات ئاچىلۇر: //
باسقان ئىزىڭدا (ئەي يەللا)،
ئەي يەللا، ئەي يەللا.

### 5. يار سەنەم

ئەۋەل دۇنيا يوق ئىدى.
پەيدا بولدى يار سەنەم،
پاچىق㉙ بىلەن سۈرەتنى
ئادەم قىلدى يار سەنەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەم ئەسلى تۇپراقتىن
ئاتا قىلغان ئاللاسىز.
كۆكتە جايىنى بېرىپ،
يېقىن قىلغان ئاللاسىز.

مەريەم ئوغلى ئەيسانى
يارىتىپسىز ئاتاسىز.
كۆكتە جايىنى بېرىپ،
يېقىن قىلغان ئاللاسىز.

يۇسۇپ بىلەن زىلەيخە،
بولسا كىشى يار سەنەم.
ئاشىق ئوتىنى ئالەمگە
تېرىسا كىشى يار سەنەم.

يۇسۇپ بىلەن زىلەيخە،
قېرىندىلار يار سەنەم.
ئاشىق ئوتىنى ئالەمگە
تېرىندىلا يار سەنەم.

ئەگىم - بۇرغۇم[30] يوللاردىن
ئىز كېلىدۇ يار سەنەم.
قىزىل تونىنى پۈركىنىپ،
قىز كېلىدۇ يارسەنەم.

ئېلىپ بويلۇق ئاي سەنەم،
ئاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.

ئاتقىنەڭنى بىلمەيمەن،
زاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.

پۇركەنمە ـ قىز ـ پۇركەنمە،
كىم كۆردۇ يار سەنەم.
قارا ساچنى سىز تاراپ،
كىم ئۆردۇ يار سەنەم.

قىز كېلىدۇ خىرامەن،
رازى بىلەن يار سەنەم.
قىز ئانىسى يىغلايدۇ،
زارى بىلەن يار سەنەم.

ئاي پاتقىچە ئانامغا
يولداش ئىدىڭ يار سەنەم.
ئەمدى يولداش كىم بولۇر،
ئانا سىزگە يار سەنە.

بۇ سىنىڭ مۇبالىڭ
چەكپاردۇر يار سەنەم.
مەگەش[31] كۆزى، دىلبىرىم،
مەستانىدۇر يار سەنەم.

يۈك ئاستىدا قارچاڭنى
دات بېسىپتۇ يار سەنەم.
ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنى
غەم بېسىپتۇ يار سەنەم.

www.uyghurkitap.com

ئاپتۇۋگە سۇ قويسام،
ئىللىمايدۇ يار سەنەم.
باغرى قاتتىق قىز ئىكەن،
يىغلىمايدۇ يار سەنەم.

ئاپتۇۋگە سۇ قۇيسام،
ئىللىمايدۇ يار سەنەم.
يارغا مەيلى بولسىلا،
يىغلىمايدۇ يار سەنەم.

هاي ـ هاي ئۆتكەن بېغىرتاق،
ھىمىلدىشىم[32] يار سەنەم.
باراي دېسەم يول يىراق،
قېرىندىشىم يار سەنەم.

سۇ ئاستىدا شىراجى،
قاتتىق شېغىل يار سەنەم.
لىخشىپ ـ لىخشىپ ئاغرىيدۇ
يۈرەك بېغىر يار سەنەم.

سىڭلىم ـ سىڭلىم تويۇڭنى،
تويلاپ چۈشتۈم يار سەنەم.
يېڭىم پاتماس تۇڭلۇكتىن
يانداپ چۈشتۈم يار سەنەم.

سەكرەپ ئۆتكەن جەرەننى
سەككىز دەڭلار يار سەنەم.

سەككىز قىزنىڭ بىردنى
سىڭلىم دەڭلار يار سەنەم.

سىڭلىم ـ سىڭلىم ساچماقىڭ،
يەرگە تېگەر يار سەنەم.
قىز بويىغا يەتكەندە،
ئەرگە تېگەر يار سەنەم.

شۇر ـ شۇرغىنە ئوت بارۇر،
چىغلار ئارا يار سەنەم.
يۈرەك ـ باغرىم خوش كۆيەر،
چىگەرگىنەم يار سەنەم.
(سىڭلىم ساڭا يار سەنەم)،

قاتار ـ قاتار قاغىلار
خاماندىدۇر يار سەنەم،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
ئارماندىدۇر يار سەنەم.

قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ
پوستى تولا يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ
دوستى تولا يار سەنەم.

ئاپپاق ـ ئاپپاق توشقانلار
سايدا بولۇر يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
ئۆيدا بولۇر يار سەنەم.

قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ
تاش پوستى بار يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ
بەش دوستى بار يار سەنەم.

يىغلىما — قىز يىغلىما،
تويۇڭ بولدى يار سەنەم.
ئالتۇن بىلەن قورشىغان
ئۆيۇڭ بولدى يار سەنەم.

جانان سەنەم، يار سەنەم،
ماڭىمۇ جانان كېرەك.
روھى ـ جەننەت ساڭا بولغاي،
ماڭىمۇ بىر خانە كېرەك.

### 6. شاھ سەن ئاللا

/: ئۇيان قايرىل، بۇيان قايرىل (شاھ سەن ئاللا):/
/: يار سايان قايرىل (ئاي شاھ سەن ئاللا):/

/: تاپقان تەگەننىڭنى بىرىپ (شاھ سەن ئەللا):/
/: ياماندىن ئايرىل (ئاي شاھ سەن ئاللا):/

* * *



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيانمۇ باقساڭ گۈل،
بۇيانمۇ باقساڭ گۈل.
زەپەرخانىنىڭ چارباغىدا
سايرالمىغان بۇلبۇل.

سايرالمىغان بۇلبۇل
سەھەردە سايرايدۇ.
ئوينالمىغان جۇگان باللار
مەشرەپتە ئوينايدۇ.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
كۆيۈك ئوتىنى ماڭا سالدىڭ،
دەردىم ئىچىمدە.

### 7. داغ ــ داغۇراق

/: بارۇرۇگنى (ئايارەي) بىلگەن بولسام (مەي) :/
/: يولدا تۇرۇردۇم.:/
/: يىغلاپ ـ قاخشاپ (ئايارەي) قالغانىمدىن (نەي):/
/: بىللە بارۇردۇم.:/

قايتۇرما:
ئاي بىي، دەردىڭ يامانەي.
داغ ــ داغۇ داغ سەن يارنىڭ ئوتلارى يامان.

* * *

ئاختارمىدا دەگگەل ئاتقان،
ئادىشى يوق دەپ مەسخىرە ئاتقان.
ئادىشى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ،
تام تۈۋىدە ماراپ ياتقان.

كۆرپە — جۇۋىنى
سوقلاردا كىيسە ياخشىراق.
ئاشىق كىشىنى
مەشرەپتە سۆيسە ياخشىراق.

كۆرپە جۇۋىنىڭ
ئېتىكى مولۇن بولسا خوپ.
ئاشىق كىشىنىڭ
ئۆيى بۇلۇڭدا بولسا خوپ.

كۆرپە — جۇۋا، بارا جۇۋا،
زەمباقى (33) تاشلىق.
مېنىڭكى ئاندا بىر يارىم بار،
قەمبەرخان ئاتلىق.

قەمبەرخاننىڭ سالغان ساچى،
يەرگە تېگەمدۇ؟
قەمبەرخاندىن سوراپ بېقىڭ.
ئەرگە تېگەمدۇ؟

ئەرگە تەگسە بىزگە تەگسۇن،
تەگگەسى بىلەن.

ئاخشاملىقتا بىللە كەلسۇن،
يەڭگەسى بىلەن.

## 8. ئۆرگىلەي مەشۇقۇم

//: ئاغزىدىن ئالما پۇرايدۇ: // (يەي)،
//: قوينىدا باردۇر ئانار: // (رەي).
//: بىر دەم ئولتۇرساڭ قېشىمدا: // (يەي)،
//: ئۇسسۇزلۇق باغرىم قانۇر: // (رەي).

قايتۇرما:

ئۆرگىلەي مەشۇقۇم،
چۆرگىلەي مەشۇقۇم، — مەشۇقۇم.
كەچ بولدى خېنىم ياتىنى، مەشۇقۇم،
ھەر بالا كەلسە تارتىنى، مەشۇقۇم.

* * *

شۇ كېچە مىلىس[34] كېچەسى،
يار بىلەن دوستلار بىلەن.
خوش تولا داڭلار كۆتۈردۇق،
داڭ بىلەن، داڭشاڭ بىلەن.

سەن قاچان تۇرنۇككە كەلدىڭ،
مەن قاچان ئۇن بەرمىدىم.
مەن چىقالماي، سەن كىرەلمەي،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارىم ماڭغان كوچىلارنى
سۇپۇرەي ساچىم بىلەن.
سۇ سېپىپ سالقىن قىلاي،
كۆزۈمدىكى ياشىم بىلەن.

يارىمنى كېلىپتۇ دەپ،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارنىڭ ماڭغان يولىغا
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

يارىمنىڭ خۇمارىنى
ئالتۇنغا ئالسام ئاز ئەمەس.
يارىمنىڭ ئاچچىقى كەلسە،
بېشى ئاغرىپ سۆزلىمەس.

بېشىم ئاغرىيدۇ ئەجەب،
مەيدەمنىڭ بىمارى بار.
قارىقاش قاۋۇل يارىمنىڭ
كۆزىدە خۇمارى بار.

قارىقاش قاۋۇل يارىم،
بولدى ساڭا ھالىم خاراب.
شۇ سېنىڭ مۇشكۇل ئۇتۇڭدا
ئولتۇرۇپ چالسام راۋاپ.

**9. ئاھ ئۇراي خۇدايىمغا**

/: يايى كەلسە يالايدۇ،
ئامبال كەلسە سالايدۇ.: /

يىغلىماڭلار ياش باللار، (ئالتۇن جانەي)،
/: ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ: /.

قايتۇرما:

ئاھ ئۇراي خۇدايىمغا،
يەتكۈزگىن مۇرادىمغا.
(ئۇشلىماڭ بىلەكىمنى
كۆيدۈرمەڭ يۈرەكىمنى.)

* * *

ئۇشلىماڭ بىلەكىمنى،
كۆيدۈرمەڭ يۈرەكىمنى.
ساڭا ئېيتمىسام بولماس
ئىچىمدىكى دەردىمنى.

يارىنىڭ ئىتلىرى يامان،
ئالدىم قولۇمغا تاشنى.
دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ.
ئەمدى كۆرۈڭ ئويناشنى.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالدىمىكىن باشتىن.
دوستلىرىم دۈشمەن بولۇپ،
ئايرىدى قەلەم قاشتىن.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى
ئوڭ قولۇمدا ساقلايمەن،

يارىم سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ،
ئەرۋايىڭنى يوقلايمەن.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى،
سىرتۇۋەتتىم بىلەلمىگە.
يارىم بىلەن يار كەلسە،
دەز كەتتى يۈرەكىمگە.

كېتىپ بارىدۇ يولدا،
شاھى چاپىنى قولدا.
توسىماڭلار ياش باللار،
نامەھرەم بولۇر يولدا.

## 10. ۋاي خېنىم شەرۋازىخان

//:ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچە دەستىڭ مەن بولاي://.
بارچە خەقنىڭ كۆزى سەندە،
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.

قايتۇرما:
ۋاي خېنىم شەرۋازىخان،
باغدا شاپتۇللا ئانارخانەي.


* * *

كۆيمىسەم كۆيدۈرىدۇ،
يىراقتىكى قارچۇغا كۆز.

بىر قاتا[35] سۆيمەي تۇرۇپ،
قىلدى مېنى خەقلەرگە سۆز.

چىنە بەجىندىن [36] چەقۇر،
تاماكا لەمجىندىن[37] چەقۇر.
كۆيىكى ئەمدى بېسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقۇر.

كېچە يارنى چۈش كۆرۈپ
كۈندۈزلىرى مازۇزىمەن.
چىلىلساڭ باراي قېشىڭغا،
تەنها يالغۇزى مەن.



## 3. مۇستەھزات مۇقامى (يالغۇز تۇيۇن)

### بىرىنچى چۇشۇرگىسى

### مۇقام

بۇ دۇنيادىن ئۆتتۈپ كەتتى، ئاھ شۇنداق شاھىدىن بەرنا،
چىمەنلەر ئىچىدە گۈل قالغاي، نەشاخى غۇنچىسى رەنا.
ئايارەببىم داغ بىي...بىي... يارى دەرتمەنلەر.

زىيارەت قىلغىلى كەلدىم، ئەيا تەختى سۇلايمانىم،
كى تاپتىم ئاسىپ بۇرخىيادەك، كى ئىبى خان - خاقانىم.
ئايارەببىم داغ بىي...بىي... يارى دەردمەنلەر.

ئەزەلدىن تائەبەت كۆڭلۈم، قۇتۇلماس ئىشقى بالاسىدىن،
يۈرەكلەر لەختىلەر بولدى، شۇ كۆڭۈلنىڭ ماجراسىدىن.
ئايارەببىم داغ بىي...بىي...يارى دەردمەنلەر.

### 1. زالىمى خۇنخار㊱

ئوتلار چىقىلىپ گۆكۆرىگەن
رەدى ئەمەستۇر (چەرخى ئۈستىندە ھەر بار)

ئاھۇم ئۇتنىڭ شىددەتىدىن
بەرگەن سادا سى (ئۇل زالىمى خۇنخار).

شەيدايى سەنەم دىۋانە قىلىپتۇ
بىچارە كۆڭلۈمنى.
باشىمغا بىسىپ ياغدۇردىلەر
شەمئى خاتانى ئۇل گۇمبىزى دەگگار.

شىرۇللا سەنەم مايىللىشۇر،
ھۇرلىخائىل، ھۇرلىخائىل.
جانىي ھەلەك ئەتمەك ئۈچۈن
تۇرپى بالانى ھەسەن ئەھلىدە سەردار.

شىرۇللا جىنىم مايىللىشۇر،
ئىككى قاشىغا (يا ئىگىلدى تەزىم)،
قاش يايى، كىرپىك ئوقى،
تۇرسا ئاتارغا (ئۇل زالىمى خۇنخار)

## 2. يالغۇز تۇيۇن

يالغۇز تۇيۇن بىر پارچە تاغ،
//:بۇلۇتنى قورغان (نەي). ://
//:ئاتىمىش ئالتى كودەكلەرنى،
بۇغدايدەك ئورغان (نەي). ://

* * *

يالغۇز تۇيۇن بىرپارچە تاغ،
ئاسماننى تەپكەن.
ئۆزى ئۇلۇغ، كۆڭلى پېقىر،
سۇلارنى سەپكەن.

يالغۇز تۇيۇن يالغۇز جوڭزا.
ئۆزى شوخوزا.
ياتقان يېرى ئالتۇن خادا،
كۈمۈش موخازا.

يالغۇز تۇيۇن خوش جاي ئىكەن،
ئون بەش كۈن تۇردۇق.
مەن - مىن دېگەن يارەنلەرنىڭ
ھالىنى سورىدۇق.

يالغۇز تۇيۇن يالغۇز جوڭزا،
ئۆزى شوخوزا.
يالغۇز تۇيۇننى ئاۋات قىلغان
نازىمەت روزا.

ئاتمىش ئالتى كودەكلەرمۇ
ئەلنى دەپ ياتقان.
يارەنلىرى قول كۆتۈرۈپ،
لەھەتكە قويغان.

كەر بالادا شېھىت بولغان
ئىمام زادىلار.

ئىماملارنى شېھىت قىلغان
ھارامزادىلار.

### 3. يالغۇز تۇيۇن (كۆتۈرگىسى)

تىلەكلەرنى تىلەدۇرمەن،
//: تىلەكلەر ئۇچۇن (نەي). ://
//: سەھەر تۇرۇپ قان يىغلايمەن
سەن يارلار ئۇچۇن (نەي). ://

ئۆز شەرىمدىن چىقىپ ئىدىم،
تۇتۇلدى تۇمان.
ئاتىمۇ ياخشى، پۇلمۇ ياخشى،
غېرىپلىق يامان.

### 4. ئاللا خارابىڭمەن

يارى تۇتتۇم دەپتىمەن (ئەي غوجام ئاللىيەي)،
ئىچىمگە ئوتنى سەپتىمەن (ئاللا خارابىڭمەنەي).
ئوتلىرىنى سەپ قويۇپ (ئەي غوجام ئاللىيەي)،
قىينارىنى بىلمەپتىمەن. (ئاللا خارابىڭمەنەي).

* * *

يارىلار (رەي) يارىلار،
ئىچىمگە ئوتنى سالدىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوتلىرىنى سەپ قويۇپ،
ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا.

شۇنچە غوللارنى كېزىپ،
يەنە بارمۇ غول.
ئاسان قىلىڭ پەرۋەردىگار،
مەن يالغۇز ئوغۇل.

بارماقىمنى قىياۋەردى،
ياپىپىشىل قىياق.
مېنىڭ ئاندا بىر يارىم بار
دەرد بىلەن پىراق.

ئېيتىپ - ئېيتىپ ئۆۋرگىچە،
كەلمەسمۇ ئۆزى.
كۆيەر ئوتقا سىلىپ قويۇپ،
كۆيمەسمۇ ئۆزى.

دەردىڭ بىلەن پىراقىڭدا،
ئۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ يارىم،
سۆيگىدەك بولدۇم.

ئاللادۇر سەن، رازىدۇرمەن،
ئالساڭ جانىمنى.
بىر ئاللادىن تىلەدۇرمەن،
كۆڭۈل شادىمنى.

### 5. ئايجان

سەن يامان، (ئاي جان) // قىشلىق يامان: // (نەي)،
قىشلىق بىلەن (ئايجان) //: كۆزلۈك يامان: // (ئايىرەي).
بىشىمدىن (ئايجان) //: ئۆرۈپ سالاي: //،
كەتكەي سىڭىمدەك (ئايجان) // بىر يامان: // (ئايىرەي).

سەن ئەزىز ئەتكەن قولۇڭنى،
خار ئېتەلمەيدۇ كىشى.
ناگىهان خار ئەيلىسە،
ھەر يەرگە بارسا خار كىشى.

قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
بويلىرى تالدەك يارىم.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
سۇنسام قولۇم ئايدەك يارىم.

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىقا نىكاھ يوق ئىكەن.

چىنە ـ چىنىگە كىرەك،
قاچۇرا[39] تاۋاق لازىم ئەمەس،
ئاشىقى قىيچىپ كەتسە
ئىزلەپ يۈرۈش ئەيىب ئەمەس.

ئاشىقى دەيدۇ مېنى،
چىن ئاشىقى دەيدۇ مېنى،
ئاشىقى يوق نېمىدەك
خەقلەر يورۇتمەيدۇ مېنى.

سايدا ئۆنگەن ساي تېرەكنى،
سايى كۆردۈڭمۇ يېرىم.
ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۈم،
خارى كۆردۈڭمۇ يېرىم.

## 6. كىچىك دىلبىرىم

دىلبىرىم سەندەك جاھاندا،
ھېچلاكىم رەنا ئەمەس.
بۇ سىنىڭ رەنالىقىڭغا
ھېچ كىشى شەيدا ئەمەس،
قايتۇرما:

دىلئۇە — دىلبىرىم، دىلئۇە ئۇكىجان،
ئاي ـ ئايلا جېنىمەي، چوكان ئايلا خېنىمەي،

* * *

دىلبىرىم مەندىن يىراق،
دىلبىرىمدىن مەن يىراق.
دىلبىرىمنىڭ ئىشقىدا
ياندۇرۇمەن شام ـ چىراق،

دىلبىرىم كەتتى يىراققا،
ئۇتى مەندىن كەتمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام
دادىم خۇداغا يەتمىدى.

ئىشتىياقنى تارتا ـ تارتا،
ھېچلا ماجاللار قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىرىپ
ئۇچقۇنچە ھاللار قالمىدى.

رو چىۋىن بولسا كىشى،
قانات تاقاپ ئۇچسا كىشى.
دۇنيانى مىڭ چۆرگىلەپ،
ئۆز يارىنى تاپسا كىشى.

قاش قاراسى مەندە دەپ
قىشىڭغا مازۇز بولمىغىن.
بارچە دۆلەت مەندە دەپ،
دۆلەتكە مازۇز بولمىغىن.

باغدا شاپتۇل پىشپىتۇ،
يىمىدىم بىر دانە ئىكەن.
قەدىرىمنى بىلمىدى،
ئۆزى كىچىك نادان ئىكەن.

قەدىرىمنى بىلمىدىڭ،
سەن ئۆزۈڭ قاراپ تۇرۇپ.

uyghurkitap.com

ئەدىپىڭنى بېرۇرمەن،
تام ئارقىدا ماراپ تۇرۇپ.

## 7. باپتا كۆڭلەكلىك جۇۋان

باغدا بىر گۈل بار ئىدى (يەي)،
ئالتۇن باھالىق گۈل ئىدى (جېنىمەي).
تۈگمىسى ئاچىلمىغان (نەي)،
يارىمغا لايىق گۈل ئىدى (جېنىمەي).

قايتۇرما:

جېنىم ـ جېنىمەي ،باپتا كۆڭلەكلىك جۇۋان،
ئەجەب يامان دەردى بار، شايى كۆڭلەكلىك جۇۋان.

* * *

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى،
شول خۇدانىڭ تەقدىرى،
يارىمنى بىزدىن ئايرىدى.

گۈلەمشۋا[40] گۈلنى كۆرۈڭ،
گۈللەر بىلەن بەس قىلىدۇ.
يانچۇقىدا تەڭگىسى يوق،
چىرايلىققا جەس[41] قىلىدۇ.

ئارىتامىنىڭ[42] قۇشقىچى،
شاخ ئارىلاپ سايراپ ئۆتتۇر.

يىگىتنىڭ بىچارىسى
تام ياقىلاپ يىغلاپ ئۆتۇر.

مەن ئۆزۈم گۈلچىمەن،
بەلكىمۇ بەرمەسمەن ساڭا.
سايەم ھەم گۈل كۆرۈنەر،
ئۆزۈم كۆرۈنمەيمەن ساڭا.

گۈلى زوچۇ[43] پوتىنى
ئىككى چىرماپ باغلاپتىلا،
يار ئۈستىگە ـ يار تۇتۇپ،
يۈرەك بېغىرنى داغلاپتىلا.

## 8. پەريادە

قېشىڭ شوقتۇر ـ قېشىڭ شوقتۇر، پەريادە، مۇرادى بار يارەي،
قېشىڭدىن كىرپىكىڭ شوقتۇر، دوست ئاجايىپ دەردى بار يارەي.
سىنىڭدەك ياخشى جانانە، پەريادە، مۇرادى، بار يارەي،
جاھان سەھراسىدا يوقتۇر دوست ئاجايىپ دەردى بار يارەي.

يۈرۈڭ ئاندا بارايلى،
دەريا بويى بويلايلى.
بېلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،
بىز خۇداغا يىغلايلى.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۆمۈچ ساپتۇ چىرايلىق.

شۇنچە خەق ئاراسىدا
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

ئۈشتۈك ئالدى تال ـ تاللار،
شاخ ـ شاخىدا مارجانلار.
بىزنى دېگەن يارەنلەر،
كوچىلاردا ھەيرانلار.

مەن ئۆزۈم پېقىر ـ ئاجىز،
ۋاقتىدا كېلەلمەيمەن،
كىراغا ئات ئېلىپ بېرىپ،
جامالىڭنى كۆرەلمەيمەن.

9. خان كىشى ئايلا

//:يار بارسا بارايلىمۇ،
يولىدا قالاينىڭمۇ (ئايىرەي)، ://
چىقماس يارنى ساقلاپ،
(ئايارەي) ئاۋارە بولاينىڭمۇ.

قايتۇرما:

دوست بەگلىرەي، خان كىشى ئايلا.

* * *

ئات مىندىم كۆرەك قاشقا،
چاپتۇردۇم شىغىل ـ تاشقا،
ھەركىمنىڭ يارى باشقا،
ئوخشامدۇ قەلەم قاشقا.

چىلان كۆتىكى نەدە،
چىلان كولىغان يەردە.
بىزنىڭ قارا كۆز نەدە،
كۆڭلى خالىغان يەردە.

چىلان باغقا كىرمەڭلار
چىلان باغدا يىلان بار.
يار قىشىغا بارماڭلار،
يار قاشىدا يامان بار.

چىلان تورۇق ئاتىمىنىڭ
سۆڭگۈچىدە ئالاسى.
شۈبۈ كۈندە يار تۇتسام،
چىقىپ قەپتۇ شاجاسى.

هاۋادىكى لاچىنىنىڭ،
قاناتىدا توپا يوق.
چىرايلىققا كۆيمەڭلار،
چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

هاۋادىكى لاچىنىنى
قوندۇراي بىلەكىمگە،
يارىنىڭ ئەمچىكى دورا،
سالدۇراي يۈرەكىمگە.

سىنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم،
ساڭا ئوخشامدىمەن يارىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەر قانچە يامان بولسام،
سېنى تاشلىمىدىمەن يارىم.

يارىمىنىڭ ئېتى زورە،
قولىدا كۈمۈش كورا.
مەيدەم تولا ئاغرىيدۇ،
يارنىڭ ئەمچىكى دورا.

## 10. گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم

//:ئانداق ـ مۇنداق دېمەڭلار،://
//:(ئايىرەي) ئات گۆشىنى يېمەڭلار.://
//:يىراقلاردىن تۇتقان يار،://
//:(ئايىرەي) يېقىن بولۇر دېمەڭلار.://

قايتۇرما:

گۈل ساچقان مېنىڭ يارىم،
(ئايىرەي) قاراپ تۇرغان سېنىڭ يارىڭ.

* * *

گۈل قىسىپمۇ چىقمايسەن،
گۈلۈڭ يوقمىكىن يارىم.
يار قېشىڭدا بولغاچقا،
كۆڭلۈڭ توقمىكىن يارىم.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
قولىڭىزنى مەن تارتقان.
يار ئۆيۈڭنى سىز ئۆيناپ،
دەردىڭىزنى مەن تارتقان.

گۈل ئىسىمۇ كەلمەپسەن،
بېغىڭدا گۈلۈڭ يوقمۇ،
ئاچمايسەن چىرايىڭنى،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
يۆلەپ قويغان گۈناھىم بار.
كۆيۈپ قالدىم دېگەندە،
سۆيۈپ قويغان گۈناھىم بار.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
جالانى ئۈزۈن سالما،
ئەمدى سېنى ئالمايمەن،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

چاقىم ـ چاقىمدا قالدى،
يېگىنەم خانىمدا قالدى.
ئەمدى سۆيگىلى بولماس،
كۆڭلۈم ئارىدا قالدى.

ئەتىيازنىڭ ۋاقتىدا
پىشىپ قاپتۇ غورىلار.
ئادىشىنىڭ قويندا
ئۇخلاپ قاپتۇ ئوغرىلار.

ئەتىيازنىڭ ۋاقتىدا،
ئۈزۈم سويى بەلغەم قىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەر قانداق قاشقاڭ يىگىتنى
ئاشىقى ئىلدام قىلۇر.

## 11. دوست ئانارخان

ناماز دىگەر شام ئارىلاپ،
//:گۈلباغدا ئاخشام، ://(خان لەيلۈك)
چولام تەگسە يار قاشىغا
بارۇرمەن ئاخشام. (ئانارخان يارلىرەي)،

قايتۇرما:

دوست ئانارخان، جان گۈلچەرىخان،
گۈلچەرىخان ئۆلۈپ كەتسە، قالماس تەندە جان.
(ئەتە - ئاخشىمى باراي دىسەم، ئالا كۈچۈكۈڭ يامان).
ئانارخان يارلىرەي.

* * *

ئېگىز يەرگە چىقماڭ يارىم،
كۆرۈشتى دەيدۇ.
تال بويۇڭنى ئەگمە يارىم،
سۆيۈشتى دەيدۇ.

ئېگىز يەرگە چىقماڭ يارىم،
كۆرۈشكەن ئەمەس.
تال بويۇڭنى ئەگكەن بىلەن
سۆيۈشكەن ئەمەس.

ئېگىز يەرگە چىقماڭ يارىم،
يىقىلىپ ئۆلەرسىز.

چىرايلىقتا بەرمەك كۆڭۈل،
قىينىلىپ ئۆلەرسىز.

تۇرغانىمدىن قارالسام
شەر كۆرۈنەرمىكىن.
يارىمنىڭكى يادىدا بولسا،
خەت بىرەرمىكىن.

باردى دەيدۇ، تۇردى دەيدۇ،
مېنىڭكى يارىمنى.
باسقان ئىزى ئاشتى دەيدۇ،
بويى تالىمنى.

**12.** شاھ پىرىم ئوينالك

بارغان بىلەن ئېلىپ بولماس، // (شاپىرىم ئوينالك): //
//: سايىنىك تاشىنى (شاپىرىم ئوينالك). : //
دەرد كەلگەندە سۇڭۇرۇپ بولماس // :(شاپىرىم ئوينالك): //
//: كۆزنىك ياشىنى (شاپىرىم ئوينالك). : //

* * *

بارغانلاردىن، تۇرغانلاردىن،
سېنى سورايمۇ.
سېنىك ھالىك نەكەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ،

بارغانىڭدىن، تۇرغانىڭدىن،
كەتكىنىڭ ياخشى.
يار دەردىنى تارتقانىڭدىن
ئۆلگىنىڭ ياخشى.

ئېيتىپ - ئېيتىپ كىردىم چۆلگە
قولۇمنى سىلىپ.
ياخشى يارنىڭ يوقلۇقىدىن،
چىرايىم سىرىق.

خەقلەر مېنى يامان دەيدۇ،
مەن يامان ئەمەس.
كويغا سالسا خۇدا ساپتۇ،
مەن سالغان ئەمەس.

## 13. شەرلىرىڭدە گۈلزارەي

/: ئىلىغا چىقىپ كەتتى (يەي)،
يول بىلمەيدىغان باللار (يەي). :/
سودىنى قىلالامدۇ (ئايىرەي)،
جىگدە ساتىدىغان باللار.

قايتۇرما:
شەرلىرىڭدە گۈلزارەي.

* * *

پىچاق - چاقماق ئاسمايمەن،
پىچاق - چاقىمىقىم ياندا.

مەن يارنى سۆيىۋالدىم،
ئاق سارايدىكى چاغدا.

تۆت تامنى سالسام كىم ئالۇر،
تۆت تەرىپى هاك بولسا.
لۈكچىندىكى 44 خوشنارىخانىغا،
ئېيتقان ناخشام داك بولسا.

ئاق ساراي بولغان بىلەن،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ
ئەتىۋارى يوق ئىكەن،

قاشىڭنىڭ قاراسىدىن
كۆزلىرىڭگە كۆيدۈممەن.
بوينۇڭغا گىرە سېلىپ
لەۋلىرىڭگە سۆيدۈممەن.

يارىم بولسا ئۆزلىرىدەك،
لەۋلىرى قىزىل گۈلدەك.
يارىم مېنى سارغايتتى
ئېچىلماي توزىغان گۈلدەك.

ئاتىم بولسا ئىللادىن،
يۈگەن بېغى تىللادىن.
خۇدا بىزگە بەرمەپتۇ،
قېشى قارا يارلاردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاغنىڭ گۈلى سېرىق گۈل،
باغنىڭ گۈلى قىزىل گۈل.
گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ،
خۇش ئاۋاز بىلەن بۇلبۇل.

## ئىككىنچى چوشورگىسى

1. ئاي خېنىم ئالتۇن خېنىم
مەنغۇ ئۆلدۈم بۇ كېچە،
//:ئۆلۈپ تىرىلدىم بۇ كېچە.://
يەنە يۈز قادىر خۇدا،
//:شۈكرى ئېيتتىم بۇ كېچە://

قايتۇرما:

ئاي خېنىم سۆزۈك چىراي،
ئۇتۇڭغا مەن قانداق چىداي.
(ئاي خېنىم ئالتۇن خېنىم،
ئالتۇن بۇيۇك، تىللا بۇيۇيدىن ئۆرگىلەي.)

* * *

يار بىلەن مەن ۋەسلى قىلدىم،
خالى ئۆيدە بىر كېچە.
شۇ خۇشاللىق خاتىرە،
چىقماس ئېسىمدىن ئۆلگۈچە.

ئاي بىلەن كۈننى قوشۇپ،
ئەلچى ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
ئايمۇ ئۆتتى، كۈنمۇ ئۆتتى،
بىر سۆزۈك يوقمۇ ماڭا.

مېنى ساقلىسا خۇدايىم،
مۇنداق بالانىڭ كارى يوق.
رەھمىسى شۇنچەمىدى،
كەلگەن قازاغا چارە يوق.

كېچە - كۈندۈز يىغلىماقتىن
ئۆزگىسى يوقتۇر ماڭا.
بۇ مېنىڭ يىغلاغىنىمنى،
كىم بېرىپ ئېيتسۇن ساڭا.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
تېخى جانىم تەندىدۇر.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن
كۆڭلۈم ھەمىشە سەندىدۇر.

يار قەدرىنى - يار بىلەر،
ئالتۇن قەدرىنى دانىكەر.
ئارقىسىغا يول قويۇپ،
قايرىلىپ قارىغان بىلەر.

ئاشىقى دەيدۇ مېنى،
چىن ئاشىقى دەيدۇ مېنى.
ئاشىقى يوق نېمىدەك
خەقلەر يۇرۇتمەيدۇ مېنى.

شۇندا ئولتۇرۇپ سانۇرمەن،
كىرپىكىڭنىڭ تالىنى.

www.uyghurkitap.com

ھېچ كىشى بىلمەس ئىكەن،
ئاشىق كىشىنىڭ ھالىنى.

كېلەرىڭگە چەلپەك ئەتتىم،
يانۇرۇڭغا قاتلىما.
چىن ئاداش بولاي دېسەڭ،
كەڭ ئېرىقنى ئاتلىما،

يەنە تال ئىرغانىدۇ،
تالدا چۈچۈق ئىرغانىدۇ.
يەنە يار، يارنى دېسە،
قارچۇغىدەك تەلپۈنىدۇ.

## 2. نوم ناخشىسى

//: يارىمنىڭ سارايىدا، ://
//: (ئايىرەي) ئوتتۇرىسىدا يول بولسا.
//: ئادىل پادىشاھ بولسا ،//
(ئايىرەي) سۆيگەن ياردىن ئايرىمىسا (جېنىمەي).

* * *

چىرايىم زەپىرەڭ بولدى،
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى.
ئارىدا ھەقىقەت يوق،
كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

گۈلنى ئاتتىم تاللىقا،
تالنى ئاچقاندا چىقۇر.
ئىككىمىزنىڭ كۆيىكى،
جان تالاشقاندا چىقۇر.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
ئون بەش كۈنلۈك ئۆمرۈمنى
ئۆتكۆزەي سېنىڭ بىلەن.

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.
ئۆزۈڭ بىلسەن يارىم،
بۇ دەردكە نېمە چارە.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق
تۆش ئۆلاڭنى تارتماي.
بۇ دەدلەرنى كىم تارتسۇن،
سېنىڭ بىلەن بىز تاتماي.

يار دەردىدە ھەيرانمەن،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن،
يارىم ماڭا قارىمىسا،
بۇلۇڭ - پۇشقاقتا يىغلايمەن.

بۇ جۇۋاڭزا ئېگىز جۇۋاڭزا،
قاتلىما - قاتلىما جۇۋاڭزا ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ يارنىڭ يېيىشى،
بىر كالۇلا ساغزائىكەن.

يۇقىرىغا بارمايلا،
خۇشتەك يارنى كۆرمەيلا.
خۇشتەك يارنى كۆرگەندە،
يېرىم توقاچ يېمەيلا،

يارنى تۇتتۇم بەگىلىككە،
پۇل بەرمەيدۇ ئەگىلىككە.
خوشما مەيلىم بار ئۇچۇن،
ئەمدى قالدىم تەگىلىككە.

بىر كۆرۈپ يارىم سېنى،
قالىمدى ھالىم مېنىڭ.
بىر باقساڭچۇ سەن ماڭا،
يامان بولدى ھالىم مېنىڭ.

### 3. نوبەر[45] گۈليار

(ئاي) ئاي ئالدىمدا، (ۋاي) كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە. (نوبەر گۈليار)،
(ئاي) كۆيۈپ تۇرغان ئوتنى سالدىڭ،
مېنىڭ ئىچىمگە (نوبەرگۈليار).

قايتۇرما:

نوبەر گۈليار، بەلگىسى ئانار،
بەلگىنى بەرمەسمەن،

سۇنغاننى يازماسمەن،
سۇنغاننى يازغاندا،
كۆڭلىنى قويماسمەن.

* * *

كۆيۈپ تۇرغان ئوتنى سالساڭ،
مېنىڭ ئىچىمگە.
تولا - تولا يار سۆيەرمەن،
سېنىڭ ئۈچۈڭگە.

ئېگىز تاغدا قار يېغىپتۇ،
بوستاندا تۇمان.
ئىچكىنەمدە ئوت كۆيەدۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

نەدەپ ئىچتىم خام بوزاڭنى،
تۇتتى كۆكسۈمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتى
خۇمار كۆزۈمدىن.

كېچەش بىلەن ئىچمەپتىمەن،
كۇچلۇك هاراقنى.
تۇرنۇك بىلەن چۇشۇرمەن دەپ،
يېدىم تاياقنى.

يېگەن تاياق مېنىڭ بولسا،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەكسەن قامچە ئۇرغان بىلەن
يارىم ئۈزۈمىنىڭ.

ئالتۇن شەپكە خوش يارىشۇر،
سودىگەر بايغا.
مەن يارىمنى ئوخشىتارمەن
كۆكتىمكى ئايغا.

ئاينىڭ ئارقى كۈن قىزىلى،
سايىنى تالاشۇر.
ئىككى ئاشىق بىر بولغاندا
خويما ياراشۇر.

## 4. دەر بىدەر ئۆلدۈم

//: ئالما گۈلنىڭ نارىدىن،
كۆڭلۈم قىلىپتۇ يارىدىن (نەي). ://
مەن ئۈچۈك ئۈمبەت ئۈزەي (ھەيرانوم)،
كۆكنار گۈلدەك يارىدىن.

قايتۇرما:
دەربىدەر ئۆلدۈمغۇمەن //: ئۆلگەنلەرگە كۆيدۈمغۇمەن، ://
بەلگىك سىنىڭ ئانار (يەي) شاخىڭ سىنىڭ چىنار (يەي).
بەلگىنى بەرمەسمەن (نەي) سۇنغاننى يازماسمەن،
سۇنغاننى يازغاندا (يەي) چۆللەردە قويماسمەن.

* * *

بۈگۈن ئۈچ كۈن، تاڭنا تۆت كۈن،
يار بۇ يەردىن كەتكىلى.

ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە يوق،
تالاغا چىقسام شامىلى.

مەن ئۆلۈپ لەھەتتە ياتسام،
كىممۇ مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

دوستلۇرۇم مەندىن زېرىكتى،
دۈشمىنىم سەنمۇ زېرىك.
بىر مىسال باردۇر ئاندا،
تاغلار ئارا ياتماس كىيىك.

يولدا ئۆتكەن شۇ كىيىكنىڭ،
ئىزى بولغاي - بولمىغاي.
يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ
زەخمى بولغاي - بولمىغاي

شۇ سېنىڭ نەھال ئىشىڭ،
قول سېلىپ يول مېڭىشىڭ.
يولدا ياتقان بوز كىيىكتەك
ھەر تەرەپكە قارىشىڭ.

قارا تاشتا ئوق ياساي،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
سەن مېنى خىل كۆرمىدىڭ،
بىچارە دەپ يار ئەتكىلى.

## 5. دىلبىرىم

ياغلىقىمنى (يەي) كۆك بوياتتىم (مەي)،
//: بەلبىغىمنى (يەي) هالۋىرەڭ (گەي). ://
يېڭى باغدا (يەي) ئالما پىشتى (يەي)،
كۈندە كېلىپ ئالما يەڭ.

قايتۇرما:

ئاي دىلۋە يارەي...،
دىلۋە — دىلۋىرىم،
ئاي — ئايلام، جىنىمەي...

* * *

يېڭى باغنىڭ ئالمىسى،
ساچى گۈلدەك ساچىلۇر.
يېڭى يار سۆيگەن كىشى
مىرزى گۈلدەك ئاچىلۇر.

ئات مىنىپ، كىمخاپ كىيىپ،
يارىم مېنى كۈيدۈرگۈدەك.
ئىچمىسەم رەنجى — خۇمارى،
ئاخىر مېنى ئۆلتۈرگۈدەك،

سەن تىرىك دەمسەن مېنى،
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئايرىلغان يارىمنىڭ
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار.
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن،
ئېسىۋالغىن تىل تۇمار.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
مەن يىغلىسام سەن كۈلىسەن،
ھەممە ئىشنى بىلىسەن،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىسەن،

سەن كېچە ئۇيقۇڭغا مايىل،
مەن سېنىڭ كويۇڭدا مەن.
باغدا كاككۇك يالىسىدەك
تاڭ ئاتارغا زارىمەن.

### 6. ئاللا نادانىڭمەن

كۆيدۈ باغرىم مېنىڭ (ئاللا نادانىڭمەن نەي...)،
خەۋىرىڭ يوقتۇر سېنىڭ (شۇنداق خارابىڭمەن نەي...).
رەھمە قىلساڭ ئوتنى ئالغىن (ئالا نادانىڭمەن نەي...)،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ (شۇنداق خارابىڭمەن نەي ...).

* * *

ھەشقىپىچەك چىرمىشىپتۇ
باغدىكى جىنەستىگە.
نېمە دەپ بەردىم كۆڭۈلنى
يار دېگەن پۆگەستىگە[46].

قېشى قارا يوگەستىنىڭ،
نە خىيالى بار ئىكىن.
بىر بېسىپ، ئىككى مارايدۇ،
نە خىيالى بار ئىكىن.

يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇپ،
ساغارغىنىمنى كىم بىلەر.
قول سېلىپ چىقسام تالاغا
مېھرىبان يارىم كېلەر.

دەردكە تۇشتۇم، غەمگە تۇشتۇم،
تەلۋە بولدۇم بۇ سۆپەت،
يە بالامۇ، يە قازامۇ،
جان خۇدايىمنىڭ نەپەس،

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەرد ئەمەسلا بىر غورا،
ئىككى دەرتمەن بىر بولۇپ
هاللار سوراشسا نە بولار.

يارى دىيدۇ، يارى دىيدۇ،
يارىدا يوقتۇر گوپا،
يار ئېتىنى ئاتىماڭلار،
قىلىدۇ جانغا جاپا.

بىگوپا بىر كۈن بارۇر،
ئەتە ئۇنتۇر يارنى.

ئادەمى ھەرگىز ئۇنۇتماس.
بىرلا سۆيگەن يارىنى.

دوستقا ـ دوست قىلدىڭ مېنى،
دۇشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى.
ئالتى تال كىشمىش بېرىپ،
ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى

خەستە جانىم ساقايماس.
بۇغنە دورا بىلەن.
ئىككى ياخشى بىر بولالماس،
ئاخىرەت ئارمان بىلەن.

**7. يار سېنىڭ دەردىڭدىدۇر**

‖: دەردلەر كەلدى باشىمغا :‖
‖: كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا :‖
‖: كىشى كەلسىدى قاشىمغا، :‖
خەت بەرسەم ئاداشىمغا.

قايتۇرما:

‖: يار سېنىڭكى دەردىڭدۇر، :‖
‖: بىلمەيسەن نۇچۇك ھالدۇر. :‖
يارىڭ دەردى مۇشكۇلدور.
چىرايىم سېرىق گۇلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتىماسەن ئاتارىڭنى،
ئەككى پاي ئوقۇڭ يوقمۇ؟
ياخشىنى يامان دەيسەن،
تۆپىدە خۇدا يوقمۇ؟

تۇرا بېشىغا چىقىپ،
تۇرۇپ ئېيتاي ناخشىنى،
ئاڭلىغىلى كىشى يوق،
كىمگە ئېيتاي ناخشىنى،

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
ئالما بەردى دەپتىمەن.
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنى،
كۆڭۈل بەردى دەپتىمەن.

ئاھ ... خۇدايىم نالىسى.
چىمەندە بۇلبۇل بالىسى،
يىغلىمايدۇ، قاقشىمايدۇ،
ياخشى ئاتا بالىسى.

مەنمىنغۇ كېتەرمەنغۇ،
كۆزۈڭدىن يۈتەرمەنغۇ.
ھەر قانچە يامان بولسام،
يادىڭغا يېتەرمەنغۇ.

كۆيمىسەم كۆيدۇرىدۇ،
ئايلىمدا بىر قارچۇغا كۆز،

بىر قېتىم سۆيمەي تۇرۇپ،
قىلدى مېنى ئالەمگە سۆز.

8. پە - پەلىگىزار

ئاي خېنىم - ئالتۇن خېنىم،
ئۇتتۇگدا كۆيدۇم پاھ - پاھ//: (ئاي جانۇم پاھ-ياھ): //
ئاي يۈزۈگنى كۆرسىتىپ،
قىچقار ئېتىمنى گاھ - گاھ.

قايتۇرما:
ئاي پە - پەلىگىزار.
ئۇنچە بىلەن لەلىگىزار.
ئاي يۈزۈگگە يارىشۇر،
ئۇپىلار بىلەن ئەگلىگىزار.

* * *

گۈل بىلەن ئۇرسام تىكەننى،
گۈل بولۇر، گۈللەر بولۇر.
باشقا قونغان قاغىلار،
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر.

مەن جېنىمنى ساڭا بېرىپ،
سېنىڭ كۆڭلۈگنى مەن ئالاي.

مەن ئۆزۈم ئوتتا كۆيۈپ،
سېنى ئۆزۈم بېشىكە سالاي.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
بۇغداي ئۆڭلۈك مۇختەسەر. (47)
قولنى مۇرەمگە سالسا،
ئۇچۇق ئاغرىقنى كېسەر.

ئەۋرىشىمنى مەن توقۇرمەن،
چاقمىقىڭغا باغ بولۇر.
مەن يىراقتىن يارنى تۇتسام،
يۈرىكىڭگە داغ بولۇر.

ئاي خېنىم بىر باقسىنا،
كۆزۈڭنى چوك - چوك ئاچسىنا،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ،
كەرگىدە كېرىپ ئاتسىنا.

مېنى مۇندا، سېنى ئاندا،
ئىنتىزار ئەتكەن خۇدا،
بەندىسىگە سالمىغاي
تىرىك جۇدالىقنى خۇدا.

دۆلىتىڭنىڭ بارىدا
دوستمۇ دوست، دۈشمەنمۇ دوست.
باشقا مۇڭ كەلگەن زاماندا،
جان قېرىنداش جىنىڭغا دوست.

### 9. چوكان ئايلام خېنىمەي

‖: ئوقۇشۇك ئىننا پەتەھنا،
سۇرىسى ياسىنچە بار. (رەي) :‖
يارنىڭ قىلغان گېپى.
پىچاق ئېلىپ كەسكەنچە بار.

قايتۇرما:

ئاي - يارەي - ئاي داغۇمەي،
چوكان ئايلام خېنىمەي...

* * *

نەم داۋاندا ئولتۇرۇپ،
چاتقال داۋاننى كۆرمىدىم.
ئات مىنىپ كەلگەن يارىمنى،
ئىشەك مىنگەندە كۆرمىدىم.

سېغىزخان سايرايدىغۇ،
ساغىرىپ ساي باشىدا.
يۆرگىنىم - پاشالىغىم،
ئولتۇرغىنىم يارقاشىدا،

ۋاي خېنىم، ئالتۇن خېنىم،
كىمنىڭ يارى بولدىلا،
ئەسلىدە يوق ئىدىلا،
ئەمدى پەيدا بولدىلا.

www.uyghurkitap.com

قاراقاش ـ قارامۇ قاش،
باغدا تېپىشقان بىر ئاداش.
ئالدىدا يالغان ئىدۇق،
ئەمدى بولايلى چىن ئاداش.

ئالما يەيلى، غورا يەيلى،
تۆبە شاخلارنى ئېگىپ.
كۆن چىقىشتا بىر يارىم بارە
ئۆلمىسۇن تىلىم تېگىپ.

ئەۋەل ئېيتساڭچۇ ماڭا،
ساڭا مەيلىم يوقلا دەپ.
قول سېلىپ كەتمەسمىدىم
سىنىڭچە يارىم يوقمۇ دەپ

تال چىۋىق، زىۋا چىۋىق.
بوينىڭغا تىلىم تەگمىسۇن،
سېنىڭدىن باشقىنى دېسەم،
تىلىم ئىمانىغا كەلمىسۇن.

نە گۇناھىم بار ئىدى،
يار ئالدىدا ـ يار ئالدىدا.
ھېچلا ئىش مەلۇم ئەمەس،
قىلغان ئىشىم يار ئالدىدا.

### 10. ئايارەي

ئۆچتىن ئالتە تۆگمە تۆگدۈم،
ئالتى ئەمەسمۇ (ئايىرەي).

بىرنى كۆرۈپ بىردىن تانغان
سەن يار ئەمەسمۇ (ئايىرەي).

* * *

كەشتە دوپپا خوش يارىشار،
سودىگەر بايغا.
ئالەم خەلقى ھەيران قالسۇن،
بىز سۆيگەن يارغا.

ئاينىڭ ئاقى، كۈنىنىڭ قىزىلى
سايىنى تالىشۇر.
ئىككى ياخشى تېپىشقاندا
خويمۇ يارىشۇر.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ئۆلۈم بولمىسا،
ئۆلگەنلەرگە بولسا بېھىش،
دوزاخ بولمىسا،

ئۈباغچىنىڭ، بۈباغچىنىڭ
كۆچەتكىنەسى.
مېنىڭ يارىم، خەلقى ئالەم،
چېچەككىنەسى.

ئالماس بىلەن سوملاپ قويغان
بىلەككىنەسى.

ئالتۇن بىلەن قاپلاپ قويغان
يۈرەككىنەسى،

## 11. ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە

شوپاگىدىن ھاراق ئىچسەم...
/ :شەسىن داگزىغا ئالدى... /
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە (ئايارەي)،
ئويناۋالغىنىم قالدى.

قايتۇرما:
ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە (ئايارەي)،
دەۋايىم قىيامەتتە.

(گەپ بار، ۋاي نىمگە گەپ بار.
شەرنى سورىسا ئامان دەپ بار،)

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۈنىڭ ئىچى زەرەتلىك.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىك،

* * *

كۆردۈڭلەرمۇ شۇ يارنى،
باشتىن - ئايىغى گۈلدۇر.
گۈل تۆۋىدە ئولتۇرغان،
لەۋلىرى قىزىل گۈلدۇر.

## 12. بىر گۈلى رەنامۇسىز

/: ئىزدىمەس كۆڭلۈم سېنى (يەي)،
يار ئىستىگەننىڭ يارى بول.:/
كىم سېنى (يەي) يارىم دېسە (يەي)،
بېرىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول.

**قايتۇرما:**

ئايارەي بىر گۈلى رەنامۇسىز،
باغدا ئېچىلغان گۈلمۇسىز. (ھەي)
ئايىرەي سىزگە ئىچىم كۆيىدۇ،
قەپەزدىكى بولبۇلسىز (زەي).

* * *

بۇلبۇلۇم بىچارىسەن،
گۈل ئىشقىدا پەريادى قىل.
ئاشىقىڭ سەرگەشتە بولسا،
ئۇيقۇدىن بىدارى قىل.

شۇنچىدىن پەرىز قىلىپ،
ھەرگىز قولۇمنى سۇنمىدىم،
شۇ مېنىڭ پەرىزلىقىم،
ئاخىر جۇدا يەتكۈزمىدىڭ.

مەن كىچىك نادان چېغىمدا
ئاشنا بولدۇمغۇ ساڭا.
سىنىماي كۆڭۈل بېرىپ،
خارى - زار بولدۇم ساڭا.

قۇربان ئايلاردا كېلىپ،
مەن بولاي قۇربانىڭىز.
مەن ئۈچۈك قۇربان بولاي،
قۇربان بولسۇن ئۆز يارىڭىز.

قۇربان ئاينىڭ بېشىدا،
سېنى ھۇجرامغا چىللىدىم،
ساڭا قىلغان ياخشىلىقنى
ھېچ كىشىگە قىلمىدىم.

تاشلىۋەتتىڭلار گادايىنى،
بىر كۈن كېرەكلىك بولىمەن،
دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا
تاشتىن يۇرەكلىك بولىمەن.

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن
ئاراتامنىڭ باغىغا.
ئۇندىسەم دەۋاغا كەلمەس،
كەتتى جەننەت باغىغا.

### 13. جانىم يا اللا دوس

/:بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
چىقمىسام يار قاشىدىن (يارەي).:/

ئىككى ئالەم بولمىسا،
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

قايتۇرما:

جانىم يالىلا دوست، خانىم يالىلا دوست،
كەلگەن قازاغا چارە يوق.

* * *

يار سىز ئۆمرۈم مېنىڭ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتى ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇشقۇنچە يوق.

يارىمنىڭ يارى تولا،
مەندىن بەلەك ئۈچ - تۆتچە بار.
مەن تېخى يار تۇتمىدىم،
سەندىن بەلەك ئون بەشچە بار.

يارىمنىڭ يارى تولا،
مەندىن بەلەك، مەندىن بەلەك.
مەن تېخى يار تۇتمىدىم،
جېنىم يارىم سەندىن بەلەك.

ئاستا - ئاستا ماڭسىمەن،
دەرياغا كۆۋرۈك سالىسەن.
بىر قاراپ، ئىككى كۈلۈپ،
ئىچىمگە ئوتنى سالىسەن.

ئوتلىرى قىلدى كاۋاپ،
باغرىمنى يېرىپ باقسىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇ قۇيسام ئۆچمەيدىغۇ،
بەجىن گوياسى ياقىلا.

ئايمۇ بولدى، يىلمۇ بولدى،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەب،
ھەسرەتلىرىدە ئۆلگىلى.

بىر بىلەيمۇ يارىنى،
ئىككى بىلەيمۇ يارىنى.
شىشىدە ساندۇق ياساپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ يارنى.

جىنىمىنىڭ جانانىسى،
بىغىر - يۈرەكنىڭ تەڭ يامىسى
مەيلىمچە ئويناتمىغان،
يارىمىنىڭ قېيىن ئانىسى.

بەگلىكنىڭ بەگلىكتە قالدى،
دورغىسى ئالۋاندىدۇر.
ئاخۇنۇم پەتۋا چىقاردى،
راستى يوق يالغانىدۇر.

## 14. يۇلغۇن چېچەكى سايدا

تۇرلۇغۇم(48) غۇرت - غۇرت قىلادۇ،
ئاق جوجەمىنىڭ بېشىدا (ۋاي جېنىمەي.)،
يۈرىكىم گۈپ - گۈپ قىلادۇ
يارغىنەمىنىڭ قېشىدا (ۋاي جېنىمەي).

قايتۇرما:

ئالما چېچەكى باغدا،
يۇلغۇن چېچەكى سايدا.
قىز قاچۇر يىگىت قوغلار،
جىگدە پۇرىغان چاغدا.

* * *

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمىنى ئىرغاتتىلا.
ئالما ساقلىغان جۇگاننى
زارمۇ ـ زار قاقشاتتىلا،

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا ساچسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
بىر ئالمىنى يەمدۇ كىشى.
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
دىۋانىنى دەمدۇ كىشى.

ئالمىنى ئېغاڭلىتاي،
شاپتۇلنى شىلدىرلىتاي.
ئۆتى يوق مەھوش يىگىتكە،
ئوت سېلىپ يالدىرلىتاي.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.

كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
چۆرۈلۈپ تۇرغان بىلەن.

ئالمىنى ئۈچ چۆرۈلۈپ،
چىققان شېخى پەنىنامدۇ.
مېنىمۇ تەڭ خىل كۆرمىگەن،
ئۆزى كىچىك نادانمىدۇر.

## 15. مازىلىق

سەن مېنى يارئەتمىسەڭ،
ئالەمدە مەن يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتەي.

قايتۇرما:

چېنىم مازىلىق، خېنىم مازىلىق، ⑭
نېمىشقا ئۈنچە مازىلىق،
چېپىنى دەملەپ قويۇپ،
قايماقنا كەتكەن مازىلىق.

* * *

چىنىنى — چىنا دېمەڭلەر،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
يارىدىن ئايرىلغىلى
دۇنيا ماڭا قاراڭغۇلۇق.

چىنە بەجىندىن چىقۇر،
تاماكا لەمجىندىن چىقۇر.
كۆيىكى ئەمدى بىسلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقۇر.

يۈرىكىم بىژ - بىژ قىلىدۇ،
گۆشتىكى ياغدىن بىتەر.
سەن تولا ئاۋارە قىلما،
شۇنچە كۆيگىنىم يىتەر.

### 16. مەشۇغۇم

ئاتنى قاڭتىرىپ قويۇپ (مەشوغۇم)،
//:باغدا قاتار ئويناپلى (مەشۇغۇم).://
قاشنى ئىرغىتىپ قويۇپ (مەشۇغۇم)،
يارنى خەجلەپ ئويناپلى (مەشۇغۇم).

قايتۇرما:

جىنىم مەشۇغۇم، خىنىم مەشۇغۇم،
بىر سۆيۈپ ئالاي قەندەك مەشۇغۇم.
(ھەپتىرەك خىنىم، زەپىرەك خىنىم،
بۇغداي نىنى يوق زاغرا يەك خىنىم.)

* * *

شاپتۇل شىخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شىخىدا كىم بار.

مەن يارنى خىيال قىلسام،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار.

گۈل قىسپىمۇ چىقمايسەن،
بېغىڭدا گۈلۈڭ يوقمۇ.
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ.

گۈل قېتىنى ئويناڭلار،
ياخشى ياردىن ئارماڭلار.
ئەقىدە ساقلىغان ياردىن
ئۈمىد ئۈزمەي ئويناڭلار.

ئارىمىز يېقىن بولسا،
ئاغزىم بىلەن دان بەرسەم.
ئەقىيدىلىك شۇ يارنىڭ
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

## 4. چارىگاھ مۇقامى

(بىرىنچى خۇشۇرگىسى)

مۇقام

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر،
ئەجەب دىۋانىلەر بولدۇم.
بۇ ئالەمدىن خالايىققا،
//:بەسى ئەپسانىلەر بولدۇم.://
جانام بي - بي ياراي دەردمەنلەر.

ئىلاھە بەرمىدىڭ تۆھپىق،
ئەزەلدىن قاقشىغان قۇلمەن.
نەسىھەت سۆزىنى ھەرگىز،
قۇلاققا ئالمىغان قۇلمەن.

مۇساپىرمەن دىيارىڭدا،
سارغىيىپمەن خۇمارىڭدا.
غېرىب بولدۇم مازارىڭدا،
ھالىمنى ئېيتقىلى كەلدىم.

بېشىڭدىن ئۆرگىلەي ئايا دىلبەر،
ماڭا جەبرى - جاپا قىلما.
كۆلۈپ بىر نەزەر قىلساڭ،
ئەرزىمنى ئېيتقىلى كەلدىم.

نېمە دەپ (ۋەي) باستىم تىككەننى، (يەي)
//: تارتىدۇرمەن دەردىنى (يەي)،: //
بىلسەم ئىدىم شۇ تىكەننى (يـەي).
//: تارتماس ئىدىم (مەي) دەردىنى (يەي): //

* * *

ئاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
مېنىڭ يارىم سازەندىدۇر.
سازىدا ئۈن بېرىدۇ،
دىدار كۆرۈشمەك نەدىدۇر.

مولليىنى قايدىن بىلۇرسەن،
دەستارىدا قەلىمى.
يېڭى يارنىڭ دەردى تولا،
كونا يارنىڭ ئەلىمى.

يېڭى يارنى يار دېمەڭلەر،
يېڭى يار يالغانچىدۇر.
يېڭى يارنىڭ ئالدىدا،
كونا يار ئالۋانچىدۇر.

### 1. ۋاي جېنىم

يېڭى يار ئۇمبەت قىياسا،
تاۋاق ـ تاۋاق گۈل كەلتۇرۇر.

كويا يار غەيرەت قىلسا،
قارا كۆزنگە ياش كەلتۇرۇر.

قارا كۆز بىرە ـ بىرە،
پىروزى[50] كۆز هەر يەردە بار.
قارا كۆزنىڭ ئالدىدا،
پىروزى كۆز تىرناقچە بار.

## 2. ۋاي جېنىم ـ جېنىمەي

يار بۇ يەردىن كەتكىلى، (ۋاي جېنىم ـ جېنىمەي)
//: مېنىڭ مۇندا تۇرغۇممۇ يوق. (ئايىرەي)://
كۇندۇزى خىيال قىلىپ (ۋاي جېنىم ـ جېنىمەي)،
//: كېچىلىرى ئۇيقۇممۇ يوق (ئايىرەي).://

* * *

ئۇيىنىغۇچنى يەرگە سالدىم،
كېچە چۇشتى خەمىكى.
بىزنىڭ يار يىراققا كەتتى،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

ئۇيىنىغۇچ ئوبدان نېمە،
يازلىقى بار قىشلىقى يوق.
يېڭى يار ئوبدان نېمە،
ئاغزىدا بار، كۆڭلىدە يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يامانىڭكى ئالدىدا دۇر،
//: ياخشىنىڭ جانى (يارەي).: //

* * *

جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ
شاگىرتى بولسام.
ماڭا كۆڭۈل بۆلمىگەننىڭ
جېنىنى ئالسام!

قارا - قارا قارغىلارنىڭ
بالىسى بولسام.
ئېگىز - ئېگىز دەرەخلەرنىڭ
بېشىغا قونسام.

ئىچ ئۆرۈكنىڭ ئىچ مېغىزىنى
ئۈچ يىل ساقلىدىم.
سەندىن باشقا يارىم يوق دەپ،
ساڭا ساقلىدىم.

ئاتام سەن - سەن، ئانام سەن - سەن،
گۈلنىڭ ناۋاتى.
كىيگەن تونۇم، مىنگەن ئاتىم،
يارنىڭ دۆلىتى.

## 5. سەپتە راگا

مەن ئۆلۈپ (ئاي جان): // لەھەتتە ياتسام: //،
كىم بولۇر (ئەي جان) يارەنلىرىم (جېنىمەي).
قول كۆتۈرۈپ (ئاي جان) قىلسا دۇئانى،
//: خۇش بولۇر (ئاي جان) روھلىرىم ⑤①: // (جېنىمەي).

* * *

سېغىنىپتۇرمەن سىزنى
نەچچە يىراقتا بولسىڭىز.
ئاچىلۇرمەن غۇنچە رەڭلىك
بىرلا قاراپ قويسىڭىز.

تۆنۈگۈن چۈش مەلدە،
ئىككى جۈگان كېلىڭ دېدى.
بېشىم ئاغرىيدۇ دېسەم،
ياغلىق بىلەن تېڭىڭ دېدى،

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
ئوينىسا، جان يايرىسا.
دوستلىرى خۇشال بولۇپ،
دۈشمەنلىرى قان يىغلىسا.

باغدا پاختەك، سۇدا ئۆردەك،
سۇلاردا سۈيزەپ يۈرگۈدەك.
مەن يارىمنى ئاڭلىسام،
ھەر يەردە ئوينىپ يۈرگۈدەك.

ئوينىسىمۇ - ئوينىسۇن،
ھەر يەردە بىردەم ئوينىسۇن.
كۆڭلىنى دىۋانە ئەيلەپ،
ھەر يەردە بىر يار تۇتىسۇن.

ھۆسنەڭ بولسا يارىم،
كۆيمە كىشىنىڭ يارىغا.
سەن كۆيۈپ، چەكپارە بولساڭ،
ئۇ كۆيەر ئۆز يارىغا.

## 6. قىيما - قىيما قاشلىرى

//: تۆنۆگۈن چۈش مەلىدە (ئاي)،
ئىككى گۈلۈمنىڭ بىرى يوق (جېنىممەي).: //
//: بىرىنگۇ نەلەردە قالدى (يەي)،
بىرسىنىڭ باھاسى يوق (جېنىممەي).: //

قايتۇرما:

يار خاراب ئەتتىڭ مېنى (ئاي)،
جىگەر كاۋاپ ئەتتىڭ مېنى (جېنىممەي).
قىيما - قىيما قاشلىرى (ئاي)،
سەن بىر بالا قىلدىڭ مېنى (جېنىممەي).
(ئون بەشتە باردۇر ياشلىرى.)

* * *

سايدا بوستان سالىمەن،
سايىداپ يېتىڭ يارىم.
گۈل ھاراقى تۇتىمەن،
مەست بولۇپ يېتىڭ يارىم.

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ يار،
كۆيدۇرگىلى كەلدىڭمۇ يار.
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ يار.

مەستەن، يوقتۇر ماجالىم،
يار يۆلەپ ئالسۇن مېنى.
گۈل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام،
بىر كۆرەلمىدىڭ مېنى.

كۆرگىلى كەلگەن بولساڭ،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمساڭ،
پۇشمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

ئىزدىدىم دائىم سېنى،
كۆنلەردە چەندان نازىنىن.
بىر سېغىنىمدىڭ مېنى،
شېرىن زىۋانىم نازىنىن.

سۇ كېلەمدۇ ساي بىلەن،
ئۆي پۈتەمدۇ لاي بىلەن.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەمدۇ
كۆڭلى قارا يار بىلەن.

بولمۇدۇڭ مېنىڭ بىلەن،
مەن بولمۇدۇم سېنىڭ بىلەن.
بولمىساڭ، بولما يارىم،
كارىم نىمە سېنىڭ بىلەن.

### 7. بىيدەت داعەي

سەن ياراتتىڭمۇ مېنى،
/: ئاللا ياراتقان بەندىمەن. :/

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەندىلەر ئاراسىدا،
خوشما گۇناھكار بەندىمەن.

قايتۇرما:
ئا ... بي ... بي دەد، بي دەد داغـەي،

* * *

گۈل بولۇپ تۇرساڭ ئەگەر،
بۇلبۇل بولۇپ قونغۇم كېلەر.
بىر قاراپ قويساڭ ئەگەر،
دائىم سېنى سۆيگۈم كېلەر.

گۈل ئېچىلسا نە بولۇر،
بەرگى ئېچىلسا نە بولۇر.
ئېتىقادلىق يار بىلەن
داغلار كۆتۈرسە نە بولۇر.

ئاستا - ئاستا ماڭسەن،
دەريا سۈيىدەك ئايرىلىپ.
مۇنداقمۇ باغرىڭ قاتامدۇ،
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ.

گۈلمىدى ئاچىلغىلى،
بەرگىمىدى ساچىلغىلى.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغىلى.

ياغلىقىم بىدەر - بىدەر،
خەقلەر ئىشتسە نېمەدەر.
بىلگىنىڭغۇ دەردى باردەر،
بىلمىگەنلەر تەلۋەدەر.

تەلۋىلەرنىڭ شانىمۇ،
ھەردەم پەرىشان سۆزلىمەك.
بۇ ساڭا ئادەت بولۇرمۇ،
ئۆتكەن ئىشنى تەرگىمەك.

كۆيدۇما ئايدەك يۈزۈڭگە،
كەچتىمغۇ شۇنداق جانىدىن.
باشقىدىن كەچسەم كېچۈرمەن،
كەچمەيمەن سەندەك ياردىن.

## 8. بىر گۈلى رەنامۇسىز

//: ئوتمۇسەن (نەي)، ئاتەشمۇ سەن (نەي)،
نەدىن تۇتاشتى (ۋاي خېنىم) ئوت ماڭا.://
مەندىكى ئوتنى ئېلىپ (ۋەي)،
نە بولۇر (ۋاي خېنىم) سالسام ساڭا.

قايتۇرما:

(ئايىرەي) بىر گۈلى رەنامۇسىز،
باغدا ئېچىلغان گۈلمۇسىز (زەي).
(ئايىرەي) سىزگە ئىچىم كۆيىدۇ،
قەپەستىكى بۇلبۇلسىز (زەي).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئاخشام ئايدىڭغا چىقىپ،
تۇرسام خىيال قايان باقۇر.
كۈندۈز ئاپتاپقا چىقىپ،
ئايدەك چىرايىم سارغىرۇر.

ئايىمىدۇ ـ ئايلامىدۇ،
ئايغا بۇلۇت دالدامىدۇ.
كىرپىكىنى دالدا قىلىپ،
تامغان يېشى دەريامىدۇ.

ئاينى ئەينەك يېگىدەك،
سەرۋەڭدە يايلاپ يۈرگۈدەك.
يەنە سەرۋەك گۈلىنى،
ئايلا خېنىمنىڭ دېگۈدەك.

### 9. شېشىلىشىپ ئويناڭ

/: ئازادە گۈللەر ئازادە،
شاھى ـ شەلپەر بازادە. :/
/: يانچۇقتا بەش پۇڭ پۇلۇڭ يوق،
نېمە قىلىسەن بازادە. :/

قايتۇرما:

شېشىلىشىپ ئويناڭ ئازادە،

* * *

مەنمۇ باردىم پەرھادقا،
ئۈچىمىز مىندۇق بىر ئاتقا.
بالىسى ئويۇن بىلەن،
ئاتىسى قەپتۇ ئۇياتقا.

چاقچاق قىلماق بويتاققا،
كۆتۈرۈپ باسىدۇ يانتاققا.
پەملىمەستىن ئويىنىسىڭىز،
قالسىز ئاخىر ئۇياتقا.

ئىشىك ئالدى دوپ تېرەك،
دوپ تېرەككە سۇ كېرەك.
ئوتتۇرا بويلۇق جۇگانغا
قاۋۇلغىنە ئەر كېرەك.

دەريا بويىدا يىلان،
كاشكاپ بولىدۇ چىلان.
بار ئوتتۇرغا سەپ قويۇپ،
مېنى قىلىسەن ۋەيران.

ھەممە ئىشنىڭ چېغى بار،
يۈرەكنىڭمۇ بېغى بار.
ئويلىماستىن يار تۇتساڭ،
ئاخىرىدا دېغى بار.

قارىغۇم تۇرنىڭ[52] بېشىغا،
قوندىمىكىن تاسقارا.

ئەمدى نادانلىق قىلمايلى،
بولۇپ خەققە ماسقىرا. (53)

## ئىككىنچى چوشۇرگىسى

### 1. سەيلىخان

//: لەيلى مەجنۇن شاخ ئېگىلدى،
يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا. ://
ئېرىنىڭ سىڭنىڭ بەگگى قىمارۋاز،
پايدا قىلمايدۇ ساڭا.

قايتۇرما:

سەيلىخان سايلاردا ھەمراھىڭ بولاي.
ئايلا خېنىم چۆللەردە ھەمراھىڭ بولاي.

* * *

سارغىيىپ ئۈنگەن تېرەكنىڭ
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ
دورىسى بولماس ئىكەن.

سايدا ئۈنگەن ساي تېرەكنى
سايە كۆردۈڭمۇ يارىم.
ئىشكىڭدىن تولا ئۆتسەم،
خار كۆرۈندۈممۇ يارىم.

ئىشك ئالدى يانبۇلاق،
ئەگىپ ئۆتمەس ئارغىماق.
سەن مېنى خىل كۆرمىسەڭ،
ئەينەككە قاراپ شەكلىڭگە باق.

## 2. نازىركوم

كەتمەكچى // : بولۇپ،: // قالدۇق، ئەي ئاللەي، غوجام ئاللەي،

ياركېتەمدىكىن (ۋاي) بىللە.
ياركەتسە بىللە كەتسۇن (جېنىمەي نازىركوم)،
ئويۇن - كۈلكىسى بىللە (زىۋا نازىركوم).

* * *

ئوقەت قىلمىدىك دىيدۇ،
جان كۈندە چىچەكلەمدۇ؟
كۈندۈزى پەلەك تارتىپ،
كېچىسى خەمەكلەمدۇ؟

مەنمۇ يۈردۈم سېنى دەپ،
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟
كويىڭدا زار - زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلەرمەنمۇ؟

قاراپباقچۇ شۇيارغا،
باشتىن - ئايىغى گۈلدۇر.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدۇر.

قۇرغۇي سالدىم باغچاڭغا،
جۇجەك ئالسا بولمامدۇ.
بۇرۇن سۆيگەن شۇ يارنى،
يەنە بىر سۆيسەم بولمامدۇ.

نەشە چەككەن مەست ئەمەس،
هاراق ئىچكەن خەس ئەمەس.
بۇرۇن سۆيگەن يارىمنى
يەنە سۆيمەك تەس ئەمەس.

قاشىڭنى قاراكۆردۇم،
تال بويۇڭنى تۈز كۆردۇم،
ئاخشام كۆرگەن بويۇڭنى،
كېچە يېتىپ چۈش كۆردۇم.

قاشىڭنىڭ قاراسىمۇ،
كۆزۈڭنىڭ قاراسىمۇ.
سېنى ماڭا كۆيدۈرگەن،
خۇدانىڭ بالاسىمۇ.

قاشىڭنىڭ قاراسىغا،
خال بولاي ئاراسىغا.
رەھىمىڭىز كەلمەمدىكىن،
مۇسۇلمان بالاسىغا.

قاشىڭنى كامال ئەيلەپ،
ئاتقان ئوقۇڭ مەرگەندۇر.
دەردىڭنى تولا تارتىپ،
چىقمىغان شېرىن جاندۇر.

قاشنىڭ قارىسى قۇندۇز،
ئاينىڭ يېنىدا يۇلتۇز.
سەن يارنى خيال قىلسام،
يىغلايمەن كېچە ـ كۈندۈز.

قاش قاراسى مەندە دەپ،
قېشىڭغا مازۇز بولمىغىن.
بارچە دۆلەت مەندە دەپ،
دۆلەتكە مازۇر بولمىغىن.

دەڭگەل ئاتسام ئۆگزەڭگە،
ئۇيغىنىپ چىقالامسەن.
كۆرۈشمەي كېتىپ قالسام،
ئۇتتۇمغا چىدالامسەن.

(مەنمۇغۇ كېتەرمەنغۇ،
كۆزۈڭدىن يۈتەرمەنغۇ.
ھەرقانچە يامان بولسام،
خىيالىڭغا يېتەرمەنغۇ.)

### 3. غۇربەتلىك زامان بولماس ئىكەن

//:غۇربەتلىك غېنىمەتلىك، زامان بولماس ئىكەن،://
//:قىزىلگۈللەر، تىكەنگە ئاشنا بولماس ئىكەن.://

*　　*　　*

توخۇنى كۆرۈك، سەھەردە پەرياد قىلىدۇ،
ھايۋان چېغىدا دوستلارنى شۇ ياد قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇشقاچنىڭ ھارامزەدىسى، چاغ ـ چاغچى بولۇر،
جۇگانلارنىڭ ھارامزەدىسى، شاللاقچى بولۇر.

كەپتەرنىڭ ھارامزەدىسى، موللاقچى بولۇر،
جۇگانلارنىڭ ھارامزەدىسى، پايلاقچى بولۇر.

كەپتەر قېرىسا تۇمشۇقلىرى كالتا بولۇر،
جۇگانلار قېرىسا ئەمچەكلىرى خالتا بولۇر.

يەنە موللا بولىمەن، موللا قەلەندەرى بولىمەن،
يەنە موللا قىزىنى، بەرسە مىننەتدار بولىمەن.

قاشىم سەدىتا، قاشى قاۋاقىم سىيدىقا،
ئۇن بەش ياشىمدىن، يىگىرمە ياشىم سەدىقا.

### 4. قاراقاش ئۆلتۈرۈر

//:قاراقاش ئۆلتۈرۈر
ھۇجرا ئىچىدە،://
//:قىزىلگۈل ئاچىلۇر
باغلار ئىچىدە://

* * *

قىزىل گۈل ئاچىلىپ
بولدى نىشانە.
سېنىڭ كويۇڭدامەن
تەلۋە دىۋانە.

يارىم ئۆزۈڭنى،
مەن دەپ ئاتامسەن.
ئالما - شاپتۇلنى،
چىنەپ[54] ساتامسەن.

مۇزات دەرياسىدا،
مۇزنۇڭ گاداسى.
كىشىگە يوق ئىكەن،
كىشىنىڭ ۋاپاسى.

ۋاپايىڭ بولسا يار،
چەندە ئىۋەرسەم.
تىلىمنىڭ ئۇچىدا،
نامە ئىۋەرسەم.

نامەڭنى ئوقۇپ،
كەلسەم قېشىڭغا.
دۇئا دەڭلەر مېنىڭ،
قەلەم قېشىمغا.

قەلەمدەك قاشلىرىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
مېنى ئوتقا سېلىپ،
نەدۇر خىيالىڭ.

كۆيۈپ كەتتى مېنىڭ،
ئەي ئۈستىخانىم.
تۆگەپ كەتتى مېنىڭ،
بى خەستە جانىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارىم ئىشىكىڭگە،
شەيئە لولىللا.
كۆرسەم جامالىڭنى،
ئەلھەمدۇلىللا.

يارىم ئىشىكىڭگە
قونغىلى كەلدىم.
يارىڭ بولاي دەپ،
سورىغىلى كەلدىم.

يارىم مەن سېنى
كۆردۈم دېمەسمەن.
قۇچاقىمغا ئېلىپ
سۆيدۈم دېمەسمەن.

سەينادا يېتىپ،
چولپاننى كۆردۈم.
ئۇخلاپ چۈشۈمدە،
سەن يارنى كۆردۈم.

5. ساماۋەرىم بولسىدى

/: ئىككى جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى بىرىگە چاتۇرمىز. /
مۇساپىرنى خار كۆرمەڭ،
بەش كۈن ـ ئۈچ كۈن ياتۇرمىز.

قايتۇرما:

كەل ئوينايلى ـ كەل خانىم،
خۇرسەن بولۇپ ئوينايلى.

ئوينىمايسەن كۈلمەيسەن،
ئۆتكەن ئۆمرۈڭنى بىلمەيسەن.
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ئۆتىۋا كەتتى،
ئون ئىككى ياشلىق قىز بىلەن.

* * *

ئېگىز دەلىز[55] باشىدا،
لەتتە[56] قويدۇم مەن سېنى.
ئادىشىڭنى تارتىۋېلىپ،
دەردتە قويدۇم مەن سېنى.

ئۆستەڭ بويىدا ئېمىلەر بار،
ئۆردەك بىلەن غازلار بار.
ئۆردەك ئۆلۈپ غاز قالسۇن،
دۈشمەن ئۆلسۇن دوست قالسۇن.

ساماۋەرىم بولسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىرچىمنە چاينى ئىچكىچە،
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

ساماۋەرنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلگەنىمگە رازىمەن.

ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،
ئۈزەڭگىسى دەپشىدۇ،
يېڭى يارنى سۆيگەندە،
كونا يارلار ئەپشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 6. گۈل مەشۇق

چىرايىم زەپىران بولدى،
// : (ئاي) كىنىشى سورىمايدۇ ھالىمنى. : //
ئارىدا ھەقىقەت يوق (گۈلمەشۇق)،
كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى (نەي).

قايتۇرما:

دوست ئېلىۋالدىم كۆڭلۈڭنى يەي گۈلمەشۇق،
كىمىڭگە يارى بولساڭ بول.

* * *

تام ئۈستىگە تام سالدۇق
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.
يار ئۈستىگە يار تۇتتۇق،
يۈرەككە پايدا بولسۇن دەپ.

مەن بىر ئانىسى ئادەممەن،
پەت(57) ئۇرساڭ خۇدايىم بار.
سەن ساقلىمىساڭ مېنى،
ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

يار مەندىن يامانلاپتۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

ياردەيدۇ، يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
شەربنى تاشلاپ بەرسەم،
تىلەمدىكىن ئامانلىقنى.

ئەي گۈلۈم - قىزىلگۈلۈم،
يامان چاغدا غازاڭ بولدى.
مىنى مەيخانىدا تاشلاپ،
ئۆزى يولغا راۋان بولدى.

سەن يارىم ئالدىرىما،
بالدۇ ازاڭ قىلدىڭ مىنى.
باغدا گۈلنى مەن تاپۇرمەن،
سەن تاپالمايسەن مىنى.

## 7. نادانەي - نادان

//:نادانەي، نادانەي،
خوشما خەۋىرىڭ بارمۇ.://
//:سەنمۇ ئۆلسەن، مەنمۇ كۆيمەن،
ياردىن خەۋىرىڭ بارمۇ.://

* * *

ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئىپتىمادىڭمۇ،
يارىڭ بولاي دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى كۆڭلۈڭ ئۇنامدۇ،
جۇدا بولاي دەپ.

گۈلبارەي، گۈلبار،
زاراڭزىدا گۈل بار.
گۈللەر شىخى ئىرغاڭلايدۇ،
يارىنىڭ قېشىدا كىم بار.

گۈلبارەي، گۈلبار،
كىملەر تېرىغان گۈلبار.
ساپاقلىرى قىزىل ـ يېشىل،
يارىم تېرىغان گۈل بار.

گۈلبارەي، گۈلبار،
شاخدا بۇلبۇل بار.
ئىككى قولدا كەشتە ياغلىق،
هارامزەدە قىزى بار.

قىزلار هارامزەدە،
جۇگانلار هارامزەدە.
ئىككى قولدا كەشتە ياغلىق،
مامىلار هارامزەدە.

كېۋەز تېرىدىم تۈزدە،
ئاچىلدى كەچ كۈزدە.
سىزنىڭ كۆزىڭىز بىزدە بولسا،
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

قىزىل ـ يېشىل مارجان كۆردۈم،
بىلەكىڭىزدە.
بىلىق بولۇپ ئويناۋالاي،
يۈرەكىڭىزدە.

قىزىل ـ يېشىل مارجان كۆردۈم،
بىلەكىڭىزدە.
سېغىنغاندا سۆيۈپ قويۇڭ،
يۈرەكىڭىزدە.

ئۆيلارەي، ئۆيلار،
تاغ بېشىدا تۆيلار.
كەشتە كىيىمگەن قىزلار،
بىر ياغلىق ئۈچۈن يىغلار.

ئاندا بولايىمكىن،
مۇندا بولايىمكىن.
يارىم ئاندا يالغۇز بولسا،
ھەمراھ بولايىمكىن.

ئاندامۇ بولماسمەن،
مۇندامۇ بولماسمەن.
يارىم ئۇندا يالغۇز بولسا،
ھەمراھمۇ بولماسمەن.

تال چىۋىقنى ئىگىپ ـ ئىگىپ،
مېنى سوقاي دەمسەن.
ئاتا ـ ئانىسى يوق باللاردەپ،
ئاناي تاپاي دەمسەن.

تال چىۋىقنى ئىگىپ ـ ئىگىپ،
مىنى سوقالمايسەن.
ئاتا ـ ئانىسى يوق بالا دەپ،
ئانای تاپالمايسەن.

ئويانمۇ باقساڭ گۈل،
بۇيانمۇ باقساڭ گۈل.
ئايىمخانىنىڭ چاھار باغىدا،
سايرالمىغان بۇلبۇل.

سايرالمىغان بۇلبۇل،
سەھەردە سايرايدۇ.
باشقان ئىزىڭ چاچۇش بولۇپ،
شىرلاقدا قاينايدۇ
(ئوينالمىغان جۇگان باللار،
مەشرەپتە ئوينايدۇ).

## 8. بەلىجان

چىقىن چىقىلىپ، كۆكلەر گۈلدۈرەپ،
// :دەدى ئەمەسمۇ: //
بىرنى كۆرۈپ، بىردىن كەچكەن،
// :سەن يار ئەمەسمۇ: //

قايتۇرما:
ۋاي بالىجان، يادوس ھەمراجان،
خېنىم دەستارىخان.

كۆرۈشكە يارلىرىڭ،
ئاز قالدى بۇ جان.

* * *

توغۇچى[58] شەرلەر ئىچىدە،
يوق ئىكەن سەندەك جامال.
چوڭ - كىچىكنى كۆيدۈرۈپ،
شەيدايى قىلغان سەن جامال.

مەن بازارغا بارمىسام،
ھەپتىدە بولمايدۇ بازا.
يار يېنىمدا بولمىسا،
گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ غىزا.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە،
ئىزدەرمەن سېنى.
ئالەم خەلقى جۇگان دېسە،
قىزدەرمەن سېنى.

مەن بازارغا بارمىسام،
قاشىم بازارغا تارتىدۇ.
چوڭ قىزىڭنى بەرمىسەڭ،
كىچىك قىزىڭ قاش ئاتىدۇ.

ئاق ئەلەم، قىزىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.

هېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەش تۇلۇم.
بەش تۇلۇم پۇل تاپقىچە،
سالدىڭ ماڭا جەبرى ـ زۇلۇم.

كەلگىن دەيسەن، كەلگىن دەيسەن،
چىللىسام كېلەمسىكىن.
بۈگۈن كەچتە ئۆيدە مېھمان،
ئەتىگە كېلەرمىكىن.

### 9. ئېگىمەي ئاللەي ـ ئاللەي

يارىمنىڭ سارايىدا، (ئىگىمەي ئاللەي ـ ئاللەي)
ئوتتۇرىسىدا يول بولسا. (خانىكەم ئاللەي ـ ئاللەي)
ئادىل پادىشاھ بولسا، (ئېگىمەي ئاللەي ـ ئاللەي)
سۆيگەن ياردىن ئايرىمسا. (خانىكەم ئاللەي ـ ئاللەي)

* * *

قارا ـ قارا قاشلىرىڭ،
يەلپۈنەمدۇ ساچلىرىڭ.
ساڭا نېمە دەرد كەلدى،
تۆكۈلەدۇ ياشلىرىڭ.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۈشۈپتۇ ياڭاقىغا.
شىبكەر ئاغزىغا سۆيۈپ،
مەن قالدىم تاياقىغا.

بىزنىڭ يايلاق چىرايلىق،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
كۆزلۈرۈڭنىڭ قاراسى.

بىزنىڭ يارلار چىرايلىق،
كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق.
قاراپ باقسام شۇ يارغا،
ئاۋالقى چىرايى يوق.

ئەجەپمىغۇ چىرايلىق،
دوپپىڭىزنىڭ چەشمىسى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
ئىككى كۆزىڭىزنىڭ قارسى.

يارىمنىڭ يارى بولسام،
بايلاقىنىڭ گۈلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىمنىڭ نۇرى بولسام.

ئەجەبمۇ چىرايلىقكەن
دوپپىڭىزنىڭ چەشمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
تالىڭ بار، تېرىكىڭ يوق.
مەيدەڭنى بېسىپ باقسام،
جېنىڭ بار يۈرىكىڭ يوق.

ئاينى ئايماقتا دەگلەر،
سەرۋەگنى يايلاقتا دەگلەر.
يەنە سەرۋەك چېچەكنى
ئايلا خېنىمنىڭ دەگلەر.

ئۆگىز - ئۆگىز سۆرىسىدە،
چاشما ياغلىق مۆرىسىدە.
ئۆلمىسەڭ كۆرۈشەرمىز،
چوڭ كۆۋرۈكنىڭ چۆرىسىدە.

چىرايلىقنى يار تۇتۇپ،
يولدا قوي نىشانەگنى.
يارىڭ قولغا كەلمىسە،
سىيلاپ قوي پېشانەگنى.

### 10. دوست لەيلۈك يار

//: ئۈچىم قاينايدۇ - قاينايدۇ (دوست لەيلۈك يارەي).://
//: قازاندا قاينىغان چايدەك (دوست لەيلۈك ۋاي دادەي)،://

// : ئازكۈن ئويناپ ئايرىلدۇق (دوست لەيلۈك يارەي): //،
// : ئېچىلماي توزىغان گۈلدەك (دوست لەيلۈك ۋاي دادەي)، : //

* * *

ئۈستەك ياقىلاپ بارسام،
ئايىمخاننىڭ ئاۋازى.
رەھمە قىلىپ سۆيۈپ قويسام،
يۈرىكىمنىڭ دەۋاسى.

سۇنى سالدۇق توغانغا،
ئوتنى ياقتۇق سامانغا.
سامان كۆيۈپ كۈل بولدى،
باغرىم ساڭا سۇ بولدى.

يۇقىرىدىن شامال چىقىپ
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى.
توسىغىلى بولمايدۇ
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

دەريانىڭ سۈيى ئۇلۇغ،
توسىغىلى بولمايدۇ.
كۆڭۈلنى ئۈزگىدىن چوڭ،
چاغلىغىلى بولمايدۇ.

**11. ئانارخان يارىم دوست**

ئۆينىڭ ئارقىسى خارمان، (يارىم - يارىم يارىم، دوست بالىخان، يارىم دوست)

پۇر - پۇر ئۇچىدۇ سامان (ئانارخان يارىم دوست).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېڭى يارنىڭ ئۆتلارى (يارىم - يارىم يارىم دوست، با-
لىخان يارىم دوست)،
دوزاخ ئوتىدىن يامان (ئانارخان يارىم دوس).

* * *

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
ساي باغنىڭ شامالىمۇ.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
سەن يارنىڭ خۇمارىمۇ.

كۆكۈل سىزىدۇ دەيدۇ،
كۆكۈلنىڭ سەزگىنى راستۇر.
يار قەدرىگە يەتكەندە،
سۆيسە يۈرەككە خاستۇر.

بىز سەپەرگە چىققاندا
يار ئىشىكىدە قالدى.
قاچان كېلىسەن يارىم دەپ،
قارا كۆزىگە ياش ئالدى.

جۇجەمنىڭ قۇۋۇقىدىن،
ئۇچتى ياپىلاق يارىم.
مۇنداقمۇ قىلامدىلا،
قاراقاش يۇملاق يارىم.

**12. يارىم - يارىم دوست**

ئۈينىڭ ئارقىسى شورلۇق،
//:پۈتۈك ئاغرىمدىكەن يارىم.://

ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
//:ئىچىڭ ئاغرىمىدىكىن يارىم.://

* * *

قايتۇرما:

يارىم - يارىم - يارىم دوست، بالىخان يارىم - يارىم دوست،
نەگە بارسىلا مەن باراي، ئانارخان يارىم - يارىم دوست.

* * *

توخۇ پۆپلەپ ئۇچتى،
گۈلنىڭ تۈۋىگە چۈشتى.
خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
مېنىڭ مەيلىم ساڭا چۈشتى.

كىچىككىنە قارا كۆز،
بىزنىڭ ئۆيگە باردىڭمۇ.
قاراڭغۇدا بىر سۆيدۈڭ،
راست سۆيدۈڭمۇ، يالغانمۇ.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمە ئانچە قارايسەن.
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
سەنمۇ ماڭا يارايسەن.

ئاخشامىلىققا مەن بارسام،
ۋەدەڭدە تۇرالامسەن.
سەن ئۆزۈڭ كىچىك بالا،
ھاجەتكە يارالامسەن؟

www.uyghurkitap.com

مەن مەلەڭگە بارمايمەن،
مەلەڭدىكى بىر يامان.
بارمايمەن، كۆرۈشمەيمەن،
كۆرۈشكە ئوتلۇرۇك يامان.

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە،
يولى بارمىكىن.
دەرد ئاغرىقى بولۇپتىمەن،
دورا بارمىكىن.

مەن باردىم كېچە بىلەن،
ئېرىقنىڭ ئۇچى بىلەن.
يىگىت قولى باغلاندى
جۇگاننىڭ ساچى بىلەن.

بېغىڭغا كىرەر بولدۇم،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
شەھرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

مۇنداقمۇ بولۇرمەنمۇ،
بيتەلەي بولۇرمەنمۇ؟
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ
سارسىلىپ قالۇرمەنمۇ؟

كېچىمۇ كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

ئاتمىش ئالتى تۆگەن قويدۇق،
ساقايماس باشقا.
بۇ ئۆلۈمنىڭ قەرەلى يوق،
قېرى ھەم ياشقا.

تال قايرىلدى پەس بولدى،
كۆن قايرىلدى كەچ بولدى.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
كۆن ئۆتكۈزمەك تەس بولدى.

ئۇ يان ئۆتىدۇ لەيلى،
بۇ يان ئۆتىدۇ لەيلى.
بولسا مەيلىڭ كەل يارىم،
ئويىنغىلى ئۆي خەلى.

### 13. قايدا بارسام قايۇر باشىم

كۆڭلۈم چۈشتى كۆڭلۈڭگە،
كىردىم سېنىڭ كەينىڭگە.
ساق باشىم ساراڭ بولدى
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە.

قايتۇرما:

قايدا بارساڭ قايۇر باشىم،
يولۇڭدا يوقمۇ يولداشىڭ.

* * *

www.uyghurkitap.com

يوللۇرۇڭغا ماڭمايمەن،
ماڭسام ھەرتەرەپتە يول.
دوستىن تولىسى دۈشمەن،
سەن ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن،
مېھرىبان ئاداشىم بار.

سۇنىڭ بېشىدا بۇلاق،
ساچىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق.
سەن ئۇ يەردە يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قۇلاق.

تۈنۈگۈن بۇ چاغىدا،
ئوت كۆيەر ئوچاغىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سەن يارىڭ قۇچاغىدا.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

شاپتۇل ئالساڭ ئەنجۈر ئال،
سائەت ئالساڭ زەنجىر ئال.
سائەت ئون ئىككى بولغاندا،
يار قويىنىدا راھەت ئال.

ئاق بوز ئاتنىڭ يورغىسىنى،
مىنىپ، چىپىپ بىلەرسىز.
دۇنيانىڭ راھىتىنى
يار قويندا بىلەرسىز،

كىردىم سىنىڭ كەينىڭگە،
قويۇپ بەردىم مەيلىڭگە.
بىڭساڭ بولسا ئۇينىۋال،
ئازار بەرمەي دىلىمگە.



www.uyghurkitap.com

## 5. خۇپتى مۇقامى

### بىرىنچى چۇشۇرگىسى

### مۇقام

خۇدايىم ئەيلىسە پەرمان،
لەھەتتىن باش كۆتەرگىل دەپ.
بوينۇمغا كىپەنىنى ئوراپ،
تەلەپتە بىر قەلەندەرمەن.
جانان داغ بىي... بىي... ياروسۇلىللا.

تامامى كۆرگەن ئاشىقلار،
قىيامەت دەستىدە يىغلار.
بېشىمنى سەجدىگە قويۇپ،
دېگەيمەن رەببىيەل ئەلا.
جانان داغ بىي... بىي... ياروسۇلىلا.

سەھەردە ئۈيغىنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
ئۆلۈم يادىمغا يەتكەندە،
خۇدا دەپ يىغلىنادۇرمەن.
جانان داغ بىي... بىي... ياروسۇلىللا.

### 1. بەلىرەي

بۇ دۇنيادا (يەي) ئۈچ نەرسە بار—
(يارەي جىنىمەي ئايارەي)

ئىزدەپ تېپىلماس (يارەي...)
بىرى ئاتا (يەي)، بىرى ئانا
(يارەي جېنىمەي ئايارەي)،
بىرى قېرىنداش (يارەي...).

قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ
تېرىسا ئۈنمەس.
كۆز ياشىمنى دەريا قىلىپ
سۇغارسام قانماس.

ئەقلىم ھەيران بولۇپتۇرمەن
شۇغۇن كۈنلەردە.
كېچە يېتىپ كەلمەس ئۇيقۇم،
ئۇزاق تۈنلەردە.

ئېتىپ - ئېتىپ كىردىم چۆلگە
قولۇمنى سېلىپ.
ياخشى يارنىڭ يوقلۇقىدىن،
چىرايىم سېرىق.

ئاللا يارىم خىيالىڭنى
بىلىپ بولمايدۇ.
ئايدەك يۈزۈڭ، چولپان كۆزۈڭ،
تونۇپ بولمايدۇ.

ئاللا يارىم بۇ يايلاقنى،
قانداق يايلايسەن؟
ئۆزۈڭ ئويناپ، ئۆزۈڭ كۈلۈپ،
كىمگە لايلايسەن؟

يارىمنىڭ قويىنىدىكى
ئالمىمىكىن، بېيىمىكىن.
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاداشلىرى زەرگەرمىكىن.

هاي ـ هاي دەڭلار، هاي دەڭلار،
سەرۋەگىنى بېهىش دەڭلار.
سەرۋەگىنىڭ گۈل چېچەكلىرىنى،
ئايلا خېنىمىنىڭ دەڭلار.

## 2. بەلىرەي

سايدا يۈرگەن (نەي) سېرىق تۈلگە،
(يارەي، جېنىمەي ئايارەي)
سايىنىڭ تۈلكىسى. (يارەي...)
ئۆلتۈرەمدۇ (يەي) تىرگۈزەمدۇ،
(يارەي ... جېنىمەي ئايارەي)
يارىنىڭ كۆلكىسى... (يارەي...)

* * *

قانداق قىلاي، نۇچۇك قىلاي،
كېتىپ بارسىلا.
كۆيەر ئوتقا مېنى سېلىپ،
ئۇنتۇپ قالسىلا.

بوگۈن كېچە سۆرۈن كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.

بۇگۈن كىچە يار قوينىدا،
بولدى كارامەت.
سىنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن،
قۇرۇق ئالامەت.

ئاي ئالدىمدا كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
كۆيۈپ تۇرغان ئوتنى سالدىڭ،
مېنىڭ ئىچىمگە،

### 3. غېرىبۆي ئاتام

قويدا قوشقار شەدىنى،
يېنىمدا كۆردۇم يارىنى.
بىزنىڭ يار تاپتىمىكىن،
ئۆزىگە بىر جانانىنى.

قايتۇرما:
يېسىرى ئاتام، غېرىبۆي ئانام،
چوكان سىز كىچىك يارىمغا سالام.

* * *

كۆكناۋات كۆل بولدىمۇ،
ئىشقىڭىزدا بۇلبۇل بولدىمۇ.
ئارزۇلاپ سۆيگەن يارىڭىنىڭ،
تىرناقچە كۆڭلى بولدىمۇ.

كۆيە ـ كۆيە كۆل بولۇرمەن،
ياغلىقىڭغا تۇگ مېنى.
ھەر زامان يادىڭغا يەتسەم،
ئاچىپ ـ ئاچىپ كۆر مېنى.

ئېتىگىمگە قان تۆكۇلدى،
قان ئەمەس ياشىم مېنىڭ.
دوست ـ دۇشمەن ئاراسىدا،
پاتمىغان باشىم مېنىڭ.

## 4. پىراقىمۇ گۇل

سايدا ئۈنگەن //: ساي تېرەكىنىڭ: //، (ئايىرەي گۇللەرەي)
(ئاي) سايىسى (يەي) سايغا چۈشەر (پىراقىمۇ گۇل ئايىرەي).
مەيلى بولسا //: شۇ جۇگانىڭ //، (ئايىرەي گۇللەرەي)
(ئاي) بىر كۈنى (يەي) قولغا چۈشەر (پىراقىمۇ گۇل ئايىرەي).

* * *

سارغىيىپ ئۈنگەن تېرەكىنىڭ،
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكىنىڭ،
دارىسى بولماس ئىكەن.

قۇش ـ قۇزغۇنىنىڭ ھالىنى
قونغان تېرەكلەردىن سوراڭ.
بىز غېرىبنىڭ ھالىنى
كۆڭلى يېقىن ياردىن سوراڭ.

ئەقلى بولسا گۈلنى ئۈزسۇن،
مەيلى بولسا غۇنچىنى.
ساق سالامەت جېنى بولسا
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى.

جانىمۇ بەرگەن خۇدايىم،
بەرسىچۇ يادىكار قىلىپ.
بەرسىمۇ شۇنداق بىرۇرمۇ،
كۆڭلىنى دەريا قىلىپ.

### 5. يارىمغا مەن ئارزۇ

//:ياغلىقىمنىڭ ئۇچىغا (يەي)،
تۇگۈپتىمەن پەرگەردىنى.://
چاغلىماي كۆڭلۇم بىرىپ،
سۆيۈپتىمەن ئەۋارىنى.

قايتۇرما:
بىرگە بىر رازۇ (يەي)
يارىمغا مەن ئارزۇ.
ئايلىنگىدىكى (يەي)، قاشىگىدىكى
چىلىم سالادۇ (يەي).

(داچونى سالغۇم بار،
مەنچونى سالغۇم بار.
داچو، مەنچو سالاي دېسەم،
قېرى ئانام بار. يارەي...)

كۈن چىقىشتىن كۈننى كۆردۈم،
كۈن پېتىشتىن ئايىنى.
ئايدا، يىلدا بىرلا ئىزدەپ،
تاپتىم سېنىڭدەك يارنى.

كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ،
تاش بىلەن قۇمنى ساناپ.
كېچە بولسا ئۇيقا يوق،
كۆڭۈلدىكى يارنى گىلاپ.*

## 6. يارەي جېنىمەي

قانداق كىشى (يەي) كېتەر ئىكەن،
(يارەي جېنىمەي، ئاي ئايارەي)
شەھرىنى تاشلاپ، (يارەي)
كەتكەن بولسا (يەي) كېلەر ئىدى،
(يارەي جېنىمەي ئاي ئايارەي)
يارىنى باشلاپ. (يارەي)

* * *

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چەرخى پەلەكتە.
يارىنىڭ كۆڭلى بەلەك يەردە،
مەن بىر ئەمگەكتە.

ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئېيتمىدىڭمۇ،
يارىڭ بولاي دەپ.
ئەمدى كۆڭلۈڭ ئۆزنامدۇ،
جۇدا بولاي دەپ.

* گىلاپ — خىيال قىلماق، ئەسلىمەك.

گەپ ئاڭلىماڭ، يامان ئىكەن،
ياردىن ئايرىلغان.
سۆيگەن ياردىن جان ئايرىلىپ،
سەۋدايى بولغان.

ياندا بۇلاق قاينىغانددەك،
يارىمنىڭ كۆزى.
قەنتى - ناۋات شورىغانددەك،
سۆزلىگەن سۆزى.

قەنتى - ناۋات ئاغزىڭدىدۇر،
شېكەر لېۋىڭدە.
سېرىق زەپەر قات ئاچىلۇر،
باسقان ئىزىڭدە.

ئەقلىم ھەيران بولۇپتۇرمەن،
شۇ بۇ كۇنلەردە.
كېچە يېتىپ كەلمەس ئۇيقۇم،
ئۇزاق تۇنلەردە.

### 7. بىيدەت يارەي

‖: شۇغۇن كېچە (ئاخىنىم). سۆرۈن كېچە: ‖ (بىيدەت يارەي)
‖: يىللار ئۆرۈلدى: ‖ (يارەي).
‖: يۇرەكتىكى (ئاخىنىم) سېرىق سۇلار: ‖ (بىيدەت يارەي)
‖: قانغا ئۆرۈلدى: ‖ (يارەي).

قايتۇرما:

يادىڭدىمەن، ياد ئەت ئاللا،
قىلمىدىڭ گۇيا سەللا.

ئاللا ئاخىرى بىر كۈن ئۆلۈرمىز،
ئۆلەرمىز خارۇ - زارى لىللا.

* * *

تەقدىر ئاللا، سۇبھان ئاللا،
ھالىم تەڭ بولدى.
يار قاشىغا باراي دېسەم،
توخۇ چىللادى.

سېرىق زەپەر قات ئاچىلۇر،
ئۈچ كۈن ئاچىلۇر.
مەن يارىمنى كۈندە كۆرسەم،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

8. ياد ئەت ئاللا

ئوقەت قىلمىدىڭ دىدۇ (يەي)،
ئۆيىنىڭ چوكىدىن باشلىق.
دەريا سۈيىدەك ئېقىپ (يەي)،
كېتىپ بارىدۇ ياشلىق.

قايتۇرما:

يادىڭدا مەن يادىڭت ئاللا،
قىلمىدىڭ گۇيا سەللەللا.
(جېنىمەي) ئاخىرى بىر كۈن ئۆلەرمىز،
ئۆلەرمىز خارۇ - زار لىللا.

* * *

ئوقەت قىلمىدىڭ دىدۇ،
جان كۈندە چېچەكلەمدۇ.

كېچىسى پەلەك تارتىپ،
كۆندۈزى خەمەكلەيدۇ.

ئوقەتنى تولا قىلىپ،
قولۇم تېشىلىپ ئاقتى.
ئاتامدىن كىچىك قېلىپ،
بىچارە ئانام باقتى.

ئىگىز - ئىگىز توۋدىم بولسا،
مەن قاراپ ياتسام،
كىچىككىنە خەنجەر بولسا،
يۈرەكنى يارسام.

### 9. گۆلۋانىخان

(پىچاق، چاقماق ئاسمايمەن)
پىچاق - چاقماق ئاسمايمەن (ئايارەي)،
//:(ئايارەي) پىچاق، چاقمىقىم ياندا.://
//:يارنى مەن سۆيۈپ قويدۇم (گۆلۋانىخان،)،
ئاق سارايدىكى چاگدا://

*　*　*

پىچاق - چاقماق باغ ئەۋرىشىم
ئەگىيدۇ مېنىڭ باشىم.
يارنى مەن خىيال قىلسام،
دەريا بولۇپ ئاقار ياشىم.

ئاق سارايدىكى چاگدا،
يايرىم بىلەن مەن ياتقان.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىنى تولا تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇ ئايرىلىپ ئاقمايدۇ،
يار قايرىلىپ باقمايدۇ.
يار قايرىلىپ باققاندا،
بىر خىيالى ياقمايدۇ.

### 10. كىچىك سايراق بۇلبۇلۇم

قاش قاراسى //: مەندە دەپ (يەي)،: //
//: قېشىڭغا مازۇز بولمىغىن (نەي). : //
بارچە دۆلەت //: مەندە دەپ (يەي)،: //
//: دۆلەتكە مازۇز بولمىغىن (نەي). : //

قايتۇرما:

سايراق بۇلبۇلۇم گۈلنىڭ بەرگىدە،
جانلار قاقشىسۇن يارنىڭ دەردىدە.
يارنىڭ دەردىدە ئەي غوجام ئاللىيەي
(سايراق بۇلبۇلۇم بىر گۈلۈك بولاي.)
سايراپ شاخىڭدا بۇلبۇلۇك بولاي.

* * *

كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما،
كۆڭلى سەككىز يارغا.
نېمە دەپ بەردىم كۆڭۈلنى،
ۋەدىسى يالغانغا.

كەتتى يار كۆڭلى قارا،
كېلەمسەن يارىم دېمىدى.
چىنىغا چاينى قويۇپ،
ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

## 11. ئەي نادان

//: خىيالنى تولا قىلىپ،
ئاغرىقتا چاقاي دېدۇ. ://
رەھمىسى كۆپ شۇ دوستلار
//: دارىلاپ باقاي دېدۇ. (ئايىرەي) ://

قايتۇرما:
ئەي نادان يارىم سىنىڭ دەردىڭگە (ئايارەي)

* * *

سەھەرلىك ئۇيقۇدا ياتسام،
ئىتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت يېقىپ ئۆتتۈڭ.

مەستانە قەلەم قاشلىق،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ.
ئاخشام بولسا چىللايسەن،
خەلىدە ئۆيۈڭ بارمۇ.

ماڭا خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداقمۇ يارىم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى
مېنىڭ تارتماي ئەلەنجەم [59] يوق.

يار دەردمەن ئادا بولدۇم،
كويۇڭدا جۇدا بولدۇم.
قانداقسە يارىمسەن،
بىر سۆيگىلى زار بولدۇم.

قارا قۇشقاچقا ئاۋات بەرسەم،
ئاۋات قەدرىنى بىلمەيدۇ.
بىلمىسىزگە كۆڭۈل بەرسەم،
كۆڭۈل قەدرىنى بىلمەيدۇ.

قارا قۇشقاچ بولۇپ سايراپ،
سېنىڭ يولۇڭغا مەن قاراپ.
كۆزنىڭ خۇمۇرى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلاڭ ئەجەب شاخلىق.
چۇشۇمگە كىرىپ قاپسەن،
مېھرىبان سۆزى تاتلىق.

## 12. ئاللا كېرەم رازىقو

قويدا قوشقار بولمىسا،
قوتاندا يوقمۇ //:جالدقى. (جېنىمەي): //
بىر سېنىڭدەك بولمىسا،
ئالەمدە يوقمۇ لايىقى.

قايتۇرما:
ئاللا كېرەم رازىقو (يەي):
رەببىم ئاللا كېرەم خالىقو (يەي)

* * *

قوم قازان تۇتقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر كۆكسى[60].
يار ئۆچۈن يېگەن تاياقنىڭ
غولۇمدا يوقتۇر يارىسى.

چېنىمنىڭ جانانىسى،
يامى چېنىمنىڭ يامىسى.
مېنى شۇنچە ئويناتمىغان
يارىمنىڭكى قەينانىسى.

غېرجىكىمنىڭ دەستىسى،
جۇجەم بېشى تارازىسى.
ئالتى قىز ـ ئالتى جۇگان،
سازەندىنىڭ سەدرقىسى.

جانىمۇ بەرگەن خۇدا،
بىر كۈن ئامانەتنى ئالۇر.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن
سالغان ئىمارەتلەر قالۇر.

جانىمۇ بەرگەن خۇدا،
رىزقى ئىبادەت بېرىدۇ.
تاغدىكى كۆك مايسىنىڭ
هاجىتى راۋامىدۇ.[61]

جان چىقاردا كەلمىگەن،
جانانە قاشىمغا مېنىڭ.
نە ئالامەت تاغلىرى
سىرلىدى باشىمغا مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 13. ۋاي - ۋاي جېنىمەي

دەردىنىڭ تولىسى كەتتى (ۋاي-ۋاي-ۋاي جېنىمەي)،
//:مەن ئاتىمنى ساتمايمەن (ۋاي-ۋاي-ۋاي جېنىمەي).://
بۇ ئالەمدە تارتقاننى (ۋاي-ۋاي-ۋاي جېنىمەي)
//:ئاخىرەتتە تارتمايمەن (ۋاي-ۋاي-ۋاي جېنىمەي).://

* * *

كۆردۈڭمۇ خالايىقلار،
دەريا سۈيىنىڭ تاشقىنىنى.
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام
ئۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقىنىنى.

يار باغدا ئېچىلغان،
ئانار گۈلىنىڭ نارىمەن(62).
ھەر تەرەپكە يول سالغان
بىۋاپانىڭ يارىمەن.

يارىم بارمىغان تويغا،
مەن سورىماي بارالمايمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قويۇپ ئالالمايمەن.

كېتەرمىزۇ كېتەرمىز،
مەنزىلىمىزگە يېتەرمىز.
مەنزىلىمىزگە يەتكىچە
مۇرادىمىزغا يېتەرمىز.

كەتمەكچى خىيال ئـەيلەپ،
باغنىڭ بىلەن يول سالدىم.
مەشرەپنى تولا ئـويناپ،
يارىمغا ئـۇۋال سالدىم.

كەچ بولۇپ زاۋال بولدى،
يارىمغا ئـۇۋال بـولدى.
جـالانى ئـۇزۇن سېلىپ،
قۇرغۇيدەك جۇگان بـولدى.

قۇرغۇي بـالىسى ئـالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
قـانداق قىلىسىز يـارىم.

### 14. بولسا قاناتىم

// :ئەسسالام دەپ ئـۆيگە كىرسەم،
ئۆيدە بىر ئاي ئولتۇرۇر (رەي). //
قـاشلىرى قىيغان قەلەمدەك
كۆزلىرى ئـويناپ تـۇرۇر (رەي).

قـايتۇرمـا:

ۋاي-ۋاي جېنىمەي، ۋاي-ۋاي خېنىمـەي.
بولسا قاناتىم //: ئۇچسام ھاۋاغا: //
ئەرزىمنى ئېيتاي، قادىر خۇداغا، ۋاي-ۋاي جېنىمەي.

قېشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاپ سالدىڭىز
يوقمىدى خۇدايىڭىز،
بىزنى تاشلاپ قالدىڭىز.

سەن ئىرىك دەمسەن مېنى،
مەنغۇ ئىرىك ئۆلگەندىمەن.
ئىرىك ئايرىلغان يارىمنىڭ
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

بېدىلىكمۇ ـ بېدىلىك،
بېدە يولىدا جىگدىلىك.
مېنىڭ ئاندا بىر يارىم بار،
ھەم خۇدالىق، بەندىلىك.

بېرىشىڭنى يولدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ
بولدى كۆزۈمگە تۇتيا.

گۈل ئۆزى بىر دەستە گۈل،
گۈلدەك يارىمغا بەندىلىك.
شۇ گۈلنى كۆرگەن يارىمغا،
ھەم دۇگا ھەم بەندىلىك.

مېنىمۇ يادلانمىغان،
بىغەم يارىمغا بەندىلىك.
ئوك كۆزۈمنىڭ روشنى
ئۆزلىرىگە بەندىلىك.

## 15. شەرى خۇمارى

//: نەگىلا بارساڭ مەن باراي (ئاللا يارىمەي)، ://
//: دۇربەجىنگىچە يارىم (شەرى خۇمارى). ://
//: ئۇمبەت قىلسىلا ئۇينايلى (ئاللا يارىمەي)، ://
//: جانلار چىققىچە يارىم (شەرى خۇمارى). ://

* * *

خۇمارىمما ـ خۇمارىم،
خۇمارىمدىن ئايرىلدىم.
خۇمارىمنى دەپ بېرىپ،
شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم.

بارساق ـ بارساق باياندۇر،
بايان يولى قاياندۇر.
بايان دېگەن ياخشى يۇرت،
كۆرمىگەنلەر ئارماندۇر.

باغلىرىغا كىرىپ باقسام،
بىر تۇگۈن گۈللەپ كېتەر.
بىزنى لايىق كۆرمىسلەر،
يۈرەك بېغىرغا ئوت كېتەر.

بىر كېچە قوناق بەرسەڭ،
مۇجۇغۇڭ تۈۋىدە ياتسام.
يىلان سۇرىتىدە بولۇپ،
جىگىرىڭگە كىرىپ باقسام.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 16. نېزەرلەرمۇ - نېزەرلەر

نېزەرلەرمۇ (يەي) //: نېزەرلەر: //
//: تاغدىن تاغقا (يەي) كېزەرلەر.: // (گۈلنەنەي)
ناخشا ئېيتتىم (يەي) //: كەزگەندە، : //
بېلىق بولۇپ (يەي) سۈيزەرلەر، (گۈلنەنەي)
ۋاي يەي بىزنىڭ يار...

مەن بۇگۈن ئىمە بولدۇم،
خىيال قىلدىم ئاخشامغا.
باغ باغلىغان جۈگانلار،
زوق ئەيلىدى ناخشامغا.

ئالتەئاي باقتىم قويۇڭنى،
بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى.
كۆرسەتمىسەڭ - كۆرسەتمە،
بۆرى يېسۇن قويۇڭنى.

تۆگىلەر ياتۇر ئويماندا،
قوڭغۇراقلىرى بوينىدا.
قىزلار يەتسە بويىغا،
يىگىتلەر ياتۇر قوينىدا.

تاغدىن چۈشتۈم تويۇڭغا،
توغ يۇقمىسۇن بويۇڭغا.
ئاتا - ئاناڭ خۇش مازۇز.
قىرچىن تالدەك بويۇڭغا.

## 17. چىگمودەن

ياز بولسا ئىچىلامدۇ
//: ئاق لەيلى ـ قىزىل لەيلى. ://
يار سۆيەمدۇ، سۆيمەمدۇ (يەي چىگمودەن خىنىم)،
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

ۋاي جانىم ئايلىناي دەيمەن،
خىنىمەي يارىم ئايلىناي دەيمەن.
ھەر بىرى قىزىلگۈلدەك
قايسىدىن كىچەي دەيمەن.

ئاللىيەي شەرۋازى،
//: ھازىر بولۇڭلار (يەي) ://
كەلسە دۈشمەنلەر،
باتۇر تۇرۇڭلار.

*　　*　　*

كۆشۆتە[63] داۋانىدا،
ئات كۆكسىدە ياغدى قار.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
غىرىبلىقتا تۇتقان يار.

توغۇچى دىگەن شەھەرلەردە،
ئۇن تاسقايدۇ لەگزىدە[64].
بىز سۆيمىگان يارلارنىڭ
مىڭى بار ئىككەن مەگزىدە.

## 18. ئاھ ئۇراي خۇدايىمغا

يار كوچىدا ئولتۇرسا،
سۇ سۇغا قىتىلغاندەك.
يار ئالدىدا ئولتۇرسا،
مودەنگۈل ئېچىلغاندەك.

قايتۇرما:

ئاي جېنىم يارەي، ئاھ ئۇراي خۇدايىمغا،
مەستانە داغۇمەي، يەتكۈزۈڭ مۇرادىمغا.

*　*　*

قارا-قارا قاشلارى،
سەتەڭ يارىمنىڭ ساچلارى.
ھىچ كىشىگە ئوخشىماس،
بىر قاراپ قويۇشلارى.

مەن ئۆزۈم پېقىر ئاجىز،
ئانار باغدىن ئۆتەلمەيمەن.
كىراغا ئات ئېلىپ بېرىپ،
جامالىڭنى كۆرەلمەيمەن.

يارىم كەلسە ئوينايمەن،
يات كىشى كەلسە قوغلايمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار كەلسە،
پۇلنى خەجلەپ ئويناي‍مەن.

ئۆنداق دېسلە ماقۇل،
مۇنداق دېسلە ماقۇل.
كۆزلۈككە پىشار شاپتۇل،
كېلىپ يېسلە ماقۇل.

يار ئالدىمدا ئولتۇرسا،
تاغدەك يۈلەك ئەمەسمۇ.
ئاغزىدا دېگەن بىلەن
كۆڭلى بۆلەك ئەمەسمۇ.

باغدا پىشقان مەي ئۈزۈمنىڭ،
رەڭگى تۈرلۈك سۈيى بار.
بىز پېقىر بىچارىنىڭ
سىزدىن بۆلەك كىمى بار.

گۈل قىستىڭ قولىقىڭغا،
كىرمىدىڭ سالايىمغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

### 19. شاۋانخان

سەن مېنىڭ ناۋارىمسەن،
//: بويىنۇمدا تۇمارىمسەن. ://
ئاخشىمى قاراڭغۇدا
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

قايتۇرما:

كۆزلىرى مەستان شاۋانخان،
قايدىن بولۇرسەن.
يانا شۇندىن بولۇرمەن. نەي...

* * *

ياردىنىڭ ئۆيىنار يېرى،
قوراي تاغنىڭ باشى.
قولىدا پەرەڭ ياغلىق
قارا كۆزىدە ياشى.

خۇمار كەلسە زارلايدۇ،
تارىسى ئالتۇنمىكىن.
بويىڭىز ئەجەب زىلۋا،
قەلبىڭىز يامغۇرمىكىن.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
گۈلخان سېلىپتۇ بەگلەر.
بەگلەرنى كويغا سالغان،
زولپا ساچلىق لەندىلەر.

دەريانىڭ سول قېتىدا،
ئېچىلىپتۇ لەيلى گۈل.
سەن ئۆزۈڭگە لەيلى بولساڭ،
مەن ئۆزۈمگە تاجىگۈل.

## 20. ياندۇرغان چىراغىمسەن

يارىمنى كۆرەرمەنمۇ،
//: ئاغزىغا سۆيەرمەنمۇ: //
//: يېنىدا ئادەم بولسا،
دەرد بولۇپ يانۇرمەنمۇ. : //

قايتۇرما:

ياريم ـ يارەي، مەگەش داغۇمەي،
ئاي ئۇتۇك ياخشى دەردليرىك يامان.

* * *

لەمجنلەردىن ئۆتمەگۈنچە،
خاندۇ كۆرۈنمەس.
ئاق بوز ئاتنى مىنمىگۈنچە،
يارلار كۆرۈنمەس.

يار بۇلۇڭدا ياتقاندا،
پەنجىرەڭدىن ئاتتىم تاش.
باغرىم سۇ بولۇپ ئاقتى،
بىر باقمىدىڭ قەلەم قاش.

بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز باشتا،
بەلگىسى قارا قاشتا.
ئانچە مەيلىڭ يوق ئىكەن،
نېمىشقا ئوينۇدۇڭ باشتا.

يارىم باغقا چىللايدۇ،
كىرسەم باغدا ياتمايدۇ.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
پۇشمان ھەرگىز ئاسقاتمايدۇ.

قارا ـ قارا قاشلىرىڭ،
يەلپۈنەمدۇ ساچلىرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ماڭا نېمە دەرد كەلدى،
كىرپىك ئارا ياشلىرىڭ.

## ئىككىنچى چۇشۇرگىسى

### 1. جانغا شۇنداق قىلسىلا

قوللىرى ئالتۇن چۆكۈشتەك[66]،
//:بويلىرى تالدەك يارىم.://
(ئاللا يارىمەي) شۇنچە خەق ئاراسىدا،
سىز تولۇن ئايدەك يارىم (ئايىرەي).

قايتۇرما.
جانغا شۇنداق قىلسىلا جېنىم،(مەي) يانا شۇنداق قىلسىلا (يەي)
ئۆلەيمۇ مەن يارىمنىڭ دەردىگە ئاللا يارىمەي.

* * *

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
لەيلى مەجنۇن تالغا ئوخشار،
شۇ سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭ.

ئىشىك ئالدى تالىڭىز،
يىراقتا قاپتۇ يارىڭىز.
يىراقتا كەتكەن يارىڭىزنى
هاراقتا چىللاپ يانىڭىز.

جاندۇر مېنىڭ يارىم،
جانانەدۇر مېنىڭ يارىم.
چىققىلى چارىسى يوق،
بىچارەدۇر مېنىڭ يارىم.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك سالارىم كېلىدۇ.
ئۆزلىرىگە مېنىڭكى
ئىچىمدە بىر يەر كۆيىدۇ.

يېڭى ئايدەك كۆرۈنۈپ،
غايىپ بولۇرنى بىلمىدىم.
ئالتە كۈن مېھمان بولۇپ،
تاشلاپ كېتەرنى بىلمىدىم.

بەختى دۆلەت خۇيلىرىغا،
ئوت ياقۇرنى بىلمىدىم.
بارچىسىنى ياندۇرۇپ،
رەھمە قىلۇرنى بىلمىدىم.

كەلمىگەن يارلار كېلىپ،
رەھمە قىلىپ ئۆتتى ماڭا.
سەنىمغۇ يارىم تۇرۇپ،
شۇنىڭچە يوق رەھمىڭ ماڭا.

2. جان دوستۇم جېنىم دوستۇم

جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم،
//: (ئاي) ئايىمخان مېنىڭ دوستۇم، ://
ئايىمخان ئۆلۈپ كەتسە (يەي)
(ئاي) كىم بولۇر مېنىڭ دوستۇم، دوستلاردي...

www.uyghurkitap.com

* * *

جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم،
خۇش كەلدىڭ بۇ يانىمغە.
يار باقمىغدەك ئەمدى
دورا يەي مىجەزىمگە.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى
سۈزۈپ ئىچكەن ئەر بارمۇ.
خىلمىسىز كەيگەن پايپاقنى
خىللاپ كەيگەن يار بارمۇ.

مېنى يارىمدىن ئازدۇرغان،
ئۆزى ياردىن ئايرىلسۇن.
قولى تۇتماس، كۆزى كۆرمەس،
ئەزىز جانىدىن ئايرىلسۇن.

تاغنىڭ كالىسى يەرسىز،
سۆرۈن يەرنى خالايدۇ.
بىزنىڭ يارلىرىمىز كەپسىز،
هەر تەرەپنى خالايدۇ.

### 3. ئوتۇك ياخشى دەردىڭ يامان

مەن خۇدايىمدىن تىلەپ،
//: ياخشى چۈش كۆردۈم بولگۇن ://
ياخشى چۈشنىڭ سادىرىدىن،
قىپقىزىل ئېچىلدى گۈل.

قايتـۇرما:

ئا ـ يارەي، ئاي ـ داغۇم،
ئوتتۇڭ ياخشى، دەردىڭ يامان نەي...

* * *

دەردىنىمۇ دەردمەن بىلەر،
ئاغرىقىنىمۇ تارتقان كىشى.
دەرد يۈرەكتە، كۆچ بىلەكتە،
غەمدە سارغايغان كىشى.

تەلۋىدۇر بېشىم مېنىڭ،
سىينەڭگە(67) داغ قويغۇم كېلەر،
شۇنچە پەريادلار بىلەن
جانغا پىچاق سالغۇم كېلەر.

تۆرنۈگۈڭدىن تارتىمەن،
تۈگمەلىرىڭدىن تارتىمەن.
سەن ئۆيۈڭدە يارىڭ بىلەن،
مەن تاشقىرىدا قان يۇرتىمەن.

تاغ سايان قىلدىڭ سەپەر،
ئەمدى هاللار نەكېچەر.
ئارىدا ئادەم تولا،
ئويناپ ـ كۈلۈپ كۈنلەر ئۆتەر.

ئېگىز ئازغان بويىغا،
چامچاڭنى(68) ياي، مۇرەڭگە سال.
شۇغىنە ئايلا جۇگانىنى،
ئالما دەپ قوينۇڭغا سال.

4. جېنىم - جېنىمەي

يوللۇغۇم بولسۇن ساڭا،
//: قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى (يەي). ://
ئەسلى بىر ئالما پۇرايسەن،
يادىڭغا ئالغىن يار مېنى (يەي جېنىم - خېنىمەي...).

* * *

بىر يىلان پەيدا بولۇپتۇ
يارىمىنىڭ بۇلاقىدا.
يار بىزنى خىيال قىلسا،
يارنىڭ بىز قۇلاقىدا.

گۈلمۇ دەپ باستىم تىكەننى،
بىلمىدىم قاقاق ئىكەن.
سېنى مەن دانا دېسەم،
دانالىقىڭ چاغلىق ئىكەن.

باغچىلارغا سۇ كېلىپتۇ،
مۇز بولۇپ تېپىلغۇدەك.
مەنمۇ بىر گەپلەر ئىشىتتىم،
كۆپ بولۇپ يېرىلغۇدەك.

دۇنيادا گۈل ئازمىدى؟
بىر گۈل ئۈچۈن شۇنچە تالاش
ساڭا تېپىلغان بولسا ئاداش،
ماڭىمۇ باردۇر بىر ئاداش.

## 5. يارغا دەسكارە

‖: قارلار يېغىپ ياز بولمايدۇ، يارغا دەسكارە، :‖
‖: ياتسام زىمىستان (چېنىمەي) خانلارغا دەسكارە. :‖
‖: كەچكەن ھالىم كەچمىگەيمۇ، يارغا دەسكارە، :‖
سەندىن ئايرىلسام (چېنىمەي) خانلارغا دەسكارە.

* * *

چالسا راۋاب، ئۇرسا داپنى،
ياقمامدۇ سازى.
پۇشمان ئالۇر قاچىسى يوق،
گەپ قىلغان ئاغزى.

ئۆچتىن ـ ئۆچتىن تۆگمە تۆگدۈم،
ئالتە ئەمەسمۇ؟
ئالتاي ـ يازدىن ئەگەشكىنىم
زايا ئەمەسمۇ؟

ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە
كەلدىم سىيلەڭگە.
بارمۇ مەيلىڭ، يوقمۇ مەيلىڭ،
ئالىنى مەيدەڭگە.

## 6. سۇناي

سوقماڭ مېنى بەلدەڭ بىلەن،
‖: چىش كولىغۇچ خەلدەڭ بىلەن. :‖

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

/ :ئاشىقلىقنى خۇش خۇي قىلۇر،
بەتخۇي يۇرۇر بەتنام بىلەن.: /

* * *

سەن مېنى سوقتۇم دەمسەن،
ساپىقى سۇنۇق قامچاك بىلەن.
خۇدايىم كەسكەي قولۇڭنى
ئۆتمىگەن قايچاك بىلەن.

مەن بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىم،
يار كەلتۇردى مېنى.
ئوتقا سالسا كۆيمەس ئىدىم،
يار كۆيدۇردى مېنى.

كۈن چىقۇر گىرۋى بىلەن،
يار چىقۇر جۈپتى بىلەن.
ھەممە خەق جۈپتى بىلەن،
مەن ئۆزۈم يىگانىمەن.

تەمبۇرۇمنى چالىمەن،
كەلسە ـ كەلمەس پەدىگە.
ئون جىڭنىمنىڭ تېگى قالدى،
سەن يارىمنىڭ دەردىدە.

## 7. ھەيرانوم

/ :قانداق قىلاي، نېچۈك قىلاي
بۇ ھەيرانلىقنى.: /

‖: پېشانەمگە پۈتكەن ئىكەن،
(ھەيرانوم) سەرگەردانلىقنى. :‖

* * *

يوقايىندىن چۈشۈپ كېلىدۇ،
ئاتلار ئويناتىپ.
قوللارىدا كۈمۈش مىلتىق،
يار قولان ئاتىپ.

داچو كىيگەن شۇ جۇگانلار
ئۆتسە بۇياقتىن.
ئاشىق ئويناپ بۇنداق بولسا،
كەچتىم بۇ جاندىن.

شۇغۇن كېچە، سۆرۈن كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار
قانغا ئۆرۈلدى.

## 8. گۈل قېشىدا ئايسخان

‖: دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەش تۈلۈم، :‖
بەش تۈلۈم پۈل تاپقىچە،
سالدى ماڭا جەبرى-زۇلۇم.

قايتورما:

جانەم يەتمىدى،
ئايىدۇ گۈل شېخىدا ئايىخان.

* * *

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە دودىغىن.
يارى يوق دەمسەن مېنى،
سەندىن تاماشا خودىغىن.

كەلدى يارىم يورغىلاپ،
ئالدىمغا چىقتى تۇغرىلاپ.
قاراڭغۇدا بىرسى تۇردۇ،
تام تۆۋىنى مارىلاپ.

بىر كېچە تاڭ ئاتقىچە،
يارىم سېنى ياد ئەيلىدىم.
كىرپىك يۇمۇپ ئۇخلىماي،
تاڭ ئاتقىچە قان يىغلىدىم.

ئىچىمدىم شەربەتى-شاراب،
يار ئالدىدا ھالىم خاراب.
كېچىسى كەلمەس ئۇيقۇم،
سەھەر قوپۇپ يولغا قاراپ.

## 9. ئالتۇنجان

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
//: (ئالتۇنجان) ئاق يەرگە ساراي سالسام.: //
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا (يەي، ئالتۇنجانەي)،
خەلدە پاراڭ سالسام.

قايتۇرما:
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن (نەي ئالتۇنجانەي)
ئەقىيدەمگە يىغلايمەن.

* * *

ئالمىمۇ ئالما پۇرايدۇ،
مىجگەن قوغۇن پۇرايدۇ
غېرىپلىقتا سۆيگەن يار،
ئىپار - زەپەر پۇرايدۇ.

باغدا كاككۇك سايرايدۇ
جەننەتنىڭ شېخىدا.
مېنىڭ يارىم ئوينايدۇ،
يايراپ بېھىش بېغىدا.

ئاسماندىكى كۆك لاچىن
كۆرمەي تورغا چۈشەمدۇ؟
ئادەم بالىسى بېشىغا
ئېغىر كۈنلەر چۈشەمدۇ؟

قارا مىلتىقنىڭ ئوقى
هوگدا پىل - پىل قىلىدۇ.
بىگۇپا يارنىڭ ئوتى
يۈرەكنى جىغ - جىغ قىلىدۇ.

مىلتىق ئوقى يامان نېمە،
هېچقايان غايىلىماس.
ئىشقى ئوتى يامان نېمە،
بېغىر - يۈرەكلەر پايلىماس.

## 10. ئەرۋاھلار كېرەمئاللا

/:بۇنىڭدىن نەچچە ۋاق بۇرۇن،
(ۋاي بۇرۇن) چېقىندەك ۋاقلىرىڭ قېنى. (يارەي...): /
جاپا ئەمگەك بىلەن كۆيۈپ (ئەرۋاھلار كېرەمئاللا)،
سۆيگەن يارلىرىم قېنى (خۇدايىمەي).

* * *

ئەتىگەندە شەبنەمدە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان،
سۆيۈپ باقسام ئەجەب تاتلىق،
لېۋىگە شېكەر قوشقان،

تېپىلغىلى مۇز ياخشى،
ئوينىغىلى قىز ياخشى.
يېشىڭ ئوتتۇزغا يەتتى،
قىز ئالساڭ جانغا ياخشى.

دەردىم بارغۇ ـ دەردىم بار،
باشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرد تارتماي ئۈلۈپ كەتسەم،
ھاۋادىكى لاچىندەك.

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا
لەپ ـ لەپ ئۇچىدۇ قۇشلار.
ئۈچ ـ تۆت كۆنلۈك ئالەمدە
ئويناپ ئالايلى دوستلار.

ئېگىز تاغنىڭ ئارقىسىدا،
قوتاز بىلەن ئۆكۈز بار.
قاراڭغۇ دەپ كەلمەي قالما،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالدىمىكىن باشتىن.
دوستلۇرۇم دۈشمەن بولۇپ،
ئايرىدى قارا قاشتىن.

شۇنچىدىن پەرھىز قىلىپ،
ھەرگىز قولۇمنى سۇنمۇدۇم.
شۇ مېنىڭ پەرھىزلەئىم،
ھەرگىز جۇدا يەتكۈزمىدىڭ،

**11. بىمىسەي يەملا ساسۇغمۇ**

ئالمىنى ئاتتىم دەرياغا //: (بەللى ـ بەللى بەلىخان، ئالتۇنجان): //

لەيلىمەيدۇ چۆكمەيدۇ.
يىگى يارنىڭ ئوتلارى، //: (بەللى ـ بەللى، بەلىخان، ئالتۇنجان): //

يالتىرايدۇ ئۆچمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتۇرما:

بىيسەي يەملا، سا سۇڭمۇ،
سوم خەشلەملا ئالتۇنمۇ.

* * *

قارلىق تاغدا قار يېغىپ،
كۆن چىقماي ئېرىپ كەتتى.
ئېسىتكىنە ياش باللار
يارسىز يېنىپ كەتتى.

ئىشىك ئالدى چوسەيلىك،
سەيلىمىسەڭمۇ سەيلەكلىك، (69)
سەن ياراتمىساڭ مېنى
زاپاس يارلار بەيلەكلىك (70)

يۈرۈيسەنۇ - يۈرۈيسەن،
ئەگىم يولدا يۈرۈيسەن.
راست گېپىڭنى دېمەيسەن،
شېرىن جاننى قىينايسەن.

## 12. ئاللا - ئاللايار بارمۇ

شۇ كېچە //: تاڭ ئاتمايدۇ، (يەي): //
مەن بىلەن //: قېينىغاندەك. : //
خوشمۇ دەردلەر كېلىدىكەن (ۋاي)،
لېچىن سوققان توشقاندەك.

قايتۇرما:
ئاللىمۇ - ئاللا يەي //:يار بارمۇ: //
كۆرۈنگەن تاغدا قار بارمۇ.

كۆرۈنگەن تاغدا، //: قار بولسا، ://
سېنىڭچە ياخشى يار بارمۇ.
(ئاللىمۇ ـ ئاللا جىڭگىلىماش،
بىزنىڭ يارلار قەلەمقاش.
يار ئىشقىدا كۆيگەنلەر
ئۆز ۋاقتىدا تۇت ئاداش.)

* * *

لېچىن سوققان توشقاننىڭ
جاڭگالدا ئاناسى بار.
بىزلەردەك مۇساپىرنىڭ
بۇ شەردە نېمەسى بار.

يارىمغا سارای سالدىم،
گۈل بىلەن مۇنار سالدىم
كەلمىگەنگە كۆپ بولدى،
يولىغا قاراپ قالدىم.

ئاللىمۇ ـ ئاللا، چولپان قىز،
يۈرەككە ئوتنى ياققان قىز.
ئانىڭىزغا بېرىپ ئېيتىڭ،
توي قىلايلى بىزلەر تېز.

ئاق ئالمىڭنى تەرمەيمەن،
ئېتىگىمنى لاي قىلىپ.
سەن يارىمنى سۆيمەيمەن،
مەن جېنىمنى خار قىلىپ

ئاي قېشىدا بىر يۇلتۇز،
كۆرۈنمەيدۇ باشقىسى.
يارىم يارلار ئىچىدە،
خۇددى ئاتنىڭ قاشقىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هوگىندىكى بىر يۇلتۇز،
ئاينىڭ نۇرى مەن دەيدۇ.
يېنىمدىكى بىر ياخشى،
ئاشنا بولىمەن دەيدۇ.
قىزىلگۈل ئاراسىدا،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغىلى بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

مەن سەپەرگە ماڭغاندا،
يول بولسۇن دېگەن يارىم.
خەلىدە، سۆيۈپ قويۇپ،
ئارمان يوق دېگەن يارىم.

موللىنى قايدىن بىلۇرسەن،
دەستۇرىدە قەلىمى.
يېڭى يارىنىڭ دەردى تولا،
كونا يارىنىڭ ئەلىمى.

ئايرىلغانغا مەن رازى،
نىكاھ قىلمايدۇ ساراڭ قازى.
چىنار باغدا ئولتۇرسام،
يارىم خانىنىڭ ئاۋازى.

### 13. هاي - هاي نادان يارەي

يارىم سەپەر ئاتلىنىپتۇ،
مىنگىنى دۇلدۇل. (لەي...)
قاچارلىرى قىزىل ئالما، (هاي - هاي نادان ئايارەي)
ساچلارى سۇمبۇل. (لەۋلىرىڭ ناۋات يارەي)

*  *  *

پەس ـ پەسكىنە ياپىلاق ئۆرۈك،
سارغايدى پىشتى.
كېلەمدىكىن كەلمەمدىكىن،
قەرەلى توشتى.

قارا دىيدۇ ـ قارا دىيدۇ،
قاراتماڭ بىزنى.
جاڭگالدىكى ئاچ بۆرىدەك،
ماراتماڭ بىزنى.

قانداق قىلاي، نۇچۇك قىلاي،
كېتىپ بارسىڭىز.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
تاشلاپ سالسىڭىز.

قانداق كىشى كېتەرىكىن،
يارىنى تاشلاپ.
مەيلى بولسا ئېلىپ كېتەي،
شەھىرىگە باشلاپ.

تاشلاپ ـ تاشلاپ كەتكىنىڭنى،
ئۇنۇتمىغايمەن.
ئەمدى كەلسەڭ قاش قىنامغا،
يولاتمىغايمەن.

يولۇتمىساڭ يولۇتما،
يولۇنۇپ قالسۇن؟
ئارپا - پۇرچاق سامىنىدەك،
سۆرۈلۈپ قالسۇن.

ئارپا - پۇرچاق سامىنىنى،
شامال ئايرىيدۇ.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
دۈشمەن ئايرىيدۇ.



## 6. چەبىيات مۇقامى (جانىكەم مۇقامى)

بىرىنچى چوشۇرگىسى

مۇقام

دىلىم ئىسرۇر تاشتىن قاتتىق،
نەسىھەت كار قىلمايدۇ.
ھىدايەت نۇرى بىلەن
يورۇتقىن دىلىمنى ياروسۇلىللا.
جانام ئەي بىي... بىي... بىي ئۆلمەيدىغان كىم بار.
ئاي ناگارىم خەنجىرى ھەردەم،
مېنى چەكپارىلەر قىلدى.
قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭنى كۆرمەي،
شىپھىت كەر بالا قىلدى.
جانام ئەي بىي... بىي... بىي... ئۆلمەيدىغان كىم بار.

* * *

ئىلاھە رەھىمتىڭ كەڭدۇر،
گۇناھىم تاغ بىلەن تەڭدۇر.
گۇناھ كۆپ، ساۋاپ ئازدۇر،
كەچۈرگەيسەن خۇداۋەندە.
ئا... بىي... بىي... بىي... باقا ئالەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلاھە مەن خاتا قىلدىم،
بۇ جانىمغا جاپا قىلدىم.
يامان ئىشلار تولا قىلدىم،
كەچۈرگەيسەن خۇداۋەندە،
ئا... بىي... بىي... بىي... باقا ئالەم

* * *

## 1. چوڭ جانىكەم

ئاي سېنى دېدىم (جېنىم جانىكەم) سېنى دېدىم (ئاي جان)
//:يار سېنى دېدىم (ئايارەي))... ://
سېنى دېگەن، (جېنىم جانىكەم) زامانلاردا، (ئاي جان)
//:تامادا يۈردۈم (ئايارەي)...... ://

* * *

سېنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن
قۇرۇق ئالامەت.
شوغۇن كېچە يار ئالدىدا
بولدى قىيامەت.

ئىچسەم - ئىچسەم مەست قىلمايدۇ
قالماق بوزاسى.
ئەجەبىمىغۇ يامان ئىكەن
يارنىڭ ئىززاسى.

قارىغانىغا كۆرۈنمەيدۇ
كارىز دەرىخى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن
يولنىڭ يىراقى.

## 2. كىچىك جانىكەم

(ئاي) قارىغانغا (جېنىمەي) كۆرۈنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ ئۇچى. (ئايىرەي)
(ئاي) دۇنيا دېگەن (جېنىمەي) ئەسكى راۋات،
//: مەن يول ئۆتكۈنچى. (ئايىرەي): //

* * *

ئاپئاق سۇلتان جىنازىگىغا،
بۇلبۇل قونۇپتۇ.
چولپان كۆزۈڭ، ئاي يۈزۈڭگە،
تۇپراق توزۇپتۇ.

بىرلا كۆرسەم، سېنى كۆرسەم،
كويۇڭدا ئۆلسەم.
سېنى دەپلا چىقسا جېنىم،
ئەجەلدىن كۆرسەم.

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم
بىرلا ئەمەسمۇ.
سەن ئۆلگەندە مېنىڭ جانىم،
قۇربان ئەمەسمۇ.

ئالتۇن تارتقان تارازىگىدا،
تاشنى تاتايمۇ؟
قەلەم قاشلىق سەن يار ئۈچۈن،
جاننى ساتايمۇ؟
(يارىم ياتقان پەر ياستۇقتا،
مەنمۇ ياتايمۇ؟)

### 3. سىڭىلك دەردىك

//: دۇنيا بىر پەلەك (ۋاي)،://
//: باشلاردىن ئەگىپ ئۆتكىدەك.://
//: يۈزى - كۆزى قىزىل - ئالا،://
. بۇركۇت ئالغان تۇلكىدەك.

قايتۇرما:

سىڭىلكى دەردىك،
ۋاي - ۋاي جىنىمەي.
ۋاي - ۋاي خىنىمەي،

* * *

ئاللەتنى ماڭا
سەپتۇ خۇدايىم نەقىلاي.
تەقدىرى خۇداغا
مەن نۇچۇك چارە قىلاي،

تۈيغۈن بىرلا قۇش،
ھەرگىزلا چۇشمەس تورغا.
ناگاندا بىرلا چۇشەر،
شۇڭقارى - لىچىن تورغا.

چۇر -: چۇر قىلىدۇ،
تۇگۇرمەنلەرنىڭ چورغاسىدىن.
خۇدايىم پاناھ بەرسۇن
جۇگانلارنىڭ يورغاسىدىن.

ئاۋۋال سەن ئىدىڭ،
مېنى ھالغا سالغان.
يەنە بىسمىللا بىلەن،
جاننى تەندىن ئايرىغان.

ئاھ ئۇرماڭ يېرىم،
يۈرەككىنەڭنى قان تۇتۇر.
ئۆلسىڭىز سىزگە زىيان،
مېھرىبانىڭىز يار تۇتۇر.

ئاشىقىم سىز ئۇلتۇرۇڭ،
خىزمەتتە بولغاي باشىمىز.
يەنە يادلانغان سېرى
قۇرىمايدۇ كۆز - ياشىمىز.

قاپقارادۇر قاشىڭىز،
ئونبەشتە باردۇ ياشىڭىز.
يەنە بولسا يارىڭىز،
سىزمۇ ھەم غەمخارىڭىز.

پەلەككە چىقىپ،
بىللە بولايلى دېۋىدۇق.
يەنە ئاخىر چېغىدا،
جۇدا بولايلى دېمىدۇق.

### 4. جانوم

قارىغانغا (يەي) كۆرۈنمەيدۇ (يەي)،
//:باغداشنىڭ تاغى (يەي جانوم)://
دەرد كەلگەندە (يەي) پايلىمايدۇ (يەي)،
//:يۈرەكنىڭ باغى (يەي... جانوم).://

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* * *

كىم يۇرمەيدۇ بۇ كېچىدە،
ئايدىك كېچىدە.
بىرمۇنچىلار مۇشۇ تاپتا
ئۇيقۇ ئىچىدە.

ئۇيقۇم كەلدى، ئۇيقۇم كەلدى،
كۆزۈم سۇزۇلدى.
بويىنۇمدىكى تۇمارىمنىڭ
بېغى ئۈزۈلدى.

چىللاك توخۇ، چىللاك خوراز،
يارىم ئويغانسۇن.
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانغاندا،
ئۇچۇقلار باسسۇن.

### 5. يارىم بىلەن مەن باردىم

شۇندىن - شۇڭغا كەلمەگۈنچە (ئاللا يارىمەي)،
//:سەن يار ئەمەسمۇ (يەي)، ://
ئالتە ئايدىن (نەي) ئەگەشكىنىم (ئاللا يارىمەي)،
زايا ئەمەسمۇ.

قايتۇرما:

يارىم بىلەن مەن باردىم (مەي)،
باغدىن گۈل ئۈزۈپ ياندىم (ئايىرەي...).
يارىم ئۇندا يار تۇتسا (يەي)،
مەن ئۈمىد ئۈزۈپ ياندىم (ئايىرەي).

* * *

ئاقتى ياشىم، تامدى ياشىم،
شىشلەر باشىم.
مەن ئۆلگەندە ياخشى يىغلاڭ،
جان قىرىنداشىم.

6. زەم - زەم

يوقىرى باراي دىسەم،
//:ئايلىمدا بىر توغرا داۋان://
ئۆرۈلۈپ ياناي دىسەم،
يارنىڭ ئۇتى ئاندىن يامان.

قايتۇرما:
زەم - زەم، ئاخشام باراي دەمسەن ئايرەي،
ئاخشام بىرىپ، ئەتە ياناي دەمسەن ئايرەي.

* * *

سەن مىنى غەيۋەت قىلىپسەن
مەن سىنى شەيدا قىلاي.
كۆزۈڭگە كۆز ئوينىتىپ،
توققۇز ئاشىق پەيدا قىلاي.

كەلمگەن كاپىر كىلىپ،
رەھمە قىلىپ ئۆتتى ماڭا.
سەنمىغۇ يارىم تۇرۇپ
كاپىرچە يوق رەھمىڭ ماڭا.

ئەۋرىشىمدەك چىرمىلىۋالدىم،
مەن يارىمنىڭ بوينىغا.
چار يىلاندەك تولغىنىپ
كىرسەم ئاداشنىڭ قوينىغا.

ئاخشىمى ئارىلاپ كەلگىنىڭ،
ئۆزۈڭنى ئارزۇ قىلغىنىڭ.
گەپ قىلالماي تۇرغىنىڭ،
ئەقلىڭنى جورالغىنىڭ.

ئاخشىمى ئايدىڭغا چىقىپ،
ھەجەڭگە (71) سالدىم تالىغا.
دۈشمىنىمنى تۇيمۇسۇن دەپ،
چىقمىدىم ئاشكارىغا.

قوڭغۇرىقىڭنى ماڭا بەر،
ئەلەم قىلاي، قەلەم قىلاي.
قايسى قىزنى ئالسىڭىز،
بېرىپ ئاڭا سالام قىلاي.

*

زەم بىلەن زەنجىرىسى،
ئالتۇن بىلەن پەنجىرىسى.
چىڭغىراپ ئۈن كېلىدۇ،
قىز بېشىدا قاڭغۇرىسى.

## 7. لەۋلىرىڭ بولاي

//: دەرت كەلگەندە تاتۇرمىز (زەي)،
تەمكە دېگەن خومارنى. (يەي). ://
پۇلغا سېتىۋەپ بولماس (ھەي)،
كۆڭلۈڭدىكى شۇ يارنى (جېنىم).

قايتۇرما:

لەۋلىرىڭ بولاي،
شاخىڭغا قوناي.
سايراپ - سايراپ،
گۈل شاخىڭدا
بۇلبۇلۇڭ بولاي.

* * *

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە،
ناۋات بەرسە سايرايدۇ.
جۇگانلار ھارامزادە،
كويچەن بەرسە قارايدۇ.
ئىرغاينى كېسىپ قويدۇق،
قۇرۇسا قالايىنىڭ دەپ.
قىزلارنى كۆرۈپ قويدۇق،
چوڭ بولسا ئالايىنىڭ دەپ.

ئاسمانلار ئالاكۆلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاكۆلاپتۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
يار مەندىن يامانلاپتۇ.

ئىشىك ئالدى ئانار گۈل،
ئاتنى باغلاڭ مىرا قۇل.
نەچچە ۋاق بولدى كەلمەيسەن،
مەنمۇ ساڭا ناماقۇل.

ئاسمانغا چىقاي دەمسەن،
بۇلۇتنى مىنەي دەمسەن.
ئۆزى كەلمىگەن يارنى،
چاللاپ كەلتۈرەي دەمسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاۋا كۆلۈپ ئۆتتىمۇ،
بولۇت كېلىپ ئۆتتىمۇ.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
بېشىڭ كۆككە يەتتىمۇ.

سېنىڭ دەردىڭنى ئېيتايمۇ،
ئۆز ھالىمغا يىغلايمۇ.
بىر كېچە تاڭ ئاتقىچە
روزى مەشار دەپ يىغلايمۇ.

### 8. شىپا بېرىڭ جانىمغا

يامان ئېتىم ۋەيران بولدى،
//: يەشكىن قولۇمنى.://
توسۇغۇڭدىن ئۆتۈۋالاي،
كەسكىن بوينۇمنى.

قايتۇرما:

يارىم - يارەي، شېرىن يارەي،
شىپا بېرىڭ جانىمغا، يار دەردىگە يار دەدمەن.

* * *

تاغلار ئارىلاپ چاكاندالىڭنىڭ
مېۋىسى بولماس.
ئارچا بىلەن شەرتى بىردۇر،
قىش - ياز قورۇماس.
بىز ئىككىلەن ئەۋۋەلىدە،
نېمىلەر دېيىشتۇق.
سېرىق قۇشقاچ بالىسىدەك
دانلار بېرىشتۇق.

## 9. گۈلنى كۆرۈڭلار

//: (ئاي) يامان بىلەن ئۆمرۈم مېنىڭ، زايا ئۆتكۈنچە، ://
(ئاي) ياخشى بىلەن خىجالەتنى: //تارتسام يارىشۇر. ://

* * *

ئۇلۇغ - ئۇلۇغ سۇ بويىدا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.
مەن يارىمنى سېغىنغاندا،
قاناتلىق ئىدىم.

پەس - پەسكىنە ياپىلاق ئۆرۈك،
سارغايدى پىشتى.
كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن،
قەرەلى توشتى.

ئىچ ئۆرۈكلەر، تاش ئۆرۈكلەر،
ئۈچ تۈپ ئۆرۈكلەر.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپتۇ،
ئۇنى كۆرۈڭلەر.

ئىچ ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى
يېمەي ساقلايمەن.
سەن يارىمنىڭ ئەقىدىسىنى
دىلدا ساقلايمەن.

## 10. شەرۋازى

جاڭگالدا تولا توشقان (نەي)،
//: تولىدىن تولا توشقان. ://
ئىچىم دەردكە توشقاندا
دەردكە پايلىماي قاچقان.

قايتۇرما:

ئاللىيەي شەرۋازى،
ھازىر بولۇڭلار.
كەلسە دۈشمەنلەر،
باتۇر بولۇڭلار.

*　　*　　*

دەردىم تولا ئېيتايمۇ،
ھالىم تولا ئېيتايمۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
يايرىم ساڭا ئېيتايمۇ.

ئىچىم توشتى دەردلەرگە،
قان يىغلايمەن سەھەرلەردە.
ئۇچقىلى قانات بەرسە،
تۇرمايمەن بۇ شەھەرلەردە.

ئوڭ قولۇمدا ئاي پالتا،
بوسۇغاڭنى كولايمەن.
ئۇخلاپ قالماي سەگەك يات،
ئاخشام كېلىپ تۇۋلايمەن.

## ئىككىنچى چۈشۈرگىسى

### 1. خوش قۇدرەتلىك

/: خوش قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار، ئالەمنىڭ شاھى، :/
يەتمەمدىكىن بىر ئاللاغا :/ يېتىمنىڭ ئامى. :/

* * *

قايتۇرما:
شۇنداق يەردە بولسا غاپىل،
/: كەشتىم بۇ جاندىن. :/

بىزلەر يۇرگەن ئېگىز تاغلار، باغداشنىڭ تاغى،
قوللىرىدا ئەڭگۇشتەرى، تىللادىن باغى.

قارىغانغا كۆرۈنمەيدۇ دۇنيانىڭ ئۇچى،
دۇنيا دېگەن ئەسكى راۋات يىز يول ئۆتكۈنچى.

### 2. جانىم ئايلىناي دەيمەن

بىز كىچىك نادان چاغدا،
/: تاغدا پادا باققاندا. :/
دوست دۇشمەن ئارىسىدا،
يارىم بىلەن مەن باغدا.
قايتۇرما:
يارى - يار، جانىم ئايلىناي دەيمەن،
يارى - يار، خانىم ئايلىناي دەيمەن.

ھەر ئىككىڭلار ئوخشاشلا،
قايسىڭدىن كېچەي دەيمەن.

* * *

قومۇللاردا خوي ياتتۇق،
ئاتامنىڭ مىراسى دەپ.
جاپانىمۇ بەك تارتتۇق،
ياتقاننىڭ كىراسى دەپ.

قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
غول تۆۋەينىگە سايراپ.
كۆزنىڭ قارىسى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
تېرەك بېشىدا قاغا.
نېمە ئانچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا.

ئاتىم بادۇر ئىللادىن،
يۈگەن بېغى تىللادىن.
خۇدايىم بىزگە بەرمەپتۇ،
قېشى قارا يارلاردىن.

ئاتنى چاپتۇراي ئەمدى،
ئۈزەڭگىسىنى دەپشىپ.
تۆز يارىمنى تاپقاندا،
باشقىلار قالسۇن ئەپشىپ.

دەردى تولا شۇ يارنىڭ
كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق.
قاراپباقسام شۇ يارغا،
مەن كۆرگەن چىرايى يوق.

### 3. بۇ مېنىڭ بەختىم

ئاھ ئۇرۇرمەن، ئاھ ئۇرۇرمەن،
ئاھلىرىم (ئاي) تۇتقاي سېنى (ئايىرەي.)،
كۆز - يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم (ئاي) يۇتقاي سېنى. ۋاي. ۋاي... يارەي.

قايتۇرما:

بۇ مېنىڭ بەختىم،
سۇ بولۇپ ئاقتى.
ۋاي - ۋاي يارەي.
(ئېقىپ ئۆلەرمىز،
كۆيۈپ ئۆلەرمىز.
مەستان داغۇمەي)،

* * *

بۇ مېنىڭ شۇم تەلىيىم،
تەلەي ئىچىدە بەختى يوق
ھەرلا ئاتسام چۆچۈشىدۇ،
ئوڭ قولۇمدا نەخشە ⑫ يوق.

ئايىمۇ ئايدىڭ ياراتتى،
كۈن ئايغىمۇ، روشەن ئەمەس
مېنى خۇدا يالغۇز ياراتتى،
ماڭا يار ھەمراھ ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
جانىم تېخى تەندىدۇر.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم ھەمىشە سەندىدۇر.

ئاتلىدىم، ئۆتەلمىدىم،
چامدىدىم يېتەلمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنى
تاشلاپمۇ كېتەلمىدىم،

### 4. شاڭ ناخشا

(ھەي - ھەي)

پەسىم بارغۇ - پەتىم بار، (ھەي - ھەي - ھەي)
/: يانچۇغۇمدا قەنتىم بار (ھەي - ھەي - ھەي). :/
ئۆزۈم سۆيگەن يارىمدىن (ھەي - ھەي ھەي جانلار...
/: ئايرىلماسقا شەرتىم بار (ھەي - ھەي - ھەي).:/

* * *

يارىم بەرگەن ئالمىنى
ئالما بەردى دەپتىمەن.
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنى،
كۆڭۈل بەردى دەپتىمەن.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى،
ئوق قولۇمدا ساقلايمەن.
سەن يارىم ئۆلۈپ كەتسەڭ
ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن.

ھاۋانىڭ تۇمانلارى،
ساي يەرنىڭ قۇلانلارى.
سۇ دىسەم شەرۋەت بەرگەن،
باغداشنىڭ جوگانلارى.

بىلىگىنى مەھكەم باغلايسەن،
بەلىغىڭ يارغاقمىدى.
يۇرۇگۇمنى چۇشەنمەيسەن،
بىشىڭ خام قاپاقمىدى.

## 5. ۋاي خىنىم سۇزۇك چىراي

//:دوزاخ يۇزلۇك دۇشمىنىگدىن، ://
ئۇ يانمۇ قاش، بۇ يانمۇ قاش (يەي).
ئۇتىغا پايلىمساڭ (ئاللا يارەي...)
يۇگۇرۇپ قوپۇپ سۇلارنى چاچ (يەي).

(ۋاي) خىنىم سۇزۇك چىراي،
ئۇتۇگىغا مەن قانداق چىداي (يەي).
ئاپئاق ئايدىگغا چىقىپ (ئاللا يارەي)،
تاڭ ئاتقىچە تەمبۇر چالاي (يەي).

* * *

ئاققىنە گۇمبات ئىچىدە،
ئاقىرىپ ياتقان ئانام.
چۆرىسىگە گۇل تىرىپ،
بىزنى غىرىب قىلغان ئانام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخشام ئايدىڭ كوچىلار،
كۈندۈز ئايدىڭ كوچىلار.
گۈل بىلەن رەيھان پۈرايدۇ،
يارى يۈرگەن كوچىلار.

ئاداقچىمۇ - ئاداقچى،
بېشىڭ قاتۇر ئاداقچى.
ئاداقچىنى ئۆلتۈرگەن
بارماق سۈۋۈر قاراقچى.

ھەر تەرەپتىن دۈشمەن كېلىپ،
تىغ ئارىسىغا ئالسا مېنى.
بىر ئېگىلىپ ئوقيا بولۇپ،
كۆكسۈمدە تۇتسام سېنى.

### 6. كىچىك تۆرەم بار

ئېگىز يەردە تۆرەم بار، //: دالاڭ سالدىم (تۆرەم بار): //
ئاراشتا قالدى (بەگلەر ساچلىق ئايلالار).
ئون بەش ياشتا تۆرەم بار //: ئاشنا تۇتسام (تۆرەم بار):، //
تالاشتا قالدى (بەگلەر ساچلىق ئايلالار)

* * *

مەيلىڭ بولسا سەھەردە كەل،
قورقما ئۆلۈمدىن.
ئوڭ قولۇڭغا ئۈزگەچ كەلگىن،
جۇخار گۈلۈڭدىن.

يارىم بولسا، يېقىن بولسا،
يىراق بولمىسا.
ئېنى كىشى يارىم دەرمۇ،
ھالىنى سورىمىسا.

يىراق بولسا، يېقىن بولسا،
قارارىم يوقتۇر.
مەن يارىمنى كۆرەلىسام،
ئارمانىم يوقتۇر.

يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولغاننىڭ
يامانى يوقتۇر.

7 . ئاللەي

بەستەم - بەستەم يار بەستەم (ئاللەي)،
//:قېشى قارا پودەستەم (ئاللەي)://
ئەزىزغىنا ۋاقتىڭنى (ئاللا يارەي)،
ماڭا بەرسەڭ بىر سۆيسەم (يەي).

قايتۇرما:
ئاللا ... يارەي ...
كەلگەن قازاغا چارە يوق.
(ئۆلگەن موزاينىڭ بوينى يوق)

* * *

شائىغۇر - شۇئىغۇر ئۈن كەلدى،
قوپۇڭ، چەقمىڭ كىم كەلدى.
يۈگۈرۈپ چىقسام ھېچ كىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يار كەلدى.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا،
شەبنەم چۈشتى نىمىشقا.
سىناشمىغان شۇ يارغا
كۆڭۈل چۈشتى نىمىشقا.

ئىشىك ئالدى يانبۇلاق،
ئەگىپ ئۆتمەس ئارغىماق.
سەن مېنى خىل كۆرمىسەڭ،
ئەينەككە قاراپ شەكلىڭگە باق.

ھاۋادىكى ئىككى قۇش،
بىرى باغلاق، بىرى بوش.
ئاخشىمى ياتسام كۆڭلۈم خۇش،
ئەتىسى قوپسام قوينۇم بوش.

بىزنىڭ ئۆيلەر بۇلاقتا،
دالىڭ - قاچا ئۇلاقتا...
بىزنى دېگەن يارەنلەر،
ئۇرۇمچىدە پالاقتا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 8 ـ 9. خۇمۇرۇم ھەم گۈلۋانىخان يارەي

خۇمارىمما ـ خۇمارىم،
/: (ئايرەي) تۇمارىمدىن ئايرىلدىم. /
/: خۇمارىمنى دەپ بېرىپ (خۇمارىم)،
شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم. :/

* * *

ماڭۇرغا يوللۇرۇم تۇزدۇر،
كېچە ماڭا كۈندۇزدۇر.
قويۇپ بەرسەڭ كېتەرمەن،
يارىم ئاندا يالغۇزدۇر.

ئاغرىۋىدىم ئۆلگىلى،
كېلىپتۇ يارىم كۆرگىلى.
قوپقىچە يوقتۇر ماجالىم،
يارىمغا تەزىم قىلغىلى.

كېچە كەلدىم شۇ داۋانغا،
سەرۋە بويلۇق كەلمىدى.
سەرۋە بويلۇق يارنى دەپ،
كۆزلەرگە ئۇيقا كەلمىدى.

## 10. جانىم بولسالا (ھەپتەرەڭ خېنىم)

يۇقىرىدىن شامال كەلسە،
/: ئۆستەڭنىڭ شامالىمۇ. :/
بېشىم ئايلىنىپ كەلدىم،
يارىمنىڭ خۇمارىمۇ.

قايتۇرما:

ھەپترەڭ خىنىم،
زەپىرەڭ خىنىم.
بۇغداي نىنى يوق،
زاغرا يەڭ خىنىم.

(جانىم بولسىلا،
خانىم بولسىلا،
بىر سۆيۈپ ئالاي،
رازى بولسىلا.)

قارا قاش باشتا بولۇر،
سەگۈنچىكى (73) ساچتا بولۇر.
ئەگەل ئاخشام بىرنى سۆيسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

بۇ مىنىڭ مەيلىمچە بولسا،
كەتمىسەم يار قاشىدىن.
خەلقى ئالەم ئالدىدا
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
بېشىمغا قويدۇم تېگىنى.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنىڭ
ئازلا قويدۇم جىنىنى.

يار ئۆيى يېقىن بولسا،
تىلىم بىلەن نان بەرسەم.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
قۇچاقىدا جان بەرسەم.

تال كۆكەردى، مايسا بولدى،
قول سېلىپ كەلسەڭچۇ يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
بىر كېلىپ كۆرسەڭچۇ يار.

ئەگىل ئاخشام ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى ساقلاپ كۈن چىقتى،
ئاچ قويىنۇڭنى جانان قىز.

## 11. چوڭ تۆرەم بار

كەچ بولۇپ يۇلتۇز چىقىپتۇ، //:(ئايلا خېنىم تۆرەم بار)://
مەن قاچان ئۆيگە ياناي. //:( " " " )://
بىرگىنە ئالما بېرىڭ، //:( " " " )://
ھەمراھ قىلىپ ئۆيگە ياناي. //:( " " " )://

قايتۇرما:

ئايلا خېنىم چوڭ بولسىلا،
ئۆينايدىغان ئۆيلەر بار.

سەن كېچە ئۇيقاڭغا مايىل،
مەن سېنىڭ كويۇڭدا زار.
تاغدا كاككۇك بالىسىدەك
تاڭلار ئاتقۇزغىلى زار.

سېرىق زەپەر، تولۇن ئايىم،
يۈزۈڭگە نۇر يارىشىپتىمۇ.
سېنى كۆرگەن زامانلاردا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

يارىم خانىنىڭ رومالى،
ساچ بېغىدا تۇمارى.
ئاخشام ئىچكەن سىنچاينىڭ،
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

## 12. جېنىم ئاغىچام

ئاخشام بولسا ياتمايمەن،
: // پەنجىرەگىدىن پاتمايمەن (نەي).: //
: // نەچچە كۆنلۈك ئالەمدە (جېنىم ئاغىچام)
سېنىڭ دەردىڭنى تارتمايمەن (جېنىمەي...): //

*  *  *

ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ
قاناتىدا تويا يوق.
چىرايلىققا كۆيمەگىلار،
چىرايلىقتا گۇپا يوق.

ئەتە كۈنگە چارشەنبە،
ئات ھارۋاڭنى قوش ئەمدى.
بىز ئەمدى كېتەر بولدۇق،
يارىم سىزگە خوش ئەمدى.

ئاتنى مىندىم ئالدىمچە،
قارمۇقچىغا بارغۇنچە.
بار پۇلۇمنى خەجلىۋالدىم،
زەرۋاپ تونلۇق ئالغۇنچە.

ئېرىقىڭدا سۇ يوقمۇ،
بېلىقلارغا نە بوپتۇ.
بارچە خەقلەر ئويناپتۇ،
بىز ئوينىساق نە بوپتۇ.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى،
كۆلگە باشلىماق يارىم.
ئەقلىي ـ هوشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماق يارىم.

قاشىڭنىڭ قاراسىگە،
خال بولاي ئاراسىگە.
ئىچىم كۆيدۇ جانىم،
كۆزۈڭنىڭ خۇماسىگە.

قېشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى دىۋانە.
جاهان ـ ئالەمدە بارمىكىن،
سېنىڭدەك ياخشى رەنانە.

ئالىمدەك رەڭلىك ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى يىراق.
ئىزدىسەڭ، ئىزدە مېنى،
ئىزدىمىسەڭ كەتتىم يىراق.

يۈرۈكۈم چاچۆش ئەمەس،
سۇنى قويۇپ قايناتقىلى.
مەن ئۆزۈم ئۇخلاق ئەمەس
يارلار كېلىپ ئويغاتقىلى.

كېتەمدىلا خوش ئەمدى،
كېلەمدىلا سالامەت.
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم،
بويىلىرىنى ئامانەت.

## 13. يۇمىلاق جۇگان

ئېگىز تاغقا مەن چىقسام،
//:سارايىنىڭ نېمەسى بار.://
سېنىڭچە ياخشى يار بولسا،
ئۆزگىنىڭ نېمەسى بار. (ئايىرەي)

قايتۇرما:

يۇمىلاق يۇمىلاق قوش يۇمىلاق،
سەن چىرايلىق مەن ئامراق،
يۇمىلاق جۇگان ئايىرەي....

* * *

مەن كۆيدۇم ساڭا يارىم،
سەنمۇ ماڭا قارىمايسەن.
ئوتتۇمدا تولا كۆيدۇم،
مېنىڭ ھالىمنى سورىمايسەن.

يېنىڭغا كىرىپ باقسام،
جىگەرىڭ بار، يۈرىكىڭ يوق،
سېنى خەتلەپ ئالاي دېسەم،
دوگەت ـ قەلەم، سىيايىم يوق.

قاپقارا قاشلىق يارىم،
جېنىم پىدا بولغاي ساڭا.
جېنىمدىن كەچكەن كىشىلەر
ئاشنا بولغاي ساڭا.

مەنمۇ جېنىمدىن كېچىپ،
ئاشنا بولدۇم مەن ساڭا.
يار كېلىپ جېنىمنى ئالغىن،
يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.

بېغىڭدىكى گۈللەرگە
بۇلبۇل قونسا سايرامدۇ؟
ساڭا كۆيگەن يۈرەككە
چەينەك قويسا قاينامدۇ؟

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن،
سارغايغان يايلاقلارغا.
يار دەردى يامان ئىكەن،
چىقىپ كەتسە يىراقلارغا.

مەن سىنىڭ غېرىبىڭمەن،
ئۆتىلىرىڭ ئەجەب يامان.
ئۆلۈمگە ئىلاجىم يوق،
تىرىك ئايرىلغان يامان.

### 14. مىرزانگۈل

//: ئاخشام بولسا ماڭمايمەن،
ماڭسام پۇتۇم ئاغرىيدۇ. ۋاي دات ھەزرەت. ://
سەپەر كەتكەن يارىمغا،
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

قايتۇرما:

مىرزانگۈلۈم، مىرزانگۈل،
قىسقان گۈلۈم، ئالتۇن گۈل.
گۈلشەدىخان، ئاپارەي...

* * *

جان سەيدەم، جېنىم سەيدەم،
ئاغرىيدۇ مېنىڭ مەيدەم.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ سەيدەم،
ساقايسۇن مېنىڭ مەيدەم.

تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئۈستەڭ ياقىلاپ بارسام،
مىراپ سەپتۇ كۆۋرۈكنى.
مەن ئۆزۈمچە كۆيگەنمۇ،
خۇدا سەپتۇ كۆيۈكنى.

## 7. مۇشاۋىرەك مۇقامى (دەردىڭگە داگا مۇقامى)

### بىرىنچى چوشۇرگىسى

#### مۇقام

گۇناھىم بىي ھېساب كۆپتۇر،
مەن ساڭا ئەرز ئېيتقىلى كەلدىم.
كونا زەنجىردىن بوينۇمنى
ئازاد ئەتكىلى كەلدىم.

جانان ئاي...بىي...بىي يارەسۇلىللا، ئاي بىي يارەسۇلىللا
ئەزەلدىن تا ئەبەت دوستلار،
بىلىڭلەر ئاللاھۇ دەپ كەلدىم.
تىلىمدە رەببىيەل ئەلا،
ئەزىز دىيارى دەپ كەلدىم.
جانان بىي...بىي...بىي يارەسۇلىللا، ئاي... بىي يارەسۇلىللا.

* * *

#### 1. دەردىڭگە داگا

//: ئىللەتنى ماڭا //: (ئاي)،
//:سەپتۇ خۇدايىم نەقىلاي، ://
//:يانا تەقدىرى خۇداغا، ://
مەن نۇچۇك چارە قىلاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاي ... يارەي ئاي ناۋا دا غوم،
دەردىڭگە داۋا.

قايتۇرما:
ئاغرىققا شىپالىق بەرگۈچى
ئۆزۈڭسەنەي...

* * *

دەردىڭ نېمىدۇر،
دەردى - پىراقىڭ نېمىدۇ؟
بىۋاپا يار ئالدىدا
مېنىڭ گۇناھىم نېمىدۇ؟

بارساق بارسالى،
ئاشىقلىنىڭ بازارىغا.
زۇلپا سالىنى،
ئىلغاپ بىرىپ ئامدانىغا.

يارىم سېنىڭكى،
جۇپتى ئانارىڭ بارمىدى.
كىشىنىڭ يارىدا،
سېنىڭ تامايىڭ بارمىدى.

خۇشمۇ كۆيدەردىڭ مېنى،
ئوچاققا سالغان چالمىدەك.
خۇشمۇ سارغايتتىڭ مېنى،
بەرگىدە سۇنغان ئالمىدەك.

ھەنە بەجىن خورىزى
پۆپۈكلىرى ئالتۇن بوياق.
زامانىنىڭ دوشقارىدا، (74)
قۇللار ئاتلىق، بەگلەر ياياق. (75)

(ئالتۇن خورىزىم، ئالتۇن خورىزىم،
پۆپۈكلىرى قىزىل بوياق.
زامانىنىڭ دوشقارىدا،
قۇللار ئاتىلىق، بەگلەر ياياق.)

## 2. يارىم ھەق

//:يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۆزگى بۇغدايلار قېنى، ://
جان چىقۇر ھالەتكە يەتتى،
جان قېرىنداشلار قېنى.

قايتۇرما:
يارىم ھەق، داغۇمەي، دەردىڭگە داگا،
ئاغرىققا شىپالىق بەرگۈچى خۇدايىمەي.

* * *

باغدا چوكان سارغىيىپ،
يارىم سارغايتتى مېنى.
ئۆزى ئايدەك، كۆزى چولپان،
زارى يىغلاتتى مېنى.

يوللاردىن كېتىپ بارسام،
چىللاتتىلا - چىللاتتىلا.
مېھرىبان بۇ كۆڭۈلنى
چىللاپ كېتىپ يىغلاتتىلا.

گۈللا بولسا گۈل ئەمەس،
گۈللەرنىڭكى رەڭگى بۆلەك.
يارلا بولسا يار ئەمەس،
يارلارنىڭكى خۇيى بۆلەك.

### 3. ئانار گۈلمەن داغەي

‖: ئۆرۈك ئوتۇنى قالاپ،
سۈنى سېپىپ ئۆچۈرسىلە. :‖
بىز غېرىبنىڭ ھالىنى
ئوينىاپ - كۈلۈپ كۆچۈرسىلە.

قايتۇرما:
ئا - يارەي، ئانار گۈلۈم، داغۇم گۈل باغىڭدا مەن،
ئايلام جېنىمەي، چوكان ئايلام خېنىمەي.

* * *

خۇش خۇدانىڭ تەقدىرىدىن،
بېشىمغا چۈشكەن بىر كېسەك.
بىرگىنە ئالما تېپىپ،
يارىم بىلەن بىرگە يىسەك.

مەن بۇ يەردىن كېتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن.
مەنزىلىمگە يەتكەندە،
يارنى ئېلىپ كېتەرمەن.

خۇش نىيەتلەر بار ئىدى،
يار ئاغرىسا باقايلى دەپ.
تالىدىن چۆكەن ئېلىپ،
ئۆرۈپ چۆرۈپ ياقايلى دەپ.

## 4. ھەييار

//:قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتىدىن ئايرىلمىسۇن (ھەييار).://
قىز بالا ئاجىز نېمە
ئاناسىدىن ئايرىلمىسۇن (ھەييار).
يارى - يار ھەييارەي،
قارلىغاچ قارا، باغرى ئالا ھەييار.

قايتۇرما:

//:موردىن ://چىققان تۈتۈندەك،
يارنىڭكى كۆڭلى قارا (ھەييار).

* * *

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتلىرى ئالا بولۇر.
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاناسىغا ھەمراھ بولۇر.

قارلىغاچ ئوبدان نېمە،
يازلىقى بار، قىشلىقى يوق.
يېڭى يارمۇ ئوبدان نېمە،
ئاغزىدا بار، كۆڭلىدە يوق.

قالىغاچ قارا بولۇر،
قاناتلىرى ئالا بولۇر.
مەن يىراقتىن يارنى تۇتسام،
بېشىمغا بالا بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارلىغاچ ئۆزى قارا،
ئۇچسا ئۇنىڭ باغرى ئالا،
موردىن چىققان تۇتۇندەك،
يارنىڭكى كۆڭلى قارا.

قارلىغاچ ھەي قارلىغاچ،
قاناتلىرى ئالماش.
لېۋىڭگە ناۋات سالاي،
بېرى كەل، بولغىن ئاداش.

قارلىغاچ تۈڭلۈككە كەلدى،
ئۇيقىدىن كۆزۈڭنى ئاچ.
ئۇيقىدىن نېمە چىقىدۇ،
ئولتۇرۇپ كۆڭلۈڭنى ئاچ.

قارلىغاچنىڭ بالىسى.
سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم.
مەن سېنى يوقلاي دېسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

قارلىغاچ — ھەي قارلىغاچ،
ئۇچساڭ مېنىڭ ئالدىمدىن ئۇچ.
قاناتىڭغا خەت پۈتۈرمەن،
ئاپىرىپ يارىمغا تۇت.

قارلىغاچ قېيىپ ئۇچار،
قاناتىنى يېيىپ ئۇچار.
شۇ خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
كىمنىڭ يارىنى كىم قۇچار.

## 5. ئايلى چىققان يارەي

ماڭغىچە تۇرساڭ نېمىدى.
/:(ئاي) غەم بىلەن يول ماڭغىچە.:/
ئولتۇرۇپ سالساڭ نېمىدى،
(ئاي) يار تىرىك ئايرىلغىچە.

قايتۇرما:

ئايلى چىققان يارەي،
ئاي ۋەدىسى يالغان.
ئاي خېنىمەي بىۋاپا.

* * *

كاككۇگۇمنىڭ ئۈنىنى،
ھەر دەم ئاڭلاپ كېلىمەن.
ياردىم بەرگەن پوتىنى،
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

دېپىڭىزنىڭ زەنجىرى،
ئۈچ ـ كېلەرمۇ، تۆت كېلەر.
ھەر كىشى يارىنى تاپسا،
ئىچ ـ باغرىنى كىم بىلەر.

دوپپىڭىزنىڭ چەشمىسى،
ئۈچ كېلىدۇ، تۆت كېلىدۇ.
يېڭى يار تۇتقان بىلەن،
قاچان كۆڭۈل جۇپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يار بېشىدا شال ياغلىق،
قاش كۆزى كۆرۈنمەيدۇ.
يار ئالدىمدا ئولتۇرسا،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

يارىم ماڭغان كوچىلارنى،
سۈپۈرەي ساچىم بىلەن.
سۇ سېپىپ سالقىن قىلاي،
كۆزۈمدىكى ياشىم بىلەن.

يار بارادۇ يورغىلاپ،
ئالدىدا تۇردۇم تورىلاپ.
ئالتە جۈپ قىزنى قويۇپ،
سۆيدۈم سېنى ئارزۇلاپ.

يار بولسا تۈزۈك بولسا،
بەش قولىدا ئۈزۈك بولسا.
دوست - دۈشمەن ئاراسىدا،
قايرىلىپ سۆيۈپ قويسا.

## 6. ئېگىز دالاڭ

//: بۇ دالاڭ ئېگىز دالاڭ (گەي)
ماۋانىخان ياتقان دالاڭ (گەي).: //
بېلىدە زوچو پوتا (يارەي)،
قوينىدا زاكىر غوجا (يەي).

قايتۇرما:
ئايىرەي، ئېگىز دالاڭ يول ياقىسى (يەي)،
ئايىرەي، ئەگىپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى (يەي).
ئىچى مارجان، تېشى ياقۇت،
ئۇمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى(يەي).

* * *

ئۆيىڭىز يول ياقىسى،
ئەگىپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئۆزىڭىز خۇش خۇي جۇگان،
ئۇمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.

داپنى كەر يارغان بىلەن،
مەيدەڭنى نەم يەرگە يېقىپ.
سەن بېشىڭنى تاشقا ئۇرما،
ئەسقاتمىغان يارغا بېقىپ.

شۇ خېنىمنىڭ مېڭىشى،
كاتتىلىق ياڭزا بىلەن.
شۇ خېنىمغا ئاشنا بولساڭ،
باقىدۇ ساڭزا بىلەن.

مەن ياتتىم زاۋال بىلەن،
تاڭ ئاتماس خىيال بىلەن.
ئىزدەپ بارسام يارىمنى
كېتىپتۇ يارى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارا ساينى ياقىلاپ،
ئالدىم قولۇمغا تاشنى.
ئۆيمۇ — ئۆيلەردە يۈرۈپ،
ئەمدى كۆرۈڭ ئوينا شنى.

قونتاجىنىڭ لەشكىرى،
قىلدى خەلققە سورۇقلۇق.
سارسىپلىشتى خالايىق،
ئۆي ماكانى تۇرۇقلۇق.

## 7. سەن پادىشاھ سەن

//:يول يىراقى، جان پىراقى،
سۆزى شىرىنىگە سالام (مەي). ://
ئۆيدىكىلەرگە بىر سالام (مەي)،
خىيدىكلەرگە مىڭ سالام. (مەي)

قايتۇرما:
سەن پادىشاھ سەن، مەن بىر گادايمەن،
رەھىم ئەيلىسەڭچۇ بىچارىلەرگە.

* * *

ئاينى ئايماقتا دەڭلار،
سەرۋەگنى يايلاقتا دەڭلار.
يەنە سەرۋەڭ چېچەكىنى
ئايلا خېنىمنىڭ دەڭلار.

دازىگۇ (76) سەرۋەڭ ئارا،
تىزدا يېغىپتۇ قارلار.
بىزنىمۇ ياتلامدىكىن،
ئارقىدا قالغان يارلار.

سەۋزىردەڭ قۇشقاچ بولۇپ،
ئۇچسام قاناتىمنى سوزۇپ.
كەلدىسەڭمۇ كېلىمەن
ئەگرى ـ توقاي يولنى كېزىپ.

## 8. كىچىك ھەيرانوم

‖: كەندىر تۈۋىدە كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن ئەپلىك. :‖
ئوڭ يانىدا ساچى بار.
تولغاپ سۆيگىلى ئەپلىك.

قايتۇرما:

ئاللايىم جان ئاللايىم،
مەن ھەيران ساڭا يارىم.

* * *

يارىم كەتكىدەك ئەمدى،
كەتكۈزگىلى يول بولسۇن.
مېنى تاشلاپ كەتكەنىڭ
ئىككى كۆزى كور بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هوگىدا كېتىپ بارغان،
بىر يالغۇز قارا قارغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىگۇپا بىزنىڭ يارغا.

ئالمىنى بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا.

ئالماتۇ دېگەن شەرنىڭ
ئالمىسى تولا ئىكەن.
يۇرتۇڭدا غېرىب بولدۇم،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

نەگە بارىسەن قاغا،
ئۆركەش تامدىكى يارغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
باغرىم قانمىدى يارغا.

تولا قاردىم ساڭا،
بىر قارىمىدىڭ ماڭا.
قارىمساڭ قارىما،
ئۈۋالىم بولۇر ساڭا.

كۆپ ئىزالار قىلدىلار،
بىزمۇ ئاجايىپ پايلىدۇق.
كۆپ ئىزانى ئىشتىپ.
بىزمۇ سىزدىن جايلىدۇق.(٧٧)

بىر بالاغا ئۈچقۇدۇم،
ئىككى بالاغا ئۈچقۇدۇم.
بوينى باغلاق بوز لاچىنىدەك،
ھېزىر بالاغا ئۈچقۇدۇم.

خويما قاشتۇر، خوشما كۆزدۈر،
خويما يالغانچى ئىغىز.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن،
سۆيدۇم سىنى جاندىن ئەزىز.

ئىزدىمەس كۆڭلۈم سىنى،
يار ئىزدىگەننىڭ يارى بول.
كىم سىنى يارىم دىسە،
بىرىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول.

باغ بىلەن بوستانغا چىقسام،
يا بىلەن كا ئۈچقۇدى.
سەپىرىمنىڭ بەخلىغىدىن
جۇاڭزىلىق كا ئۈچقۇدى.

## 9. ئايلا جۇگان

ئىگىز يەرگە (ئايىرەي) //: چىقماڭ يارىم، : //
كۆرۈشتى دىيدۇ (ئايلا جۇگان ئايىرەي)
تال بويۇڭنى (ئايىرەي) //: ئەگمە يارىم، : //
سۆيۈشتى دىيدۇ. (ئايلا جۇگان ئايىرەي)

* * *

قارىغانغا كۆرۈنمەيدۇ،
سايىنىڭ قاراسى.
ئىككى جۇگان چىقىپ كەلدى،
بىزنىڭ يار قايسى.

ھاۋامىكىن، بۇلۇتمىكىن،
يامغۇر تامچىلار.
يارنىڭ قويىنى بەھىش ئىكەن،
كۆڭلۈم ئىچىلار.

قايرىلماقاش شۇ يارىمنىڭ
نەشپۈت باغى بار.
يىغىپ كۆرسەم يۈرىكىمنى
كۆيگەن داغى بار.

10. ياچىبەگ

// :ياچىبەگ ئەخمەق ئىكەن (يارىگۈللا)،: //
// :بىلىمدە چاقماق ئىكەن (دوستى گۈللا).: //
ياچىبەگنى ئۆلتۈرگەن (يارى گۈللا ئىگىل)،
جالالىق قالماق ئىكەن (دوستى گۈللا ئىگەم يارغا بىقىپ ئىگىل): //

* * *

ياچى دېگەن يانجىدۇ،
ئۇچرىغانغا سانىجدۇ.

ياچىغا ئىگىلمىسەڭ،
تاياق بىلەن يانچىدۇ.

ياچى دېگەن بىر كىشى،
ئارقى - ئالدىدا ماڭ كىشى.
ياچىغا ئىگىلمىسەڭ،
قۇتۇلالمايدۇ كىشى.

توغرا تاغنىڭ ئالدىدا،
توسۇۋالدۇق ياچىنى.
هېچ ئىلاجىگە قويماي،
باغلاپ ئالدۇق ياچىنى.

قىلىن توغراق ئىچىدە،
ياچىبەگنىڭ ئىزى بار.
ئالاي دېسەم بەرمەيدۇ،
بويىغا يەتكەن قىزى بار.

## 11. يارئىگىل — ئىگىل

//: يامان بىلەن ئۆمرۈم مېنىڭ، (يار ئىگىل - ئىگىل): //
//: زايا ئۆتكۈنچە، (خانلار سايان ئىگىل): //
//: ياخشى بىلەن خىجالەتنى (يار ئىگىل -ئىگىل): //
//: تارتسام يارىشۇر. (خانلار سايان ئىگىل): //

* * *

ئۇ مەلەڭدىن، بۇ مەلەڭگە،
يوللار بارمىكىن.
يار ئاغرىقى يامان ئىكەن،
دورا بارمىكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
بالام دېمەسۇن.
شۇ كويلارغا خۇدا ساپتۇ،
يامان دېمەسۇن.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مېنىڭ ھالىمنى،
ئۈستۈن خۇدا ئۆگەم بىلۇر،
سارغايغىنىمنى.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نەدەپ تۇغدىكىن.
شۇ كۈنلەردە قالۇرۇمنى
بىلمەپتىمىكىن.

ئاتام مېنى چاڭخو قىلىپ
يامبۇ تاپامدۇ؟
شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەم
قۇمدىن تاپامدۇ.

## 12. پوتا ساچ خانلار

‖:سىم - سىم ئارىلاپ يامغۇر ياغدى (ئايىرەي لەيلوك)
تاغلارنى بويلاپ (جېنىمەي پوتا چاچ خانلارەي):‖
‖:كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى (ئايىرەي لەيلۇك)
يولۇڭغا قاراپ (جېنىمەي پوتاچاچ خانلارەي).:‖

* * *

* * *

تالى دىيدۇ، تالى دىيدۇ،
شۇ يەرنىڭ تالى.
ئىپتسام - ئىپتسام تۆكۈمەيدۇ،
سەن يارنىڭ هالى.

تالى - تالى جىگدە تالى،
ياڭاقنىڭ تالى.
مەنمۇ بۇندا يالغۇز قالدىم،
يارىم كەتكىلى.

دورا دىيدۇ - دورا دىيدۇ،
قىچىلا ياغىنى.
ئەقلىڭ بولسا سۆيەرمىدىڭ
كىشىنىڭ يارىنى.

يارىڭ بەرگەن مارجانىڭنى،
تاشلىما تۇمانلارغا،
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى،
خار قىلما يامانلارغا.

سۇغا - سالسام سۇ كۆتۈرمەس
مىسقال تۆمۈرنى.
گۆهەر بىرىپ ئېلىپ بولماس،
قالغان كۆڭۈلنى.

يارنىڭ مىسقالىنى
مىڭ سەرگە ئالسام ئاز ئەمەس.

يارنىڭ ئاچچىقى كەلسە،
بېشى ئاغرىپ سۆزلىمەس.

دەردىڭ بىلەن پىراقىڭدا،
ئۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ يارىم،
سۆيگۈدەك بولدۇم.

قارا كېچە قارايىغاچ،
مېنىڭ يولداشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلىسا،
تۆكېلەر ياشىم.

## 13. قارلىغاچ قارا

يارنىڭ ئۆزىگە تايىن،
//:قىچقارغانغا مەن بارغان://
كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ (قارلىغاچ قارا ئايارىدي)
قۇلاق ئىشىتكەن يالغان. (باغرى ئالا يارىسېنىڭ
دەردىڭەي)

ئېتىم بولسا ئىللادىن،
يۈگەن باغى تىللادىن.
خۇدايىم بىزگە بەرمەپتۇ
قېشى قارا يارلەردىن.

يارىمنىڭ قىيا تۇۋغى،
ئېچىلسا يېپىلامدۇ؟
كۆڭۈلدىكى يارلارنى
ئىزدېسە تېپىلامدۇ؟

ياردىمىڭ قىياقوۋغى،
ئېچىلىشى نازى بىلەن.
ئۆزىڭىز قاۋۇل جوگان،
ئويىنىشىڭىز غەيرى بىلەن.

سېنىڭ مەنغۇ - سېنىڭ دەن،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن.
ئىشلەتكىلى ئۇيۇگمەن،
سېتىۋالغان قۇلۇگمەن.

ئالتۇن ئۇزۇك سوقتۇردۇم،
كەھرىۋادا كۆز قويۇپ.
تاشلاپ كېتەمسەن مېنى،
ئۆيۈگدە يالغۇز قويۇپ.

دۇتتارىڭىز ياغاچتۇر،
ئاۋاز بەرگەن تارىسى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.

ئېرىقىڭنىڭ سۈيى ئاز،
تۈگمىنىڭنىڭ سۈيى ئاز.
قاچانغىچە يۈرۈيمەن،
ئەگىشىپ ساڭا قىشۇ - ياز.

## ئىككىنچى چۇشۇرگىسى

### 1. شەمشۇا تەكىب

شەمشۇا (يەي) تەركىبنى ئېيتسام،
/: (ئاي) سۇ بولۇر (رەي) باغرىم مېنىڭ.:/
ياندۇرۇپ (ۋەي) مەشرەپكە سالسام،
/: (ئاي) ئۆرتۈنەر (رەي) جانىم مېنىڭ.:/

* * *

گۈلسۈسەر گۈلنى كۆرۈك،
بەرگى سايان قايرىلىدۇ.
بىۋاپا يارنى كۆرۈك،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىدۇ.

كېچىلەپ تامنى تېشىپ،
يالىڭاياق سۇنى كېچىپ.
سېنى دەپ كەلمىدۇقمۇ،
بۇرۇنقى يارلاردىن دەپ.

باغچىلارەي - باغچىلار،
گۈللەر ئېچىلغان باغچىلار.
سىز يارىم قۇلاق سېلىڭ،
سىزگە ئېيتقان ناخشىلار.

ئاخشىنى ئېيتقان سىلەن،
ئاخشىنىڭ قازاسى يوق.
يار يىراقتا كەتكىلى،
يۆرەكنىڭ تازاسى يوق.

چىك ۋاڭ غوجامنىڭ بەرگىنى،
بىر مۆشچە تاي، بىر مۆشچە تاي.
بەرسىچۆ چوڭ بەرسىچۆ،
كۆز - كۆز قىلىپ پىرە ئۆينىتاي.

## 2. زىنۋىدە تەركىب

غېرجىكگىنىڭ دەستىسى (جېنىمەي - جېنىم، جېنىمەي جېنىم)
ئۆردەك بېشى كەكلىك قېشى (زىنۋىدىخان ئايلا)
يېگى يار تۇتقان كىشى (جېنىمەي - خېنىم خېنىمەي، جېنىم)
كۆز ئاشقى كۆكۆل خوشى (زىنۋىدىخان ئايلا)

* * *

دەردىنىمۇ تارتقان بىلەر،
ئاغرىقىنىمۇ تارتقان بىلەر.
يار قەدرىنى يار بىلەر،
ئالتۇن قەدرىنى دانىكەر.

ئاقىنە كۆگلەك كىيىپسىز،
قىپقىزىل جىيەك تۇتۇپ.
يارى يوقمۇ شۇ جۇگانىڭ
ئولتۇردۇ ئېگەك تۇتۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاققىنە كۆكلەك كىيىپسەن،
شايى كۆكلەك داڭدىمۇ.
ياردىن ـ يارغا يۆتكىلىپ،
يارلىق ئاۋازىڭ قاندىمۇ.

ئاققىنە كۆكلەك كىيىپسىز،
كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
سىز تولا ئاسمانغا باقماڭ،
سىزنى كىممۇ ئىنلىسۇن.

## 3. خۇمار تەركىب

هاراق ئىچتىم جوگزىدا[78]،
//:قايناپ تۇرىدۇ خويىدا[79] (يەي).://
ئىچمىسەم قانداق چىداي (يەي)،
//:ئايلا جۇگانىنىڭ كويىدا (يەي).://

* * *

هاراق ئىچسە، ئىچكۈلۈك،
ئاشقلىرىدىن كەچكۈلۈك.
ئاشىقى قارىمىسا،
ئىزدەپ يۈرۈپ ئەگەشكۈلۈك.

هاراق ئىچمەي دىۋىدىم،
ئىچمەي هاراقنى نەقىلاي.
ئىچمىسەم رەنجى خۇمارى،
ئۆتۈشكە مەن قانداق چىداي.

ئىچتى دەرلەر ـ ئىچتى دەرلەر،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار.
ياخشىلار تۇتسا ھاراق،
ئىچسە يۈرەككە پايدا بار.

ئىچمىسەم شەربىي ـ شاراب،
يار ئالدىدا ھالىم خاراب.
كېچىسى كەلمەس ئۇيقۇم،
سەھەر قوپۇپ يولغا قاراپ.

## 4. غۇجۇرتى تەركىب

ئاتا ـ ئانامدىن ئەزىز، (يەي)
‖: چۆللەردە سۇ بەرگەن قاپاق. (يەي) :‖
بۇ مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم،
ئاي مېھرىبان يارغا قاراڭ (ئايارەي).

* * *

نە گۇناھىم بار ئىدى،
يار ئايلىدا، يار ئايلىدا.
ھېچلا ئىش مەلۇم ئەمەس،
قىلغان ئىشىم يار ئايلىدا.

رەڭمۇ ـ رەڭ گۇللەر ئېچىلدى.
ئەتىيازدىن كۈزگىچە.
ھەر كىشى يارىنى تاپسا،
شۇنقادىر شۇ كېچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ كېچە مېلىس كېچىسى،
يار بىلەن - يارلار بىلەن.
خوش تولا داڭلار كۆتەردۇق،
داڭ بىلەن داڭشاڭ بىلەن.

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
لەيلى مەجنۇن تالغا ئوخشار،
بۇ سېنىڭ ئېيتقان سۆزۈڭ.

ئاينى ئايدىڭدا دېسەم،
ئاسماندا يۇلتۇز بار ئىكەن.
يارغىنەمنىڭ ئوتىدىن،
يۈرەككە سانچىلدى تىكەن.

ئاينىڭ ئايدىنى يوق،
بۇلۇت قېشىدا بار ئۈچۈن.
مەن يارنىڭ كۆڭلىدە يوق،
يارى قېشىدا بار ئۈچۈن.

يار كېلىپ ئالدىمدىن ئۆتسە،
قاپقارا مۈڭلار ماڭا.
چۆرۈلۈپ ئالدىمغا كەلسە،
تار كېلەر دۇنيا ماڭا.

يار كېلەر ماڭا - ماڭا.
قولنى سالا - سالا.
يارى ماڭغان كوچىلاردا،
گۈل ئېچىلار يوللار ئارا.

گۈل تۇۋىدە ئولتۇرسام،
گۈل سۇيى گۈلگە تامۇر.
ئارزۇلۇقنىڭ ئارزۇسى
يارىنى كۆرگەندە قانۇر.

گۈلنى گۈلگە بەردىلەر،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلەر.
ئۆز خىلىنى تاپقىچە
پەيلى يامانغا بەردىلەر.

مەن بارۇرمەن باش ئېلىپ،
ئىككى قولۇمغا تاش ئېلىپ.
مېنى دېگەن دوستلۇرۇم،
قالسۇن كۆزىگە ياش ئېلىپ.

كۆيۈپ قالدىم دېسەمۇ،
پەرۋايىڭ يوق مەن بىلەن.
مېنىڭ مەيلىم سەندىدۇر،
سەن يۈرۈيسەن كىم بىلەن.

### 5. تۆمۈر قىز تەركىب

ئايى ئاسماندا دېسەم،
تار كوچىدا //:ئاي بار ئىكەن://
يارنى مەن قاۋۇل دېسەم،
//: ياردىنمۇ قاۋۇل بار ئىكەن.://

* * *

سىغىنىپتۇر مەن سىنى،
نەچچە يىراقتا بولسىلا.
ئاچىلۇرمەن غۇنچە رەڭلىك،
بىرلا قاراپ قويسىلا.

سەن سىغىندىڭمۇ مىنى؟
ئەجەب سىغىندىمغۇ سىنى.
سەن قەيەردە سىغىندىڭ،
مەن يۈرىكىمدە سىنى.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتىمەن،
ساغىرىپ ساي باشىدا.
كۆلگىنىم پاشالىقىم،
ئولتۇرغۇنۇم يارقاشىدا.

جۈپ چىراغىنىڭ كۆيگىنىدىن
كۆيىمگىنى ياخشىراق.
بىۋاپانىڭ سۆيگىنىدىن
سۆيىمگىنى ياخشىراق.

گۇپايىڭ يوق ئىكەن،
ئاقتى كۆزۈمنىڭ قارىسى.
بىلمىسىز سەن يارنى دەپ،
قالمىدى يۈرەكىمنىڭ تازىسى.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
قارىقاش جۇگانلارنىڭ
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

ئوڭ كۆزۈڭنىڭ ئېتى تولا،
سولغاي كۆزۈڭنىڭ قارىسى.
بىگۈپانى بىلىپ تۇرۇپ،
بەرگەن كۆڭۈلنىڭ سازىسى.

### 6. ئىشاغى تەركىب

ئالا ئات كىمنىڭ ئېتى،
// :مەمەت سېلىم كا[80]نىڭ ئېتى.: //
// :ئۆزى بەجىنگە كېتىپ (يەي)،
ئالتۇن شىرەلەدە خېتى (يەي).: //

* * *

ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار،
ئەسلى ئۇنىڭ يامغۇرى يوق.
يارىمنىڭ ئاغزىدا بار،
ئەسلى ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوق.

ھاۋانى باستى تۇمان،
يارىم سېنىڭ ئوتۇڭ يامان.
ئۆلۈمگە يوقتۇر ئەلەنجە،
تىرىك ئايرىلغان يامان.

سەئىدنى تىرىك ئايرىلغىنى،
كىمنىڭ خىيالى بار ئىدى.
ئايرىۋەتتى شۇ خۇدايىم،
نە گۇناھىم بار ئىدى.

ھاۋادا يوقلا بۇلۇت،
نىمىنە تولا شەبنەمدۇر.
يارغىنەم ئالدىمدا يوق،
نىمىنە تولا بەدنامدۇر.

بىز شۇنداق يۈرەمدىمىز،
قۇرۇقلا بەدنام كۆتۈرۈپ.
بۈگۈن ئۆلسەكمۇ ئۆلەيلى،
بۆلەكچە داغ كۆتۈرۈپ.

بولۇمسىزغا بولغىچە،
شۇنداق يۈرسەكچۇ ئۆلگىچە.
كەسمەك بىلەن كەسكىچە،
چىشلەپ يېسەكچۇ قانغىچە.

ئارقار يولى مىڭ توقاي،
ھەر توقايدا بىر نوغال.
بىزنىڭ باشنى ئايلاندۇرغان،
بەندى ئەمەس بىر نوغال.

## 7. ئەي ھوت (پولداك تەركىب)

كىردىلەر شەرنىڭ يولىغا،
//:ھېچقايان باقمادىلا (يەي).://
سالدىلا كۆيۈك ئوتىغا،
ئوۋالىدىن قورقمادىلا (يەي)،

قايتۇرما:
ئەي ھوت، ئەي ھوت ئىكەن،
پەريادى زالىم يارەي.

* * *

يارنىكى ھەيران بىغىدا،
ساقلىغان كەپتەرى بار.
كۆڭلىنى خەققە بېرىپ،
ئەجەب سونو گەپلەرى بار.

خويمۇ دەردىم تولىدۇر،
ئىچىمگە پاتماي تۇرىدۇ.
شۇغىنە يارىم مېنىڭ،
ھالىمغا يەتمەي تۇرىدۇ.

بەختى دۆلەت خۇيلىرىغا،
ئوت ياقۇرنى بىلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com

بارچىسىنى يالدۇرۇپ،
رەھمى قىلۇرنى بىلمىدىم.

ئوتلىرى قىلدى كاۋاپ،
باغرىمنى يېرىپ باقسىلا.
سۇ قۇيسام ئۆچمەيدىغۇ،
بەجىنىڭ گويا سى ياقسىلا.

يار ئۇيان ئۆتۈپ كەتتى،
يار بۇيان ئۆتۈپ كەتتى.
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ھاۋىدا بۇلۇت كۆڭلۈم،
ياردىن نومۇت كۆڭلۈم.
يار باقمىغىدەك ئەمدى،
يارنى ئۇنۇت كۆڭلۈم.

## 8. جانوم

//:كېچە كەلگەن مەن ئەمەس،
داڭزاڭنى(81) چەككەن مەن ئەمەس(جانوم). :*
كېچە قوينۇڭدا يېتىپ،
مەڭزىڭگە سۆيگەن مەن ئەمەس (جانوم).

قايتۇرما:
جانومەي، داغوم،
بەلىجان لىيگا يەي، گايەي

* * *

مەن تىلىمنى ساز قىلىپ،
چالسام راۋاپتىن ياخشىراق.
ئىككى تىزىمنى قوچاقلاپ
ياتسام ياماندىن ياخشىراق.

ئىشىك ئالدى تالىڭىز،
يىراقتا قاپتۇ يارىڭىز.
يارىڭىزنى كۆرگىچە
تىرماقچە قاپتۇ جانىڭىز.

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۇم،
يۆتۈلۈپ گۈل كۆتۈرۈپ.
خاھى [82] ئۈمىدلىك ئۆتەي مەن،
خاھى ئۈمبەتنى ئۈزۈپ.

ئىشىكىمدىن تولائوتتۇڭ،
يۆتۈلۈپ، گۈل كۆتۈرۈپ.
ئىشىكىمگە چىقتىم ئاستا،
چىنىغا چاي كۆتۈرۈپ.

ئات مىنىپ كىمخاپ كىيىپ،
قۇش ـ قۇشلىماق قانچىلىك ئىش.
ئۆز ئىشىنى ئۆز بىلىپ،
يۈرگەن كىشى مەردانىمىش.

ئوتتۇغات[83] باشتا بولۇر،
سەگۈنچىكى ساچتا بولۇر.
ئەۋۋەل ئاخشام بىرنى سۆيسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

## ٩. ئاللا يارىم

//: ئاللا يارىم (ئا - يارەي) سەن كىۋەز بول، (يەي) ://
//: مەن يۆگەي بولاي (جىنىمەي) ://
//: ئىرماللىشىپ (ئايارەي)، چىرماللىشىپ (ۋەي)، ://
//: شاخىڭغا قوناي. ://

* * *

ئۇيان قايرىل، بۇيان قايرىل،
يار سايان قايرىل.
تاپقان تەرگىنىڭنى بىرىپ،
ياماندىن ئايرىل.

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چەرخى - پەلەكتە.
يارنىڭ كۆڭلى بۆلەك يەردە،
مەن بىر ئەمگەكتە.

ئاللا يارىم سەن بۇ يەردە،
بار ئىكەندۇقسەن.
دەمىلىككىما، دەمسىزگىما،
يارى ئىكەنسەن.

## 10. داغ ـ داغۇ داغ

/:ئايلار بولدى، يىللار بولدى،
پەرياد قىلساڭچۇ.:/
مېنىڭ ئاندا يارىم بار دەپ،
خىيال قىلساڭچۇ.

قايتۇرما:

ئاي...بىي...دەردىڭ يامانەي،
داغ ـ داغۇ داغ سەن يارنىڭ ئۆتلىرى يامانەي.

* * *

تاڭ سەھەردە ناغرا چالدى،
ئاڭلاندى ئۈنى.
ئاستىنىدا كۆك ئارغىماق،
يەتكەندۇ كۈنى.

باردى دېدۇ، تۇردى دېدۇ.
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ،
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

بارغانىڭدىن، تۇرغانىڭدىن،
كەتكىنىڭ ياخشى.
يارغا ئۇۋۋال سالغانىڭدىن،
ئۆلگەنىڭ ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارغانلاردىن، تۇرغانلاردىن،
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭ نەكەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ.

ئېيتىپ - ئېيتىپ ئېۋەرگۈنچە،
كەلمەسمۇ ئۆزى.
كۆيەر ئوتقا مېنى سېلىپ،
كۆيمەسمۇ ئۆزى.

**11. بەندەم دېگەن ئاللا**

قاشلىرىڭ قارا - قارا،
كىرپىكلىرىڭ زىرۇ - زىۋەر.
بار ئوتۇڭدا مەن كۆيۈرمەن،
سەن يۈرۈيسەن بىخەۋەر.

قايتۇرما:

ئاي...بىي... بەندەم دېگەن ئاللا،
ئاي...بىي... قادىر ئىكەنسەن.

* * *

سىز يارىم يۈرۈپ تۇرۇڭ،
مەن خۇدايىمغا باقاي.
خۇدايىم بۇيرىغان كۈنى،
مەيدەمنى مەيدەڭگە ياقاي.

سۇقۇۋقىنىڭ ئالدىدا،
ياغاشچى پەن تارتىدۇ.

يېڭى يارنىڭ دەردىنى
كونا يار تەڭ تارتىدۇ.

شايى پەنىنى تارتىمەن،
ئاپتاپتا ئوبدان قۇرۇسا.
مەن يارىمنى كۆرۈمەن،
ئۇل خۇدايىم بۇيرۇسا.

بۇ يۈرەك كۆيگەن بىلەن،
مۇرادىغا يەتمەس ئىكەن.
سەن يارىمنىڭ ھەسرىتى،
ئولگىچە كەتمەس ئىكەن.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
يىغلىسۇن يار ئالدىدا.
قالمىسۇن كۆڭلىدە ئارمان،
بەلكى دىدار ئالدىدا.

يارى بارلار ئولتۇرۇر،
ئىرمالىشىپ - چىرمالىشىپ.
يارى يوقلار ئولتۇرۇر،
كانتو [84] مۈشۈكتەك مارىشىپ.

مەن يۈزۈڭنى ئاي دېسەم،
كۆزلىرىڭ يۇلتۇز ئىكەن.
ساچىڭنى سۇمبۇل دېسەم،
قاشلىرىڭ قۇندۇز ئىكەن.

## 12. ئاھۇم يارەي، خانلارى بار

تاك ئاتادۇ، تاك ئاتادۇ،
/:تاڭلار ئاتقاندا كېلىڭ.:/
يايرىم ئۇيقىدا ياتادۇ،
ئالمىلىق باغقا كىرىڭ.

قايتۇرما:

ئاھۇم يارەي خانلارى بار،
مەيدەسىدە ئانارى بار.

*　*　*

ئاي خېنىم، ئايلا خېنىم،
ئاي يۈزۈڭگە بوستان سالاي،
يولدا ياتقان چار يىلانغا،
مەن نېچۈك زەنجىر سالاي.

بىر يىلان پەيدا بولۇپتۇ
يارنىڭ بۇلاقىدا.
يارلا بىزنى دىسە
بىز يارنىڭ قۇلاقىدا.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
بىر تال ئالما ئۈزمىدىم.
كىرگىنىمنى ئۈزۈملا بىلدىم،
ساڭا مەن تويغۇزمىدىم.



www.uyghurkitap.com

ئالمىلىق باغلارنىكى
بارغۇ ھەرخىل چىچەكى.
كەلسەڭ قېشىمغا ھەر زامان،
ئوچۇق ساڭا يار ئېتىكى.

سېنىڭ مەيدەڭ ماڭا دورا،
ماڭا تىرناقچە بەرسەڭچۇ.
خۇدا يولىدا بەرمىسەڭ،
بازار نەرقىدە بەرسەڭچۇ.

ياخشىنىڭ يادىكاسىنى،
كۆزنىڭ قېتىدا ساقلىغىن.
يامانىنىڭ گۆشىمىسىنى(85)
ئاپىرىپ يىراققا تاشلىغىن.

(ياخشىنىڭ يادىكاسىنى،
كۆزنىڭ قېتىدا ساقلىغىن.
گۈلى بولسا باشقا سانچىپ،
غۇنچىسىنى ئالىغىن).(86)

www.uyghurkitap.com

## 8. ئۇزال مۇقامى (دەردىلىشۋا مۇقامى)

### بىرىنچى چۇشۇرگىسى

سەھەردە ئاتلىنىپ چىقتىم
خۇمارى ۋاڭ بېگىم بىلەن.
بېرىپ تولغۇنۇشلاردىن
ئاجايىپ نازىنى كۆردۈم.
جانام ئاي بىي - بىي - بىي غېرىب ئالەم.

ئىشت ئەي نادان كەت،
سېنىڭدەك گۇلھازارەم يوق.
ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى،
سېنىڭدەك خۇش مېھرىبانىم يوق.
جانام ئاي بىي - بىي - بىي غېرىب ئالەم.

* * *

### 1. دەردىلمۋادىن

دەردىلمۋادىن ئەي قىش كۇنى ئۇۋغا چىقىپ،
سۇخسۇرنى كۆرگەن (ئا خېنىم) بارمىدۇ.
(ئاي) سۆيگىنىدىن (ئاللا) ئايرىلىپ،
شەھرىگە يانغان (جانەم) بارمىدۇ.

قايتۇرما:
جانەم بارمىدۇ،
ئا ـ يارەي، دەردىڭ يامان.

* * *

يەلبوراندەك يەلپۈنۈپ،
كەلسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
مىرزىگۈلدەك ئاچىلىپ،
سانچىلىشۇالسام بېشىغا.

قاغىلار قاتار ـ قاتار،
بىر بالا بولدىمىكىن.
ئۆزى ئاق، قېشى قارا
مەندىن جۇدا بولدىمىكىن.

قاغىلار قاتار ـ قاتار،
ئايدىڭ بولسا، ئايدىڭ بولسا،
شۇ كۆڭۈل راھەت تاپۇرمۇ،
بىردەم كۆڭۈل خۇش بولمىسا.

## 2. دەردىڭ يامان

ئات مىندىم ئايدەككىنە،
مىنگەن ئېتىم تايدەككىنە.
يۈزىگە سەپكۈن چۈشۈپتۇ،
:// بويىدا باردەككىنە. ://

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتۇرما:

ئاي ... يارەي ...
دەردىڭ يامان.

* * *

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
باشىمغا قويدۇم تېڭىنى.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارنىڭ
ئازلا قويدۇم جېنىنى.

چاپىنىمنىڭ يېڭى تار،
بىلىكىم قانداق پاتار.
مېنى كۆيدۈرگەن يارىم
ئۆيدە قانداق ياتار.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
يېنىمدا يار بار ئىدى،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

(چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
ئارزۇلاپ ئاشنا تۇتۇپ،
يېنىدا ياتالمىدىم.)

3. ھېچلا كىم شەيدا ئەمەس

ئاق تونۇڭنى نەدە كۆردۇم،
زۆتىنە (87) تونۇم تۇرۇپ.

ىڭۇپانى لەدە سۆيدۇم،
//:(ئاي) غۇنچىدەك يارىم تۇرۇپ.://

* * *

يارنى مەن كۆرمەسمىدىم،
رەڭگى راۋا كوچاسىدا.
گۈل قىلىپ باقماسمىدىم،
ئېگىز شوپاڭ ئۇرداسىدا.

بارمىغۇرەي — بارمىغۇر،
بارغان يېرىدىن كەلمىگۇر.
بىزنى يولغا قارىتىپ،
ئاشىق دېگەن يەر يالىغۇر.

ياغلىقىم يارىمدا قاپتۇ،
كۆزگە سۈرتۈپ يۈرگۈدەك.
كېچىلىرى ئۇخلىماي،
كۆندە تىللاپ يۈرگۈدەك.

مەن بېغىڭغا كىرمەيمەن،
ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن.
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن،
ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن.

ئىشىك ئالدى تال ئىكەن،
تال بولامدۇ - بولمامدۇ؟
كۆڭلى قاتتىق، باغرى تاش،
يار بولامدۇ - بولمامدۇ؟

باغرى قاتتىق بولغىچە،
مەن كۆيگەندەك كۆيسەڭچۇ.
مۇنداق ئەلەم قىلغۇنچە،
راست كېپىڭنى قىلساڭچۇ.

ئاخشام ئايدىڭغا چىقىپ،
تۇرسام كۆڭۈل قايان باقۇر.
كۇندۇزى ئاپتاپقا چىقىپ،
ئايدەك چىرايىم سارغىيۇر.

## 4. تەنگا — شي گا

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلايدۇ،
//:يارىم شوپاڭدا ئويناپدۇ.://
چەندازاڭدا پۇل بولسا،
لەۋەك يانىڭدا ئويناپدۇ.

قايتۇرما:

تەنگا يەي شي گا،
شىگا يەي تەنگا.
كېۋەز شاخى ئېغاڭلايدۇ،
يارىنىڭ قاشىدا كىم بار.

يار كوچىسىغا بېرىپ،
گەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئاغرىيدۇ.
سەپەرگە كەتكەن يارىمغا،
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

يېڭى ئايدەك كۆرۈنۈپ،
غايىپ بولۇرنى بىلمىدىم.
ئالتە كۈن مېھمان بولۇپ،
تاشلاپ كېتۇرنى بىلمىدىم.

كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى،
ئۆزىمىزنىڭ ئامانلىقى.
مەيلىمچە ئويناتمىغان،
دوست ـ دۈشمەن يامانلىقى.

## 5. ئايارەي

ئۇلۇغ ـــ ئۇلۇغ سۇنى كەچتىم،
يەنە بارمۇ خول (ئا يىرەي).
ئاسان قىلىڭ پەرۋەردىگار،
مەن يالغۇز ئوغۇل (يەي)

قايتۇرما:
ئايىرەي، جېنىمەي،
مەن يالغۇز ئوغۇل ھەي...

* * *

كېلەرمۇ دەپ تاما قىلما،
كەتكىنى شۇدۇر.
ئاشىق ئويناپ مۇرادىغا
يەتكىنى شۇدۇر.

ئاتلار ئورۇق، چىلان تورۇق،
قېيىندا ئىگەر.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
يۈرەككە تېگەر.

قىزىل - يېشىل تون كېيىپسىز،
يېشىلدا ئىزما.
كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن،
كۆڭلۈگنى بۇزما.

### 6. دىلبىرىم

يۇقىرىدىن (ئايجان) ئىز كېپتۇ دەپ،:||
||:(ئايىرەي) تام ياقىلاپ (جانەم) ئىز باقتىلا.:||
||: بەلەك يەرنى (ئاي) باقتىلا،:||
گۈل تۆۋىنى (جانەم) باقمىدىلا.

قايتۇرما:
ئايىرەي — جېنىمەي، دىلۋە - دىلبىرىم يارەي،
دىلۋە سەن بىلەن سەندەككىنە جان ئايلام جېنىمەي.

* * *

قاشنى - قاشقا ئۇلىسا،
قاش كويىغا يەتكىنى يوق.
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكىنى يوق.

قاشنى - قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغىدەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدايى ئاغرىق بولغىدەك.

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالاسى بار ئۈچۈن.
ئالتى ئاي ئوتۇڭدا كۆيدۈم،
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.

بۇ مېنىڭ دەردىم بۆلەكتۇر،
ھېچلا دەردكە ئوخشىماس.
ھەرلا كىم بولغان بىلەن
مېنىڭ يارىمغا ئوخشىماس.

يارى بول دەيدۇ مېنى،
يارى بولمىسا كۆڭلى قالۇر.
تاڭنە بەش كۈندىن كېيىن،
يارىم كېلىپ ئايرىپ ئالۇر.

### 7. ئەلەمخانە مەستانە

(ئاي) ئېگىزتاغقا مەن چىقسام (مەي)
/:(ئاي) سارايىڭنىڭ نېمەسى بار (رەي):/
ئەگەر كۆڭلۈڭدە مەن بولسام (مەي)
ئۆزگۈنىڭ نېمەسى بار.

قايتۇرما:
(ئاي) ئەلەمخانە مەستانە (يەي)
(ئاي) جىگەرلەر كاۋاپخانە (يەي)

* * *

قاپقارا بوران كەلدى،
تار كوچىدا ۋاڭ كەلدى.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
ئۆزى كىچىك نادان كەلدى.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ
شام چىراغلىرى باردۇر.
يېرىپ كۆرگىن يۈرىكىمنى
كۆيگەن داغلىرى باردۇر.

مانتا سالدىم قاسقانغا،
بىللە يەيلى داستىخاندا.
ئەجەب چاغدا ئايرىلدۇق،
ھاشىقلىق ياراشقاندا.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سالسا چۆكەرمۇ؟
تاغدىكى شۇ يارىمغا،
خالتا بەرسەم تىكەرمۇ؟

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ ئالغان يوق.

هاشقلىق (؟) قىلغان بىلەن،
بىر يوتقاندا ياتقان يوق.

سەن مېنىڭ ناۋارىمسەن،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
قاراڭغۇ كېچەلەردە
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

يارىمسەن، چىرايلىقسەن،
چىرايلىقتىن - چىرايلىقسەن.
مەن كۆيگەن بۇ ئوتلارغا
سەن بولساڭ چىدالامسەن.

## 8. سارىخان

(گەپ بارەي نېمە گەپ بار)

//: قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
تاغنىڭ ئارقىدا يۇرتۇڭ (ئايىرەي): //
//: ئەجەبمۇ يامان كەلدى (سارىخان)
يارىمخان سېنىڭ ئوتۇڭ. : //

قايتۇرما:
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، سارىخان.
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.
(گەپ بار «رەي»، نېمە گەپ بار،
شەرنى سورىسا، ئامان دەپ بار.)

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇرغۇيۇم پالاقشىدۇ،
كىمنىڭ باغىدا پاختەك.
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ،
ئالەمدە كىشى يوقتەك.

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
ئاراتامنىڭ باغىغا.
ئىزدىسەم ئىندەككە كەلمەس،
كەتتى جەننەت باغىغا.

يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق،
باراي دەيمەن پاتىراق.
قاراڭغۇدا يول يۈرسەم،
نەدە باردۇر نۇر چىراغ.

ئىشىك ئالدى تۇمانسىز،
كۆيۈپ قالساق تويامسىز.
سىزنى بىزدىن ئايرىغان
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

ھاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن
يامغۇرمىدۇ، قارمىدۇ؟!
مەن كۆيسەممۇ كۆيمەيدۇ،
يارنىڭ كۆڭلى تاشمىدۇ؟!

ئېيتىڭلار مېنى يارغا،
چېقىڭلار مېنى يارغا.
ساچىمدىن ئۈچ تال ئېلىپ،
ئېسىڭلار مېنى دارغا.

گاداي بىلەن ئويناي‌مەن،
باي مېنىڭ خىلىم ئەمەس.
پۇلى بولسا ئۆزىگە،
نامراتقا كۆڭۈل بەرمەس.

## 9. قارا كۆز

دەرد كەلگەندە تاتۇرمىز،
//:(ئايرەي) تەمكە دېگەن خۇمارنى:// 
پۇلغا سېتىۋاپ بولماس، (قارا كۆز)
كۆڭۈلدىكى شۇ يارنى.

قايتۇرما:
ئايرىلغانغا ئۆلگەن يوق،
كۆڭۈلنى ئىككىگە بۆلگەن يوق.
(ئاھ ئۇرۇمەن سەھەرلەردە،
يىغلايمەن خۇدالەرگە.)

* * *

كېچە - كۈندۈز خىيال ئەيلەپ،
كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ.
مېنىڭ بىچارە ھالىمنى
يارەنلەر سورىمايدۇ.

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقسام،
ئاي ماڭا يولداش بولسا.
مەن ئۆزۈم يالغۇز ئوغۇل،
يار ماڭا مۇڭداش بولسا.

مېنى شۇنچە خار كۆرۈپ،
غۇنچىنى ئۈزگىنىڭ قېنى؟
بارچە گۈلنى مەن تاپۇرمەن،
سەن تاپالمايسەن مېنى.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
شۇم تەلەي بولارمەنمۇ.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
تاسقىلىپ قالۇرمەنمۇ.

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.
ئۆزۈڭ بىلىسەن يارىم،
بۇ دەردكە نېمە چارە.

دەردىڭدە ئادا بولدۇم،
كويۇڭدا جۇدا بولدۇم.
غەم دەستىدە مەجنۇندەك،
ئوتۇڭغا گادا بولدۇم.

دەردىڭدە ئادا بولدۇم،
ئوتۇڭغا مۇپتىلا بولدۇم.
قانداق قىلىسەن يارىم،
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 10. ۋاي دەرد ـ ئەلەم

// :مەن بازارغا بارمىسام (مەي)...
نەرقىدە بولمايدۇ بازا (ۋاي دەرد ـ ئەلەم): //
يار يېنىمدا بولمىسا (يەي)...
كېلىمدىن ئۆتمەيدۇ غىزا

قايتۇرما:
ھەققەدي ئاللاھۇ...
قانداق ئاغرىيدۇ يۈرەك؟
ئوتقا چۈشكەن سالجىدەك،
ئوتتۇك يامانەي...
لىقشىپ ئاغرىيدۇ يۈرەك.

* * *

زارى ـ زار يىغلايدۇ دەپ،
ئېيتسائچۇ يارىمغا مېنىڭ.
ئۆچكۈسىز ئوتلارنى سالدىڭ،
خەستى جانىمغا مېنىڭ.

خەستى جانىم ساقايماس،
بۇغىنە دورا بىلەن.
ئىككى ياخشى بىر بولالماس،
ئاخىرەت ئارمان بىلەن.

خەستە جانىم كۆيمدۇ،
ئەندى تاقەت قالمىدى.
يارىمنىڭ ئېيتقان سۆزىگە،
ئىچىمدە بىر يەر ئاغرىدى.

### 11. هەزرەت مازارىم بار

يۇرۇڭ ئاندا بارايلى (يەي)،
/:تالدىن چوكان ئالايلى (يەي).:/
كىمنىڭ يولى ئۇز بولسا (جېنىمەي)،
بىرىپ شۇنى ئالايلى (جېنىم).

قايتۇرما:

هەزرەت مازارىم بار (جېنىم)
ئۆلگىچە تامايىم بار (يەي)

* * *

ئۆستەڭ ياقىلاپ بارسام،
يارىم خانىنىڭ ئاۋازى.
يارىم خانىنى بىر سۆيسەم،
يۈرىكىمنىڭ دەۋاسى.

ئاخشام ئۇنىمغان يەردە
ئالتۇن ئۇزۇكۇم قاپتۇ.
سوراپ باقسام خەقلەردىن
كۆڭلۈمدىكى يار ئاپتۇ.

ئالتۇن ئۈزۈكۈم قاپتۇ،
يارىمخان ئاداشىمدا.
مەن تارتماي قانداق قىلاي،
ئەمدى كەلدى باشىمغا.

ئالتۇن ئۈزۈك قوللىرىدا،
گۈل ئىچلۈر بويلىرىدا.
يالغۇز ئۆلسەكمۇ ئۆلەيلى،
ئۆزلىرىنىڭ كويلىرىدا.

**12. شېرىن جانلار ئايلانسۇن**

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ،
//:چىنارنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن.://
يار ئايرىلمەن دەيدۇ (يەي)،
ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

قايتۇرما:
شېرىن جانلار ئايلانسۇن، ساچلىرى بەلگە چىرمالسۇن،
ئا... يارەي، ئاي... داغۇمەي...
شېرىن جانلار ئايلانسۇن، ساچلىرى بەلگە چىرمالسۇن،

* * *

بۇ مېنىڭ دەردىم بۆلەكتۇر،
ھېچلا دەردكە ئوخشىماس.
ھەرلا كىم دولغان بىلەن،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشىماس.

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com

يارىمىنىڭ ياغلىقىدا،
تىرماق - تىرماق كەشتىسى بار.
يارىمىنىڭ خىيالىدا،
مېنى تاشلاپ كەتكۈسى بار.

ئاخشام ئۆتكەن پاراخوتلار،
يېشىلمىكىن، كۆكمىكىن.
ئۆتكەن ئۆمرۇم ئۆتۈپ كەتتى،
قالغان ئۆمرۇم كۆپمىكىن.

13. شېرىن جانلار ئايلانسۇن

/ :ئورمىلارنى بىز ئوردۇق،: /
/ :ئۈنچەسىنى باغلىماي.: /
يانلىرىدا يار سۆيدۇق،
ئوتلىرىغا پايلىماي.

قايتۇرما:
ئاي... يارەي، ئاي داغۇمەي،
شېرىن جانلار ئايلانسۇن، ساچلىرى بەلگە چىرمالسۇن.

* * *

بەلبېغىمىنىڭ يوقىدىن،
بىلىمگە باغلىدىم ياغلىق.
ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

بىزنىڭ ئۆيلەر زەرەتلىك،
ئىچكەن سۇيى شەربەتلىك.
سىز مېنى كىچىك كۆرمەڭ،
بىزمۇ خېلى غەيرەتلىك.

بولۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ،
ئېگىز تاغدىكى قاردىن.
ئۈچ - تۆت كۈنلۈك ئالەمدە
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

مەن بازارغا بارمىسام،
قاشىم بازارغا تارتىدۇ.
چوڭ قىزىڭنى بەرمىسەڭ،
كىچىك قىزىڭ قاش ئاتىدۇ.

ئۆيىمىز يامان يەردە،
بارسىلا تاپالاملا.
ئىشىك باشىدا ئۇچقۇچ،
قولۇپنى ئاچالاملا.

كېچىلىك تاتلىق ئۇيقۇدىن
بېرىپ يارىمنى ئويغاتتىم.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە چوغ سېلىپ ئۆتتۈڭ.

ئىشىك ئالدى قۇم بولسا،
قاپاق تېرەڭ ئۆسمەمدۇ؟
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
كۆڭۈل بەلەن ئۆسمەمدۇ؟

## 14. ئايارەي

مەن كەلدىم شۇندىن - شۇنچە،
/:خۇدانىڭ پەرمانىچە.:/
رۇم شەھىرىدىن قىز ئالدىم،
ئېتى سۇلتان بۇۋىيچە (ئايارەي).

* * *

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
شېرىنمىكىن سۆزلىرى.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك
ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى.

گۈلمۇ - گۈل ئاراسىدا،
چىمەنگە باقماس گۈل ئىدىم،
ھەممە گۈل ئاراسىدا،
لەيلى قازاق گۈل ئىدىم.

گۈلمۇ - گۈل ئاراسىدا،
ياكىمۇ دەنغۇ گۈل چىقتى.
ھەممە خەق ئاراسىدا،
مېنىڭ يارىم ئەر چىقتى.

مەن يارنى پۇراپ بېرىپ،
تاپتىم تۇگمەن باشىدا.
ساچىدىن تولغاپ تۇرۇپ،
سۆيدۇم دۇشمەن قاشىدا.

## 15. ھەمراھىڭ بولاي

/:سەن مېنىڭ يارىم ئىدىڭ (يەي)،
ئەجەب سەندىن ئايرىلدىم (مەي).:/
ھەر يەردە كۆرسەم سېنى (يەي)،
يارىم سېنى سېغىندىم.

قايتۇرما:

جانلارەي ــ خانلارەي،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن.
ھەمراھىڭ بولاي دەيمەن.

يېڭى باغقا مۇنار سالدىم،
كۆرمەسمەن مۇنارىمنى.
ئىزدەپمۇ تاپالمادىم،
سېمىگدەك مۇنايىمنى.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۆگەپ قاپتۇ يېمەستە.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
كىشى ــ قارا كۆرمەستە.

مېنى كۆرگەندە ئەي يارىم
بولۇر ئەقلىم، كۆزۈم روشەن.
قاناتىم بولسا ئۇچقىلى،
بېرىپ شەھرىڭنى چۆرۈلسەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى چۈشۈرگىسى

### 1. ئاي بىيدەت

دەرد ـ ئەلەملەر (يەي) كېلىدۇ (يەي)،
/: ئوغۇل بالىنىڭ (نەي) باشىغا (يەي). :/
سايدا تۈگمەن (نەي) چۆگىلەيدۇ (يەي)،
/: كۆزدىن ئاققان (نەي) ياشىغا (يەي) :/

قايتۇرما:
ئاي ... بىي ـ بىي دەرد
كۆزدىن ئاققان (نەي) ياشىمغا يەي.

* * *

قارىمايلا كېتىپ بارىدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىغا.
ئاخىرى پۇشايمان قىلۇرمۇ
ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

مەن ئۆزۈم ئەر بالاسى،
بېغىمدا خار بولىمەن.

قارا قاش قاۋۇل جىنىم،
كۆرگىلى زار بولىمەن.

قارا قاش قاۋۇل جىنىم،
بولدى مىنىڭ ھالىم خاراب،
شۇ سىنىڭ مۇشكۇل ئۇتۇنگىدا
ئولتۇرۇپ چالسام راۋاب.

يەنە ئالما شىخىنى
چاپسام راۋاب بولمامدىكىن.
يەنە ئاشىق كىشىنى،
سۆيسە ساۋاب بولمامدىكىن.

## 2. كەمبەغەل ناخشىسى

ئاق ئەلەم، يىشىل ئەلەم، (مەي)
/:يارىمىنىكى قىشى قەلەم (مەي)، ...:/
/:ھىچ كىشىگە كەلمىسۇن، (نەي)
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم. (مەي):/

* * *

مىنگەن ئاتلىرىم ئورۇق،
پۇتۇمدا يوغان چورۇق.
كۈنۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ
كۆرمەي كۈن نۇرى - يورۇق

تاشلىۋەتمەڭلەر گادايىنى،
پادىشاھ بولماق بىلەن.
پاشاھلىق كەتمەس ئېلىكىڭدىن.
بىر قىيا باقماق بىلەن.

تاشلىۋەتمەڭلار گادايىنى،
بىر كۈن كېرەكلىك بولمەن.
دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا،
تاغ يۈرەكلىك بولمەن.

## 3. زىۋالىرەي

ئالمىنىڭ سۆزۈكلىكىدىن
//:كۆرۈنەمدۇ دانىسى. ://
شېخىغا شەبنەم چۈشۈپتۇ،
مەن ئېنىڭ مەستانىسى.

قايتۇرما:

ئاي زىۋالىرەي ...
زىۋا قارىكۆز، زىۋا قارىقاش،

ئاي ئايلام جېنىمەي.
(دوستلارنىڭ سۆزى ناۋاتتىن تاتلىق
دۈشمەننىڭ سۆزى ئوغىدىن ئاچچىق «مەي»

* * *

سۇغا چۈشكەن ئالمىنى،
ئۈزۈك يارىم، چۈرۈك يارىم.
بىزگىمۇ ھاللار كېلىپتۇ،
ئېنىما بىلىك يارىم.

ئاخشام ئايدىڭغا چىقىپ،
ئاي كۆرۈندۈمۇ ساڭا.
ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتۈپ،
خار كۆرۈندۈمۇ ساڭا.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلىماقتىن،
ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا.
بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىمنى
كىم بېرىپ ئېيتۇر ساڭا.

كۆردۈڭمۇ بۇ باشىمنى،
كۆزۈمدىكى ياشىمنى.
ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن،
قۇرغۇيدەك ئاداشىمنى.

جانىدۇر يارىم مېنىڭ،
جانانىدۇر يارىم مېنىڭ.
چىقىشلى چارەسى يوق،
بىچارىدۇر يارىم مېنىڭ.

سەھەرلەردە مەن باردىم،
ئىتلىرىڭگە يول بەردىم.
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
زەپىراندەك سارغايدىم.

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا
بىر تۈپ ئۈزۈم، بىر ساپ ئۈزۈم.
ئەتە ـ ئاخشام كېلىمەن دەپ
كېلەلمىگەن قارا كۆزۈم.

## 4. خانلارغا سالام

/ : ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق (هەي)،
سارغايغان سامانلارغا (يەي). : /
كۆڭۈلنى قويۇپ بەردۇق (يەي)،
يار دېگەن ساراڭلارغا (يەي).

قايتۇرما:

دۈشمەننىڭ سۆزى ئوغىدىن ئاچچىق،
دوستلارنىڭ سۆزى ناۋاتتىن تاتلىق.

* * *

ئالما چېچىكى باغدا،
يۇلغۇن چېچىكى سايدا.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ،
غۇربەتلىك يامان چاغدا.

يارىم قوناق ئوتايدۇ،
ئارقىدا قوناقلىقتا.
ماڭا ئالما ساقلايدۇ،
ئانار گۈللۈك ياغلىقتا.

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق،
كۆرۈنگەن قارا تۈزگە.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ مەشۇق قارا كۆزگە.

مەن ئۆزۈم يانخىيدا بولسام،
ئاشقىم ئاستاندا.
بارساڭلار سالام دەڭلەر،
قېشى قارا مەستانغا.

سۇ بېشى سىڭگىمگىچە،
ئاستانە تۇيۇقچە.
ئەگەل ئاخشام كېلىۋىدىم،
ياتمىدىم تاڭ ئاتقىچە.

## 5. نادان يارەي

ئاق ئالما // : قىزارغاندەك : // كەي (نادان
يارەي جېنىمەي خېنىمەي)،
// :قىزىل يۈزلۈكۈم : // يارىمەي (كۆيۈپ ئۆچتى
ئىشتىياق جېنىم)،
// :ناۋات بىلەن : // يۇغارغاندەك (نادان يارەي
جېنىمەي، خېنىمەي)،
// :شېرىن سۆزلۈكۈم : // (كۆيۈپ ئۆچتى ئىشتىياق
جېنىمەي)،

* * *

ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزۈك،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
دۈشمەن ئايرىلاپ قالدى،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ئوسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.

### 6. خۇمار كۆز ئاللەي ھۇ

كېچىدىكى ئايدىڭدىن (دادەي ئاللەي ھۇ، رەببىم ئاللەي ھو)
//:ئېرىقتىكى سۇ ياخشى ://‏ (جېنىمەي خۇمار كۆز ئاللەي ھۇ)

سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن (دادەي ئاللەي ھۇ، رەببىم ئاللەي ھۇ)
//:يالغۇز يۈرگۈنۈم ياخشى ://‏ (جېنىمەي، خۇمار كۆز ئاللەي ھۇ)

* * *

ياربۇلۇڭدا ياتقاندا،
پەنجىرەڭدىن ئاتتىم تاش.
باغرىم سۇ بولۇپ ئاقتى،
بىر باقمىدىڭ قەلەم قاش.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەنىنىڭ نورى دەڭلەر.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلەر.

ئالتۇن بىلەن ئەينەكنى،
كىم سوققاندۇ چەينەكنى.
تاپقان بولساڭ مەندەكنى،
مەن تاپۇرمەن سەندەكنى.

بۇلۇت ئۆكسۈپ كەتمەيدۇ،
ئېگىز تاغدىكى قاردىن.
مېنىڭ كۆڭلۈم سوۋۇمايدۇ،
بۇرۇن سۆيگەن شۇ ياردىن.

## ئويناۋالاي نادان

يارنى مەن چىللاپ كېلىپ،
ھۇجرامدا مېھمان قىلمىسام (ۋاي - ۋاي يارەي).
بىۋاپا شۇ يار ئۈچۈن،
جېنىمنى قۇربان قىلمىسام (مەستانە يارەي).

قايتۇرما:
ئويناۋالاي نادان (نەي)
سۆيۈۋالاي جۇگان (نەي)
ئاشىقىڭ مەن بولاي.
مەشۇقۇڭ مەن بولاي (يەي)

* * *

يار يانىمدا ئولتۇرسا،
تاغدەك يۆلەك ئەمەسمۇ.
ئاغزىدا دېگەن بىلەن
كۆڭلى بۆلەك ئەمەسمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇ كېلىدۇ لايلىنىپ،
كۆلدە ئۆردەك ئايلىنىپ.
يار قىچقارسا چىقمايمەن،
يۇرسۇن كوچا ئايلىنىپ.

دۇتتارىمنىڭ تارى يوق،
ئۆزۈم چالماققا چارە يوق.
دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

## 8. ئالمىخان

ئالمىخان كىيىپتۇ كۆڭلەك،
يېڭى چىققان باسمىدىن.
ئالمىخاننىڭ كويىدا!
بىلمىنى باغلاي تاسمىدىن.

قايتۇرما:
ۋاي جېنىمەي ئالمىخان (نەي)،
قايسى باغنىڭ گۈلىسەن (نەي).
ۋاي - ۋاي جېنىم ئالمىخان (نەي)
يېڭى باغنىڭ گۈلىمەن (نەي)

* * *

ئالمىخاننىڭ ئانىسى،
خويمۇ قىلىدۇ نەسىھەت.
ئالمىخاننى بىرنى سۆيسە،
شېرىن جانغا خاسىيەت.

ئالمىخانلار تاغقا چىقتى،
ئاتلىرىنى تاقلاپ.
باللىرى ئۆيىدە قاپتۇ،
بوسۇغىنى تاتىلاپ.

ئەسكى تامنىڭ تۆۋىنى
ئوردام دېگەن ئالمىخان.
لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويسام،
غوجام دېگەن ئالمىخان.

## 9. ئايىمخان

/:ھاراق ئىچتىم، شاراب ئىچتىم،
ئايىمخان داغلىق بىلەن (نەي)،:/
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇ
ماشرەك ياغلىق بىلەن. (نەي)

قايتۇرما:
ۋاي ـ ۋاي جېنىمەي... ئايىمخان يارىنىڭ ئوتى يەي،
ۋاي ـ ۋاي خېنىمەي رەۋىخان يارىنىڭ ئوتى يەي.

* * *

ئايىمخانەي ـ ئايىمخانەي،
داڭقى چىققان ئايىمخان.
باللىرىنى تاشلىۋېتىپ،
ئەرگە چىققان ئايىمخان.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
ئايسىخاننىڭ ئۆيىدە،
مەن تېخى ياتالمىدىم.

چاپىنىمنىڭ يېڭى تار،
ساپسام قولۇم قانداق پاتار.
بىزنى كۆيدۈرگەن ئايسىخان،
ئۆيىدە قانداق ياتار.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
ئايسىخاننى يېتىلەپ.
ئايسىخاننى سۆيۈۋالدىم
گۈل تۈۋىدە پۆپىلەپ.

ماشرەڭ ياغلىق سېلىپسىز،
يېڭى ئايدەك شۆلۈلۈك.
رەۋىخاننى تاشلىۋەتتۈك،
ئايسىخانغا ئۆگىنىپ.

جېغىر - جېغىر قارلىغاچ،
قاناتلىرى ئالماش.
ئىشىكىڭگە مەن كەلدىم،
ئايسىخان قوۋغۇڭنى ئاچ.

ئىشىكنى قىيا ئېچىپ،
ئېچىپ كەينىگە قېچىپ.
نېمە ئانچە قېينايسەن،
يۈرىگىمگە ئوت يېقىپ.

### 10. مانا كەلدى گۈلزارەي

//:كىچىلىرى ئاتلىق ئۈيقۇمدا،
ئېتىگىنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ. ://
گېپىڭمۇ يوق ـ سۆزۈڭمۇ يوق (ئايىرەي)،
ئىچىمگە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.
قايتۇرما:
شەلىرىگدە گۈلزارەي،

* * *

ئامرىقىم سېنى باردەپ،
بۇ مەلەگدە ئويناپمەن.
سېنى مەلەگدە كۆرمىسەم،
تاك ئاتقىچە ئويلايمەن.

تاغلار بېشىدا ئىرغاي،
ئىرغاينىڭ شېخى پىرغاي،
ئېرىگىنى خۇدا ئۇرغاي،
سېنى ماڭا بۇيرىغاي.

ئۆتۈپ ئۆمرۈم بىر غەپلەتتە،
نۇچۇك ھالىم قىيامەتتە.
مېنى بەندە يارىتىپسەن خۇدا،
مەن قالدىم خىجالەتتە.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
كۆزۈگدىن يۈتەي ئەمدى.
ئالدىگدا خار بولغىچە
يات يۇرتتا ئۆتەي ئەمدى.

يارىم ئۆتتى يانىمدىن،
كۆيۈپ ئۆتتى جېنىمدىن.
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق،
جاندىن ئەزىز يارىمدىن.

مېنىڭ يارىم ئەجەب ئوبدان،
چىرايى ئەجەب كۆلگەچ.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
ئامراق يارىمنى كۆرگەچ.

ئۆينىڭ ئىچىدە خەقلەر،
ئۆينىڭ ئارقىسى تەكلەر.
ئىككىمىزلا بىلىشەيلى،
تويۇپ قالمىسۇن خەقلەر.

### 11. يار - يارەي

قايناق[90] قىلاي، //: نوچۇك قىلاي ://
بۇ ھىجرانلىقنى (يارى - يار گۈليارەي)
پېشانەمگە ://  پۈتۈلگەندە، ://
سەرگەردانلىقنى (يارى - يار گۈليارەي)

ئېيتىپ - ئېيتىپ كىردىم چۆلگە،
قولۇمنى سېلىپ.
بىزنى دېگەن ياخشى يارلار،
شەھەردە غېرىب.

قايناق قىلاي، نوچۇك قىلاي،
كېتىپ بارسىلا.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
تاشلاپ ماڭمىسىلا.

قايناق قىلاي، ئۈچۈك قىلاي،
يارىم كەتكۈدەك.
ئالتە ئاي يازدىن ئەگەشكىنىم،
زايا كەتكۈدەك.

## 12. كۆتەرگىسى

قارلار يېغىپ //: ياز بولمايدۇ، ://
باغداشىنىڭ تاغى. (يارى - يار گۈليارەي)
دەرد كەلگەندە //: پايلىمايدۇ، //
يۈرەكنىڭ باغى. (يارى - يار گۈليارەي)

* * *

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىدا،
كەپتەر گۈلى ساقلايمەن.
ئەتىۋارىڭ بارمۇ دەپ،
زارمۇ - زار قاقشايمەن.

نەقىلاي، نىمنە قىلاي،
يىتىم كۆكۈلنى ئوۋۇلماي.
ئەر بولسام كەتمەسىمدىم،
باش كۆزۈمنى ئورىماي.

بىر بالاغا سالدىلا،
ئىككى بالاغا سالدىلا.
بوينى باغلاق، بوزلاچىندەك
ئىنتىزارغا سالدىلا.

نىمە قىلدىم مەن ساڭا،
ئەجەبمۇ قىلدىڭغۇ ماڭا.
قىلغىنىڭ يادىڭدا بولسا،
مەنمۇ قىلۇرمەن ساڭا.

## 9. دۇئا مۇقامى

### (كىچىك دەردىڭ يامان مۇقامى)

### مۇقام

سىنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر،
يۈرەكىم قىپ ــ قىزىل قاندۇر.
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن،
كۆڭۈل ھەردەم پەرىشاندۇر.

قايتۇرما:

جانام بىي. بىي... بىي باقا ئالەم

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

قايتۇرما:

جانام بىي. يىي... بىي باقا ئالەم.

## 1. كىچىك دەردىڭ يامان

كەتتى دەپ (ئاي) كۆڭلۈڭنى بۇزما،
//:(ئاي) كۆڭلى سەككىز يارىغا.://
جىگدىسى (يەي) چوكان پۇرايدۇ،
(ئاي) ۋەدىسى يالغانىغا.

قايتۇرما:

ئاي... ياراي...
ئاي دەردىڭ يامان.

* * *

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
بۇغداي ئۈگلۈك مۇختىسەر.
قولىنى مۇرەمگە سالسام،
ئۇششاق ئاغرىقنى كېسەر.

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
كەتمىسەم يار قاشىدىن.
ئىككى ئالەم بولمىسا،
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

دۆڭ يەرگە سېلىۋاپسەن،
لايدىن ياسالغان خۇمدان.
تاشلاپمۇ كېتەلمەيمەن،
سېنىڭ خۇيلۇرۇڭ ئوبدان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. تاماكا بايان

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم، (مەي جىنىم يارەي
تاماكا بايان يارەي)
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن، (جىنىمەي ساشما يارەي)
كىشىنىڭ شەھرىگە بىرىپ، (ۋاي جىنىم يارەي
تاماكا بايان يارەي)
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن. (جىنىمەي ساشما يارەي)

قايتۇرما:

يارەي، داغەي، غېرىب بولغانغا يىغلايمەن،
جىنىمەي، تاماكا بايان ساشمايار.

* * *

سۆگەت تىكتىم دەرەخ بولدى،
مۆگىسى بولمىدى يارىم.
جاھاندا ئارزۇلاپ سۆيسەم،
ۋاپايىڭ بولمىدى يارىم.

ياز بولسا باھار بولسا،
بىغىڭدا ئانار بولسا.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
بوينۇمدا تۇمار بولسا.

يارىم بولسا قۇرغۇيدەك،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك،
قاچانغىچە يۈرۈيمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

مەشرەپتە مەززە يوق،
يارىمخاننى چىلىلماي.
سېرىق زەپەر غۇنچىسىدەك،
قولىغا ئېلىپ ئىسلماي.

قاشىنىڭ قارىسى قۇندۇز،
ئايىنىڭ قېشىدا يۇلتۇز.
مۇرادىمغا يەتكەندە،
خۇش بولۇرمەن كېچە ـ كۈندۈز.

3. ئىسلامبېگىم

ئىسلامبېگىم يېتىپتىمۇ،
//:يېنى يەرگە پېتىپتىمۇ.://
ئاغزىڭنى ئاچ ئۇسۇلۇق بېرەي (جېنىم لەيلۇك)
تاماقلىرى قېتىپتىمۇ.

قايتۇرما:
جۇگان ئۆلمەك نادامەتەي،
//:يىگىت ئۆلمەك قىيامىتەي://
بۇ ئالەمدە بارمىكىن (جېنىم لەيلۇك)،
قېرىنداشتەك //: خوش نامىتەي://

* * *

ئىسلام سۈيى تۆۋەن ئاقۇر،
تاشلارنى تاشلارغا چاقۇر.
ئىسلامەگنى كەلدى دېسە،
داپلارنى ـ داپلارغا چاقۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسلامبېگىمنىڭ پوتىسى،
خوشما كاتتا پوتىدۇر.
نۇسرەت تاغنىڭ ئارقىسىدا،
قانغا بويۇلۇپ ياتىدۇ.

## 4. ئەيۋانادان

قورغۇيۇڭ بولاي دەيمەن،
//:شاخىڭغا قوناي دەيمەن.://
ئۆيدە يارىڭ بولمىسا (يەي)،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن.

قايتۇرما:
ئايرەي كۆيدۇجان، ئەيۋانادان
خۇش مېھرىبان يارەي ۋاي ـ ۋاي داغەي.

* * *

قوغۇن تېرىدىم خەندەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن،
مېھرىبان ئاداشىم بار.

ئوڭ يېنىمدا كۈن ماڭار،
سول يېنىمدا ئاي ماڭار.
ئايغا باقسام كۈن قالار،
نە خىجالەتتۇر ماڭا.

## 5. شەرۋانوم

/:ئۆلۈپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، :/
قارلىق دېگەن /: تاغلاردا، :/
/:كۆز يېشىم دەريا بولدى، :/
نامازدىگەر چاغلاردا. (شەرۋانوم)

قايتۇرما:

شەرۋانوم بانۇم،
ھېلىم بانۇم - بانۇم.
گۈللەر قايدا بار،
ئاي ماپىلىق.

*   *   *

(شەرۋانوم - بانۇم،
جېنىم بانۇم - بانۇم،
گۈللەر قايدا بار، ماپىلىق.)

يارىنىڭ ئۆيى قايدىدۇر،
سۈيى يوقىرى سايدىدۇر.
ۋەدىسى يالغان شۇ يارىنىڭ
تۇرار جايى قايدىدۇر.

www.uyghurkitap.com

تاغ تۈۋىدە ئۆيۈم بار،
تىزەك قالاپ چوغۇم بار.
ئايدا ـ يىلدا بىر كۆرسەم،
تەمكە سالۇر مەيلىم بار.

## 6. زالىم يارەي

نەدەپ ئىچتىم خانبوزاڭنى (يەي)،
تۈتتى كۆكسۈمدىن (ئايىرەي)،
زۇلۇم بىلەن (نەي) ئايرىۋەتتى،
خۇمار كۆزۈمدىن (ئايىرەي...)،

قايتۇرما:

ئايىرەي زالىم يارەي...
ئايىردي مەگەش داغۇمەي، ئايىرەي...

* * *

يارىمسەن سەن ـ سەن يارىمسەن،
قايدا بارارسەن.
قاشنى ئىتىپ، كۆزنى سۈزۈپ،
جاننى ئالامسەن.

ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ،
بولدۇم ھەيرانە
ئاشىق ئوتى يامان ئىكەن،
قىلدى دىۋانە.

## 7. بارسىلا كەلمەمدىلا

شاھى چاپىنىم بولسا،
/:شامال چىقسا كىيىسەمەن. :/
كۆيگەن ئادىشىم بولسا، (ئايىرەي)
ھەر ھەپتىدە سۆيىسەمەن.

قايتۇرما:

بارسىلا كەلمەمدىلا، ئاھ ئۇراي خۇدايىمغا.
ئاھ ئۇراي خۇدايىمغا، يەتكۈزۈك مۇرادىمغا (ئايىررەي).

* * *

ئاسمانلاردا ئاي پاتتى،
بىر ۋاقىتلار تاڭ ئاتتى.
بىۋاپانى يار تۇتسام،
يوللىرىغا قاراتتى.

ئاتنى مىندىم ئېگەرسىز،
تاغقا چىقتىم يۆگەنسىز.
يارى تۇرۇپ يار تۇتقان،
يۈزى قارا ئىمانسىز.

بۇ يوللار ئۇزاق يوللار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
شوغۇن كۆندە يارلارنىڭ
دەردى بار ۋاپاسى يوق.

لەپ ـ لەپ ئۇچىدۇ سارلار،
قارىمايدۇ شۇ يارلار.
قارىمىسا، قارىماس،
ئەسلى بىگۇپا يارلار.

گۇپا كىبلەر دىۋۇندىم،
كۆپ جاپانى كىم بىلدى.
ئاخىرى جۇدالىق ئىكەن.
ئايرىلۇرنى كىم بىلدى.

بىگۇپا ئىكەندۇقسىز،
كۆپ جاپا ئىكەندۇقسىز.
ئايرىلماس دەپتىمەن،
ئايرىلىپ كېتەركەنسىز.

ئۇگىدىكى بىر قۇشمەن،
يار دەردىدە بىھۇش مەن.
مېنى ئالساڭ تونۇپ ئال،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.

### 8. تاجىخان

مەن ئۈتىمنى باغدا دىسەم،
/:يۇرىدۇ سايدا (يەي).:/
بىر ئاتىدىن ئالتى ئىدۇق (ئاي تاجىخان)
بىرىمىز قايدا (جېنىمەي...).

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ئۆلۈم بولمىسا.
ئۆلگەنلەرگە بېھىش بولسا،
دوزاخ بولمىسا.

ئاتىلاردىن ئايرىلدۇق،
ئانىلاردىن ئايرىلدۇق.
شاپتۇلا چېچەكىدەك،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلدۇق.

يىراق بولسا، يېقىن بولسا،
قارارىم يوقتۇر.
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام،
ئارمانىم يوقتۇر.

## 9. زىۋاگوجۇ

مەن مەلەڭگە بارمايمەن (زىۋاگوجۇ)،
مەلەڭدىكى بىر يامان زىۋا.
بارمايمەن، كۆرۈشمەيمەن (زىۋاگوجۇ)،
كۆرۈشكە ئوتلۇرۇڭ يامان (زىۋا).

* * *

قايتۇرما:
ئاي قارا كۆز يار بىلەن زىۋا،
ئاي خۇمار كۆز يار بىلەن نەي زىۋا.

قاشىڭ قاراسى قۇندۇز،
ئايىڭ قېشىدا يۇلتۇز.
سەن يارنى خىيال قىلسام،
يىغلايمەن كېچە - كۈندۈز.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
جان باخ - باخ ئېتەي يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى - قارنى.

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

چاي قازاندا قاينىسۇن،
تارت غېجەكنى سايرىسۇن.
غېجەك تارتقان قوللارىڭ
يار قوينىدا ئوينىسۇن.

### 10. شىڭشىڭشا

/:شىڭشىڭشا ئۇزۇن گوبى (جېنىمەي)،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.:/
/:قۇمۇل يولىغا قاراپ (ئوتۇك يامانەي)،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.:/

قايتۇرما:

ئۇتتۇك يامانەي،
هارۋىنى تاشلاپ قاچقان.

* * *

شامەخسۇتنىڭ زۇلمىتى،
شىڭشىڭشانى كۆرسەتتى.
ئىككى تال قامچا بېرىپ،
دەڭگىرمانى [91] هىدىدەتتى.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا،
ئەل يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم.
ماڭماي دېسەم قورقىمەن،
خۇدايىمغا يىغلىدىم.

شىڭشىڭشا ئۇزۇن گوبى،
تاغ ئىچىدىن يول ئاچقان.
گاڭنىڭ ئالۋاڭ دەستىدىن،
هارۋىنى تاشلاي قاچقان.

## 10. دولان مۇشاۋرەك مۇقامى

### مۇقام

//:بېشىم كەتمەس بۇ سەۋدادىن،
بۇ سەۋدا كەتمىدى باشتىن.://
جاپانى كىم تولا چەكسە،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن
جانام ئاي بىي... بىي... يارى دەردمەنلەر.

بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتتى،
ئاشۇنداق شاھى بەرنا.
چىمەنلەر ئىچىدە گۈل قالغاي،
نەشاخى غۇنچىسى رەنا.
جانام ئاي... بىي... بىي يارى دەرددمەنلەر.

* * *

يۈزى ئاقتۇر، لېۋى غۇنچە،
قولى دان ـ دان چوكا گويا.
يا، ئۇنىڭ شانى جامالىگە،
كۆيۈپ (ئەي) كۈل بولۇپ ئۆتتۈممەن،
جانام ئاي بىي... بىي... يارى دەردمەنلەر.

چىشىڭنى ئاق ئۈنچە دەيمۇ،
بويۇڭنى گۈل غۇنچە دەيمۇ.
يۇقىر ياقتىن چىقىپ كەلسەڭ،
ئانار باغ گۈلى دەيمۇ.
جانام ئاي بىي... بىي... يارى دەردمەنلەر.

* * *

**1. مەستانە قەلەم قاشلىق**

‖: مەستانە قەلەم قاشلىق (ئەي)، :‖
‖: بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ (يەي)، :‖
‖: ئاخشام بولسا چىللايسەن (نەي)، :‖
‖: خەلىدە تۆيۈڭ بارمۇ (يەي). :‖

* * *

جېنىم مەشۇق، خېنىم مەشۇق،
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟
كويۇڭدا زارى - زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلەرمەنمۇ؟

جېنىم مەشۇق، خېنىم مەشۇق،
ئاياغىدا ياتاي مەشۇق.
قولۇم سۇنسام، قولۇم يەتمەس،
كۆزۈمگە توتىيا مەشۇق.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
ئەزەلدىن ئوينىغان يارلار،
ئەمدى ئوينىماس بولدى.

www.uyghurkitap.com

تاغدا يايلىغان كالىلار،
ئەمدى يايلىماس بولدى.
بۇرۇن ئوينىغان يارلار
ئەمدى ئوينىماس بولدى.

## 2. كىچىك سايراق بۇلبۇلۇم

گۈللا بولسا (يەي) //: گۈل بولامدۇ (يەي) ://
//: قاتى — قاتى بولمىسا (يەي)، ://
يارلا بولسا (يەي) //: يار بولامدۇ (يەي) ://
//: ئىبتىقادى بولمىسا (يەي) ://

قايتۇرما:

سايراق بۇلبۇلۇم، سايراق يارەي،
سايراپ شاخىدا بۇلبۇلۇق بولاي،
بۇلبۇلۇق بولاي، ۋاي غوجام ئاللىيەي.

* * *

ئارىلىقى - يەي ئارىلىقى،
ئارىلىقىنىڭ تارلىقى.
ئۆلگىچە چىقماس ئېسىمدىن،
يارنىڭ ئۇرغان شاللىقى.

ئالا غوللۇق غاڭزىنىڭ
سېرىق ئىكەن زۇيزىسى،
بۇ دۇنيادا يوق ئىكەن،
بىزنىڭ يارنىڭ ئۇجۇرسى [78].

هاۋادىكى بوز تورغاي،
سايرىمىسا نە بولغاي.
ئاغرىپ كەتكەن كۆڭۈلنى
ئاغرىتمىسا نە بولغاي.

## 3. شېرۇللا سەنەم

‖: سېنىڭ مەيدەڭ ماڭادۇرا، (ئاللىيەي غوجام ئاللىيەي.) :‖
‖: ماڭا تىرناقچە بەرسەڭچۇ. (شېرۇللا سەنەم يارەي...) :‖
‖: خۇدا يولىدا بەرمىسەڭ، (ئاللىيەي، غوجام ئاللىيەي...) :‖
‖: بازار نەرقىدە ساتساڭچۇ (شېرۇللا سەنەم يارەي...) :‖

* * *

قوراي تېغى ئېگىز تاغ،
سىرلەيمۇ دېمەيدۇ.
كۆڭلى قاتتىق شۇ يارلار،
سېغىنايمۇ دېمەيدۇ.

ئالا - سېرىق كۆرۈنەر،
ئېدىرلىقنىڭ تۈلكىسى.
جانىنى ئېلىپ جان بېرەر،
شۇغىنە يار كۈلكىسى.

ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق،
ئېقىن دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جېمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىيمك ئېيتىدۇ جاپپار،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.
يېزا - بايان چۆللەردە
ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

## 4. ئوك قولۇمدا جوگزا

/: ئوك قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
سولغاي قولۇمدا جۈپ ئۈزۈك (جېنىمەي...). : /
بۇ دۇنيادا بىر بارمىكىن،
مېنىڭ يارىمدەك سۆپسۈزۈك (جېنىمەي...).

قايتۇرما:

نېرى يېتىڭ خېنىم، بېرى يېتىڭ جېنىم،
ئۆيلەر كىچىك، قىستىماڭ جېنىم.

(ئوك قولۇمدا جوگزام،
سول قولۇمدا خويۇم.
يارىنىڭ ئېتى خېدىسخان.
بىر كەلمەيدۇ قاشىمغا.
يارنى كىم باقسۇن.)

* * *

(لەنگە دىيداڭ - دىيداڭ،
سەنگا دىيداڭ - دىيداڭ.
سەن مېنى كىچىك كۆرمە،
مەن سېنىڭ ئاخۇن داداڭ.)

* * *

مەن ئۆزۈم شەر [93]بالىسى،
يېزىلاردا چوڭ بولغان.
قاراقاش قاۋۇل يارىمنى
كۆرگىلى زار بولغان.

قارا قۇش قۇشلىغىلى،
ئەرلەر كېرەك، بىلەك كېرەك.
ئۇسمىسى چايەك [94]جۇگانىنى،
سۆيگىلى تاقەت كېرەك.

قارا غوللارنىڭ سۈيى،
قاراڭغۇ باغلارغا ئاقۇر.
ئۇسمىسى چايەك جۇگان،
يۈرەككە ئوتلارنى ياقۇر.

مەن ئۆزۈم مۇرجاڭ بولۇپ،
سالدىم يىغاچقا رەندىنى.
يار ئوتىغا پايلىماي،
كىيدىم كۇلاھۇ جەندىنى.

ھەر ياندىن دۈشمەن كېلىپ،
تىغ ئارىسىغا ئالسا سېنى.
كۆيۈك ئوتىغا مەن قېلىپ،
قورشاۋغا ئالسام سېنى.

بىر ناۋا تەۋكا ئىچىدە،
مەس بولۇپ قالساڭ سېنى؛
قىپقىزىل قاننى تۆكۈپ،
قۇتقۇزۇپ قالسام سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 5. ئويناك كۆلۈك

ئويناك كۆلۈك، كېلىك ئويناك.
//:بىز كىرگەن ://قومۇشلۇققا،
//:يولۋاسلار ://كىرەلمەيدۇ (يەي)
//:بىز سۆيگەن ://جۇگانلارنى،
//:خان بەگلەر ://سۆيەلمەيدۇ (يەي)

* * *

## 6. زىندان تېمى ئېگىز تام

//:زىندان تېمى ئېگىز تام، ://
(ئايىرەي) ئېنىڭ ئىچى گۆرىستان.
//:ئېرەنامكچە بەل باغلاپ. ://
(ئايىرەي) شېھىت ئۆلگەن ئايىمخان (ئايىرەي.)

* * *

ئايىمخاننى ئەپ چىقتى،
تۆرت تەرىپىنى توراپ،
بېشىنى ئالۇر چاغدا،
قىلغۇى قايان دەپ سوراپ.

ئايىمخاننى ئەپ چىقتى،
نايناق تۆگىگە ئارتىپ.
يارنى مەن سۆيۈپ ئالاي،
ئالتۇن بويىدىن تارتىپ.

تولۇنئايدەك ئايىمخان،
پەرىزاتتەك يارالغان.
ئۆزۈڭ شېھىت ئۆلسەڭمۇ،
ناماڭ ئەلگە تارالغان.

## 7. ۋاي جېنىمەي

يار مېنى يامان دەيدۇ، (ۋاي جېنىمەي)
//: بىلمەيمەن يامانلىقنى، :// (ۋاي جېنىمەي)
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ، (ۋاي جېنىمەي)
//: تىلەيمەن ئامانلىقنى. :// (ۋاي جېنىمەي)

* * *

قىزىل گۈل غۇنچىسى يارىم،
سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ.
لېۋىڭگە ئۆپۈپ سۆيسەم،
كۆزۈم قىيمايدۇ، تويمايدۇ.

بۇغداي قۇيدۇق سۆگەنگە،
باھاسى يوق بەش تەڭگە.
يار بىلەن كۆرۈشكەندە،
ئىتتىرىۋەتتى ئۆستەڭگە.

يۈزۈڭ گويا تولۇنئاي،
قىزىلگۈل غۇنچىسى دەپ ئىنىلاي.
سەن يارىم مېنى دېسەڭ،
ئۆمبەتنى ئۈزمەي ئويناي.

باغىڭدىكى ئالمىڭنى،
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن،
سىنىڭدەك گۈزەل ياردىن،
ئۆلسەم ئۈمىد ئۈزمەيمەن.

ئۈستىغاندا سۇ ئىچىپ،
يىراقتىكى بۇلاقتىن.
ئۈمىدنى مەن ئۈزمىدىم،
شېرىن سۆزلۈك شۇ ياردىن.

ئاتلاپمۇ ئۆتەلمەيمەن،
سەكرەپمۇ ئۆتەلمەيمەن.
بالدۇر قىلغان ۋەدەمگە،
ئۈمىدنى ئۈزەلمەيمەن.

مىلتىق ئوقى يامان نېمە،
ئۇيان - بۇيان غايىلماس.
يار ئوتى يامان نېمە،
يۈرەك - بېغىرلار پايىلماس.

## 8. يارئاللا

يارىم بەردى بەش ئالما،
//:بەشلىسى قوينۇمدا.://
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام، (يارئاللا ئايىرەي)
يارنىڭ قولى بوينۇمدا (يەي).

* * *

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

ھاۋانىڭ تۇمانىدىن،
بېشىم ئايلىنىپ كەلدىم،
ئىزدەگلەر، سورىماڭلار،
ياردىن ئايرىلىپ كەلدىم.

ھاۋانىمۇ - ھاۋانى،
خەقلەر كىيىپتۇ تاۋانى.
گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كۆرەيلى تاغلارنى.

ھاۋانىمۇ - ھاۋانى،
يارىم كىيىپتۇ تاۋانى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
كۆيۈك ئۇتىمغا داۋانى.

چىراغلار ئۆچەي دەپتۇ،
پەرلەپ قويسا كۆيمەمدۇ؟
بىزنىڭ يارلار كەلمەپتۇ،
چىللاپ قويسا كەلمەمدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىراغنى - چىراغ دەيدۇ،
كۆيگەننى پىراق دەيدۇ.
ئۈچ كۈن كۆرمىسە يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەيدۇ.

سەھەردە ئويغۇنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغۇنادۇرمەن.
يار يادىمغا يەتكەندە،
خۇدا دەپ يىغلىنادۇرمەن.

## 9. ئايخان مەشۇق

/: ئۆستەڭ ياقىلاپ بارسام،
ئاخۇنباينىڭ مۇنچاسى. :/
ئاخۇنباينىڭ قىزلارى
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچاسى.

قايتۇرما:

ئايخان مەشۇق ئوينايلى،
قارىكۆز ئاداش ئوينايلى.

* * *

ئوڭ يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
قېشى قارا مۇنايىم،
گۇنايىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
يەرگە توك - توك چۈشۈپتۇ.
قاملاشمىغان ئايلاغا،
ئەجەب كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

ئشك ئالدی كارۋات.
مەن یاتمایمەن ئۆزۈك یات،
یار تۇتۇپ بۇنداق بولسا،
یار تۇتمایمەن پەندیات .

شلدىر ـ شلدىر قۇمۇشقا،
ئوتنی یاقتك نېمىشقا.
سناشمغان شۇ یارغا،
كۆڭلۇم چۈشتی نېمىشقا.

گۈللەر ئېچلىپ قاپتۇ،
ئۆز ۋاقتغا یەتكەندە.
قەدىرىم ئۆتۈلۈپ كەتسۇن،
ئۆزۈم یىراققا كەتكەندە.

گۈللەر ئېچلىپ قاپتۇ،
یارىم سېنىڭ بېغىڭدا.
دیۋانە بولۇپ قالدۇق،
یارىم سېنىڭ كویۇڭدا.

مەن كېتەرىمگە كېتەرمەن،
بۇ ماڭا نالەج ماڭا.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
مېھرىبان كۆڭلۇم ساڭا.

### 10. جەرەن یە

ئالتە ئاي یاتتۇق مىڭگاڭدا.
//:سۆك ـ سۆك بىلەن ئوت قالاپ.://
كۆزنىڭ خۇمارى ئاقتى،
//:قۇمۇل یولىغا قاراپ.://

قايتۇرما:

ياھۇ - يارەي ياسەنچى،
بېلى ئۇزۇن بېرەنچى.
ئۆمرۈڭ ئۆتسۇن ئېرەنچى،
جەرەن يەمۇ - جەرەن يە...

* * *

شوتا قويدۇق شاتۇتقا،
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتقا،
مۇساپىرنى خار كۆرمەڭ،
بىزمۇ يانىمىز ئۆز يۇرتقا.

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ،
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز شەھرىنى ياد قىلىپ.

قومۇلنىڭ سەتەڭلەرى،
بولۇپ قاپتۇ چىڭگاگدەك.
شۇ ۋاقىتنىڭ جوگانلىرى،
قېرىپ قالغان ئىڭگاگدەك.

دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
يارىم خان تىڭشاپ قويۇڭ.
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم،
ھالىمنى سوراپ قويۇڭ.

ئالتە ئاي باقتىم قويۇڭنى،
بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى.
كۆرسەتمىسەڭ كۆرسەتمە،
بۆرە يېسۇن قويۇڭنى.

جۇجەملەر پىشىپ قاپتۇ،
ئوقۇرۇق بىلەن قاقايلى.
ئايلالار يېنىپ قاپتۇ،
ھەلەپ بېرىپ باقايلى.

## 11. ئالتۇن پاشاخان

//:بادەم بارغۇ بادەم بار،
ئاستا كېلىڭ ئادەم بار.://
ئادەم بولسا بولمامدۇ،
ئاخشام قىلغان ۋەدەم بار.
جاننى ئالامىلا ئالتۇن پاشاخان.

* * *

پاشاخان ئۆيۈڭ نەدە،
سايۋاغدىكى لەڭگەردە.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
چاھارشەنبە سەھەرلەردە.
جاننى ئالامىلا ئالتۇن پاشاخان.

پاشاخاننى ئېلىۋالسام،
يۈرىكىمگە تېگىۋالسام.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
مۇرادىمغا يېتىۋالسام.
جاننى ئالامىلا ئالتۇن پاشاخان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پاشاخان بەرگەن بىلەيزۈكنى
سىلىشۇالدىم بىلەككە.
يار جامالىنى كۆرۈپ،
ئوتلار كەتتى يۈرەككە.
جاننى ئالاملا ئامرىقىم پاشاخان.

سىرلىق ساندۇق سىرلايمىز،
يىلىم بىلەن يىملايمىز،
ئالدىرىمىسىلا پاشاخان،
ئەتە ئۆيگە چىللايمىز.
جاننى ئالاملا ئالتۇن پاشاخان.

ئون بەش ياشىمدا،
بۆكۈم باشىمدا.
كۆڭلۈم ئازادە،
يارىم قاشىمدا.
جاننى ئالاملا ئالتۇن پاشاخان.

ئۆگزەڭدە كەپتەر،
تاماكا سەپ بەر.
چەكمەيمەن تاماكاڭنى
يارىمنى تېپىپ بەر.
جاننى ئالاملا ئالتۇن پاشاخان.

## 11. ئىراق مۇقامى

## (چوڭ دەردى يامان مۇقامى)

### مۇقام

جاھاندا ئىككى يارىم بار،
بىرى ئالىم، بىرى زالىم.
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق،
بىرىگە كۆيىدۇ جانىم.

قايتۇرما:

بىرىگە كۆيىدۇ جانىم،
جانىم بىي...بىي ئۆلمەيدىغان كىم بار.

سەھەرلىك تاتلىق ئۇيقۇمدا،
ئېتىكىنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
ئىچىمگە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

قايتۇرما:

ئىچىمگە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.
جانىم بىي ... بىي ئۆلمەيدىغان كىم بار.

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىشت ئەرزىمەنى ئەي دىلبەر،
يۈرەك باغرىم كاۋاپ بولدى.
ناۋارىمنىڭ جاپاسىدىن
رەقىبلەر شادىمان بولدى.

ناۋارىمنىڭ جاپاسىدىن،
رەقىبلەر شادىمان بولدى.
جانىم بىي ... بىي ئۆلمەيدىغان كىم بار

## 1. دەردىڭ يامان

تاغدا كىيىك بالىسى (جېنىمەي...)
//:سەنمۇ يېتىم - مەنمۇ يېتىم (جېنىمەي، ئاي جېنىم دەردىڭ يامان)://
مەن سېنى يوقلاي دىسەم (جېنىمەي...)
//:يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم (جېنىمەي، ئاي خېنىم دەردىڭ يامان)://

* * *

چىنە - چىنە سۇ ئىچەرمەن،
ئۈتلۈق يۈرەكنى باسۇرمۇ دەپ.
بۇ بېيىتنى ساڭا ئېيىتتىم،
رەھمىسى كېلۈرمۇ دەپ.

ئەۋرىشىم ھەرگىز يېشىلمەس،
بىر تۈگۈلگەندىن كېيىن.
ئەسقاتمايدۇ پۇشايمان،
ئىش تۈگىگەندىن كېيىن.

ئىنىلسام قانماس ئاۋازىم،
گۈلدىنمۇ ئىللىق بويلىرى.
تەركى قىلدى مەن غېرىپنى،
سالغان جۇدالىق كويلىرى.

## 2. جىنىمەي

قاپقارا بوران كېلىپ (جىنىمەي...)،
//:(ئاي) ئۆشاتتى گۈلنىڭ شاخىنى (ئايىرەي...)://
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي (جىنىمەي...)
//:(ئاي) بىۋاپا يار دەردىنى (ئايىرەي...)://

* * *

ئارىدا تام بولمىسا،
يارىمنى كۆرسەم پات ـ پات.
يارىمنىڭ باسقان ئىزىدىن،
گۈللەر ئېچىلدى قات ـ قات.

ئاق سارايدىن چىققىنىلا،
ئاق تاۋار تونىنى كىيىپ.
يەڭلىرىدە زۇلپا يار.
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ.

مەن كەلدىم قۇياش بىلەن،
كۆزلۈم تولدى ياش بىلەن.
ئىش ۋاقتىدىن ئۆتتى،
سىز تېخى كېڭەش بىلەن.

www.uyghurkitap.com

چاقىڭىز غۇرۇڭ - غۇرۇڭ،
كالتە تاناپ يەتمەيدىغۇ.
كۈن چىقتى چاي ۋاقتى بولدى،
يارىڭىز چىقمايدىغۇ.

### 3. مۇزاتتا يوق ئىكەن

مۇزات دەرياسىدا،
مۇزنىڭ گاداسى (جىنىمەي)،
//: كىشىگە يوق ئىكەن
كىشىنىڭ ۋاپاسى.://

* * *

گۈپايىڭ بارمۇ دەپ،
چەندان يۈگۈردۈم.
گۈپايىڭ يوق ئىكەن،
ئەمدى تۈگۈندۈم.

گۈپايىڭ بولسا يار،
چامداپ يۈگۈرسەم.
تىلىمنىڭ ئۇچىدا
ئىمان ئېبەرسەم.

ئىمانىمنى ئوقۇپ،
كەلسە قېشىمغا.
دۇئا دەگلەر مېنىڭ
قەلەم قېشىمغا.

قارا ساچىم ئۆسۈپ،
قېشىمغا چۈشتى.
ئېغىر كۈنلەر مېنىڭ،
بېشىمغا چۈشتى.

سېنىڭدەك سەنەمنى،
سەنمۇ دېمەسمەن.
قەن - ناۋات بەرسەڭ،
ھەرگىز يېمەسمەن.

خېنىم قەن - ناۋات
بەرسەڭ يېسەممەن.
خۇدا ئالدىدىن،
قانداق ئۆتۈرمەن.

قەلەم قاشلىق ئىكەن،
جانىنىڭ پىراقى.
ئەجەب دۇشقار ئىكەن،
يولىنىڭ يىراقى.

### 4. ئىمرىقىم (ئامرىقىم)

//:ئىمرىقىمنىڭ ئۆزىنى،://
قايدىن تاپارمەن سۆزىنى (جېنىمەي).
//:ياغلىقىمغا تۈگۈۋالدىم،://
سايدا باسقان ئىزىنى (جېنىمەي؛ خېنىمەي).
قايتۇرما:
نېمە بولدىلا — ۋاي — ۋاي ئىمرىقىم
* * *

تاغمۇ ـ تاغلارنى كەزدىم،
مەن كۆرمىگەن تاغ قالدىمۇ؟
يار ئۈچۈن مەن تارتمىغان،
جويى ـ جاپالار قالدىمۇ؟

تاغمۇ ـ تاغلارنى كېزىپ،
مەن كۆرمىگەن تاغ قالدىمۇ،
قول سېلىپ ئاختۇرمىغان،
خۇرجۇن ـ قاچىلار قالدىمۇ.

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
قاراپ كۆزلىرىم تالدى،
بىر باقمىدىڭ، ئۆلدۈڭمۇ،

ئۆزلىرى ئۆيدىن چىقىپ،
باغلارنى بوستان قىلدىلا.
بىر قوۋۇز لەۋزى بىلەن،
ئاشىقىي شەيدا قىلدىلا.

## 5. ئـەي هـوت

كەچ بولۇپ يولتۇز چىقىپتۇ،
//:(ئاي) مەن قاچان ئۆيگە ياناي.://
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
يولداش قىلىپ ئۆيگە ياناي.

قايتۇرما:

ئەي هوت ئىكەن، مەي هوت ئىكەن،
پەريات ئىكەن — زالىم يارلار.

* * *

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
كەتمىسەم يار قاشىدىن.
خەلقى ئالەم بولمىسا،
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

چىنىدىكى چاينى كۆرۈڭ،
تېگىدىكى لاينى كۆرۈڭ.
هاراق ئىچىپ مەس بولغاندا،
كۆڭلىدىكى يارنى كۆرۈڭ.

ئالما يەيلى، غورا يەيلى،
تۆبە شاخلارنى ئېگىپ.
كۈن چىقىشتا بىر يارىم بار،
ئۆلمىسۇن تىلىم تېگىپ.

ئېگىز ئازغان بېشىدا،
چامچاڭنى سال مۆرەڭگە ئال.
شۇغىنە ئايلا جۇگانىنى،
ئالما دەپ قوينۇڭغا سال.

جۈجەملەر پىشىپ قەپتۇ،
دەرەڭگىگە قاقساقچۇ.
جۇگانلار قېرىپ قەپتۇ،
تۇغاچ بېرىپ باقساقچۇ.

## 6. بەجىن پىچاق ئەينالەم

قارىقاش قاۋۇل يارىم،
/:بولدى ساڭا باغرىم كاۋاپ.:/
شۇ سىنىڭ مۇشكۇل ئوتۇڭدا،
ئولتۇرۇپ چالسام راۋاپ.

قايتۇرما:

ئالتۇن پىچاق ئەينالەم،
بەجىن پىچاق ئەينالەم.
ئەينالەمنى ئېلىۋالسام،
يانچۇقۇمغا سېلىۋالسام،
بەجىن پىچاق ئەينالەم.

* * *

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزلەرنى تاشلاپ سالدىڭىز.
يوقمىدى ئىنساۋىڭىز،
زارمۇ زار قاقشاتتىڭىز،

خۇشما قاشتۇر ـ قوشما كۆز.
خوشمۇ يالغانچى ئېغىز.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن
سۆيگەن مېنى جاندىن ئەزىز،

يېڭى شەھەرنىڭ يولىدا،
ئوۋاڭ ـ دوۋاڭ تۇرقۇلۇق.
ھەرلا كىمنىڭ يارى بولسا،
سېكىرىپ قاراپ تۇرغۇلۇق.

قېشىڭىزنىڭ قويرۇقى،
نارىنچى گۈلنىڭ ئۇرۇقى.
سىزنى بىزگە قوشمىغان
شول خودانىڭ بۇيرۇقى.

سىز خېنىم ئالدىرىماڭ،
كۆڭلەردە پەرمان توشدۇ،
خۇدايىم بۇيرۇغان كۈنى،
سىزنى بىزگە قوشدۇ.

ئېرىقىڭىزدىن قوم ئالدىم،
يان ئېرىقتىن نەم توپا.
يار تۇتساڭ ياخشىنى تۇت،
قالغانلىرى بىيگۇپا.

### 7. ئوتۇك يامان نىياز خېنىم

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
جانلاردىن ئۆتتى.
ئاتنى سېمىز ساقلىغانلار،
قۇش بولۇپ ئۇچتى (جېنىم ئايىرەي).

قايتۇرما:

(ئاي) نىياز خېنىم ئوتۇك يامان
ئوتلىرىڭ يامان (جېنىم ئايىرەي)

* * *

ئالا ئاتىم سەمىرەلمەيدۇ،
ئېگىز ئوتىغا.
يۈرەك باغرىم پايلىمايدۇ،
يارنىڭ ئوتىغا.

ئېتىم جەردە ــ ئېتىم جەردە،
ئالا ئېتىم جەردە.
غانجۇغامدا بەش چىلەك ھاراق،
ئىچكەنىم نەدە.

## 8. بىر كۆرسەم جامالىڭنى

بەلباغ باغلىغان نوچى (يەي)
بەلباغ سۆرۈلۈپ قالدى (يەي)
ئۆزىنى ماختىغان نوچى (جېنىمەي)
ياردىن ئايرىلىپ قالدى. (خېنىم، بىر كۆرسەم جامالىڭنى)

* * *

يار باغىڭغا كىرمەيمەن،
ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە،
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

قاغىلار قاتار ــ قاتار،
بىر بالا بولدىمىكىن.
ئۆزى ئاق، قاشى قارا،
مەندىن جۇدا بولدىمىكىن،

سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى،
خار ئېتەلمەيدۇ كىشى.
ناگادا خار ئەتسە كىشى،
ھەر يەرگە بارسا خاردۇر بېشى.

كىم بىلۇر قەدرىمنى يارىم،
دەردمەن كۆڭۈللەر بولمىسا.
ناز ئېتەر كىملەرگە گۈل،
قاشىدا بۇلبۇل بولمىسا.

ئېرىق ئىچىدە شاتۇت،
بىر ياخشىنى ئاشنا تۇت.
بىر ياخشى قارىمىسا،
ئويناپ يۈرۈپ ھاراق تۇت.

## 9. كىچىك ئايلا چۇگان

بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
//:كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ.://
قاچان كېلەر يارىم دەپ.
ئولتۇرامدىمەن ساقلاپ،

قايتۇرما:

ئايلا جۇگان ئايىرەي...

* * *

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
تۆۋىگە چۈشۈپ قاپتۇ،
قارا كۆز مېنىڭ يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

سىرلىق ساندۇق ئىچىدە،
ئالتۇن ئۈزۈك ئوينايدۇ.
يېنىمدىكى خۇمار كۆز،
كۆزى بىلەن قىينايدۇ.

پەدەز قىلىپ چىقىپلا،
چوڭ بازارغا ماڭدىلامۇ؟
ماڭا قاراپ قويمايدىلا،
ئەقىدىلىرىدىن ياندىلامۇ؟

مەن كۆيدۇم قارا كۆزگە،
قارا كۆزنىڭ گېپى ئۆزگە.
يىغلايمۇ مەن، كۈلەيمۇ مەن،
تالادىكى گەپ- سۆزگە.

چىنىلار سۇنۇپ كەتتى،
چەينەكلەرگە دەز كەتتى.
ئۆستەڭ ياقىلاپ يار تۇتسام،
بىر سۆيمەيلا داڭ كەتتى.

ئانىسى يوق جۇجەكلەر،
جىرجۇلاردا چىللايدۇ.
ئاشىقى يوق نادان باللار،
بۇلۇڭ - پۇشقاقتا يىغلايدۇ.

كىچىلەردە يول ماڭدىم،
ماڭماي دېسەم ئامال يوق.
جۇجەكلەرنىڭ شۇملۇقىدىن،
توخۇلاردا ئەمچەك يوق.

## 10. ھەق ئاللايمەي

/:يار بولسا تۇتاي دەيمەن،
يارسىز يۈرۈپ بولماس.:/
كۆڭۈلدىكى دوستلاردىن
بىر دەم ئايرىلىپ بولماس.

قايتۇما:

ھەق ئاللايمەي،
دوس ئاللايمەي.
مەن قانداق چىداي،
يارنىڭ دەردىگە.
يار تۇرامدىكىن،
قىلغان ۋەدىگە.

* * *

باغلىرىڭنى سەيلىتىپ،
ئارقاننى سالدىم تالىغا.
تەلپىمنىڭ يوقىدىن،
تالاشتا قالدىم يارىغا.

دوستلىرىمنى سەيلىتىپ،
ئارغامچا بولدۇم دارىغا.
دۈشمىنىمنى چىقمىسۇن دەپ
چىقمىدىم ئاشكارىغا.

چىرايىڭمۇ كىلىشكەن،
قامىتىڭمۇ جايىدا.

ۋاقىت يەتتى تۈيدۈگىمۇ،
سەنمۇ قالما سايدا.

كىم يۈرمەيدۇ بۇ كوچىدا،
ئايدىڭ كېچىدە.
بىر مۇنچىلار مۇشۇ تاپتا،
ئۈيقا ئىچىدە.

سايغا چىقتىم بىر كۈنى،
كۆرۈپ قالدىم تۈلكىنى.
ئۆلمىسەڭ كۆرۈشەرمىز،
ئامان بولساق بىر كۈنى.

كۈن چىقىشتىن كۈننى كۆردۈم،
كۈن پېتىشتىن ئاينى.
ئايدا ئىزدەپ كۈندە تاپتىم،
ئۆزلىرىدەك ياخشىنى.

### 11. شەدىيانىڭ

قىزىل گۈل تارام - تارام (مەي)،
/:دۆلىتىم ئاتا - ئانام (مەي).:/
يار دىگەن كۆڭۈل خۇشى (يەي)
/:تېپىلمايدۇ ئاتا - ئانام. (مەي):/

قۇرغۇي قونمىغان دەرەخ،
سويما سالمىغان پەلەك.
ئونبەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا قانمىغان يۈرەك.

قوي كېلۇر قۇرى بىلەن،
بىر - بىرىنىڭ ئىزى بىلەن.
بىزنىڭ يار ئويناشىدۇ،
بايۋەچچىنىڭ قىزى بىلەن.

چېلەكنى چېلەك دېيدۇ،
ماختىغىچە بار چېلەك.
قىش - قىرودا كۆچ دېيدۇ،
كاجنى كۆرمىگەن پەلەك.

**12. ئېتەم شاگتو**

(ئاي) ئېتىم شاگتو //: (ئاي) كالام تارتماس،: //
//:قالدىم بالاغا (ۋاي جېنىمەي): //
(ئاي) قەلەم قاشلىق (ئاي) سەن يارنى دەپ،
//:چىقتىم تالاغا (ۋاي جېنىمەي): //

قايتۇرما:
يارىم - يارەي،
//:شېرىن يارەي،: //
//:ۋاي ئۇتۇك ياخشى،
دەردىڭ يامانەي.: //

* * *

دوزاخ يۈزلۈك دۈشمىنىڭدىن،
ئۇيانمۇ قاچ - بۇ يانمۇ قاچ.
ئەلىمگە پايلىمساڭ،
يۈگرەپ بېرىپ سۇلارنى چاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يار ئۆكسىگى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويلىرى زىۋا
شېرىن سۆزلىرى قەندىن.

13. گەپ بارەي، نېمە گەپ بار

يارىمنىڭ ئېتى ئايسە،
(ئايىرەي) چىرايىڭنى ئاچمايسەن. ://
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار (قاراكۆز)
مەندىن ئايرىلاي دېيسەن.

قايتۇرما:
گەپ بارەي نېمە گەپ بار،
شەرنى سورىسا ئامان دەپ بار.

* * *

يارىمنىڭ ئېتى ئايسە،
بۇغداي تېرىدىم مايسە.
ئوتتۇڭدا تولا كۆيدۈم،
قانداق قىلسەن ئايسە.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
تېرەك بېشىدا قاغا.
نېمە ئانچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا.

بۈگۈن ئايغا ئون ئالتە،
ئات هارۋاڭنى قوش ئەمدى.
بىز ئۆيگە يانار بولدۇق.
يارىم سىزگە خوش ئەمدى.

## 12. راك مۇقامى

## (سايراك بۇلبۇلۇم مۇقامى)

### مۇقام

تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان ... ،
ئېگىلمەي، روھسىيا بولدى.
قومۇشنى كۆرمىدىڭلەرمۇ ... ،
باش چىقاردى، بورىيا بولدى،
جانام داغ، بىي ... بىي ... بىي باقادەرلەر.

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار،
ئەگەر سەن ئاسمانچە بولساڭ.
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان تەختىدە بولساڭ.
جانام داغ، بىي...بىي...بىي...يارى دەردمەنلەر.

ئاتادەك غەمگۇزار قايدا،
ئانادەك مېھرىبان قايدا.
سىڭىلدەك بەۋاپا يارغا،
مىڭىلدەك ئىچ كۆيەر قايدا.
جانام ئاي، بىي ... بىي ... بىي باقادەرلەر.

قىزىل گۈل تۇۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارى بولدۇممەن.
سېنىڭدەك بىۋاپا يارغا،
ئەجەب ئاۋارە بولدۇممەن.
جانام ئاي...بىي...بىي...بىي باقادەرلەر.

1. سايراڭ بۇلبۇلۇم

دۆشكە چىقىڭ بىز كۆرىلى،
//:(ئاللا) بېشىڭدىن گۈل ئۆرىلى//
سىز ئۆلگۈچە بىز ئۆلىلى.
جانلارنى قۇربان قىلىلى.

قايتۇرما:

سايراڭ بۇلبۇلۇم،
گۈلنىڭ بەرگىدە.
جانلار قاقشىسۇن
//:يارنىڭ دەردىدە://

(سايراڭ بۇلبۇلۇم،
سايراڭ يارەي،
سايراپ شاخىڭدا،
//:قۇرغۇيۇڭ بولاي،://
دوستلىرىم ئامانەي.)

* * *

كۆڭلىكىڭنىڭ ئېتىكى،
ئېتىكىدە چېچىكى.
بىزنى تاشلاپ سۆيگىنىڭ،
ئايىغىمنىڭ پېتىكى.

يول بويىدا ئۆيىڭىز،
قىرچىن تالدەك بويىڭىز.
ئەجەب كەتمەس بولدىڭىز،
كىمدىن ئاغرىدى كۆڭلىڭىز.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاخلاپ، سۇدا قويساڭ،
ئېرىمەس كۆڭلۈم ساڭا.

ئاپپاق ئۇپىدەك يارىم،
تاۋار كۆرپىدەك يارىم.
ھېلى قىلغان خۇيلىرىڭغا،
قۇرساق كۆپكىدەك يارىم.

ئاي مەسەللىك ئايمۇسىز،
كۈن مەسەللىك كۈنمۇسىز.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
ساق - سالامەت بارمۇسىز.

مەن بېرىپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۇشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

## 2. ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك

ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك (گەي)،
//:(ئايىرەي) ئاناڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك (گەي).://
قەپەزنىڭ قەدرىنى بىلمەي (جىنىم يارەي)،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك (يارەي).

قايتۇرما:

ئاپارەي جېنىمەي ...
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك (ئاپارەي).

* * *

ئۇچۇپ ھاۋاغا چىققاندا،
لاچىن سوقسۇن سېنى كەكلىك.
يېنىپ دەرياغا چۈشكەندە،
لەھەڭ يۇتسۇن سېنى كەكلىك.

بېلىقچى تورىنى سېلىپ،
تۇتۇۋالسۇن سېنى كەكلىك،
يۇلغۇندىن زىخچە ياساپ،
كاۋاپ قىلسۇن سېنى كەكلىك.

كەندىر تۇۋىدە كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن ئەپلىك.
ۋەدىلەشكەن ئىمدۇق باشتا،
بۈگۈن - تاڭنا، قىيامەتلىك.

### 3. شەرۋازى قۇربانىڭ بولاي

/: ئالماكۆلنىڭ نارىدىن،
كۆڭلۇم قېلىپتۇ يارىدىن: /
ئايرىۋەتتى شۇ خۇدايىم،
قىزىلگۈلدەك يارىدىن.

قايتۇرما:

/:شەرۋازى قۇربانىڭ بولاي:/
ئۆچكەن چىراغىمنى ياندۇراي.

* * *

ئالمنى بىرىڭ دەيسىز،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز.
يار قەدرىنى بىلمەيسىز،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسىز.
ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
خەقنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئىرجىيىپ تۇرغان بىلەن.
ئالماگۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا ساچىسا بىر قۇچساق.
خەقنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.
بىغىمغا كىرىپ باقسام،
بۇلبۇل قوندى باشىمغا.
دەپ قويۇڭ ئاداشىمغا،
ئىتتىكىم تولدى ياشىمغا.

4. كىچىك شەرۋازى قۇربانىڭ بولاي

ئالمىدەك رەڭلىك ئىدىم،
/:رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.:/
نە گۇناھىم بار ئىدى،
/:قىلدى مېنى ياردىن يىراق.:/

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قايتۇرما:

شەرۋازى قۇربانىڭ بولاي،
چۆللەردە ھەمراھىڭ بولاي.

* * *

نەگۇناھىم بارئىدى،
يارئالدىدا - يار ئالدىدا.
ھېچلا ئىش مەلۇم ئەمەس.
قىلغان ئىشىم يار ئالدىدا.

ئەتىگەندە مەن بېقىپ،
ئاخشامىسېرى يارىم بېقىپ.
ھېچلا ئىش كەلمەس قولۇمدىن،
يار خىيالىمغا يېتىپ.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كۆرەيلى باغنى.
ئالتۇن قارىغاش يارىم،
ئىشارەت قىلىدۇ باغنى.

### 5 . جان گۈلچەرىخان

//:مەن بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىم،
كەلگىنىم پۇشمان ماڭا. ://
ئالتە تال كۆكۈل چېچىمدىن
ئۆزگىسى دۇشمەن ماڭا.

قايتۇرما:

جان گۈلچەرىخان ئوينىۋالامدىلا (يەي)
يار بىلەن بىر دەم ياتامدىلا باغدا (يەي)

ئاي قاشىدا بىر يۇلتۇز،
كۆرۈنمەيدۇ باشقىسى.
يارىم يارلار ئىچىدە
خۇددى ئاتنىڭ قاشقىسى.

ئىلچە تۇماقىڭنى،
قىستۇرۇپ بۇزۇۋەتمە.
دۇنيا دېگەن ئۆزۈن نېمە،
ئۈمىدىڭنى ئۈزىۋەتمە.

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

6 . مەستان داغۇمەي

//:جان چىقاردا كەلمىدىڭ،
جانان قاشىمغا مېنىڭ (ۋاي ـ ۋاي يارەي).://
نى ئالامەت تاغلىرى
سېرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

قايتۇرما:
مەستان يارەي، خانلار ئەلەم دا دەي، دوستلار ئەلەمدادەي،
دەرد ـ ئەلەمنىڭ دەردى بولسا، دەردىمنى ئېيتىپ بېرەي.
ۋاي ـ ۋاي يارەي ... شۇ جۇگانىنىڭ مەيلى بولسا،
يىگىتىكە ئېلىپ بېرەي، مەستان داغۇمەي.

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جانىمنى بەرگەن خۇدايىم،
بىر كۈن ئامانەتنى ئالۇر.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن،
سالغان ئىمارەتلەر قالۇر.

ياشلىقىم ـ پاشالىقىم،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلەر.
تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن،
شۇ گۈللەر قايدىن كېلەر.

كوچىلاردا ماڭماڭلار،
كوچىلاردا تىڭچى بار.
سىز بىزنى كىچىك كۆرمەڭ،
قورسىقىمىزدا بىڭسى بار.

7 . ھايىت قىلىدۇ، ھۆيىت قىلىدۇ

/ :ھاۋانىڭ تۇتۇقلۇقى،
/ :ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى ... /
بۇمېنىڭ / يالغۇزلۇغۇم، /
يانىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.
(ئاي خېنىمەي، ئاي جېنىمەي، بەجىنگە بارغان بەگلىرەي)

قايتۇرما:

خۇش كۈلىدۇ، شوخ كۈلىدۇ،
جۇگانلىرى باغدامىكىن.
كۆر قىلىدۇ، پۇر قىلىدۇ،
قۇشقاچلىرى تالدامىكىن.

* * *

رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
سايدا ياتقان تاشتا.
خۇشمۇ دەردلەر بارئىكەن،
خۇدا ياراتقان باشتا.

تاغقا چىقتىم ئاتلىق،
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە.
يىغلىماڭ جېنىم يارىم،
بىزگە كەلگەن ئىرادە.

8 . ئەسلەيخان

//:يارىم ئېيتىدۇ ناخشا،
تىڭشاپ ياتىمەن ئۆيدە.//
چىقاي دېسەم چارەم يوق،
يىغلاپ ياتىمەن ئۆيدە (خان لەيلۇك).

قايتۇرما:
ئاللاھۇمەن ھەيران،
ئەسلەيخان، قۇم شەيدان.

* * *

ئاينىمۇ ئايدىن ياراتتى،
ئايغامەن روشەن ئەمەس.
مېنى خۇدا يالغۇز ياراتتى،
ماڭا يار ھەمراھ ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە قاراڭغۇ چىراغ،
نېمىشقا روشەن كۆيمەيدىلا.
ئىچىمدە يوقتۇر يىغىم،
ئۆزلىرى بىلمەيدىلا.

چىرىغىڭنى ياندۇرۇپ،
قويدۇم موراڭنىڭ بېشىغا.
ياغ قۇيۇڭ، پىلىك سىلىڭ،
ئايلا جۇگانىڭ ئىشقىدا.

ياغ قۇيۇپ ياققان تۇقاچنى،
يارىغا ياقتۇرغانمىدۇ.
شۇ ئەزىز پەرگادىگار
يارىغا يەتكۈرگەنمىدۇ.

## 9. گۈلمەشوق

(ئاي) كىيىك بالىسى تاغدا،
//:(ئاي) تاغلار ئارىلاپ ياتسا.://
ئونبەش كۈنلۈك ئالەمدە، (يەي گۈلمەشۇق)
يارنىڭ قوينىدا ياتسا.

قايتۇرما:

دوست ئىلىشالدىم كۆڭلۈڭنى يەي (گۈلمەشۇق)
كىمىڭگە يارى بولساڭ بول لەي ...

* * *

بىزنىڭ ئۆيلەر دالىدىدا،
جۈمە مەسچىتنىڭ (64) ئارقىدا.
كەلسىلە يارىم ئوينايلى،
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا.

گۈلنى مەن گۈلۈم دەيمەن،
گۈلنى مەن ئۈزەلمەيمەن.
ئارىمىز يىراق ئۈچۈن،
يارنى ھېچ كۆرەلمەيمەن.

يول ياقىسى ئېگىز ئوردا،
ئەنسىرەپ ئۆتەلمەيمەن.
ئالۋان - ياساق دەستىدىن،
يار سىنى كۆرەلمەيمەن.

10 . لەتىپە

//:ئاسمانلار ئالاڭداپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاڭداپتۇ.://
يارغا مەن نىمە قىلغان (بالىخان)،
يارمەندىن ياماناپتۇ (يەي).

قايتۇرما:

ئالتۇنجان لەتىپە،
راس گېپىڭنى ئەيتىپ بەر.
بەرگىدە ئوينالڭ، شاخىدا سايراڭ، جانۇم لەتىپە

* * *

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئۇنۇمدىن تونالامسەن.
بىز كۆيگەن بۇ ئوتلاردا،
سەن كۆيۈپ چىدالامسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسماندا زەكچى(1)،
يانچۇقتا ئاقچا.
جۇگانلارنى كۆيدۈرگەن،
ياگدەنچىن چامچا.

هاۋانىڭ تۇمانلارى،
ساي يەرنىڭ قۇلانلارى.
سۇ دىسەم شەرۋەت بەرگەن،
باغداشنىڭ جۇگانلارى.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
ئۆستەڭدە ئېقىپ تۇرسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلەر،
مەڭگۈگە ئايرىلماس بولسا.

تاغلار باشىدا،
قوزىلار مەرەيدۇ،
يارىمىكىن، ئەمەسمىكىن،
ئىچىم ئاغرىيدۇ.

گۈلنى قىيدىم ئويماق - ئويماق،
بارمۇ يارىمدىن تويماق.
خويما مۈشكۈل كەلدىغۇ،
يارنىڭ گىپىنى ئالماق.

## 11 . بۇلبۇل قىز

يارىم ئۆتتى يانىمدىن (ئاي...بولبۇل قىز، جانۇم بۇلبۇل قىز)،
كۆيدۈرۈپ ئۆتتى جانىمدىن (ئاي ... بۇلبۇل قىز.)
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق (ئاي...بۇلبۇل قىز، جانۇم بولبۇل قىز...)
جاندىن ئېزىز يارىمدىن (ئاي ... بولبۇل قىزەزەي ...).

* * *

بۇلبۇلۇمما - بۇلبۇلۇم،
ماڭا قارا بۇلبۇلۇم.
بىر قاراپ ئاشنا بولدۇم،
يېتەمدۇ ساڭا قولۇم.

يامغۇرلار تولا ياغسا،
مۇز داۋانلار پەسلەيدۇ.
يار ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول
دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

ئاشارمەن دەشت بىلەن سەھرا،
كېزەرمەن تاغ بىلەن دەريا،
كىيىكلەرگە بولۇپ ھەمراھ،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر،
كېتەرگە ھالىتىم يوقتۇر،
كاككۇكلارغا بۇنى ئۇقتۇر،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

قېنى قەۋمى قېرىنداشىم،
بۇ يولدا يوقمۇ يولداشىم،
كۆزۈمدىن قان ئاقار ياشىم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

بىز كېتەيلى خوش ئەمدى،
دوستلار قالسۇن سالامەت.
ھەر قايسىلىرىنى تاپشۇردۇق،
خۇدايىمغا ئامانەت.

## ئىزاھاتلار:

① دەستار — سەللە

② زىرۋ - زەۋەر — ئاستىن - ئۈستۈن

③ قاچارلىرى — مەنزىللىرى يۈزى

④ قىپچە — بىخ

⑤ ياپپاڭزا — يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت

⑥ كاپەر — خۇش پۇراقلىق، سۈيۈق جىسىم

⑦ قاپناق — قازناق

⑧ نىمنە — نېمە

⑨ سۇخسۇر — قوشماق ئۆردەك

⑩ تەمكە - تاماكا

⑪ كىلاڭ -- تىك يار

⑫ سەرۋەڭ — قومۇل ئاراتۈرۈك ناھىيەسىدىكى تاغنىڭ نامى

⑬ پورپاڭ — توپىلاڭ يەر، غەلۋە چىقىرىش

⑭ گۈمبات -- گۈمبەز

⑮ سودا -- سەۋدا

⑯ كاڭشاڭ — كاڭ، سۇپە.

⑰ بىگىنە — ئاياللار قولىغا سالىدىغان ھالقا

⑱ باپشاڭ — يانتۇ جايغا سېلىنغان ئۆي

⑲ ھالا — قارا رەڭدىكى بېدەك بىيتا ئىشلەنگەن سۈنئىي چاچ

⑳ زىۋا — زىلۋا

㉑ توغ — چاڭ - توزان

㉒ مازۇر — پەخىرلىنىش، سۆيۈنۈش

㉓ موتۇرخەي — كەشتىلەنگەن بۆپۈكلۈك لاتا ئاياغ

㉔ ئەندىمە — ئەندىشە قىلما

㉕ دۆۋەجىن — قومۇل شەھرىنىڭ شەرقىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى

㉖ زۇلپا — چاچ

㉗ چىكمەن — چىمەنلىك

㉘ سايات — ئوۋچى

㉙ پاچاق — لاي، پاتقاق.

㉚ ئەگىم بۇرغۇم — ئەگرى - توقاي

㉛ مەكەش — قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزا ئەتراپىدىكى كەنتنىڭ نامى

㉜ ھەمەلداش — ئەمەلداش

㉝ زەمباقى — ھاۋا رەڭ

㉞ مەلىس — مەشرەپ

㉟ بىر قاتا — بىر قېتىم

㊱ بەجىن — بېيجىن

㊲ لەمجىن — پىچاندىكى جاي نامى

㊳ خۇنخار — خۇنخور

㊴ قاچۇرا — قارغاي

㊵ گۈلەمچى — گۈل باققۇچى

㊶ جەس — خىرىس قىلمىش

㊷ ئاراتام — باغداش تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قەدىمىي مەشھۇر باغ.

㊸ زوچۇ — نېپىز، يۇمشاق يىپەك رەخت

㊹ لۈكچۈن — پىچاندىكى جاي نامى

㊺ نۆبەر — قىران، ياش

㊻ پۆكەستە — توم قارا (كۆڭلى قارا)

㊼ مۇختەسەر — قىسقا، ئىخچام

㊽ تورۇلغا — ئۇچار قۇشلارنىڭ بىر تۈرى

㊾ مازىلىق — مەززىلىك

㊿ پىروزا كۆز — كۆك كۆز

(51) رونەت — روھ

(52) قارىغۇم تۇر — قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى

(53) ماسقىرا — مەسخىرە

(54) چىنەپ — ئۆلچەپ

(55) دەلىز — لەتىمە، پىشايۋان

(56) لەتتە — خىجالەتتە، مات قىلماق، ئىزا - ئاھانەتكە قويماق

(57) پەت — ھىيلە - نەيرەڭ

(58) توغۇچى — قەدىمكى بەش شەھەرنىڭ نامى بولۇپ ھازىر دۆۋەجىن دىھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتايدۇ.

59 ئەلەنچە — ئىلاج، ئامال

60 كۆكە — ياغاچ كۆيۈندىسى، ياغاچ كۆمۈر، قازان قارىسى.

61 راكا — راۋا، ئىجاۋەت

62 نار — ئانار

63 كۆشۈتى — قۇمۇلدىكى تاغ ئىسمى

64 لەڭزە — يارغۇنچاق، سوقا

65 قوراي — قۇمۇل شەھرىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوننىڭ نامى

66 چۆكۈش — چوكا

67 سىينە — كۆكرەك، مەيدە

68 چامچا — ئەرەنچە يالاڭ ئۇزۇن چاپان

69 سەيلەش — ئاپتاپقا سېلىش، قاخلاش

70 بەيلەش — بېيىپ قويۇش، تىزىپ قويۇش.

71 ھەجەڭگە — كۆلەڭگۈچ

72 نەخشە — ئويۇلغان، چېكىلگەن گۈل

73 سەكۇنچەك — چاچقا ئىشلىتىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى

74 دۇشقار، — قىيىن مۇشكۈل

75 ياياق — پىيادە

76 دازىگو — ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدىكى تاغ نامى

77 جايلىماق — ① ئېرى كېتىش، داجىش ② بىراۋنىڭ ئەدىپىنى بېرىش
③ پىچاق بىسىنى قاۋرۇش

78 جوڭزا — رومكا، سىركايا

79 خو — هاراق ئىستىمدىغان قاچا

80 كا — پادىشاھ پاساۋۇلى، قوغدىغۇچى

81 داڭزا — ئىپى ھېسابات دەپتىرى

82 خامى — گاھىدا، ياكى

83 ئوتۇقات — ئەمەلدارلىق تاجى

84 كانتو — ئوغرى

85 كۆسمە — ھەيۋەت، شىكايەت

86 ئىنلاش — بوراش

87 زۆتنه — زەيتۇن

88 ھاشىق — ئاشىق

89 پەرغاي — ئەگرى - بۈگرى

90 قاينىاق — قانداق

91 دەڭگەرما — قوتۇر ئات

92 ئۇچۇرسى — جۇپتى، جورىسى

93 شەر — شەھەر

چايەك — باش بارماق بىلەن يىگەز قولنىڭ ئارىلىقى

95 خۇمە مەسچىت — قۇمۇل شەھىرىئىدىكى 500 يىللىق تارىخقا ئىگە چوڭ جامە

96 زەكچى — باشلامچى (قوي پادىسى ئىچىدىكى باشلامچى سەركىنى دزەكچى، دەپ ئاتايدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارىخىي داستانلار



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ياچىبەگ داستانى

XVII ئەسرنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە جۇڭغار قالماقلىرى-
نىڭ شىنجاڭغا بولغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى ئەۋج ئېلىپ
يۇقىرى پەللىگە يەتتى. چۈنكى بۇ دەۋردە جاھالەت پىرلىرى
بولغان «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» غوجىلار مىللەتنى
ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاپ، ئۆزئارا ئۇستۈنلۈك ۋە سىياسىي
ھوقۇق تالىشىپ، سۇيىقەست ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ناھەق
قان تۆكۈپ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىش قەستىدە بولدى. 1679-
يىلىغا كەلگەندە ئاپپاق غوجا جۇڭغار باسمىچىلىرى بىلەن بىر-
لىشىپ تارىختا 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزى جوڭغارلارنىڭ قورچىقى بولدى. شۇ-
نىڭ بىلەن مىللەت ۋە ئانا زېمىن جۇڭغار باسمىچىلىرىنىڭ
تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى. 1679 - يىلى قونتەيجى يەنە بىر قەدەم
ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇمۇل بەگلىكىنى ئىستىلا قىلىش ئارقى-
لىق مانجۇ خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە
قۇمۇلنى بېسىۋېلىپ، قۇمۇل خەلقىنى ھاشارغا تۇتۇپ، ھەقسىز
ئىشلىتىش بەدىلىگە ئاستانە، سۇمقاغا، لاپچۇق، قارادۆۋە قا-
تارلىق جايلاردا نۇرغۇنلىغان تۇرا (قاراۋۇللۇق مۇنارى) ئۈش-
قۇرۇل① لارنى سالدۇردى، بۇ تۇر ۋە ئۈشقۇرۇللارغا
ئورۇنلاشقان جۇڭغار لەشكەرلىرى قۇمۇل خەلقىنى
كۈندە بۇلاپ - تالىغاندىن باشقا، يىلدا ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەمدە
بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ خەلق ئامممىسىنى دەھ-
شەتلىك تۈردە خانۇ ۋەيران قىلدى، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقىدىن قاتتىق سورۇقچىلىق دەر
نى تارتقان خەلق ئاممىسى كۈندۈزى موردىلىرىدىن ئىس چ
قىرىشقا جۈرئەت قىلالماي قازان - قومۇش، يېمەك - ئىچمەك
لەرنى كۆمۈۋېتىپ چۆل - باياۋانلارغا قېچىپ كېتىپ، ك
چىلىرى يوشۇرۇن ھالدا كېلىپ تاماق ئېتىپ يېيىشكە مەجبۇ
بولدى. خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بۇ خىل پاراكەندىچىلىك
تۇرمۇش خەلقنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر تەس
يەتكۈزگەنلىكتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ چىداپ تۇرغۇسىز غەزەپ ۋ
قارشىلىقىنى قوزغىدى. خەلق ئىچىدىكى سەۋرىتاقىتى چېكىگە يەتكەن
بىر قىسىم ۋىجدانلىق ئەل سۆيەر قەھرىمانلار خەلقنى بۇ خىل
دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە خورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، كۆكرەك
كېرىپ مەيدانغا چىقتى. ئەنە شۇ ئەركىنلىك جەڭچىلىرى ئى
چىدىكى قەھرىمانلارنىڭ بىرى — ياچىبەگ ئىدى. 1680 -
يىللارنىڭ ئاخىرىدا ياچىبەگ قۇمۇل باغداش، ئاراتام دائىرى
سىدە قوزغىلىپ چىقىپ، جوڭغار باسمىچىلىرى بىلەن ئايلىنىپ
يۈرۈپ، ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى زور
چىقىمغا ئۇچراتقان. ئۆزلىرىمۇ ئۇلغىيىپ نەچچە مىڭ كىشىگە
يەتكەن. جوڭغار باسمىچىلىرى نۇرغۇن قېتىم ياچىبەگنى ئۆلتۈ
رۈش قەستىدە بولغان بولسىمۇ لېكىن بىرسىدىمۇ نەتىجىگە
ئېرىشەلمىگەن. ئاخىرى ئۇلار يەرلىك يۇقىرى قاتلام بەگ -
تۆرىلەر ئىچىدىن ئوسمانبەگ ۋە سامانچىغا ئوخشاش شەرمەندە
خائىنلارنى سېتىۋېلىپ پىستۇرما قۇرۇپ، ياچىبەگنى تۇتۇۋېلىپ
ئۆلتۈرۋەتكەن. شىر يۈرەك ئوغلانىدىن ئايرىلغان قۇمۇل
خەلقى غەزەپلىنىپ خائىن سامانچى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ، تو
لۇمچە سويۇپ، تېرىسىغا سامان تىقىپ ياچىبەگنىڭ قىساسىنى
ئالغان، شۇندىن كېيىن قۇمۇل خەلقى قەھرىمان ياچىبەگنىڭ
جەڭگىۋار كۈرەش پائالىيىتىنى ۋە خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا بى
لىشتەك ئۇلۇغۋار روھىنى مەدھىيىلەش يۈزىسىدىن، ياچىبەگ

داستانىنى ئىجاد قىلىپ ھەم ئاھاڭغا سېلىپ ئەسىرلەر مابەيـ
نىدە ئېيتىپ كەلمەكتە.

ئۆتكەن ئىدى ياچىبەگ
بۇلاڭ ـ تالاڭ زاماندا،
چېرىك بىلەن جەڭ قىلىپ،
كەتتى ئاخىرى ئارماندا.

ياچىبەگنىڭ ئۆيلىرى.
تۆرۈك تېغى ئەتىدە ②،
ھىيلە ـ تاما يوق ئىدى،
ياچىبەگنىڭ ئەپتىدە.

قونتاجىنىڭ ③ لەشكىرى
سالدى خەققە سورۇقلۇق.
سارسىلىشتى ④ خالايىق
ئۆي ـ ماكانى تۇرۇقلۇق.

قالدى يېمەك ـ ئىچمەكسىز،
قاپلاپ كەتتى قۇرۇقلۇق.
ھالىدىن كەتتى خالايىق
تېپىلماي ھېچ ئوزۇقلۇق.

شۇندا چىقتى ياچىبەگ
ئوڭ قولىغا نەيزە ئەپ.
تاغلار ئارا يول سالدى
پالۋانلارنى ئارقىغا سەپ.

ياچىبەگنى كۆرگەنلەر
سوباتلىقكەن دەر ئىدى.
گوْرزى - بازغان قولىرى،
يولۋاس كەبى ئەر ئىدى.

ياچىبەگ خوپ ئەر ئىدى،
يەتتە قۇلان يەر ئىدى.
يەتتە قۇلان يەپ بولۇپ،
يەنە بارمۇ دەر ئىدى.

ياچى دېگەن بىر كىشى،
ئارقىسىدا مىڭ كىشى.
ياچىغا ئېگىلمىسە،
قۇتۇلالمايدۇ كىشى.

ياچى بېگىم ياچىدۇ،
نەيزىسىنى سانجىيدۇ.
پاچىغا ئېگىلمىسەڭ،
توقماق بىلەن يانىدۇ.

قالماق خانىنىڭ خېتىدە،
«تۇتسۇن» دېدى ياچىنى.
توغام - توغام ⑤ يول توراپ،
چېرىك قويدى بارچىنى.

«ھەر كىم تۇتسا ياچىنى،
مالدار قىلاي مەن ئۇنى.
ئۆزۈم بىلەن تەڭ قىلىپ.
ھاكىم قىلاي مەن ئۇنى.»



ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالماق كېلىپ چىللىدى،
ئوسمانبەگنى يېنىغا.
ئوسمانبەگمۇ سېتىلدى،
سەككىز سىتال ئالتۇنغا.

مەن شۇ ئىشتا تۇردۇم دەپ،
ئەھدە قىلدى ئوسمانبەگ.
ياچىنى تۇتۇڭلار دەپ،
يارلىق قىلدى ئوسمانبەگ

تۇتقاق بولدى ئوسمانبەگ.
ياچبەگنى تىڭتىڭلاپ.
تۇتالمىدى ياچىنى.
يۈگۈرسىمۇ پايپاسلاپ.

ئۇيان ئويلاپ ئوسمانبەگ،
بۇيان ئويلاپ ئوسمانبەگ.
سامانچىنى ئالداشقا،
تۇتۇش قىلدى ئوسمانبەگ،

سامانچىمۇ سېتىلدى،
ئوسمانبەگكە قېتىلدى.
كەينىگە چۈشۈپ ياچىنىڭ
تۇتماق بولۇپ ئېتىلدى.

ياچبەگنىڭ دادىسى،
سۇلايمان دېگەن بەگ ئىدى.
ياچبەگنىڭ سىڭلىسى
سامانچىغا تەگكەنتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوقلەت⑥ — سۆرۈن⑦ سامانچى،
ياچىغا بولدى كۈشەندى.
نەپكە سېتىپ جېنىنى،
بولدى ئوسمانغا يالاقچى.

ياچبەگنى تۇتماقتا.
ئەھدى قىلدى سامانچى
بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى
بىلەلمىدى ھېچ ياچى.

ئوسمانبەگ سورىدى:
«ياچى دېگەن قايدا» دەپ.
جاۋاب بەردى سامانچى،
«تاغ ئارىسى باغدا» دەپ

ياچبەگ قولان ئېتىپ،
كاۋاپ سالدى بېغىرنى،
دالاماما ئالداپ كىرىپ،
كۆپ ئىچۈردى چېغىرنى.⑧

سامانچى ئۇنى ئىزدەيتتى،
ئۇندىن - بۇندىن سوراقلاپ.
تاغمۇ - تاغ ئارىسىدا،
يۈرگەن ئىدى ماراقلاپ،

چۈشۈپ كەلدى بىر كۈنى
تاغنى ئاتلاپ ياچبەگ.
بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز
كىردى يۇرتقا ياچبەگ.

يېتىپ كەلدى شۇ كۈنى،
ياچى ئۆينىڭ تۈۋىگە.
چۈشمەك بولدى شۇ ھامان،
سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە.

ياناي دېدى كەينىگە،
ئاتنى چېپىپ ئەمتىگە،
شۇ چاغ كەلدى سامانچى
ياچىبەگنىڭ ئالدىغا.

شۇل ئەسنادا ياچىغا،
ئۇچراپ قالدى سامانچى.
«تېچ كەلدىڭمۇ؟» دەپ ئۇنى،
ئىززەت قىلدى سامانچى.

«بىزنىڭ ئۆيلەر تىنچ بولدى،
چۈشۈپ ئۆتۈڭ ياچىبەگ.
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنسىز،
سىنچاي ئىچىڭ ياچىبەگ».

ئۇيان ئۆتتى ياچىبەگ،
بۇيان ئۆتتى ياچىبەگ.
ئامالسىزدىن شۇ ۋاقت،
ئۆيگە كىردى ياچىبەگ.

تۈيغۇزمىدى بۇ ئىشنى،
سامانچى ئايالىغا.
ياچىبەگنى تۇتقىلى
قويمىدى ئارامىغا،

پۈرسەت تېپىپ تالاغا،
چىقىۋالدى سامانچى.
خىيال سۈرۈپ شۇ ئۆيدە،
يالغۇز قالدى بۇ ياچى.

ئۆتكۈر كۆزلۈك ياچىبەگ،
ئەتراپىغا سەپسالدى.
كۆرمىسىمۇ ھېچ ئىشنى،
بىر ئىشنى تۇيۇپ قالدى.

سامانچى چىقىپ سىرتقا،
ھەر تەرەپكە قارايتتى.
ياچىبەگنىڭ ئېتىنىڭ
ئۇلاغلىرىنى ⑨ بوشاتتى،

شۇل ئەسنادا چاقىردى،
چاققان چىقىڭ ياچىبەگ.
چىقىپ دەرھال ئېتىنى،
مىنمەك بولدى ياچىبەگ.

ئۈزەڭگىگە پۇت سېلىپ،
يىقىلىپ چۈشتى ياچىبەگ.
ھىيلە ـ قىلتاق قاپقانغا،
چۈشۈپ قالدى ياچىبەگ.

بەلگە بەردى چىرىككە،
كۆرگەن ھامان سامانچى.
مىلاپ چىرىك ئاتلاندى.
تۇتماق ئۈچۈن ياچىنى.

چېرىك كېلىپ شۇتاپتا،
قورشاپ ئالدى ياچىنى.
سالما تاشلاپ بويىنغا،
تۇتۇۋالدى ياچىنى.

تۆرۈك تېغىنىڭ ئالدىدا
توراپ ئالدى ياچىنى.
ئەلەنجىگە قويماستىن
باغلاپ ئالدى ياچىنى.

ياچىبەگنىڭ يۈرىكىنى،
ئەجەب - ئەجەب داغلىدى.
سەكسەن كىشى يىغىلىپ،
ياچىبەگنى باغلىدى.

گۆر - گۆر بېسىپ كەلگەندە
ھەيران قالدى ياچىبەگ.
ھەسرەت بىلەن شۇتاپتا،
پەرياد ئۇردى ياچىبەگ.

ياجىبەگنى تۇتتۇقمۇ؟
قىماردىن بىرنى ئۇتتۇقمۇ؟
پاتماس باتۇر ياچىبەگ
ئەمدى قولغا چۈشتۇقمۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ ياچىنىڭ
كۆزلىرى يېنىپ كەتتى.
ياچىنى تۇتقان چېرىلەر،
ئۆزىدىن چۆچۈپ كەتتى.

غەزەپلەندى ياچىبەگ،
سامانچىنىڭ ئەپتىگە،
«كۆرۈشەرمىز» دېدى ئۇ،
ئۆلگەندە قىيامەتتە.

بىر تىك بېقىپ قارىدى،
سامانچىنىڭ يۈزىگە.
قوللىرىنى شىلتىدى،
سامانچىنىڭ كۆزىگە.

ئېلىپ ماگدى ياچىنى،
ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.
ئاللا قۇلى دېگەن ئوغلى،
ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ياچىبەگ ئەخمەق ئىكەن،
بېلىدە چاقماق ئىكەن.
ياچىبەگنى ئۆلتۈرگەن،
جالالىق قالماق ئىكەن.

ھەسرەت بىلەن خالايىق،
دۇئا بەردى دوستىغا.
سامانچىنى تۇتۇۋېلىپ،
سامان تىقتى پوستىغا.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: يەھيا ئەيىنىدىن (ئەما) ئەر، ئۇيغۇر 69 ياش، ئاراتۈرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن، ياقۇپ داۋۇت، ئەر، ئۇيغۇر، 65 ياش، ساۋاتلىق دېھقان. ھېلىم بوۋا، ئەر، ئۇيغۇر، 82 ياش، دېھقان، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى باغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن. قۇمۇل شەھىرىدىن، ئەسەت مۇختار، ئەمەت ئىسمايىل.

توپلانغان ۋە لېنتىغا ئېلىنغان ۋاقتى: 1982 - يىل 2 - ئايدىن 1989 - يىل 6 - ئايغىچە.

## ئۆمەر باتۇر داستانى

ئۆمەر باتۇر — قۇمۇل خوتۇنتاملىق بولۇپ، ھەققانىيەت يولىدا جۇڭغار قالماقلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، قۇربان بولغان خەلق قەھرىمانى ئىدى. 1605 - 1668 - يىللاردا يەنى مۇھەممەت شاھ غازى بەگ زامانىدا ئۆمەر تېغمىنى ماكان تۇتۇپ، قۇمۇل بەگلىكىگە داۋاملىق تەھدىت سېلىۋاتقان جۇڭغار باسمىچىلىرىدىن كۆنچەك⑩ باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك باسمىچىلار، يالغۇز تۇيۇن ئەتراپىدا ئۇما قىلىۋاتقان 66 نەپەر بىگۇناھ ياش ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلاردىن 40 نەپىرىنى شۇجايدا قەتلى قىلىۋەتكەن. قالغان 26 نەپىرى بولسا قېچىپ قۇتۇلغان. بۇنداق پاجىئە - زوراۋانلىققا قاتتىق غەزەپلەنگەن قۇمۇل خەلقى، ئەبەيدۇللا دارخانبەگدىن بىگۇناھ ياشلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل بەگلىكىنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرىدىن ئۆمەر باتۇر باسمىچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلىنىپ كۆپ قېتىملىق سوقۇشلاردىن كېيىن كۆنچەكنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن ۋە كۆنچەككە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ 40 ياشنىڭ قىساسىنى ئالغان. ئەمما جوڭغار چېرىكلىرى بىلەن قۇمۇل بەگلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، ماجىرالار يەنىلا داۋاملىشىپ تۇرغان كېيىن ئۆمەر باتۇر باسمىچىلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىت بولغان. شۇندىن باشلاپ ئۆمەر باتۇرنىڭ قەھرىمانلىقى، ھەققانىيەتچانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قوشاقلار توقۇلۇپ مەخسۇس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان. ۋە يالغۇز تۇيۇن مازىرى ھەققىدىكى قوشاقلار بىلەن قوشۇ-

لۇپ ئۆزئارا بىر گەۋدىگە ئايلانغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر ئۆمەر باتۇر ھەققىدىكى قوشاقلارنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكى، مەز- مۇنى ۋە بەدىئىي تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ داستان خاراكتېرىنى ئالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

يالغۇز تۈيۈن (11) بىر پارچە تاغ
بولۇپتۇ قورغان.
ئاتمىش ئالتە گودەكلەرنى
بوغدايدەك ئورغان.

ئاتمىش ئالتە گودەكلەرمۇ
ئاللاھ دەپ ياتقان،
يارەنلىرى قول كۆتۈرۈپ،
لەھەتكە قويغان.

كەربالادا شېھىت بولغان
ئىمام زادىلار،
ئىماملارنى شېھىت قىلغان
ھارامزادىلار.

لاچىن غولىدىن چۈشۈپ كەلدى،
ئاتلار ئويناتىپ.
ئوڭ قولىدا كۈمۈش نەيزە،
قۇلانلار ئاتىپ.

لاچىن غولىدىن چۈشۈپ كەلگەن،
بىر ھاشىم ئولان (12).
قىزىل - يېشىل تون كىيىپتۇ
ياقىسى بۇلغۇن.

ئۆمەر باتۇر تاينى مىنىپ،
ئۇچتى پەلەككە.
يالغۇز تۇيۇن ئارقىسىدا،
قوندى تېرەككە.

يالغۇز تۇيۇن، يالغۇز جوڭزا،
زېمىن كەڭتاشا.
ئۆمەر باتۇر خوش ئەرىمدى،
قىلدى تاماشا.

يالغۇز تۇيۇننىڭ ئارقىسى،
قاپقارا سايدۇر.
ئۆمەر باتۇر مىنگەن ئاتى،
كۆك ئالا تايدۇر.

كۆك ئالا تاينى مىنىپ
غول تۆۋەن چاپقان.
مەن - مەن دېگەن يارەنلەرنىڭ،
هالىنى سورىغان.

ئۆمەر باتۇر يېتىپ كەلدى،
يالغۇز تۇيۇن تېغىغا.
ماراپ يېتىپ چىرىكلەر،
قىستاپ كىردى يېغىغا[13]،

ئويىنىتىپ ئوقيا - قىلىچ،
تەرەپتىن قىرغىن سالدى،
ئۆمەر باتۇر مەردلەرچە،
غاپات تۇغىنى ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەر جەڭگە ئاتلىنىپ،
ياۋ ئاغزىنى قان ئەتتى.
بولۇپ بەربات دۈشمەنلەر
قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى.

ئۆمەر باتۇر دەسلەپتە،
باتۇر چىقتى ئۇ جەڭدە.
ئاخىرى مەغرۇرلۇقتىن.
پۇشمان يېدى ئەلەمدە.

ياۋلار كىردى تۇساتتىن،
ھۇجۇم قىلدى ئۆمەرگە.
ئاتمىش ئالتى كودەكنى،
مۇپتىلا قىلدى ئەجەلگە،

ئۆمەر باتۇر خوش ئەرزىمدى،
ئالەمدىن ئاشقان.
بىرمىڭ بىريۈز چېرىك كەلسە،
نەيزىلەر چاچقان.

كۆك ئالا تايىنى مىنىپ،
بايلارنى(14) باسقان.
بىرمىڭ بىريۈز چېرىك كۆرۈپ،
ئارقىغا قاچقان.

يالغۇز تۇيۇننىڭ ئارقىسى،
تۆپتۈز بىر ئالقان.
بىرمىڭ بىر يۈز چېرىك چىقىپ،
ئۆرۈلۈپ يانغان.

چىرىكلەرنى توقاي سۇرۇپ،
بايلاردا باسقان.
دۇشمەن جەڭدە يېڭىلىپ،
مىنگاڭغا⑮ قاچقان.

ئۆمەر باتۇر خوي ئەر ئىدى.
ئالەمدىن ئاشقان.
ئاتنى تاشلاپ، تاينى مىنىپ
داۋاندىن ئاشقان.

ئۆمەر باتۇر خوي ئەرئىدى،
غول تۆۋەن چاپقان.
قىلماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ،
دەردنى تارتقان،

كۆك ئالا تاينى مىنىپ،
سايلاردا چاپقان.
ئۆمەر باتۇر شېھىت بولۇپ.
زىلپۇشنى ⑯ياپقان.

ئاغىنىسى ئىزدەپ تېپىپ،
چىگمەندە يۇغان.
پەرىشتىلەر قول كۆتۈرۈپ،
لەھەتكە قويغان.

سېنىڭ بىلەن مەن جېنىمنى،
داڭغا داڭلادىم.
ئۆتكەن - كەشكەن ئىشلارىڭنى
خەقتىن ئاڭلادىم.

تىلەكلەرنى تىلەدۇرمەن،
تىلەكلەر ئۆچچۈن.
سەھەر تۇرۇپ يىغلادۇرمەن،
سەن يارلار ئۆچچۈن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۈرك ناھىيە، باي يېزىسىدىن غوجابدۇل غوجامنىياز. ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزا، قىرساي كەنتىدىن 82 ياشلىق راجى غوجامنىياز. قۇمۇل شەھىرى، قو- راي رايونى، تۆمۈرتى يېزىسىدىن 65 ياشلىق قىياس نۇردۇن. قۇمۇل شەھىرى، تاشبالىق يېزا، خوتۇمتام كەنتىدىن پېشقەدەم ئەل نەغمىچىسى 68 ياشلىق نىياز سوپا. قۇمۇل ئىشلەپچىقىرىش بىگتۈەنى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىسدىن 58 ياشلىق ئايۇپ چاڭجاڭ. پالۋانتۇر يېزىسىدىن ئەل نەغمىچىسى ئەسەت مۇختار، ئەمەت ئىسمائىل، قارا دۆۋە يېزىسىدىن پېشقەدەم ئەل نەغمىچە سى 72 ياشلىق نىياز باست.

توپلانغان ۋە لېنتىغا ئېلىنغان ۋاقتى: 1982 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە.

# ئىسلام بېگىم داستانى

ئىسلام بېگىم كىم؟ ئۇ قايسى دەۋردە ياشىغان؟ بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىيال كەم. بىرقىسىم يولداشلار ۋە پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئۇنى «مۇھەببەت ماجىراسى بىلەن يوشۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشى بولۇشى مۇمكىن» دەپ قىياس قىلىشىدۇ. داستانىنىڭ بىر نەچچە كۇپلېت قوشىقى «دۇئا موقامى» نىڭ ئۇچىنچى چۇشۇرگىسىدە مەخسۇس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تولۇقسىز مەزمۇنى يۇقىرىقىدەك قىياسنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان. بىراق بۇخىل چۈشەندۈرۈش «ئىسلام بېگىم داستانى» نىڭ ھەققىي خاراكتېرىگە ماسلىشالمايدۇ. چۈنكى، «دۇئا مۇقامى» دىكى قىسقا ۋە مەززىلىك بىر نەچچە كۇپلېتلا داۋاملىق ئېيتىلىپ، ئومۇملىشىپ قالغان. ئاساسىي قىسمى بولسا دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. پەقەت ئاراتۇرۇك ناھىيە، باي يېزىسىدىن پېشقەدەم ئەما ئەلنەغمىچى يەھيا ئەيىندىنلا بۇ داستاننى بىرقەدەر تولۇق ئېسىدە ساقلاپ كەلگەن. بىز «ئىسلام بېگىم داستانى» نى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەش ۋە رەتلەش جەريانىدا ئۇنىڭ قانداقتۇ ئاددىيلا مۇھەببەت پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى قۇمۇل خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا زۇلۇمغا قارشى كۆرەشكە يېتەكچىلىك قىلغان بىر خەلق قەھرىمانىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بىراق مۇشۇنداق ئاتاقلىق بىر تارىخىي شەخس ھاياتىنىڭ خاتىرىسىز يوقاپ كەتكەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، شۇنداقتىمۇ داستان ۋەقەلىكىدىن بە-
لىنىشكە بولىدۇكى. ئىسلام بەگ خوتەندىن قوزغىلىپ چىققان
سۇلتان ھەزرەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، چېرىكلەر بىلەن
قانلىق جەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىنى نامايان
قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن قېتىملىق قانلىق جەڭلەردە دۈشمەن ئۈس-
تىدىن غالىپ كېلىپ زور شۆھرەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۆزىمۇ ياۋ
لەشكەرلىرىنىڭ ئوقىدىن ئېغىر يارىلىنىدۇ، يارىسىنى تاڭدۇرۇۋې-
لىپلا تەڭداشسىز باتۇرلۇق بىلەن يەنە دۈشمەن ئارىسىغا ئې-
تىلىپ كىرىپ قىساس ئالىدۇ. بەختكە قارشى ئۇ بىر قېتىم-
لىق جەڭدە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە پۇت - قوللى-
رى كىشەنلىنىپ، تۆمۈر قەپەزگە سېلىنىپ، يوشۇرۇن ھالدا
خوتەن شەھىرىگە يالاپ كېتىلىدۇ. يامۇلدىكى دۈشمەنلەر «ئىس-
لامبەگ ئەمدى خازان بولدى» دەپ كۆڭۈللىرىنى تىندۇرۇپ
تۇرۇشقىنىدا ئۇ يارەنلىرى تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلق
ئىچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئىسلامبەگ يەنە خەلقنى قوزغىتىپ،
زۇلۇمغا قارشى كۈرەش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ، داستاندا،
ئىسلامبەگنىڭ شۇندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى ئاق قالغان
(بەلكىم يوقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن). پەقەت كېيىنكى
بىرنەچچە كۇپلېتتا ئىسلام بېگىم شېھىت بولغاندىن كېيىنكى
خەلقنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان چەكسىز ئېچىنىش، قايغۇ-
ھەسرىتى ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك، ئىسلامبەگ سۇلتان ھەزرەتنىڭ چاقىرىقى بىلەن
خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم - كۈلپەت تېغىنى ئاغدۇرۇش
ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىۋاستە دۈشمىنى
دارىن، ئامبال، چېرىكلەر ئىكەنلىكى، ئىسلام بەگنىڭ خوتەن-
گە يالاپ بېرىلىپ يامۇلغا قامالغانلىقى، ئۇنىڭ چامباشچىلىق
سېھرىگە كامىل ئىكەنلىكى... قاتارلىق ئەھۋاللاردىن ئۇلار-
نىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ قاتمۇقات زۇلمىغا تاقەت

قىلالماي، ئەركىنلىك يولىدا خەلقنى كۆرەشكە باشلىغان قەھرىمانلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق بۇ ئاخىرقى يەكۈن ئەمەس؛ موكەممەلرەك يەكۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىنچىكە ئىزدىنىپ، ئەينى دەۋىردىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى تولۇق قېزىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىسلام داستانى بىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قىسقا ھەم جانلىق، ئوبرازلىق، قىزىقارلىق، ۋە تەسىرلىك.

بۇ داستان بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى ياخشى بىر نامايەندە دېيىشكە بولىدۇ.

گۈل - چېچەككە ئورالدى
قۇمۇل يۇرتى — بوستانى.
ئەل ئىچىگە تارالدى،
ئىسلامبېگىم داستانى.

* * *

ئىسلام سۈيى تۆۋەن ئاقۇر،
تاشلارنى تاشلارغا چاقۇر.
ئىسلامبەگنى كەلدى دېسە،
داپلارنى داپلارغا چاقۇر.

ئاخشام كەلگەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆتەيلەن ئاراسىدا
ئىسلامبېگىم سۇباتلىق.

www.uyghurkitap.com

مىسىر تېغى دېگەن جاي،
خويمۇ ئوبدان جاي ئىكەن.
چامباشچىلىق سېھرىگە،
ئىسلامبېگىم باي ئىكەن.

مىسىر تېغى كەينىدە،
تارام - تارام سۇ ئاقۇر.
ئىسلامبېگىم غەيرەتلىك
قىلىچ ئويناپ باش چاپۇر.

ئەپلەپ تۇرۇپ مۇشت ئاتتى.
يالماۋۇزغا — چېرىككە.
تاغ - سايلارنى توشقۇزدى،
دۆۋە - دۆۋە ئۆلۈككە.

ئىسلام شۇنداق ئەر ئىدى،
نامى ئەلگە تونۇلغان.
ئەلگە قىلغان ھىممىتى،
داستان بولۇپ توقۇلغان.

ئىسلامبېگىم قوپسىلا،
قىلىچلىرىنى ئالسىلا.
دۈشمەنلەرنىڭ بېشىنى،
غەزەپ بىلەن چاپسىلا.

ئىسلامبېگىم جەڭگە بارۇر،
ئاتلىرى ئويناپ تۇرۇر،
خۇدايىم نۇسرەت بەرسە،
ئىسلامبېگىم جەڭنى ئالۇر.

سۇلتان ھەزرەت خوتەندىن
چىققان باتۇر ئەر ئىدى.
چېرىكلەرگە جەڭ باشلاپ.
ئىسلامبەگنى چىللىدى.

كۆكرەك كېرىپ ئىسلامبەگ،
كىردى مەيدان ئىچىگە.
تىترەپ كەتتى چېرىكلەر
ئۇنىڭ تاغدەك كۈچىگە.

جەڭ قىلدى ئۇ مەردلەرچە،
ئارغىماقنى ئويىنىتىپ،
سۈردى يۈز مىڭ چېرىكنى،
دالىلارنى بويلىتىپ.

قانچە ـ قانچە چېرىكلەر،
ئىسلام بەگكە باش ئەگدى.
قازا كېلىپ غايىپتىن،
ئاتا ئۈچ پاي ئوق تەگدى.

يارىسىنى شۇ ھامان،
دوستلىرىغا تاڭدۇردى.
جەڭگە كىرىپ قايتىدىن،
قىلىسىنى قاندۇردى.

ئىسلام بېگىم تۇتۇلدى.
جەڭدە ئاخىر بىر كۈنى.
قەستلەپ كەلگەچ ئۈزۈندىن
دارىن دېگەن شۇم ئۈنى.

سالدى ئۇنى چۈشەكلەپ
تۆمۈر قەپەز ئىچىگە.
ئېلىپ ماڭدى تۈيدۈرماي
خوتەن شەھىرىگە كېچىدە.

يامۇلدىكى ئامباللار،
خۇشال بولدى شۇ ھامان،
ئىسلامبەگنىڭ ئىشلىرى
بەربات بولدى دەپ تامام.

قاغىشىمۇ چېرىكلەر،
ئىسلام خازان بولسۇن دەپ؛
ئاۋام خەلق تىلىدى.
ئىسلام ئامان بولسۇن دەپ.

قۇتۇلدۇردى دوستلىرى
ئۇنى ئاخىر زىندانىدىن.
قىلىچ تۇتۇپ ئۇ يەنە،
ئۇرۇن ئالدى مەيداندىن.

ئەلنى يىغىپ ئىسلامبەگ.
قىلدى شۇنداق خىتاپنى:
«يوقىتىمىز جەڭ بىلەن
كەلگەن زۇلۇم - ئاپەتنى.»

يىغلىماڭلار خوتەنلىك،
ئاخىر راۋاج تاپىمىز.
چېرىكلەرنىڭ بېشىنى،
قىيما قىلىپ چاپىمىز.

دارىن بىلەن جەڭ قىلدۇق.
زالىملارنى ئۆلتۈرۈپ،
تۈگىتىمىز چىرىكنى،
قەھرىمىزدە كۆيدۈرۈپ.

شېھىت ئۆلسەك جەڭلەردە،
رەسول قىلغاي شاپائەت.
جەننەت بىزگە يار بولۇپ،
ئاۋام كۆرگەي پاراغەت.

* * *

ئىسلامبېگىم پوتىسى
خويمۇ كاتتا پوتىدۇر.
نۇسرەت تېغى كەينىدە
قانغا بويىلىپ ياتىدۇر.

ئىسلامبېگىم يېتىپتىمۇ؟
يېنى يەرگە پېتىپتىمۇ؟
ئاغزىنى ئاچ، ئۇسسۇلۇق بېرەي،
تاماقلىرى قېتىپتىمۇ؟

ئىسلامبېگىم مۇلايىم،
كۆكتىكى تولۇن ئايىم.
يارى بولغاندا نۇسرەت،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

پولات شەمشەر قىلىچى
مىڭلاپ - مىڭلاپ جان ئالدى.
يۇرت ئىچىدە ئىسلامبەگ
باتۇر دېگەن نام ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئىسلامبەگنىڭ داستانى،
جەڭدە بولغان ھېكايەت.
يېزىلغاندۇ داستانغا
ئۇنىڭ ئىشى ناھايەت.

ئىسلامبېگىم كەتتىلەر،
ئارمان بىلەن دۇنيادىن.
روھىي قۇۋۋەت تاپسۇن دەپ،
بىز تىلەيمىز ئاللادىن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: يەھيا ئەيىمدىن، (ئەما) ئەر، ئۇيغۇر 69 ياش. ئاراتۈرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن.

راجى غوجامنىياز، ئەر، ئۇيغۇر، 81 ياش، دېھقان، ساۋاتلىق، ئاراتۈرۈك ناھىيە نوم يېزىسىدىن.

ياقۇپ داۋۇت، ئەر، ئۇيغۇر 65 ياش، دېھقان، ساۋاتلىق، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى باغداشتىن.

توپلانغان ۋاقتى: 1988 - يىل 5 - ئاي.

## زىنداندىكى توختاخۇن

1840 - يىللار قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ فېئودالىق قائىدە - تۈزۈملىرى يەنىمۇ چىرىكلەشكەن مەزگىل ئىدى. خوتۇنتام دورغىسى قول ئاستىدىكى خەلققە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق يۈرگۈزگەنلىكتىن، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقى كۈچلۈك ئىدى.

توختاخۇن يېتىم ئۆسكەن بالا بولۇپ، ئۇ يىگىتلىك يېشىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يىراقراق تۇغقىنى بەھرامنىيازنىڭ قىزى ئايىسخاننى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. بەھرامنىياز ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە قىزىنى توختاخۇنغا بېرىپ، توختاخۇننى ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالىدۇ. توختاخۇن بەھرامنىياز بىلەن ئوردىنىڭ يىلقىسىنى باقىدۇ. ئادالەتسىز زاماندا نۇرغۇن دەرد - ئەلەم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بولۇپمۇ دورغىدىن نۇرغۇن خورلۇقلارنى كۆرىدۇ. شۇڭا توختاخۇندا دورغىغا نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. ئەزەلدىنلا ئىچى كۈچلۈك، ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان توختاخۇن ئۆزىگە ئوخشاش دەردمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ دورغا بىلەن نەچچە رەت بەتمۇ بەت زاكونلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دورغىدا پەيت تېپىپ توختاخۇننى باپلاش قارا نىيىتى پەيدا بولىدۇ. بىر قېتىم دورغىنىڭ گالۋاڭ ئوغلى توختاخۇننىڭ ئايالىغا نىيىتىنى بۇزۇپ، يول توسقاندا ئايىسخان ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان توختاخۇنمۇ دورغىنىڭ ئوغلىنى

...سۇپ قا... تەنبىھ بېرىدۇ. ب... چىدىمىغان دورغى-
نىڭ ئوغلى دادىسىغا «توختاخۇن * ... يولسىزلىق قىلدى»
دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن،
دورغىنىڭ ئوغلى قاتىللىق قىلىپ بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويى-
دۇ. بۇنى راسا ياخشى پۇرسەت بىلگەن دورغا توختاخۇننى
ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە پەم بىلەن باشلاپ كىرىپ جىنايەتنى
توختاخۇنغا ئارتىدۇ ۋە ئۇنى «قاتىل» دەپ ئەيىبلەپ ئوردى-
غا يوللايدۇ. ئوردىدىن سوراق قىلمايلا توختاخۇننى نوم زىن-
دانىغا سېلىۋېتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن قۇربانلىق ھېيتتا نوم
خەلقى توختاخۇنغا قۇربانلىق گۆش تاشلاپ بېرىدۇ. توختاخۇن
قوۋۇرغا ئۇستىخىنى بىلەن زىندان تېمىدىن تاتما ياساپ قا-
چىدۇ. نوم دورغىسى مەسئۇلىيەتتىن قورقۇپ كېتىدۇ. بىر نەچ-
چە كۈن ئىزلەپمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى بايىدىن
«ئىزچى» بوۋاينى چاقىرىپ كېلىپ، بىرمۇنچە پۇل بېرىپ
ئۇنى ئىشقا سالىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئىزچى بوۋاي ئاداقنىڭ مە-
لۇم بىر جايىدىكى باغلاپ قويغان چۆپنىڭ ئارىسىدىن توختا-
خۇننى تېپىۋېلىپ قايتا زىندانغا سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توخ-
تاخۇننىڭ ئېچىنىشلىق زىندان تۇرمۇشى يەنە باشلىنىدۇ. ناھەق
جازا، چىدىغۇسىز زۇلۇمنىڭ ئەلىمىنى يەتكىچە تارتقان توخ-
تاخۇن ئاشۇ زىنداندا تۇرۇپ «زىندانىدىكى توختاخۇن» دېگەن
ناخشىنى ئاھاڭلىرى بىلەن ئىجات قىلغان. نوم دەرتمەنلىرى
ھەر كۈنى زىندان تېشىدىن بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ تۇرغان ۋە
ناھايىتى تېزلا خەلق ئىچىدە ئومۇملاشقان. توختاخۇن ئاخىرى
ئادالەتسىز زامانىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ھالدا
زىنداندا ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى
«زىندانىدىكى توختاخۇن» ئۆزىنىڭ نامى بىلەن بىللە بىر يې-
رىم ئەسىردىن بۇيان خەلق قەلبىدە يادلىنىپ كەلمەكتە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يالغۇز جىگدە ئۇستىگە،
سېغىزخان قونۇپ سايرىدى.
گاڭ غوجام كايىپ قېلىپ،
پېقىرنى نومغا پالىدى.

نومدا[17] مەن كەتسەم ئۇلۇپ،
كۆزۈمنى قۇزغۇنلار چوقۇر.
گاڭ غوجامىنىڭ قىلمىشىغا
بارچە ئەل لەنەت ئوقۇر.

قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە
ياتىمەن ئاھلار ئۇرۇپ.
قانغۇدەك سۇ ئىچمىدىم،
تەنلىرىم كەتتى قۇرۇپ.

پۇتۇمدا ئىشكال،
قولۇمدا كويزا.
تەنلىرىم يىرىك،
تارتتىم كۆپ جازا.

قۇمۇشلۇقتا تۇتۇلدۇم،
ئەمدى ھالىم نە بولۇر.
يالماۋۇز يالاقچىلار
مېنى كالتەكلەپ ئۇرۇر.

مەن يۇرتۇمغا يېتىۋالسام،
دىلدا نە ئارمان ئىدى.
بالىلىرىمنى كۆرۈۋالسام،
ماڭا كۆپ دەرمان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

توختاخۇنىۇ زىنداندا،
بەش يىل قىيىنىلىپ ياتتى.
ئۆلكىنى تاتما قىلىپ،
زىندان ئىچىدىن قاچتى.

زىندانىدىكى توختاخۇن،
ھىيلە بىلەن قېچىپ كەتتى.
نەچچە كۈنلەر يول مېڭىپ،
خوتۇمتامدىن ئۆتۈپ كەتتى.

يولدا يوللار بار ئىكەن،
يوللاردا زىندان بار ئىكەن.
چىقمىغان جاننى كۆرۈك،
تاسمىدىن مەھكەم ئىكەن.

ماكانىمىز يەتتە يىللىق
قاراڭغۇ زىندان.
قارىسامەن كۆرۈنمەيدۇ
يەر بىلەن ئاسمان.

توختاخۇنغا تاماق بەردى،
قىزىل چاردا⑱ كېپەك.
توختاخۇننى زىندانغا سالغان
ئابلىزخان تەيجى بەك.

قاچتىم ئەجەل زىنداندىن،
ماڭدىم چىغىر يول ياقلاپ.
قوغلىدى جىسەكچىلەر،
سۈرەن سېلىپ ۋارقىراپ.

زىندان ئىچى ئېگىز ئىكەن،
سىيپاقسىز ئىكەن.
مەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
يول يىراق ئىكەن.

ئەي كاژ پەلەك نېمە دېسەم،
بولۇركىن سېنى؟
زۇلۇم كۇلپەت ئارقىسىدا.
چىرمادىڭ مېنى.

سەن يار ئۈچۈن ياتسام - ياتاي،
ئۈچ يىل زىنداندا.
ئۈچ يىل زىندان ئۈچ كۈنچە يوق،
باغۇ - بوستاندا.

زىنداندىكى توختاخۇن دەپ،
قىينىدىڭ مېنى.
دەرد - ئەلەمدىن بىردەم خالى،
قالمىدىڭ مېنى.

قىيناشىڭغۇ قىينىدىڭ،
گۇنايىم نەدۇر.
ئاخىرەتتە سورىغىلى
خۇدايىم باردۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: نىياز سوپا، ئەر، ئۇيغۇر. 68 ياش، ساۋاتلىق دېھقان، قۇمۇل شەھەر خوتۇۋتام يېزىسىدىن. باغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن 65 ياشلىق ياقۇپ داۋۇت، ئاراتۇرۇك باي يېزىسىدىن 69 ياشلىق يەھيا ئەيىندىن.
توپلانغان ۋە لېنتىغا ئېلىنغان ۋاقتى: 1982 - يىلدىن 1987 يىلغىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

## تۆمۈرخەلپە ھەققىدە

ئۈچ كۈرە بۇغداي ئۇن تارتتۇق،
ھەممە خەققە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلپە دېگەن باتۇر،
ئۇن ئىككى تاققا باش بولدى.

قورايلىق تۆمۈر باتۇر،
پۈتۈن تاغلىقنى قوزغاتقان.
غول ئىچىدە چېرىكلەرنىڭ
مېڭىسىدىن قان چاچقان.

قارلۇغۇم قاغۇم سايان،
سەرگۈنچۈكۈم سەرۋەك سايان.
تاغچىلار تاققا ماڭغاندا
قالغانلار قاراپ قالغان.

لەپ ـ لەپ قىلىپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
دۈشمەننى پايلاپ.

جاڭگالدا توشقان،
يەرنى چىڭدايدۇ.
بۇ زامانىنىڭ ئەسكەرلىرى
شەھەرنى بۇلغايدۇ.

كۈن قىزىلى چىققاندا،
ئاتلىرىمىزنى ياللىدۇق.
دۈشمەنلەر كېلىپ قالسا،
مۆكۈۋېلىپ ئالدىدۇق.

بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا
يىلپىز بىلەن شىرلار بار.
كەچ بولدى دەپ قالماڭلار،
قوغدايدىغان ئەرلەر بار.

داۋان تۆۋەن توشۇپ كەلدۇق،
ئاتلار ئويىنتىپ.
بويىنىمىزدا كۈمۈش ملتىق،
يار قولان ئاتىپ.

خوي غېرىپ بولدى كىشى،
باغداش دېگەن تاغ ئىچىدە.
قاناتىم بولسا ئۇچارمەن،
تۈن قاراڭغۇ كېچىدە.

ئەمتى بېشى بۇلاقتا،
سېغىزخان شوخ سايرىدى،
دۈشمەن كەلگەننى ئاڭلاپ،
پالۋانلار ھەر تەرەپكە تارىدى.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
جانلاردىن ئۆتتى.
ئاتنى سېمىز ساقلىغانلار،
قۇش بولۇپ ئۇچتى.

بۆلۆ داۋان⑲ ئاشماغۇنچە،
قارا كۆرۈنمەس.
قارا يورغا مىنمەگۈنچە،
يورغا تۈزۈلمەس.

مىلتىقىمنى مەن ئېسىپ،
تاغلاردا ئوۋ ئوۋلىدىم.
ئۈچ بالامنىڭ دەردىدە،
قالماق بولۇپ دۆلىدىم.

ھوگا بولۇت ئۈستۈمدە،
دۈشمەن مېنىڭ قەستىمدە.
مەن خۇداغا راس بولسام،
دۈشمەن ئاياغ ئاستىمدا.

سەن بىزنى سوقتۇم دەمسەن،
سىپپى يوق قامچاڭ بىلەن.
خۇدايىم كەسسۇن قولۇڭنى،
ئۆتمىگەن قارچاڭ بىلەن.

ئاق ئۈنىنىڭ ئۈچىنى،
ئۇماچ قىلۇر ئەر ئىدۇق.
نوغالچىدا⑳ بىز مارىلاپ،
مۆكۈنۈپ ياتار ئەر ئىدۇق.

كۆشۆتىدىكى دەگدە،
توققۇز قازان ئېسىپتۇ،
ئۇماچ ئىچكەن باتۇرلار،
شىرداق سېلىپ يېتىپتۇ.

ئاق قوناقنىڭ ئۆمچى،
ئېغىز - بۇرۇننى كۆيدۈردى.
تاغ پالۋانلىرى يىغىلىپ،
خاۋارىشلارنى ئۆلتۈردى.

ئەجەب قاتتىق جەڭ بولدى،
كۆشۈتىدىكى دەندە.
جىگىتەي بىلەن ئېتىشىپ،
سىپىيت ئۆلدى شۇ دەندە.

خويما كاتتا جەڭ بولدى،
كۆشۈتىدىكى دەندە.
جىگىتەي كاپىر ئېتىشىپ،
سىيىپ ئۆلدى شۇ يەردە.

تۆمۈر خەلپە خوخەندۇر،
ياۋغا ئوقلار يېگۈزدى.
مەن - مەن دېگەن دارىننى،
قاراڭ، خوش - خوش دېگۈزدى.

شاھ مەخسۇتتىن خەت چىقتى،
ئوقالماستىن دۈگلەتتۇق.
سۇخەنچى بولغان لالىمنى
تاغ بېشىدا تىكلەتتۇق.㉑

پاشالىقتىن خەت چىقسا،
ئوقالمايمۇ دۈگلەتتى.
ئەمەت دېگەن لوخۇنى
سۇپە تاشقا تىكلەتتى.

www.uyghurkitap.com

تۆۋەيىندىن چېرىك چىقتى،
ئەلىمىنى دىڭغايتىپ.
ئاخۇن مولىلار قاچتى،
سەللىسىنى قىڭغايتىپ.

چىك ۋاڭ غوجام خەت بەردى،
جۇڭجاڭلارنى بەرسۇن دەپ.
تۆمۈر خەلپە خەت بەردى،
«ئۇرۇشار بولسا كەلسۇن» دەپ.

ئۈچ يىل ياتتۇق شوپۇلدا،
ئارچا بىلەن ئوت قالاپ.
باپلايلى دەپ دۈشمەننى
قومۇل يولىغا قاراپ.

ئالتە ئاي ياتتۇق شوپۇلدا،
سۆكسۆك بىلەن ئوت قالاپ.
ياخشىنىڭ سۆزى بىلەن،
يامانىنىڭ يولىغا قاراپ.

ئېتىمنى مەن باغلىدىم،
ئېغىلدىكى ئوقۇرغا.
خەقنىڭ كۆڭلى باقمايدۇ،
داشەي دېگەن كاپىرغا.

يەنداشەيمۇ كەلگەندە
تولا سوقتى داڭ ـ داڭنى.
تاغچىلارمۇ ئەر ئىكەن،
تارتىۋالدى جۇڭجاڭنى.

ئاقچۇق سېپىدا تۈزدە،
بوران قوپتى گۈركىرەپ.
توخۇيۈرەك چەندارىن
مەيدانغا چىقتى ھۆركۈرەپ.

ئېگىز تاغنىڭ ئارقىسىدا،
يالپىز بىلەن شىرلار بار.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ.
جۇڭجاڭ ئالغان ئەرلەر بار.

قۇمۇلدىن ئەسكەر ئەپچىقتى،
چەن دارىن دېگەن چوقۇر.
تاغچى پالگانلار كەلسە،
خۇددى چاشقاندەك قاچۇر.

چېرىكلەرمۇ ئاتىدىكەن،
يەرنى كولاپ ياتىدىكەن.
تاغچى پالگان ئاتىدىكەن،
مېڭىسىنى چاچىدىكەن.

ئاقچۇق㉒ سېپى ئوپۇركەن،
چەن دارىن دېگەن چوقۇركەن.
تاغچى پالۋانلار چۈشسە،
چەندارىنمۇ قوقۇركەن.

چەن دارىنلار ئاتىدۇ،
تۈرلۈك تېغىنىڭ تېشىغا،
تاغچى پالۋانلار ئاتىدۇ،
چېرىكلەرنىڭ بېشىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاقچۇق سېيىغا چىقىپ،
چەن دارىنغا ئوق ئاتتۇق.
چەن دارىنلار زور چىقىپ،
يار داڭ ياقىلاپ قاچتۇق.

ئاقچۇق يولى تاش ئىكەن،
راجى بالا ياش ئىكەن.
سوراپ باقچۇ، نېمە دېيدۇ،
مەرگەن توختى باش ئىكەن.

تاغچى پالۋانلار ئاتلاندى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
يەن دارىننى ئويلاتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكى،
چىڭ خاڭ مىياۋغا[23] پاتمىدى.
چەن دارىننىڭ لەشكىرى
يەرنى تېپىپ ياتمىدى.

ئۈچ يىل بولدى جەڭ قىلدۇق،
تارتىم - تارتىم تۆگە قىلدۇق.
خۇرجا مەي - مەيچېسى تالاپ،
گادايىنى زاددىر[24] قىلدۇق.

قېپىن ئىگەر چاپتۇردى،
كىمخاپ بىلەن ياپتۇردى.
يۇزى قارا شاھ مەخسۇت،
شۇنچە خەقنى ئۆلتۈردى.

ئىمرغول[25] دىگەن يەردە،
بىر تاتلىق بېغىر قىلغان.
يۈسۈپ ئاخۇن رەھمەتىلىك
تورۇق ئاتنى يېغىر قىلغان.

تۆرۈكتە سوقۇشقاندا
ئايدىڭ بەگدىن تەر چىقتى
بەش بەگنىڭ ئاراسىدا،
شا سېلىم بەگ ئەر چىقتى.

كۆتەل[26] بېشى تەنىشگىدە،[27]
ئالا ئىنەكنى ئۆلتۈرگەن.
بايچىلار گۆش تالىشىپ،
موللا ئەمەتنى كۆيدۈرگەن.

كۆتەل بېشى تەنىشگىدا،
تەسكەن ئوتۇن چاپتۇق بىز.
قىرىمدىن شەھەر سوقۇپ
ئوتتۇرىسىدا ياتتۇق بىز.

گۈمبىزىغا چىققانلار،
توققۇز قازان ئاسقانلار.
لوچىڭ[28] شەھرىنى ئالالماي،
شاتىراق ئۇرۇپ قاچقانلار.

قوربان بەگنى كۆردۈڭمۇ،
سەن تۆرۈكتە تۇتتۇڭمۇ.
ئىستكىنە قوربان بەگ،
مىسالىقتا تويدۇڭمۇ.

تۆمۈر خەلپە ئەۋەتتى،
سېيىت قورمالنى شوپۇلغا.
دورغا دەپ نامىلار بەردى،
سۇلتان مۆتىسىپ نان قۇلغا.

تۆمۈر خەلپەم ئاغرىپتۇ،
خەنجەر تۇتۇپ ئوقىدى.
كۆچەك موللام بىچارە،
تاسقارا بولۇپ چوقىدى.

ئاق بوز ئاتنى مېنگەندە،
ئاتام بولىدۇ رازى.
ئۆلگەنلەر شېھىت كەتسە،
قالغانلار تامام غازى.

بىز ئۆلسەك ئۆلۈپ كەتتۇق.
ئەل يۇرتلار ئامان قالسۇن.
بىزنى دېگەن يارەنلەر،
ئۆلمەستىن ھايات قالسۇن.

كۆل بويىدا نېمىلەر بار،
ئۆردەك بىلەن غازلار بار.
ئۆردەك ئۆلسە غاز قالسۇن،
دۈشمەن ئۆلۈپ دوست قالسۇن

تاغدا يايلىغان كالىلار
قارىغاي ئارىلاپ كەتتى.
دوس بولىمىز دېگەنلەر،
ئەمدى ئايرىلىپ كەتتى.

سەن تولا دەيخاڭلىما،[29]
ئاكام سېنى دەيخاڭلىتار.
ئالا ئاتنى مىندۈرۈپ،
قۇمۇل سايان دوڭغاقلىتار.

ۋادىرىخا بۇلاردىن،
كۆپ ئەلەم يەتتى.
ئازابىدىن يۈرەكلەرگە،
دەزلەر كەتتى

بۇدۇنيادا مەنسەپ دېگەن، شۇ قاتارلىق،
ئاخىرىدا ئۇلارنىمۇ تاشلاپ كەتتى.

تۆمۈر خەلپەم ئەر بولۇپ،
ئىنقىلابنى باشلىدى.
قوراي دېگەن يەرلەردىن،
دۈمىد ئۈزۈپ تاشلىدى.

تۆمۈر خەلپە ئەر قوپۇپ،
توختىتامىدى ئىشىنى.
تەكەببۇرلۇق دەستىدىن،
تەڭ كۆرمىدى كىشىنى.

تۆمۈر خەلپە كەتتىغۇ،
ئۈرۈمچىگە يەتتىغۇ.
ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتتۇم دەپ،
زەردى بىلەن كەتتىغۇ.

كۆشۈتىنىڭ داۋىنىدا،
ئات كۆكسىدە جۇغىلا.
تۆمۈرنى تۇتۇپ بەرگەن
مەمەت قۇلدەك دورغىلار.

تۆۋەيىنىدىن چىقىپ كەلدى،
يۇمىلاق - يۇمىلاق قوڭغۇرلار.
تۆمۈرنى تۇتۇپ بەرگەن
مەمەت قۇلدەك توڭگۇزلار.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تۆمۈرنى ئېلىپ چىقسا،
ھەر كۈندە سوراق بار.

بۇ زاماندا خوپىڭ(30) يوق،
شاڭپاڭلاردا مەش قويدى.
بىر جىڭ تۆرت سەر ئاش بېرىپ
پالۋانلارنى ئاش قويدى.

ئۆچكۈردۈمۇ — ئۆچكۈردۈم،
نەنسەن (31) تېغىدا چۈش كۆردۈم.
كېچە يېتىپ ئۇيقۇمدا،
بالىلىرىمنى چۈش كۆردۈم.

ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۇنلەر
ئۆلتۈرۈشكە مايىلدۇر.
پۇل بەرسىمۇ ئۇنىمايدۇ،
جاڭجۇن دېگەن چايادۇر.

مېنى ئۆلتۈرگۈدەك ئەمدى،
ئۇقادۇرمەن ئەمانىمنى.
قىيامەت قايىم بولغاندا،
ئالادۇرمەن جاۋابىمنى.

جىڭتەي ئەسكىرى سەپتۇ،
ئاقچۇق يولدا ئۇقۇر.
تۆمۈر خەلپىنى ئۆلتۈرگەن،
چەن دارىن دېگەن چوقۇر.

ئۇرۇمچىنىڭ چېرىكى
ئاتلىرىنى يالدىغان.
تۆمۈرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ،
نەيزىسىنى قانلىغان.

تۆمۈرنى ئېلىپ چىقىپ،
ئاتىمىش يەردە چاپتۇردى.
چىڭ ۋاڭ غوجام بىر پاشا،
جۇنجۇاڭنىمۇ تاپتۇردى.

شۇ سەۋەبتىن چىللىدى،
تۆمۈر خەلپىنى جاڭجۇن.
تىپ دارىن دەپ نام بېرىپ،
دارغا ئاستى بۇ جاڭجۇن.

تۆمۈر خەلپە ئەر چىقىپ،
ئادەم تويلىدى ئۆزىگە،
ياڭ جاڭجۇن چىللاپ چىقىپ،
ئېتىۋەتتى كۆزىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالەمگە پاتمىغان سەركە،
كۆندۈككە قانداق پاتقانسەن،
كۆندۈككە پاتساڭمۇ پاتقانسەن،
ئاغزىنى قانداق ياپقانسەن.

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۈنىڭ ئىچى زەرەتلىك،
مۇرادىغا يەتمىگەن
تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىك.

ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە،
داۋايىم قىيامەتتە.
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر:

قۇمۇل شەھىرى بالۋانتۇر يېزىسىنىڭ ئىمامى 78 ياشلىق سالى قارى ئاخۇنۇم، ئابلىتىپ ئاخۇن. ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم قىرساي يېزىسىدىن: پېشقەدەم ئەل نەغمىچىسى، 81 ياشلىق راجى غوجامنىياز، ئالتۇزاق دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: 82 ياشلىق ئەسەيدۇللا ئىمام. قارمۇقچىدىن: 65 ياشلىق ئابلىز روزى ئىمام. تارانچى كان رايونىدىن: 75 ياشلىق گۈلمۇھەممەت قارى. راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: 58 ياشلىق بىلالىدىن ياچى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك كىنو فىلىم قارىتىش شىركىتىنىڭ پېشقەدەم كادىرى ئابدۇكېرىم رېھىم.

توپلانغان ۋە لېنتىغا ئېلىنغان ۋاقتى: 1982 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە.

## خوجىنىيازھاجى ھەققىدە

غۇجىنىيازنى بىلەمسەن،
ئۇن ئىككى تاغنىڭ(32) دورغىسى.
تاغدىن تاققا ئاتلانغان
چىلان تورۇق يورغىسى.

چازىغا(33) بەرگەن قازاق قوينىڭ
قۇيرۇقىدا يېغى بار.
خوجىنىياز ھاجى ئەر ئىكەن،
شەرمۇ ـ شەردە دېگى بار.

خوجىنىيازنىڭ ئىلقىسى،
قوتىنىدا سولاقلىق.
قومۇلدىن چېرىك چىقسا،
يوقىتىشقا قاراقلىق.

تاراتىنىڭ غولىلىرى
ئاپپاق ـ ئاپپاق داراخلىق.
غوجىنىيازنىڭ باتۇرلىرى
ھەممىسىلا ياراقلىق.

ئىككى غولنىڭ(34) ئوتتۇرىسى
خوجىنىيازنىڭ ئوردىسى.
ماڭسا ياياق ماڭمايدۇ،
ئاستىدا قۇل يورغىسى.

خوجىنىياز دېگەن باتۇر،
تاغلار باشىدا ياتۇر.
ئوق قولىدا تاپانچا،
چېرىكلەرنى كۆپ ئاتۇر.

خوجىنىياز ياخشى ئەر،
ناخشىنى ياڭراق ئېيتىدۇ.
دۈشمەنلەرنى ئازغاشتۇرۇپ،
تاقىقا سولاپ يانچىيدۇ.

تاراتىنىڭ يولىدا،
بىر كىيىكنى ئېتىۋالدىم.
جەڭلەر قىلغان ھاجىنى
قوشاققا قېتىۋالدىم.

خوجىنىياز ياتۇرئىكەن،
بار ھوقۇقنى ئېلىۋالدى.
قاسىم پالگان مەرت ئىكەن،
ئون ئاتارنى ئېسىۋالدى.

خوجىنىياز ئەمدى سىز،
كۆڭلىڭىزنى كەڭ قىلىڭ.
ئون ئىككى تاغنىڭ چوڭلىرىنى،
ئۆزىڭىزگە تەڭ قىلىڭ.

خوجىنىياز پالگاننى
ئۆزىمىزگە باش قىلدۇق.
قوغلاپ سۈرۈپ دۈشمەننى
كۆزلىرىنى ياش قىلدۇق.

ئۇدا ئۈچ يىل جەڭ بولدى،
ئاچ ـ يالىڭاچ قالىدۇق.
مەدەت بەرگەچ خوجىنىياز
جەڭلەر قىلىپ ھارىدۇق.

«ئاتاڭلار بولۇر رازى،
ئاناڭلار بولۇر رازى.
ئۆلسەڭلەر شېھىت ئۆلۈڭلار،
قالغانلار تامام غازى»

خوجىنىياز ياخشى ئەر،
قىلىۋى سايان ماڭىدۇ.
ناخشىنى تولا ئېيتىپ،
كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ.

خوجىنىياز ئاتلاندى
ھەر تەرەپتىن سەپ تارتىپ.
لودۇڭدىن (35) چېرىك چىقتى،
ئەلەملىرىنى دىڭگايتىپ.

ئۈرۈمچىدىن لەشكەر كېلىپ،
قورشىۋالدى لودۇڭنى.
خوجىنىياز جەڭ قىلىپ،
ئۇتتۇۋالدى لوزۇڭنى.

چوڭ ئوتلاقتا ياتقاندا،
لودۇڭ سايان ئات سالدۇق.
چىڭ گۇلۇچەنىڭ (36) سېپىدا،
دۇلۇيجاڭنى قاق سالدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۈيجاڭ بولۇپ خوجنياز،
لودۇگلاردا جەڭ قلغان.
باتۇرلارچە جەڭ قلىپ،
ئۆلۈك بلەن شەر قلغان.

ئككنچى ئاينڭ ئون ئالتسى،
لودۇگلاردا سوقۇشتۇق.
خۇدايمغا شۈكرى ئېيتپ،
ناماز ـ نياز ئوقوشتۇق.

خوجنيازنڭ ئاتلرى،
تۇرپان يولنى چارلايدۇ.
ئاتلنڭلار ئوغلانلار،
بزنى خۇدا قوللايدۇ.

خوجنياز جەڭ قلىپ،
داۋانچڭنى ئېلۋالدى.
سۇغۇرۇپ ئېلپ قېلچنى
غلاپغا سېلۋالدى.

دۇلۈيجاڭ دېگەن ياۋنڭ
باشلرنى كېسپتۇ.
تۆگلەرگە ئارتقچە
تن تارتقۇسز سېسپتۇ.

داۋانچڭنڭ تاغلرى،
تاغدن تولا كانلرى.
داۋانچڭدا جەڭ قلغان،
قۇمۇللۇقنڭ باللرى.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
داۋانچىڭنىڭ يولىدا.
ئۆلمەيمەن دېگەن بىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

داۋانچىڭنىڭ سۇلىرى،
توقسۇنلارغا ئاقىدۇ.
جىمى ياراق - ئۇلجىلار،
خوجىنىيازغا باقىدۇ.

ماجۇڭيىڭ دېگەن تۇڭگان،
جىمسا ردا تۇرغاندۇ.
بىرلەشكەن كېلىشىمنى،
ئۆزى باشلىق بۇزغاندۇ.

گۇچۇڭدىكى ياراقنى،
خوجىنىياز ئالماقچى.
نىيەت بۇزغان ماجۇڭيىڭ،
ياراقلارنى بۇلىماقچى.

يېتىپ ئاسماننى تەپكەن،
بۇ دىپاڭغا پاتمىغان تۇڭگان.
نەنلۇ[37] باچىڭغا [38] چىقىپ،
ماكاننى تاپمىغان تۇڭگان.

ئۇششاق تالدا [39] جەڭ بولدى
خەنجەر بىلەن سەپ تۇردۇق.
نىيەت بۇزغان تۇڭگاننى
ئىمان ئېيتقىن دەپ تۇردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىيەت بۇزغان ماجۇجىلىك،
كۆمۈشتە [20] قېچىپ كەتتى.
روسىيەنىڭ قولىدا،
ئوت بولۇپ كۆيۈپ كەتتى.

خوجانىياز جەڭ قىلىپ،
ھەر كۈرەشتە تاۋلاندى.
شېڭ شىسەي دېگەن قارىغۇ،
روسىيەگە باغلاندى.

شېڭ شىسەي دېگەن قارىغۇنىڭ
زۇلۇمى ھەددىدىن ئاشتى.
ئاچ كۆزلىرى قىزىرىپ
مال - دۇنيانى تالاشتى.

روسىيەنىڭ ئىتلىرى،
قۇتۇبىدا يېتىۋالدى.
شېڭ شىسەيگە بۇرۇلۇپ،
ئۆز - ئۆزىنى ئېتىۋالدى.

شېڭ شىسەي دېگەن قارىغۇ،
ئۇرۇمچىنى ئېلىۋالدى.
كۆپ ئۆتمەستىن ئارىسى،
ئىچكىرىسىگە مۆكۈۋالدى.

باشلاپ ماڭدى ئالتى شەھەرگە
ھاجى مىنىپ ئاق بوز ئاتقا.
ھاجى بىزگە باشلامچى،
بىز ھاجىغا مەدەتكار.

يامان يولغا باشلايدۇ
باستى لەنجاڭلار.
يوسەنشاڭنى بەرمەيدۇ
سىدىق تەنجاڭلار.

قەشقەردە شېھىت بولدى
تۆمۈر سىلىڭلار.
ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى
پولات تەنجاڭلار.

كەل دېسە كەلمەيدۇ
ماھمۇت سىجاڭلار.
ئىزىغا بېرىپ تۇردى
تۆمۈر زىڭخۇيلار.

دالا گۈلدۈرلەپ بالىخان
ئاتلار كېلىدۇ.
خوجا پالۋان ئۆلدى دەپ
خەتلەر كېلىدۇ.

خوجا پالۋان ئۆلسە ئۆلسۇن،
ئەسكەر ئۆلمىسۇن.
ئۆلسە ئەسكەر، خان تىرىك—
سەرسان بولمىسۇن.

غوجانىياز ياش ئىدى،
ھەرلا يۇرتقا باش ئىدى.
ئاۋاتقا باردىڭلار دەپ،
داڭزىغا ئېلىپ تاشلىدى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: راجى خوجامنىياز، 81 ياش، دېھقان، ئاراتۈرۈك ناھىيە نوم قىرساي كەنتىدىن.

بىلالىدىن ياچى 58 ياش، دېھقان، راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن.

ئابدۇكېرىم رېھىم، قۇمۇل ۋىلايەتلىك كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ دېرىكتورى.

خوجامنىياز لەنجاڭ، 80 ياش دېھقان، قۇمۇل شەھىرى ئاستانە 3 - كەنتتىن.

توپلىغان ۋە لېنتىغا ئېلىنغان ۋاقتى: 1982 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە.

## ئىزاھلار:

① ئوشقۇرول — باش قاراۋۇلخانا

② ئەمتى — باغداشتىكى مەھەللە نامى

③ قونتاجى — جوڭغار موڭغۇل خانلىرىدىن بىرى

④ سار سېلىش — تاشقىلىش، سەرسان بولۇش

⑤ توغام - توغام — يول يوللار توساق قورۇش

⑥ سۆقلەت — ھەممە ئىشقا بىھۇدە ئارىلاشقۇچى

⑦ سۆرۈن — بېقىمسىز، سوغۇق

⑧ چىغىر — ئىچىملىك

⑨ تۇلاڭ — قېرىن تارتقۇچ (ئات قاتارلىقلارنى ئىگەرلىگەندە)

⑩ كۆنچەك — جوڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئەسكەر باشلىقى

⑪ يالغۇز تۈيۈن — قومۇل شەھىرى تاشپىلىق رايونىدا تەۋە تاغ ئىسمى

⑫ ئولان — ئوغلان

⑬ يېغى — قوزغىلاڭ

⑭ باي — ئاراتۆرۈك ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى نامى

⑮ مىنگاڭ — تاشقى موڭغۇلنىڭ نوم بىلەن چېگرىداش جايى

⑯ زىلپۇش — يوپۇق

⑰ نوم — ئاراتۆرۈك ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى

⑱ چارا — يومىلاق ياغاچ قاچا

⑲ بۆلۈ داۋان — تۆمۈر تىدىكى داۋاننىڭ ئىسمى

⑳ نوغالچى — تۆت تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئاكوپ

㉑ ئىكىلىتىش — دومىلىتىش

㉒ ئاقچوق — قومۇل شەھىرى بىلەن كۆشۆتە ئارىلىقىدىكى ساي نامى

㉓ چىڭ خۇاڭ مىياۋ — قومۇل كونىشەھەردىكى بىر بۇتخانا

㉔ زادىر — باي، پۇلدار.

㉕ ئىمىرغول — ئارا تۆرۈكتىكى بىرغول

㉖ كۆتەل — داۋاندىن پەسرەك، دۆڭدىن ئېگىزرەك پەلەمپەيلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

㉗ تەفتىشلىك — چارلاش، رازۋېتكا

㉘ لوچىلىك — قۇمۇل كونىشەھەر

㉙ دەيخاتلاش — كۆرەشلەش، ھەددىدىن ئېشىش

㉚ خوپىلىك — پوغدان

㉛ نەنسەن — ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئىسمى

㉜ 12 تاغ — ① شارلا تېغى (تاراتى) ② قوراي تېغى
③ باغداش ④ تال تېغى ⑤ ئۈمۈرتى ⑥ توشو
⑦ نېرۇن قىر ⑧ ئۈز كۆل ⑨ ئاراتۇرۇك
⑩ نوم ⑪ باي ⑫ ئېدىر

㉝ چازا — توساق

㉞ ئىككى قول — قورايدىكى ئىككى ئېقىن

㉟ لياۋدۇڭ — سار، قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى جاي نامى

㊱ چىپ كۆلۈچەن — جاي نامى


㊲ نەنلىڭ — جەنۇبىي شىنجاڭ

㊳ داچىلىك — 8 شەھەر

㊴ ئۇششاق تال — جەنۇبىي شىنجاڭ يولىدىكى جاي نامى

㊵ كۆزمۇش — توقسۇن ناھىيەسىدىكى جاي نامى

# تارىخىي قوشاقلار



ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىلنامە قوشىقى

يىلنامە قوشىقى — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي يىل ھېسابلاش چۈشەنچىلىرىدىكى ئون ئىككى مۆچەلگە تەقلىد قىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان قوشاق بولۇپ، بۇ قوشاقنىڭ پەقەت قۇمۇل رايونىدىلا ساقلانغانلىقى مەلۇم.

ساچقىنى سۈيلاپ،① ئۈيلىرى مۆرەپ كېلىدۇ،
يولدا يولۋاس، توشقىنى تۈيلاپ② كېلىدۇ.
دەريادا بېلىق، يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ،
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە مەرەپ كېلىدۇ.
مايمۇنى مۈيلاپ③، توخۇسى چىللاپ كېلىدۇ،
ئىتلىرى قاۋاپ، توڭگۇزى تۈيلاپ كېلىدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك كىنو - فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ كادىرى ئابدۇكېرىم رېھىم.

## سەمەرخان يولى

قۇمۇلدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يولىدا تۆگە، ئات - ئۇلاغلىق بېرىش - كېلىش ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرى ئۈزۈلمەيتتى. ئەنە شۇ خىل ئۈزۈن سەپەر ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن قوشاقلار مەخسۇس ئاھاڭ بىلەن مەيدانغا كېلىپ، قۇمۇل مۇقاملىرىدا ساقلىنىپ، ئېيتىلىپ كەلگەن.

ئاتنى توقۇتلار،
كېلىپ بۇ يەرگە.
مېنىپ چاپايلى،
تۆۋەن خوتەنگە.

سەمەرخان ساي بېشى،
ساينىڭ بۇلاقى.
ئەجەب دۇشقار ئىكەن.
يولنىڭ يىراقى.

سەمەرخان سايىسىدا
تال - تال قېمىش بار.
ئۆزى ئاندا تۇرۇپ،
مۇندا نېمىش بار.

سەمەرخان بېغىدا
ئالما پىشىپتۇ.
ساپىقىدىن ئايرىلىپ
يەرگە چۈشۈپتۇ.

تۆۋەن خوتەننى
سەرپايە قىلدۇق.
سەكسەن تۆگەڭنى
قاتارى قىلدۇق.

قاتارى قىلغان
سېنىڭ ئىشىگىدۇر.
مەستانە قىلغان
شېرىن سۆزلۈگىدۇر.

## ئىسھاق بېگىم يىگانە

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ زامانىسىدا ئۈردىدىكى بىر قىپتىملىق مەشرەپتە بەگ جەمەتىدىن بولغان ئىسھاق بەگ دېگەن كىشى قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ، ۋاڭنىڭ پۇجۇڭىغا (ئايالىغا) ئادەت-تىكىدەك گەپ بىلەن چاخچاق قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن، ۋاڭ تەرىپىدىن «ئۆزىنى بىلمەي، ۋاڭنىڭ خانىشىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى» دېگەن گۇناھ بىلەن نومغا پالانغان. ئىسھاق بەگ نومدا ۋاڭنىڭ باغچىسىغا قاراپ يىگانە ھايات كەچۈرۈش جەر-يانىدا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتقان،

نوم يوللارى توغراقلىق،
ئۆچكىلىرى ئوغلاقلىق.
ئىسھاق بېگىم يىگانە،
پۇتى - قولى باغلاقلىق.

نومنىڭ يوللارى توساق،
ياشايدۇ خەقلىرى ئىناق.
بۇ ئالەمدە دەرد تارتساق،
ئاخىرەتتە يوقمۇ سوراق؟

سۇدا ئۈنگەن يالپۇزنىڭ
يىلتىزى بولار يالپۇز.
ھەممە خەق جۈپتى بىلەن،
مېنىڭ جۈپتىم يوق، يالغۇز.
تاغلار بېشىدا تورغاي،
سەھەرلەردە سايرىغاي.
بىزنى بۇنداق قىلغاننى
خۇدا ئۆزى جايلىغاي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاراتۈرۈك ناھىيە، نوم يېزىسىدىن: 88 ياشلىق توقال تۇقنىياز. (1982 - يىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## باغداش تېغى

قۇمۇل شەھرىنىڭ شەرقى - شىمالى بۇرجىكىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاتمۇ قات تەگرىتاغ تىزمىلىرى ئىچىدە قىش - ياز قار ئېرىمەيدىغان، نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى غىلاڭ مۇزلۇق چوققىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ قار - مۇزلۇق تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياپيېشىل بىر بوستانلىق جايلاشقان بولۇپ، قارلىق تاغدىن ئېقىپ چۈشىدىغان بىر ئېقىن بۇ بوستانلىقنى قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. مانا بۇ مەشھۇر باغداش تېغى ۋە باغداش بېغىدۇر.

باغداش ناھايىتى قەدىمىي جاي بولۇپ، بۇ يەردە ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتقان تارىخىي تاش پۈتۈكلەر، ئويما نەقىش ۋە سۈرەتلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرنى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان باغۇ بوستانلىق يۇرت قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە يەنى XVIII ئەسىردە قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن يۈسۈپ ۋاڭ بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىدىن ئۆلگە ئېلىپ، بۇ يەرگە ئۈچ تەرەپتىن نۇرغۇن پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، ئالتە دەرۋازىلىق ھەشەمەتلىك يازلىق ئوردا سالدۇرغان ۋە ئوردىنىڭ ئۈچ ئەتراپىنى بويلىتىپ (بىر تەرىپى تاغقا ياندىش) 300 مودىن ئارتۇق يەرگە مېۋىلىك باغ بىنا قىلغان. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور قورام تاشنىڭ ئۈستىگە «باغى دەشت» دەپ ئاتالغان ھەشەمەتلىك راۋاق ياساتقان. باغقا ئالما، ياڭاق، ئۆرۈك، جۈجەم (ئۈژمە)، نەشپۈت، جىنەستە، ئۈزۈم قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەرنى تىكتۈرگەن.

بۇ باغ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇمۇل خەلقىنىڭ ياز كۈنلىرى چىقىپ ئالما - ئۆرۈك يەپ سەيلى - ساياھەت قىلىدىغان باغچىسىغا ئايلانغان. بىراق، ھەشەمەتلىك ۋاڭ ئوردىسى بولسا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدا جاللات شېڭ شىسەي كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. قالغان - قاتتىلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزۇۋېتىلگەن. باغداش تېغى ۋە باغداش بېغى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە بۇنداق قوشاقلار بارلىققا كەلگەن:

تاغمۇ - تاغلاردىن ئېگىز،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى.
ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

باغداشلارنىڭ تاغلىرى،
كىشمىش پۇرايدۇ باغلىرى.
قاچان كۆڭلۈمدىن كېتەر،
چىنىغا قويغان چايلىرى.

قارلىق تاغدا قار ياغادۇر،
بوستانىدا ⑤ تۇمان.
ئىچكىنىمدە⑥ ئوت كۆيەدۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

بىزلەر يۈرگەن ئېگىز تاغلار،
باغداشنىڭ تاغى.
قوللىرىدا ئەگۈشتەرى
تىللادىن باغى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىز باغداشتا يۈرگەندە،
ئۆزلىرىگە قارىشىپ.
تويى - تۆكۈن مەشرەپلەردە،
بىر - بىرىمىزنى مارىشىپ.

بەك غېرىب بولدى كىشى
باغداش دېگەن تاغ ئىچىدە.
قاناتىم بولسا ئۇچارمەن،
قاپ - قاراڭغۇ كېچىدە.

ئاستىدا ئات بولمىسا،
باغداش دېگەن قانچە يىراق.
ئەقلى - ھوشى بولمىسا،
ئايدەك جۇگان ئىتتا يالاق.

باغداش تېغى باغرىدا،
خويمۇ بوپتۇ ئالمىلار.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
يامانىنى سۆيگەن لالمىلار.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قومۇل شەھىرى ئىچى يېزا جىگدە قودۇق كەنتىدىن: ئاقپاشا، ئابدۇللا زاكىر.

# ئارىتام بېغى

ئارىتام — قۇمۇل شەھرىگە 40 كىلومېتر كېلىدىغان تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى يۇرت. ئارىتام سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىلا گۈللەنگەن ئاۋات جاي ئىدى. ئارىتام دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تاغ ئاغزى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ جاينى قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان. ھازىرقى ئارىتامنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا «ئۇيغۇر شەھىرى» دېگەن بىر شەھەر خارابىسى بار، ئارىتامدىكى بۇددا دىنى جارابىلىرىنى ئەينى دەۋىردە ئۇيغۇرلار ياسىغان. ئارىتامدىن چىققان ساپال كوزىلار بۇ جايدا 8000 يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلار ياشىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئارىتام باغلىرىنى مەشھۇر باغداش غولىنىڭ سۈيى تەمىنلەپ تۇرىدۇ، شۇڭا كىشىلەر ئارىتام، باغداش باغلىرىنى «ئاكا - ئۇكا» باغلار دېيىشىدۇ. بۇ باغ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان پەرۋىش قىلىنماي تاشلىنىپ قالغانىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن يۈسۈپ ۋاڭ بۇ باغقا قايتا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر خىل مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلەرنى تىككۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ باغ گۈزەل سەيلىگاھقا ئايلانغان. شاھمەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە مۇشۇ ئارىتامدا كۆلىمى چوڭ ئەل نەغمە مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» يازما خاتىرىگە ئېلىنىپ رەتلەنگەن، كېيىنچە ئارىتامنى سەيلە قىلغان. كىشىلەر بۇ باغنىڭ گۈل - چېچەكلەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، سۇلار شىرىلداپ ئېقىشىپ، قۇشلار تىنىماي سايراپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ مۇنداق قوشاقلارنى توقىغان:

ئـارىتامنى تام دېمەڭلار،
ئارىتام بىرتاغ ئىكـەن.
رەڭمۇ - رەڭ گـۈل ئېچىلغان
مېۋىزارلىق باغ ئىكەن.
ئارىتامنى تاغ دېمەڭلار،
ئارىتام بېھىش ئىكەن.
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاسـتى كىشمىش ئىكەن.
ئارىتامنى تاغ دېمەڭلار،
ئارىتام بىر باغ ئىكەن.
يوللىرى قارغىن تىكەن،
جۇگانلىرى قارلىغاچ ئىكەن.
ئارىتامنىڭ قۇشقاچلىرى،
شاخ ئارىلاپ سايراپ ئۆتەر.
يىگىتلەرنىڭ بىجايىسى،
تام ياقىلاپ، ھاراپ ئۆتـەر.
مەن سېنىڭ يارىڭ ئـەمەسمۇ،
ئارىتامدا سۆزلىگەن.
قاۋۇلۇڭ قاشىڭدا تۇرۇپ،
بىي قاۋۇلنى ئىزلىگەن.
سەن مېنىڭ يارىم ئەمەسمۇ،
ئارىتامدا سۆزلىگەن.
ئالدىڭدا يارىڭ تۇرۇپ،
يىراقتىكىنى كۆزلىگەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شـەھەر ئىچـى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنت ئەزاسى، 74 ياشلىق ئاقپاشا. ساقادېھقانـ چىلىق مەيدانى تاشار كەنت ئەزاسى 56 ياشلىق مۇسانىسىر.

## ئايىمخان

خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئايىمخان، قۇمۇل شەھەر ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ناھايىتى گۈزەل - ساھىبجامال ئايال ئىكەن. قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن قايسى بىرى ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا زورلىغاندا، ئايىمخان ۋاڭنىڭ بۇ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىدىكەن. ۋاڭ ئايىمخاننىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىغاندىن كېيىن ئۇنى نومغا پالايدىكەن. ئايىمخان ۋاڭنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىقى ۋە ئادالەتسىزلىكىگە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرى ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىكەن. مانا بۇ پاجىئەدىن كېيىن قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان قوشاقلار پەيدا بولۇپ مەخسۇس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان.

زىنداننىڭ تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرۇستان.
ئەرەنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىت ئۆلگەن ئايىمخان.

ئايىمخاننى ئېلىپ چىقتى
تۆت تەرىپىنى توراپ.⑦
بېشىنى ئالۇر چاغدا
قىلۋى قايان دەپ سوراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەچ بولدى زاۋال بولدى،
ئايىمخان ئادا بولدى.
ئېنى مويتۆگزىدا چاپتى،
بېشى تەندىن جۇدا بولدى.

ئايىمخاننى ئېپ چىقتى،
ئايناق تۆگىگە ئارتىپ.
يارنى مەن سۆيۈپ ئۆلاي،
ئالتۇن بويىدىن تارتىپ.

تولۇن ئايدەك ئايىمخان،
پەرىزاتتەك يارالغان.
ئۆزۈڭ شېھىت ئۆلسەڭمۇ،
نامىڭ ئەلگە تارالغان.

سۇ بويىدا ئايىمخان،
ئادا بولدى تەندىن جان.
ھەممە خەلق ئېچىنىپ،
روھىڭغا دۇئا قىلغان.

ئىشىك ئالدى تېرەك بوستان،
قىزىل غۇنچىسى يارىم.
قىزىل گۈللەر ئېچىلغاندا،
قايان كەتتىڭ تولۇن ئايىم.

كۆڭلۈم چۈشتى كۆڭلۈڭگە،
كىردىم سىنىڭ كەينىڭگە.
ساق بېشىم ساراڭ بولدى،
ئايىمخانىم دەردىڭدە.

مېنگەن ئېتى ئارغىماق،
چىنتەخسىلەردە قايماق.
ئايىمخاننى قاچۇرغان،
قارا شەھەرلىك قالماق.

ئوتتۇغا سېلىپ قويۇپ،
خەۋەردارلىق بولمىدى يارىم.
ئوتتۇغدا ئۆلۈپ كەتسەم،
شېھىت كېتەر مېنىڭ جانىم.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
نومۇخودا⑧ كۆپ ياتتىڭ.
ئاتاڭنىڭ مىراسىدەك،
جاپانىمۇ كۆپ تارتتىڭ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسىدىن: 81 ياشلىق راجى خوجامنىياز، زىلارىخان موما. بايى يېزىسىدىن: يەھيا ئەيىندىن. 1982 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

# خان غوجام

## (يارەنلەرنى يار ئۆلتۈردى)

1859 - يىللار راشىدىن غوجا كۇچادا خانلىققا ئولتۇرۇپ، خان غوجا دەپ نام چىقارغان، 1861 - يىلى ياقۇپبەگ قوقاندىن شىنجاڭغا كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە شەھەرنى ئىشغال قىلىپ بەدۆلەت ھاكىمىيىتى قۇرغان ھەمدە 1870 - يىللار راشىدىن خان غوجىنى ئۆلتۈرۈپ كۇچا، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىمۇ ئىگىلىگەن، ئاخىرى بەدۆلەتنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى بىلەن چىقىشالمىغان قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن نىياز بەگ 1876 - يىلى ئۇنىڭغا زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرگەن. 1878 - يىلىغا كەلگەندە ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق كۈچلىرى زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىلغان، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆتكەن يۇقىرىقىدەك قارىمۇقارشىلىق، چىقىشالماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن قانلىق قىرغىنچىلىقلار يۈزىسىدىن قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كۆپلىگەن ناخشا - قوشاقلار پەيدا بولغان. بۇ ناخشا - قوشاقلار «دۇر مۇقامى»نىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسىدە مەخسۇس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ.

### يارەنلەرنى يار ئۆلتۈردى

يارەنلەرنى يار ئۆلتۈردى،
كۆردۈڭلارمۇ.
ئەندىرجان سايىسىدا،
سوردۇڭلارمۇ.

ئەندىرجان سايىسىدا،
نەلەر بار ئىكەن،

خان غوجام دەستاردا،
گۈللەر بار ئىكەن.

خان غوجام توخولىرى،
چىللاشىدۇ.
مۇستاپا كارۋان بەگلەر،
يىغلاشىدۇ.

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى
تاغدا قويۇڭ.
تاغ يولى يىراق كەلسە،
باغدا قويۇڭ.

يۈزۈمنى قىلبى سايان،
ئاچىپ قويۇڭ.
بېشىمغا بىر دەستە گۈل،
ساچىپ قويۇڭ.
مەن ئۆلسەم جىنازامنى،
كۆتۈرۈڭلار.
چاقىرىپ ئايلىمدا دەس،
ئاھ ئۇرۇڭلار.

مەن ئۆلسەم شەنبى - شىكارنى
كىم قىلۇر.
بىر كەتمەن پاچىق بىلەن،
ئىمارەت كىم سالۇر.

مەن ئۆلسەم ئاتىم ئۆتەر،
ئاتىم ئۇنەر.

باشىمدىن شامال ئۆتەر،
بوران ئۆتەر.
مېنى دېگەن دوستلىرىم،
جان دوستلىرىم.
بېشىمدىن يىغلاپ ئۆتەر،
قاخشاپ ئۆتەر:

مەن ئۆلۈپ لەھەتتە ياتسام،
كىم بولۇر يارەنلىرىم.
قول كۆتۈرۈپ قىلسا دۇئا،
خوش بولۇر روھەتلىرىم.

مەن ئۆلۈپ لەھەتتە ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

بۇ ئۆلۈمنىڭ ھەيۋىسىدىن،
قۇرقىدۇ جانىم مېنىڭ.
قاراڭغۇ لەھەت ئىچىدە،
نە كېچەر ھالىم مېنىڭ.

بۇ ئۆلۈم يالغۇز ئۆلۈم،
بارچىغا كەلگەن ئۆلۈم.
ھەزرىتى ئادەم ئاتانى
دەربەدەر قىلغان ئۆلۈم.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا
جىگدە قۇدۇق كەنتتىن ئاقپاشا، باست رەمنىياز، ئەمەت ئىسمائىل

1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە.

## ئالىمخان

1870 - يىللار قوقاندىن كەلگەن ياقۇپبەگ، راشىدىن غوجا
هاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە شىنجاڭدا بەدۆلەت
هاكىمىيتىنى قۇرغانىدى. قۇمۇلدا بولسا بىشىر ۋاڭ ئۆلۈپ،
ئورنىغا مېهرىبانۇ چىقىپ غولام مۇهەممەتكە ۋەكالىتەن ۋاڭلىق
يۈرگۈزۋاتقان ۋاقىت ئىدى. 1874 - يىللار يۈننەندىن قېچىپ
چىققان خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلاردىن بەي يەنخۇ باشچىلىقىدىكى
مەغلۇپ بولغان بىر بۆلەك قوشۇن قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇلدىكى
چىڭ خاندانلىقىغا قارشى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇلنى
ئىشغال قىلىۋالدۇ، ئارقىدىنلا بەي يەنخۇ قاچقۇنلىرى هەم يا-
قۇپبەگ هاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن زوزۇڭ-
تاڭنىڭ 40 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ قۇمۇلغا يېقىنلاپ كېلىدۇ.
بۇنداق زور قوشۇنغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئالدىقاچان
بىلگەن بەي يەنخۇ مەجبۇرىي ۋە بېسىم بىلەن قۇمۇل پۇقرال-
رىدىن 20 مىڭدىن ئوشۇق خەلقنى هەتتا مېهرىبانۇ قاتارلىق
خان جەمەتلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا هاكىمىيەت تىكلىگەن
ياقۇپبەگكە قوشۇش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇر-
تىدىن ئايرىلغان قۇمۇل خەلقى پىچان، تۇرپان، توقسۇن، كورلا
بۈگۈر، يېڭىسار، كۇچا قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈ-
رۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1877 - يىلى زوزۇڭتاڭ بەييەنخۇ ۋە
ياقۇپبەگلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
مېهرىبانۇ باشچىلىقىدىكى قۇمۇللۇقلارنى يۇرتىغا قايتۇرغان. بىر
قىسىم كىشىلەر كېتىشنى خالىماي قەپقالغان. شۇ قېتىمقى
مۇساپىرچىلىقتىن كېيىن قۇمۇل شەهەر ئەتراپى، مەگەش يېزى-
سىدىن غوجامنىياز دېگەن ئادەم كۇچا (بەزى رىۋايەتلەردە
پىچان دېيىلىدۇ) دىن بىر ئايال ئېلىپ كەلگەن. كېيىن ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆي بولۇشالماي ئاجرىشىپ كەتكەن. ئەمما ئالىمخاننىڭ نامى غوجامنىياز دېگەن ئادەمگە لەقەم بولۇپ قالغان. ئالىمخان لەقەملىك ئالىمخان جەمەتىدىكى كىشىلەر ھازىرمۇ لەنگەر رايونىدا بار. ئالىمخان شوخ، ھۆسنى - جامالى كېلىشكەن، زىلۋا چوكان بولۇپ، ئالاھىدە سەنئەت ماھارىتىگە ئىگە ئىدى. شۇ زاماندا، ئالىمخانغا قىزىققان نۇرغۇن كىشىلەر، بەزىلىرى ئۇنى ماختاپ، بەزىلىرى چۆشۈرۈپ قوشاقلار توقۇپ، مەخسۇس ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقان.

بىلمىگەنلەر ئېيتىدۇ،
ئالىمخان قانداق نېمە؟
ئاغزى ئويماق، بېلى چۆمۈش،
كۆزى قات - قات بىر نېمە.

ئالىمخاننى قىچقارسام،
ئۇنى مەگەشتىن چىقۇر.
كۆيۈكى ئەمدى بېسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقۇر.

ئالىمخان كىيىپتۇ كۆڭلەك،
يېڭى چىققان باسمىدىن.
ئالىمخاننىڭ كويىدا،
بېلىمنى باغلاي تاسمىدىن.

ئالىمخاننىڭ ئانىسى،
خويمۇ قىلىدۇ نەسىھەت.
ئالىمخاننى بىرنى سۆيسە،
شېرىن جانغا خاسىيەت،

ئالمىخانلار تاغقا چىقتى،
ئاتلىرىنى تاقلاپ،
بالىلىرى ئۆيدە قاپتۇ،
مۇجۇقىنى⑨ تاشلاپ.

ئەسكى تامنىڭ تۈۋىنى،
ئوردام دېگەن ئالمىخان.
لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويسام،
غوجام دېگەن ئالمىخان.

ئالمىخانلار بىر بولۇپ،
ئوشتۇۋەتتى چېلەكنى،
ئالمىخاننى سۆيگەنلەر،
ھەرگىز سۆيمەس بۆلەكنى.

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى.
لەمجىندە ئاتقان پاختىدەك.
مەيدىسىدە گۆشى يوق
رەندە سالغان تاختىدەك،

ئايغىر ئاتنىڭ يايلىدەك،
ئالمىخاننىڭ چاچلىرى،
يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئەگىم ـ ئەگىم قاشلىرى.

ئالمىخانلار باغقا كىرسە،
نەرقىنى ئەرزان قىلۇر.
پۇلى بارلار ئېلىۋالسا،
پۇلى يوقلار نە قىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالمىخاننىڭ يوللىرى،
ئۈچيۈز ئاتمىشنىڭ يولى.
ئالمىخانغا قېتىراپ،
تېشىلدى خەينىڭ سوڭى.

ئالمىخاننىڭ بېغىدا،
بىر تۈپ ئۈزۈم قەشقىرى.
ئالمىخانغا سەپ سېلىڭلار،
ئوتتۇرا چىشى تاشقىرى.

ئالمىخان دەيمۇ سېنى،
رەۋنىخان دەيمۇ سېنى.
باغدا باققان پاخلىنىم دەپ،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى.

ئالمىخان سەھراغا چىقسا،
باشىدا گۈل تاجىسى.
ئالمىخانغا ھەيران قاپتۇ.
سەھرالىقىڭنىڭ قازىسى.

ئالمىخان تۈكمەنگە بارسا،
تۈكمىنى بېسىق ئىكەن.
ئالمىخاننى بىرنى سۆيسەم،
تۈمشۇقى سېسىق ئىكەن.

ئالمىخانغا كۆڭلەك ئالدىم،
بازاردىكى باسمىدىن،
مەن قاچان قوتۇلۇرمەن
ئالمىخان لىگتاسمىدىن.

ئالمخانغا ئۆتۈك ئالدم،
پاتمدى پايپاق بلەن.
مس قازانغا چاينى سالدم،
ئوخشىدى قايماق بلەن.

(ئالمخانغا ئۆتۈك ئالدم،
پاتمدى پايپاق بلەن،
چاقچاق قلىپ ئالمخان،
سالدى بىر چالپاق بلەن)

ئالمخانغا ئۆتۈك ئالسام
پاتمدى پايپاق بلەن.
ئۆمرۈم مۇنداق ئۆتۈرمۇ،
ئالمخان مايماق بلەن.

ئالمخاننىڭ ئېرىقى،
شەھەر ئىچىگە ئۇلاغلىق،
ئالمخاننىڭ دەردىدە،
ھەر يىگىتلەر سولاقلىق.

ئالمخان ئۆزى ئوبدان،
شويى بلەن ئوينىغان.
شەن يامۇلغا تۇتۇلۇپ،
بازارلاردا ئېرىق چاپقان.

باغقا كىردىم كېچىلەپ
ئالمخاننى يېتىلەپ،
ئالمخان ئارقامدا قاپتۇ،
يول تاپالماي تەمتىرەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالمىخاننى ئېلىپ بار،
يانچۇقۇڭغا سېلىپ بار.
ئالمىخاندەك نەدە بار،
شۇ سەتەڭگە پايدا بار.

ئالمىخان دېگەن جۇگان،
خالايىققا باش ئىكەن،
ئالمىخاننىڭ ئىككى قولى،
ئىڭغىر چاقتا قاش ئىكەن.

ئالمىخاننىڭ ئىشىكىدە،
ئۆرۈك بىلەن شاپتۇلا،
ئالمىخاننى ئويناتسام،
خەلق ئىچىدە گەپ تولا،

ئالمىخاننىڭ مېڭىشى،
ياك بىلەن ياڭزا بىلەن،
ئالمىخانغا ئاشنا بولساڭ،
باقىدۇ ساڭزا بىلەن.

ئالمىخان دېگەن جۇگاننىڭ
باغرى تاشتەك قېتىغان.
ئالمىخاننى بىر سۆيسەم
ئاق ناۋاتتەك تېتىغان،

ئالمىخاننىڭ يۈزى ئۇلۇغ،
سۇپرىسى قورۇق،
ئالمىخاننىڭ ئۆيىدە،
يوغان بىر ياغاچ تولۇق.

پىخىيمىنىڭ سوگىنى،
ئەمدى قاچان ياستاي.
قارىمىغان ئالمىخاننى
قاشنى ئېتىپ قارىتاي.

ئالمىخان ئۆزى ئۇلۇغ،
ئىشكىدە قوم تولۇق.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ،
ئالمىخاندىن قالدىڭ قورۇق.

ئالمىخانلار سۇ كەچتى،
پەتەگىسىنى ⑩ يەشتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
شېرىن جېنىمدىن كەچتى.

ئالمىخاننى مەن ئالۇرمەن،
نىكاھىدىن سوراپ،
ئىچىدىن دەردىنى ئالۇرمەن،
باسما يورتقانىغا سولاپ

نېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىنىڭ ئەزاسى، پېشقەدەم ئەل نەغمىچى، 75 ياشلىق ئاقپاشا، ئەمەت ئىسمائىل، ئەسەت مۇختار. ئارا تۇرۇك ناھىيە باي يېزىسىنىڭ پېشقەدەم ئەل نەغمىچىسى 69 ياشلىق يەھيا ئەيىندىن، ئانارخان. 1982 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چورقى(11) دېمەك بىزنى

«بەيىەنخۇ يېغىلىقى» دا جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈشنى خالىمىغان قۇمۇل خەلقى دەھشەتلىك بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىن قىلىنىدۇ. ھەتتا ئېتىزلاردىكى بۇغدايلارمۇ قاچاق چېرىكلەرنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا يانچىلىپ ۋە كۆيدۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ ھاياتلىق يولى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئاشلىق، ئۆي - جاي، ھەتتا كىيىدىغان كىيىممۇ قالماي تەسسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. سۇ مەنبەلىرى ئازلاپ، بوستانلار قۇرۇپ، ئېتىزلارنى ئوت بېسىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ مەزگىللەردە ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر قۇمۇل خەلقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. كىشىلەر ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «چورقى قامقاق» دېگەن ياۋا ئۆسۈملۈكنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ھەتتا بىر قىسىملىرى ئاچلىق ئازابىغا چىدىيالماي قۇرۇپ قالغان ئات - كالىلارنىڭ تېزىكىدىكى ئېزىلمەي قالغان قوناق - تېرىق دانلىرىنى تېرىپ يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە بىر قىسىم كىشىلەر «يېگىلى ئاش بولمىسا، ئالتۇن - كۈمۈش ئۈنچە - مارجان دېگەنلەرنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر تاش» ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىپ، بۇنداق قوشاقلارنى توقىغان:

چورقى دېمەك بىزنى،
ئۈچ يىل تېجىدۇق سىزنى.
ئارپا، پۇرچاق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن.

1877 - يىللار زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى تىنچلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېھرىبانۇ چىڭۋاڭمۇ خەلقنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ

كېلىدۇ. قومۇلنى قايتىدىن قۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئىشى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ پۇقرالارنى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بېيجىڭ خانىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ ۋە تورپان، گۇچۇڭ، پىچان قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ خەلققە تارقىتىپ بېرىپ، خەلقنى تىرىكچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. چاڭغۇ بورولۇق خوجامنىياز دېگەن كىشى مۇساپىرچىلىقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزى 7 - 8 ئورۇنغا كۆمۈپ قويغان بوغدىيىنىڭ ساق تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار مەجبۇرىي ئېلىپ مېڭىلغاندا بۇ ئاشلىقلارنى پۇختا، قۇرغاق ئورۇنلارغا كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، بەيىەنخۇ باندىتلىرى ئۇنى تاپالماي قالغانىكەن، خوجامنىياز دېھقان بۇ ئىشنى دەرھال مېھرىبانۇغا مەلۇم قىلىدۇ. ۋاڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق سۆيۈنۈپ، بوغدايلارنى دېھقانلارنىڭ يەر تېرىشىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ۋە خوجامنىياز دېھقانغا «ئۆچۈك ئۈزدىراپ، توۋۇك يېيىلسۇن» دېگەن مەنىدە ئۆزۈن خوجامنىياز* دېگەن نامنى تارتۇق قىلىپ، بۇ بېيىتنى ئېيتقان.

بورۇ⑫ بوغدايلىقىم،
چاڭغۇ⑬ چامغۇرلۇقۇم
قارغۇم⑭ قوغۇنلۇقۇم
ئۆزۈن غوجامنىياز دەپ نام بەردىم،
ئەۋلادىغا قالسۇن دەپ،
جانغا جاننى ئۇلىدى.
ئورنىغا ئاشلىقنى جەملەپ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قومۇل شەھىرى ئىچى يېزا غوجامخي كەنتىنىڭ ئەزاسى ئۆزۈن خوجامنىياز دېھقاننىڭ قىزى مەريەمخان خوجامنىياز، قومۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۈمەكنىڭ پېشقەدەم مۇزىكانتى 62 ياشلىق سالى تۆمۈر.

* ئۆزۈن خوجامنىياز دېھقانغا كېيىن سېدىرلىق مەنسەپنى بەرگەنىكەن.

## يەمشى⑮ دېگەن جاي

1874 - يىللار بەييەنخۇ قۇمۇلنى ۋەيران قىلىپ، يۇر
خەلقىنى مەجبۇرلاپ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇشقا مەجبۇر ق
لىدۇ. ئەرلەر ئاياللىرىدىن، باللار ئاتا - ئانىلىرىدىن ئاي
رىلىپ، جۇدالىق ئوتلىرىدا پۇچۇلىنىدۇ. ئەنە شۇ كۈنلەرد
قۇمۇل شەھەر ئىچىلىك بىر ئايال يۇرتقا يېنىشقا باشلىغان
مۇساپىر يۇرتداشلىرىدىن ئېرىنىڭ پىچانىنىڭ يەمشى دېگەن
جايدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازاب ۋە ھەس
رەت ئىچىدە تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتىپ ھازا تۇتىدۇ. شۇ
نىڭدىن باشلاپ بۇ قوشاق خەلق ئىچىدە ئاھاڭغا سېلىنىپ
ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئۆلۈپتۇ دەپ ئاڭلىدىم،
يەمشى دېگەن جايلاردا.
كۆز يېشىم دەريا بولدى،
ئامازدېگەر چاغلاردا.

يەمشى يوللىرى سايدۇر،
مېنىڭەن ئاتلىرى تايدۇر.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
بېجايى⑯ تولۇن ئايدۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىدىن:
يۈسۈپ خېلىل، نەمەت ھامىدىن.

## گۈلدەستىخان

ئۆتمۈشتە قۇمۇل شەھرى قارادۆۋە (قارا تۆپە) يېزىسىدا ماياقبەگ دېگەن ھاللىق بىر كىشىنىڭ گۈلدەستىخان ئىسىملىك بىر قىزى بولغان. بۇ قىز شۇ يېزىلىق بەكرى دېگەن يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان بولسىمۇ بىراق ماياقبەگنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىلاج قىلالمىغان گۈلدەستىخان سۆيگەن يارى بىلەن مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئىزدەپ، بىر كېچىدە قېچىپ كەتكەن. ماياق بەگ تۇيۇپ قېلىپ بىرمۇنچە كىشى بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ قاتتىق تەن جازاسى بەرگەن. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن خەلق ئىچىدە ناخشا ـ قوشاقلار مەيدانغا كېلىپ ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئەگىل[17] ئاخشام ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز،
سېنى ساقلاپ كۈن چىقتى.
ئاچ قوۋۇغىڭنى چوكان قىز.

مەن بۇ يەردىن كېتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن،
مەنزىلىمگە يەتكىچە
يارنى ئېلىپ كېتەرمەن.

قارا دۆۋىچى⑱ گۈلدەستىخان،
بەكرى باي ئېلىپ قاچقان.
بەگ دادام تۇيۇۋېلىپ،
تاڭ سەھەردە قوغلاشقان.

تۇتىسام بولار ئىكەن
قارا باسما ياغلىقنى.
سۆيمىسەم بولار ئىكەن
گۈلدەستە دېگەن داغلىقنى.

توشولاردا⑲ گۈلدەستىخان،
توختىنىياز ئېلىپ قاچقان.
خوجامنىياز تۇيۇۋېلىپ
ئۇزۇن پاچىدا⑳ ياچقان.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى تال-تۇنلۇق كەنتىتىدىن: ئەمەت ئىسمايىل. قارا دۆۋە يېزىسىدىن: نىياز باستى.

# سادىر پالۋان قومۇلدا

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا مانجۇ خانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن غۇلجا دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمان سەركەردىسى ۋە داڭلىق خەلق قوشاقچىسى سادىر پالۋان تەخمىنەن 1828 - يىلى قومۇلغا سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ چاغدا ئۇ قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى تىغ كۆتۈرگەن گاڭ باقى ئاتلىق بىر پالۋان يىگىت بىلەن تونۇشۇپ دوستلۇق ئورناتقان. 1831 - يىلى سادىر پالۋان گاڭ باقى بىلەن بىللە يامۇلدىن قېچىپ قومۇل تاغلىرىدا تاكى 1833 - يىللارغىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. 1833 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئىككى پالۋان ئۈرۈمچىگە قېچىپ چىققان. 1834 - يىلى كۈزدە ئىككىسى يەنە ئىلىغا كەتكەن. بۇ ئىككى پالۋاننىڭ شۇ چاغلاردىكى ئاجايىپ سىرلىق پائالىيەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان ۋە كىشىگە جاسارەت بېغىشلايدىغان جاراڭلىق ناخشىلىرى قومۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا
قومۇل خانغا پالانغان.

مەن قومۇلغا پالاندىم،
شاۋانخان توقاچ ياقىن.
مەندىن قالدى بەش بالا،
تېنەتمەي ئوبدان باقىن.

www.uyghurkitap.com

ياموُلدىن قىچىپ چىقىپ،
ياتقان يېرىم يانبوُلاق[71].
خوُدايىمدىن تىلەيمەن،
ماڭا بەرسە بىر ئوُلاغ،

سادىرنى توُتوُپ بەرگەن،
چوڭ كۆرەدىكى شاڭيوُ.
جان باقماق ئوُچوُن ساتتىم،
قوُموُل شەھرىدە ياڭيو.

سادىرمەنموُ سادىرمەن،
سادىر بولماي كىمدوُرمەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
ھەممە جاينى بىلوُرمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتوُرۇك ناھيە باي يېزىسىدىن:
69 ياشلىق يەھيا ئەيىندىن، قوُموُل شەھرى شەھەر ئىچى يېزا
مەگەش كەنتىدىن: 66 ياشلىق يەھيا ئەلىمى.

# شىڭشىڭشا

1907 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى شاھ مەخسۇت ۋاڭىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا تورپاقلار جەمەتىدىن كۆپ كىشى يېتەكچى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ، تارىختا «تورپاقلار يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ قوزغىلاڭ چىڭ خانلىقىنىڭ بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى يې شىڭفۇنىڭ قولى بىلەن قانلىق باستۇرۇلۇپ قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى قەتلى قىلىنىدۇ، زىندانغا تاشلىنىدۇ ياكى ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىدىن قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا، شامالچارباغ مەھەللىسىدىن چىققان يارتا ئابدۇلباقى ئاتىسى يارتا خوجىمەتكە ئەگىشىپ قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ. «تورپاقلار قوزغىلىڭى» باستۇرۇلغاندىن كېيىن، يارتا غوجىمەت تۇرپانغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. يارتا ئابدۇلباقىغا بولسا شىڭشىڭشا بىلەن تۆگىچى بۇلاق ئارىلىقىدا ئۈچ يىل ھارۋا ھەيدەش جازاسى بېرىلىدۇ. شىڭشىڭشادا ۋاڭىنىڭ 400 ئاتلىق ئەسكىرى بولۇپ، ئۇلارغا لازىمەتلىك بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئوت ـ بوغۇز قاتارلىق نەرسىلەر 30 ھارۋىدا توشۇلۇپ تۇرىدۇ. ئابدۇلباقى بۇ يولدا مۇددەت بويىچە ئۈچ يىل ئەمەس، بەلكى شاھ مەخسۇت ئۆلگەنگە قەدەر ھارۋا ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ تۆگىچى بۇلاقتىن قۇمۇل تەرەپكە بىر قەدەم ئاياغ بېسىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بۇ جەرياندا زېمىستان قىشنىڭ قار ـ شۇۋىرغانلىرىدا، تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپىدا، بىر توپ گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاس سايدا ئابدۇلباقىنىڭ تارتمىغان جاپا ـ مۇشەققەت،

جەبىر - زۇلۇملىرى قالمايدۇ. شۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ دەرد ئەلىمىنى، غەزەپ - شىكايىتىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئابدۇلباقى قەپەزدىكى بۇلبۇلدەك سايراپ «شىڭشىڭشا» دېگەن ناخشىنى ئىجاد قىلىپ، ئادالەتسىز زامانغا بولغان غەزەپ ۋە زارىنى ئىپادىلەيدۇ. پەقەت 1911 - يىلى قومۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىلا، ئاندىن ئابدۇلباقى قومۇلغا قايتىپ كېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە 80 نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ۋاپات بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ناخشا - قوشاقلىرى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ياڭراپ ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ناخشا سەھنىلەشتۈرۈلدى. ۋە خەلق ئەلنەغمىچىسى مەرھۇم نەمەت بوسۇقنىڭ ئورۇندىشىدا قۇمۇل، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەركەز — بېيجىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، كىشىلەردە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ھازىر بۇ ناخشا دۇتتار مۇقامىنىڭ 10 - چۇشۇرگىسىدە ئېيتىلماقتا.

شىڭشىڭشا ئۇزۇن گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

شاھمەخسۇتنىڭ زۇلمىتى
شىڭشىڭشانى كۆرسەتتى.
ئىككى تال قامچا بېرىپ،
دىڭگىرمانى ھەيدەتتى.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا،
ئەل - يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم.

ماڭماي‌د بسەم قورقمەن،
خۇدايىمغا يىغلىدىم.

شىڭشىڭشا ئۇزۇن گوبى،
تاغ ئىچىدىن يول ئاچقان.
كاڭنىڭ[22] ئالۋان دەستىدىن،
ھارۋىنى تاشلاپ قاچقان.

شىڭشىڭشانىڭ يولىدا،
گوبى بىلەن تاغلار بار.
بۇ يولدا ئازاب چەكتۈق،
دىلدا ئاچچىق داغلار بار.

ئۈچ يىل ھەيدەپ ھارۋىنى،
ئىككى قامچا چۇشۇردۇم.
ئەلتۆنۈردە[23] ياتقاندا،
ئاتا - ئانامنى چۈش كۆردۈم.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا،
يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم.
ئاياغىمغا تاش پاتتى،
كۆككە يەتتى ئاھلىرىم.

ئات ھارۋىلارنى بىز ھەيداپ،
كۇشۇيگە[24] باردۇق، كەچ بولدى.
ئاچچىقسۇنى بىز ئىچىپ،
تاڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

كۇشۇينىڭ سۇيى ئاچچىق،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق.

گەنچەيلەرنى ھەيدەتكەن
شاڭيۇ دېگەن مۇناپىق.

شىڭشىڭشانىڭ ئۆزىدە
ئىسسىق، ئىسسىق كاڭلاردا.
شاڭيۇلار ئۆزى يېتىپ،
بىچارىلەر تالادا.

شاھمەخسۇتنىڭ دەۋرىدە،
ھالىمىز ئېغىر بولدى.
كەيجۇلارنى كۆتۈرۈپ،
دۈمبىمىز يېغىر بولدى.

ئېگىز تاغنىڭ باغرىغا،
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.
ئاتا - ئانىدىن ئايرىلغان،
زالىم گاڭنىڭ قامچىسى.

قۇمۇل دېگەن شەھەر ئىكەن.
شىڭشىڭشادىن بېرى ئىكەن.
يايلاقلىرى يىراقتا،
ئاتلار بوغۇز دەر ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا قارىتال كەنتىدىن 86 ياشلىق زاھىت پالۋان. پېشقەدەم ئەل نەغمىچىسى سەدۇللا ئاخۇن، شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن 68 ياشلىق نەمەت بوسۇق، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 58 ياشلىق ئايۇپ چاڭجاڭ.

## ماتىتەي

مافۇشىڭ (ماتىتەي) — خۇيزۇ، ئەرەبچە ئىسمى مۇھەممەت يۇنۇس، ياڭزىڭشىڭ تەختكە چىققاندا يەرلىك 10 - قوشۇننىڭ تۇڭلىڭى بولغان. 1913 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر خەلىپىنى ئۆلتۈرۈشكە بىۋاستە قاتناشقان ۋە ياڭزىڭشىڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، دەرىجىسى ئۆسۈپ قەشقەرگە تىتەي (دىۋىزىيە كوماندىرى بىلەن تەڭ) بولغان.

ئۇنىڭ قەشقەر خەلقىگە سالغان زۇلمى باشباشتاقلىقى ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن 1924 - يىلى ياڭزىڭشىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇچتۇرپان ھاكىمى ماشاۋۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. قۇمۇل خەلقىنىڭ ماتىتەيگە نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق ھەجۋى قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن.

سوخۇ يولى㉕ قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.
ئون يېرىم كۈن شەر سوراپ،
ماتىتەيدەك بولغان يوق.

ماتىتەي تولۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
خاننىڭ سۆزىگە كىرمەي،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ www.uyghurkitap.com

قاتار ـ قاتار جۈجەملەر،
كەتمەنلەرگە ساپ بولدى.
ماتتەينىڭ قېرى خوتۇنى،
جالاپلارغا باش بولدى.

ماتتەي ئەللىك ياش،
تىتەي بۇدا قەلەم قاش.
تۆمۈرخاننى ئۆلتۈرگەن
تىتەي دېگەن باغرى تاش.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھرى، راھەتباغ مەكتەپنىڭ پېشقەدەم مۇدىرى، 67 ياشلىق ئابلىز قۇربان، شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنت ئەزاسى 78 ياشلىق سايىمان قوچناچ.

مىرزا گۈلۈم

ئاسماننى بۇلۇت باستى،
كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇز ـ ئاي.
قىزىلگۈلدەك يارىمدىن
ئايرىۋەتتى قازى باي.

زورلاۋانلار دەستىدىن
ئەجەب تولا خارلاندىم.
جۇدا بولۇپ جانانىدىن،
مەنمۇ نومغا پالاندىم.

كۆك ئاسماندا ئاي ياتۇر،
مىرزان گۇلۇم تاك ئاتۇر.
تاك ئاتقاندا ئامرىقىم،
بىزنى جەم قىلىپ قاتۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى باغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىمامى، 70 ياشلىق نامان قارى.

## مىجىت توقا قوشاقلىرى

شاھ مەخسۇت زامانىدا ۋاڭلىقنىڭ يىلقىلىرى ئابدۇل مىراپنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. ئاداقچى مىجىت توقا ئابدۇل مىراپنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ۋاڭنىڭ يىلقىسىنى باقاتتى. زىمىستان سوغۇقلاردا، يازنىڭ تومۇز ئاپتاپلىرىدا كېچە ـ كۈندۈز يىلقا بىلەن بىللە يۈرۈپ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن قىسىلىپ خارلىنىدۇ. ئابدۇل مىراپ تاماق ۋاقتىدا دائىم بۇغداي ناننىڭ ئۈستىگە زاغرىنى ئۇشتۇپ قوياتتى. بىچارە يىلقىچى مىجىت توقا تېگىدىكى ئاق ناننى يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. بەختكە قارشى، ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىككى قۇ-لۇننى بۆرە يەپ كېتىدۇ. ئەرۋاھى ئۇچقان ئابدۇل مىراپ مىجىت توقانى تىل، تاياق ئاستىغا ئېلىپ يىلقىدىن ھايدايدۇ. بۇ دەردكە چىدىمىغان مىجىت توقا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ ئېيتىدۇ:

بۇ تاغنىڭ ئارقىسى
قۇم ـ قۇم سايلار.
قۇم سايلاردا ئولتۇرغان
ئالتە ئۆيلۈك بايلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ بايلار يىلقىسى
سېرىق كۆلدە يايلار
سېرىق كۆلنىڭ بېلىقى
قۇم داخاندا قاينار.

قۇم داخاننى كىچىك كۆرمە،
ئۇنىڭدا شورپا قاينار.
بىز يىغلاپ پادا باقساق،
خېنىم - بەگلەر كۈلۈپ ئوينار.

تېرىق ئۆزى دان بولۇر،
ئۆزى قىزىل نان بولۇر.
بۇغدايدىن كېيىن تېرىپ،
بۇغداي ئۈستىگە خان بولۇر.

مەن ئېتىمنى دۆڭگە چاپتىم،
مۇز تاقىدا تاقىلاپ.
سەن قوغلىۋەتسەڭمۇ مېنى،
يىلقاڭ كېلەر ياقىلاپ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسىدىن؛ توقال بوۋا، ھەم راجى غوجامنىياز. ئاداق يېزىسىدىن: يۇنۇس ئەمەت.

نىياز قۇل قوشاقلىرى

قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋاڭلارغا ئوخشاش نەچچە يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭ خانىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىدىكەن. ھەر سەپىرىدە 50 - 60 ئادەم ئۇنى جوغا سېلىپ، نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدىكەن. تەختىراۋاندىن يۇز

قەدەمچە ئالددا بىر ئادەم  دىگمۇ بولۇپ ئاتىلىق يۈرىدىكەن. بىر قېتىملىق سەپەردە، نېرىنقىرلىك نىياز قۇل مىراپ دىگمۇ بولۇپ ئالدىن ئاتىلىق مېگىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۇن نەچچە كۈنلۈك يولنى ئات ئۈستىدە تەنھا ماڭغانلىقى ئۈچۈن ھارغىنلىق ھەم ئۇسسىقنىڭ دەستىدىن مۈگدەپ قېلىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋاڭ غولاملىرى بىلەن نىياز قۇل مىراپقا يېتىشىپ «ھەي نىياز قۇل مىراپ، ئات يىقىلمىغۇچە يىقىلمايمەن، دېگەن تاغچى ئىدىڭ، تۈز يەردە يىقىلىپ چۈشكىنىڭ نېمىسى» دەپ كۈلۈپتۇ.

نىياز قۇل مىراپ㉖:
چىڭگاڭ غوجام پەيزى قىلىپ،
چىقتى سەپەر يول يۈزىگە.
دۆگە㉗ بىلەن جىن كېلىپ،
كۆرۈندى ئاتنىڭ كۆزىگە.
دەپ شايى قىپتۇ.

شاھ مەخسۇت ئاڭلاپ يەنە كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە: ئەمسە سەن ماڭما، ئىزىڭغا باشقا ئادەم دىگمۇ بولسۇن دەپتۇ. بېيجىڭغا يېقىن بولغان جايدا ۋاڭ يول بويىدىكى لەڭزىگە يۆلىنىپ تۇرغان بىر خەنزۇ قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، نىياز قۇل مىراپقا چاخچاق قىلىپ، «ھەي نىياز قۇل، نېمە كۆردۈڭ؟» دەپ سوراپتۇ،

نىياز قۇل:

تۇتۇپتۇ لەڭزە تاشنى،
قولى دانە - دانە چۆكۈش گويا،
ئۇنىڭ ھۆسن جامالىغا،
كۆيۈپ كۈل بولۇپ ئۆتتۈممەن.
قۇدرىتىم بولسا ئۇنى ئېلىپ،
كۆكسۈمگە ياقسامەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سورۇپ پەيزى ھوزۇرىنى،
مەيدەمنى مەيدىسىگە باقسامىكەن.
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ۋاڭ تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە نىياز قۇل مىراپنىڭ ھازىر جاۋابلىقىغا قايىل بولۇپتۇ. بېيجىڭدىن قايتىپ چىقىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ۋاڭ يەنە نىياز قۇلنى ئېلىپ باغداشقا سەيلىگە چىقىپتۇ. داستىخان راسلىنىپ، ئاش تارتىلغان چاغدا نىياز قۇل مىراپ مەلۇم ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە ۋاڭ يەنە نىياز قۇل مىراپ بىلەن ئوينىشىش ئۈچۈن تۇز ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئېشىغا سېلىۋېتىدۇ. نىياز قۇل مىراپ قايتىپ كىرىپ داستىخانغا ئولتۇرۇپتۇ ھەم ئېشىنىڭ تىلنى يارغۇدەك تۇزلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۈن-تىن چىقارماي ئاشنى ئىچىپ بوپتۇ، نىياز قۇل مىراپنىڭ غىڭ-پىڭ قىلماي تۇزلۇق ئاشنى ئىچىپ بولغانلىقىغا ھەيران قال-غان ۋاڭ يەنە «نىياز قۇلى، ئاش ئوخشاپتىمۇ؟ تاتلىقمىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.

نىياز قۇلى:
دۆلەتلىرىدە تائاملىرىدىن
يېدىم تولا شۇنچە.
زەھەر سېلىپ بەرسىلە يەرمەن،
تۇزلۇق ئاش قانچە.
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نىياز قۇل مىراپنىڭ ھەر خىل چاقچاقلىرى، ھازىر جاۋاب نەزمىلىرى ۋاڭغا ياراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭنىڭ يېقىن ئادى-مىدىن بولۇپ قاپتۇ. نىياز قۇل مىراپنىڭ بۇندىن باشقا قو-شاقلىرىمۇ خېلى بار بولۇپ، خەلق قوشاقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى باغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئەزالىرىدىن 65 ياشلىق ياقۇپ داۋۇت، 82 ياشلىق ھېلىم بوۋا. 1986 - يىل.

## گۆپپۇراك گۆپپۇر

شاھ مەخسۇت ۋاڭزامانىسدا ئۇوردا ئەۋكەرلىرىنىڭ چاچۇر
مىلتىقىنىڭ قوندىقىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن باغداش، تۆمۈرتى
قاتارلىق تاغلاردىن قىزىل ئىرغاي ياغىچى توشۇش زۆرۈر
بولۇپ قاپتۇ. ئالۋان نېرناسۇلۇق كاپلىغۇچ باقى دېگەن كىـ
شىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپتۇ. كاپلىغۇچ باقى بىر قانچە قېتىم
شۇنچە كۆپ ئىرغاي ياغىچىنى ئېلىپ چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما
ياغاچلارنى ئوردا ئەمەلدارلىرى بۆلۈشۈۋېلىپ ئۇنى داۋاملىق
ئىرغاي ياغىچى توشۇشقا مەجبۇرلاپتۇ. بىر كۈنى كاپلىغۇچ
باقى ئېلىپ كەلگەن قىپقىزىل ئىرغايلارنى نەق ئوردىنىڭ
دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈرۈپتۇ. ئىرغاي ياغاچلىرىنى كۆرگەن
ۋاڭنىڭ ئاغچا - خېنىملىرى «ۋاي، ۋوي بۇلار تاماشالا چىرايـ
لىق قىزىل ياغاچلار ئىكەنغۇ» دېپ غولاملىرىنى جۈرۈپ ئۆيـ
لىرىگە توشۇتۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تورگۇنرەك
بىرى كاپلىغۇچ باقىنى مەسخىرە قىلىپ بېيىت ئوقۇپتۇ. ئاچـ
چىقىغا پايلىماي تۇرغان كاپلىغۇچ باقى شۇ مەيداندىلا تولىمۇ
قوپال بىر كۇپلېت بېيىت بىلەن ئاغچىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقـ
لاپتۇ. ئىزاغا چىدىيالمىغان ۋاڭنىڭ ئەركە - نايناق خېنىملىرى
دەرھال كاپلىغۇچ باقى ئۈستىدىن ۋاڭغا ئەرز قىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن كاپلىغۇچ باقى «ئاغىچىلارنى ھاقارەتلىگەن» دېگەن
گۇناھ بىلەن جازالىنىپ ئوردا ئىچىدە ئېغىر ئەمگەككە سېلىـ
نىپتۇ. بىر كۈنى ئوردا دورغىسى «ھەي، كاپلىغۇچ باقى، ۋاڭ
غوجامنىڭ دۆلىتىنى ئۇبدان كۆرۈۋاتىدىغانسەن؟» دەپ
چىشىغا تېگىپتۇ. شۇ چاغدا كاپلىغۇچ باقى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاغلاردىمۇ چىللىتىپ،
ئوردىخانىدا ئىشلىدۇق.
ئالتى تال ياماق ئېلىپ،
كەندىر ـ ماتاكىنى چىشلىدۇق.

دەپ ئاچچىققىنا كىنايە قىپتۇ. بۇ گەپ دەرھال دورغىلار ئارقىلىق ۋاڭغا يېتىپتۇ. ۋاڭ غەزەپلىنىپ ئۇنى تارانچى كۆمۈر كېنىدىن كۆمۈر توشۇشقا سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ زۇلۇم ـ قىسمەتلەرگە چىدىمىغان كاپىلغۇچ باقى يەنە:

گۇپۇراڭ گۇپۇر،
ھارۋام تىنمايدۇ.
ھارۋام تۆمۈر،
چاقى سىنمايدۇ.

گۇپۇراڭ گۇپۇر،
ھارۋام تۆمۈر.
نادان يار بىلەن
ئۆتكەن شۇ ئۆمۈر.

دەپ قوشاق توقۇپ ۋە ئۆزى مەخسۇس ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ ۋاڭنىڭ زۇلمىغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ناخشىلار ھازىرمۇ ئۆز ئاھاڭى بىلەن خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن 65 ياشلىق ياقۇپ داۋۇت، نامان قارى. 1986 - يىل.

## رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا

1919 - يىللار قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا بىر چوڭ مەرىكە بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ جاي - جايلىرىدىن ئاتاغلىق چالغۇچى، ئەلنەغمىچى، قىزىقچىلار چاقىرتىلىپ، ھەر بىر مەيداندا نۆۋەت بىلەن ناخشا ئېيتقۇزۇلغان، ئاخىرقى مەيدان ئولتۇرۇشتا تۆۋەن نوملۇق پاقا شىمىرە، بۆرە بۇلاق شەمشى دېگەن ھاپىزلارغا كەلگەندە شاھ مەخسۇت ۋاڭمۇ كېلىپ تىڭشىغان، بۇ چاغدا بۇ ئىككى ئايال ۋاڭنى مەدھىلەپ تۆۋەندىكى ئىككى كۇپلىت قوشاقنى ئۆزلىرى توقۇپ ئېيتقان. بۇ قوشاقلارنى ئاڭلىغان ۋاڭ سۆيۈنۈپ نەغمىچىلەرگە ئۇستۈن باھا بەرگەن ھەم ئۇلارغا سوغا سالام بېرىپ ئۇزۇتۇپ قويغان.

ئېگىز تەختىدە سەن ياتساڭ،
ئاياقىڭدا ياتاي مەشۇق،
قولۇم سۇنسام ساڭا يەتمەس،
كۆزۈمگە توتىيا مەشۇق.

جېنىم مەشۇق، غوجام مەشۇق،
جامالىرىنى كۆرۈرمەنمۇ.
كويلىرىدا زارى - زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلۈر مەنمۇ.

مەن كېتەرىمگە كېتەرمەن،
شەھەرلىرىڭ قالسۇن ساڭا.
دۆلىتىڭنى تولا كۆردۈم،
رۇخستىڭ بولسۇن ماڭا.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھرى تۆمۈرتى يېزىسىدىن 90 ياشلىق قاسىم نىياز، سوپارېھىم، شەھەر ئىچى يېزا جىگىدە قۇدۇق كەنتىدىن ئابدۇللازاكىرھاجى. 1988 - يىل.

# زۇركى[71] توغرىسىدا

1924 - 1925 - يىللار شاھ مەخسۇت ۋاڭىنىڭ ئوغلى
نەزەر غوجا بىر تۇركۇم ھەمدوستلىرىنى ئېلىپ تۇمۇرتى
قوراي، نىرناسۇ قاتارلىق جايلارغا چىقىپ ساياھەت قىلغان ۋە
نىرناسۇ بىلەن قوراي ئارىلىقىدىكى گۈزەل يايلاق سەرۋەگدە
20 جايغا بەزىلىرى ئايرىم، بەزىلىرى بىر - بىرىگە ئۇتۇشى
دىغان قىلىپ ناھايىتى چوڭ ئاق تامبو (چېدىر) ئۆيلەر تىك
لىگەن. ئاندىن قوراي، نىرناسۇ، ئېدىر، تۇمۇرتى قاتارلىق
يۇرتلارنىڭ دورغا، مۆتىۋەر، قورمالىرىنى ۋە باشقا يۇرتلار-
نىڭ چوڭلىرىنى ھەمدە بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ تەۋەسى
دىكى ئاتاقلىق سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلارنى،
گۈزەل ياش قىز - چوكانلارنى يىغىپ، كۈننى ئەيش - ئى
شرەت، ئويۇن، تاماشا بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئە-
گەشكۈچىلىرى ئۆيلىرىدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلى
لىكتىن زېرىكىپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان. ئەمما ئۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ يۇرتلىرىنى سېغىنىش مۇددىئاسىنى نەزەرغوجىغا بىلدۈرۈش
كە پېتىنالمىغان، بۇنداق ئاسمىنى كەڭ يەرگە چىقىۋالغان نە-
زەر غوجىنىڭ تارتىشىدىغان ھېچنەرسىسى بولمىغاچقا قوشۇلغا
قايتىش خىيالىغىمۇ كىرمىگەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇ-
مۇلدىن چىققان بىر قىسىم كىشىلەر سەيلى قىلغاچ سەرۋەڭ
يايلىقىغا يانداش بولغان ئىگىز چوققا زۇركىغا چىققان ۋە نا-
ھايىتى يىراقتا قالغان قۇمۇلنىڭ بارانىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ
سېغىنىش ۋە بۇرۇقتۇملۇق ھېسسىياتىنى يوشۇرالماي بۇنداق
قوشاقلارنى توقۇغان:

زۇركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇلنىڭ باغلىرى،
ئاھ ئۇرۇپ، قان يىغلىسام،
سىرىلدى سەرۋەڭ تاغلىرى.

چىقمىسام بولار ئىكەن
زۇركى دېگەننىڭ باشىغا.
بىر قاراپ ھەسرەتتە قالدىم،
پايلىماي يار ئوتىغا.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: باغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن 65 ياشلىق ياقۇپ داۋۇت، تۆمۈرتى يېزىسىدىن: قاسىم نىياز. 1986 - يىل.

## يەرنى خوغا ئالغاندا

1930 - يىلى جىن شۇرېن نەزەر ۋاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قۇمۇل بەگلىكىنىڭ ئورنىغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن قۇرۇق قالپاقنى كىيگۈزۈپ قويغان ۋە قۇمۇلنى ئۈچ ناھىيىگە ئايرىپ ئىدارە قىلىپ مەمۇرى ھوقۇقنى ۋاڭدىن تارتىپ ئالغان. قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە غالىپلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەننىڭ ئۈستىگە يەنە جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ يۇرتداش ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بولۇپ سەكسەن نەچچە ئائىلىنى قۇمۇلغا يۆتكەپ چىقىپ يەرلىك دېھقانلارنىڭ قولىدىكى تەييار يەرلەرنى ئۇلارغا مەجبۇرىي ئېلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا ئەسلىدىنلا يەر يېتىشمەسلىك ئەھۋالى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قاتتىق ماجرالار كېلىپ چىققان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

نومۇخۇغا شەن بول دەپ،
لۇ دارىننى يوللاپتۇ.
ئەللىك - ئاتمىش خۇرجانى
نومۇخۇغا چىللاپتۇ.

يەرنى خوغا ئالدۇق دەپ،
قۇمۇللارغا مو سالدى.
نومغا چىققان جىسالار
توخماق تۇۋىدە قالدى.

بۇ ئىشلار ئېغىر كېلىپ،
ئۇرۇمچىگە قوزغالدى.

تېرىغىلى يەر بەرسە دەپ،
چىقىرىپتۇ بىر يايىنى.
بىزلەرنى كۆزىگە ئىلماي،
بىلەلمەپتۇ ئۆز ھالىنى.

كۇدەس قىردا ㉙ يەر كۆرستىپ،
كۆكۈللىرىنى ئۆستۇردۇق.
خەقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ،
توخماق بىلەن ئۆلتۇردۇق.

خەققە ياخشى سۆز قىلساڭ،
خەق ئاغزىغا باقمايدۇ.
ئېرىقتىكى سۇلاردەك
سىزنىڭ ئىشىڭىز ئاقمايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئارا تۇرۇك ناھىيە، نوم يېزا، قىر ساي كەنتىدىن 81 ياشلىق راجى غوجامنياز. 92 ياشلىق توخنياز بوۋا. 1982 - يىل 12 - ئاي.

## سالى دورغا توغرىسىدا

سالى دورغا قۇمۇل تاشبالىق رايونى تال تېغى (شوپۇل) يېزىسىنىڭ دورغىسى بولۇپ، ئۆزى ئېگىزبوي، غوللۇق، يۈزى سوزۇنچاق، ئاق سېرىق، ئىككى قېشىنىڭ ئارىلىقى يېقىن، چار- ساقال، مىجەزى چۇرس، ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمايدىغان قەھرلىك كىشى ئىدى، ئەمما كۆڭلى يۇمشاق، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئەل ئىچىدە ئابرويى ئۈستۈن ئىدى. ئۇ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا مانجو خاندانلىقى تەرىپىدىن سۇيۇر- غال قىلىپ بېرىلگەن بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ تەۋە- سىدىكى يېزىلارغا قۇمۇل ۋاڭلىقى تەرىپىدىن قويۇلغان نۇرغۇن دورغىلارنىڭ بىرى ئىدى.

1930 - يىلى 6 - ئايدا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىر- قى ۋاڭى شاھ مەخسۇت كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلىدۇ. بۇ چاغدا، قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ قۇمۇلدىكى ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىنى تارتى- ۋېلىش ئۈچۈن، «ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈم ئورنىتىش كېرەك» دېگەن باھانە بىلەن بىرتەرەپتىن، قۇمۇل تەۋەسىدىكى ۋاڭلىققا قاراشلىق يەرلەرنى موغا ئېلىش ئىشىنى كۆچەيتىپ، بىرقىسىم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ گەنسۇدىن كۆچۈرۈپ چىققان يۇرتداشلىرى ۋە تۇغقانلىرىغا زورلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىدۇ، يەنە بىرتەرەپتىن، ۋاڭلىق تەرى- پىدىن قويۇلغان ھەردەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. تاغ - يېزىلاردىكى ئۇيغۇر دورغىلارنىڭ ئورنىغا خەنزۇ جىسالارنى قويىدۇ. يېڭىدىن قو-

يۇلغان ۋە بۇرۇنقى خەزۇ ئەمەلدارلار ۋە چېرىك باشلىقلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ئاچكۆزلەرچە قاقتى - سوقتى قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمايدۇ. مەسىلەن، 1930 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى سالى دورغا باشلىق بىر نەچچە كىشى تال تېغىدىن جامائەتنىڭ 20 نەچچە دادەن بۇغدىيىنى قۇمۇل شەھىرىگە ئېلىپ چۇشۇپ ئۇن تارتىپ قايتىپ چىقىۋاتقىنىدا جىن شۇرېننىڭ چېرىكلىرىگە ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ چېرىكلەر ئۇلارغا «سىلەر بۇ ئۇننى تاشقى موڭغۇلغا توشىماقچى» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ، ئۇلارنىڭ 32 تۆگىسىنى ئۈستىدىكى ئۇنلىرى بىلەن تارتىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 3 مىڭ سەر پۇل، 20 دادەن ئاشلىق، 40 مىڭ جىڭ ئۇن، 44 مىڭ جىڭ ئوتۇن جەرىمانە قويىدۇ. ئۇلار بونچىۋالا كۆپ نەرسىنى دەرھال تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن، چېرىكلەر سالى دورغىنى تۇتۇپ كېلىپ ئىككى ئاي قاماپ قويىدۇ. ئۇ بىر مۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ كېپىل بولۇشى بىلەن قاماقتىن چىققاندا غەزەپ بىلەن: «بۇنداق ئەمەلدار چېرىكلەرنى پاك - پاكىزە يوقىتىپ، قېنىنى ئىچمىسەم سالى بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىدۇ. سالى دورغا مۇشۇنداق غەزەپكە تولۇپ تورغان بىرپەيتتە، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، جىن شۇرېننىڭ تال تېغى يېنىدىكى سۆجە دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ لىيەنجاڭى ۋە شۇ يەرنىڭ جىساسى جاڭ گوخۇ ھېچبىر تەپتارتماستىن سالى دورغىغا: «چوڭ قىزىڭنى ماڭا بەرسەڭ» دېگەن نومۇسسىز تەلەپنى قويىدۇ. بوخورلۇققا چىدىمىغان سالى دورغا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، تاختىپەندىكى قوش ئاتار مىلتىقىنى ئالىدۇ - دە، جاڭ گوخۇغا تەڭلەپ تۇرۇپ: «ھەي كاپىر، ساڭا قىزىمنى بەرگىنچە ئۆلگىنىم ياخشى. نەدە مۇسۇلمانىنىڭ قىزىنى كاپىرغا بېرىدىغان ئىش بولسۇن، ئىككىنچى مېنىڭ مۇجۇغۇمغا كېلىدىغان بولساڭ، قېنىڭنى ئىچىمەن!» دەپ

ئۆلى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇ كېچىسى سالى دورغىنىڭ ئۆيىقۇسى كەلمەيدۇ - دە، قوزغىلىش ھەققىدە كېچىلەپ خەت يېزىپ، ئارلىتۇرۇپ، توم، ئېرىنكىر قاتارلىق جايلارنىڭ دورغىلىرىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلاردىن قوزغىلاڭغا قوشۇلىدىغانلىق توغرىسىدا ناھايىتى تېز خەۋەر كېلىدۇ ۋە مەسلىھەت بويىچە قىزىنى جاڭ گوخۇغا بېرىش ئۈچۈن توي قىلىشقا ماقۇل بولغان بولىدۇ، توي كېچىسى قوزغىلىلىقچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توي ئاخشىمى بىر يىگىتنى قىزچە ياساندۇرۇپ، جاڭ گوخۇنى يالغان «قىز» نىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىدۇ - دە، يۈرىكىگە خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئارقىسىدىنلا ئۇنىڭ تويىغا بىللە كەلگەن ئاتلىق چېرىكلەرنى زىياپەت ئۈستىدە توقماقداپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى تارتىۋالىدۇ، ھەمدە جاڭ گوخۇنىڭ سۆجىدىكى ھەربىي گازارمىسىدىكى قورال - ياراقلارنىمۇ تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان 1931 - يىلدىكى دېھقانلار ئىنقىلابى مانا مۇشۇ يەردىن پارتلايدۇ. سالى دورغا كېيىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، باشقا ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە جۇچۇەنگە بارىدۇ. 1934 - يىل خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاقسۇغا ۋالى بولىدۇ. كېيىن جاللات شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرىدۇ.

سالى دورغا 1931 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇمۇل خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، سالى دورغا ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار تۈزۈلگەن:

بىرمىڭ ئۈچ يۈزئەللىك بىردە [30]
بولدى قىسمەت ئالامەت.

سالى دورغا جەك قىلىپ،
باشلىدى بىر كارامەت.

بۇغەلۋىنىڭ ئەۋۋەلى
تال تېغىدىن قوپتىلەر.
سالى دورغام ئەرچىقىپ،
چېرىكلەرنى چاپتىلەر.

سالى دورغام ئات چاپتۇرۇپ،
ئون ئىككى تاققا خەت بەرگەن.
ئون ئىككى تاغنىڭ چوڭلىرى،
خەتنى ئوقۇپ دەكسەلگەن.

سالى دورغا غوۋغا چىقىرىپ،
تاپانچىنى ئېسىۋالدى.
سۇۋۇر دورغا ئەر قوپۇپ،
خوتۇمتامنى بېسىۋالدى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ ئىمامى 78 ياشلىق سالى قارى ئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئابلېتىپ ئاخۇن. (1987 - يىل.)

# قاسىم پالۋان

قاسىم پالۋان — قۇمۇل غەربىي تاغ رايونى، قالغايتى تېغىدىن بولۇپ، خوجىنىيازھاجى بىللە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مەشھۇر خەلق قەھرىمانى. قاسىم پالۋان مەرگەنلىكتە كامالەتكە يەتكەن كىشى بولۇپ، قۇمۇل خەلقى ئۇنى ھازىرغىچە «تامغا ئاپتومات بىلەن ئىسمىنى يازالايدىغان مەرگەن ئىدى» دەپ ھۆرمەت بىلەن يادلاپ تۇرىدۇ. قاسىم پالۋان ياشلىق دەۋرىدە تاغلاردا ئوۋچىلىق قىلىدۇ، كېيىن ۋاڭ ئوردىسىغا چاقىرتىلىپ، ئوردا تۇرغۇچى مەخسۇس پالۋانلار قاتارىدا ئورۇن ئالىدۇ. تال تېغىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئۇ قالغايتىدا بولۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدۇ ۋە قوزغىلاڭنىڭ ئۇلغىيىشى ھەم دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى (كۆشۈتى جېڭى، قارمۇقچىدىكى جەڭ) غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولۇپ، قورغۇلاڭچىلار ئىچىدە (قاسىم پالۋان شۇ چاغلاردا 50 نەچچە ياشلار چامىسىدا ئىدى) چوڭ تەسىرگە ۋە ئابرويغا ئىگە بولىدۇ، 1931 - يىلى يازدا قارمۇقچىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە بەختكە قارشى شېھىت بولىدۇ. قاسىم پالۋاندەك نامدار بىر قوزغىلاڭچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنىڭ ئاجايىپ نەتىجىسى ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كېلىپ، قۇمۇل شەھەر ئىچىدە نەچچە كۈن سازايى قىلىپ، خاگوسەندە دەرەخقە ئېسىپ

ئۇيغۇر كىتابلار تورى
www.uyghurkitap.com

قويىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قاسىم پالۋاننىڭ بېشى تۇر ىنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى ۋە بىر قىسىم ياخشى نىيەتلىك يۇرت مۆتىـ ۋەرلىرى تەرىپىدىن ئارا ئاقيەر چوقايلىق قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ، جەسىتى بولسا ئەينى ۋاقىتتا قارمۇقچىدىكى جەڭ مەيدانىغا دەپنە قىلىنىدۇ، قاسىم پالۋان توغرىلىق خەلق ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن ھېكايە - رىۋايەتلەر ۋە قوشاقلار پەيدا بولغان، ئۇش ۇنىڭغا قاراپلا ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىن قانچىلىك ئورۇن ئالغان لىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

قاسىم پالۋان خوش باتۇر،
تاغلار باشىدا ياتۇر.
قولىغا قورال ئالىپ،
دۈشمەنلەرنى قىڭغايتۇر.

ساي بۇلاقىنىڭ (31) دادۇزىسى،
ئىككى يۈز پالۋانغا ئاش بولدى.
قاسىم پالۋان ئەر بولۇپ،
ئىككى يۈز پالۋانغا باش بولدى.

باغلاپ قويغان چېرىكنى،
ھەتتەم (32) سالى قويۇۋەتتى.
ئاچچىقىغا پايلىماي،
قاسىم پالۋان سويۇۋەتتى.

قارمۇقچىنىڭ (33) يولىدا،
يولغا يېقىن زەرەتلىك.
پالۋانلارنىڭ ئارىسىدا
قاسىم پالۋان غەيرەتلىك.

قارمۇقچىدىكى جەڭدە
ئالتى تۇڭگان ئات سالدى.
قولىدىكى قىلىچ ـ نەيزە،
كاللىسىنى ئەپ سالدى.

قاسىم پالۋان جەڭ قىلدى،
قارمۇقچىدا، قۇملۇقتا.
ۋەي لەنجاڭ ئىتىلىپ كەتتى،
ئازغان چازا [34] تۇزلۇقتا.

قاسىم پالۋان ئاتلاندى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
دۈشمەنلەر قىچىپ كەتتى
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

دۆڭگە چىققان دۈشمەننى
مىلتىق بىلەن ئاتىدۇ.
ئۈركۈپ كەتكەن دۈشمەنلەر
ئوپا كولاپ ياتىدۇ.

قاسىم پالۋاندەك ئەربارمۇ؟
تاشتا سوققان شەر بارمۇ؟
قاسىم پالۋاننى كۆرگەندە
دۈشمەنلەردە جان بارمۇ؟

قاسىم پالۋان جەڭ قىلىپ،
مىڭ چېرىكنى ئېتىپتۇ.
قارمۇقچىدا كەڭ يەردە،
شېھىت بولۇپ يېتىپتۇ.

قاسىم پالۋان ئېسىلدى،
ھارۋىدىكى جۇنجۇۋاڭغا.[31]
بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كىردى،
بازاردىكى تۆەنجاڭغا.

يامۇلدىكى تۆەنجاڭنىڭ
بەش يايىسى بارئىكەن.
تاغلىقلارنى تۇتۇپ ئالسا،
ئاسار يېرى دارئىكەن.

قارمۇقچا يولى قامقاقلىق،
قوم دۆۋىلىرى ھەيۋەتلىك.
مورادىغا يەتمىگەن،
قاسىم پالۋان رەھمەتلىك.

ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە،
دەۋايىم قىيامەتتە.
ئايرىلغانىغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن 78 ياشلىق سالى قارى ئاخۇنۇم. ئاراتۇرۇك ناھىيە، نوم يېزا، قىرساي كەنتىدىن 81 ياشلىق راجى خوجامنىياز. قۇمۇل راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: بىلالىدىن ياچى. 1987 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە.

## ئابدۇرېھىم دورغا

ئابدۇرېھىم دورغا — قۇمۇل قوراي تاغ رايونى ئېدىر يېزىسىنىڭ دورغىسى بولۇپ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى ئەڭ دەسلەپ قوزغىغان غوللۇق شەخسلەرنىڭ بىرى. بىراق، ئۇ ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئىستىقبالنى كۆرەلمەي ھۆكۈمەت ۋە ھەربىيلەرنىڭ تورىغا چۈشۈپ قۇمۇل خەلقىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلغان. شۇڭا ئەينى ۋاقىتلاردا خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق قوشاقلار توقۇلغان:

تېشىڭدىن دۈشمىنىڭ چىقسا،
قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر.
ئىچىڭدىن دۈشمىنىڭ چىقسا،
كۆڭۈل ھەردەم جاراھەتتۇر.

ئابدۇرېھىم دورغا بىلىشەڭگە،
ساقال بۇرۇتى كېلىشەڭگە.
ئۈچ مىڭ سەركۈمۈش بەرسە،
دۈشمەن سايان ئېڭىشەڭگە.

دۈشمەن سايان ئېڭىشىپ،
نە كويىڭغا يېتەرسەن؟
ئالمىغان شەھىرىڭنى ئەپ،
سەپەر ئايىغا كېتەرسەن.

www.uyghurkitap.com

تاشارغا ﷲ كەتتى ئابدۇرېھىم،
گەردىنىنى قاشلاپ.
خىيالا ئەرلەر شېھىت بولدى،
قاسىم پالۋاندىن باشلاپ.

ئابدۇرېھىم مۇنا پىقىنىڭ
تومۇ تولۇقتەك قىرى يوق.
قومۇللۇقنى يوقاتقان.
بىر ئۆتۈنگەدەك ھېچ كىشى يوق.

ئابدۇرېھىم پىتنە خور،
ھەممە ئىشنى بۇلغىغان.
دۈشمەنلەرگە تىل بېرىپ،
تاپىنىنى يالىغان.

شەھەر ئىچىدىكى مەسچىتتە،
باردۇر مۇقىم جايىمىز،
ئاتىمىش نەچچىگە كىرگەندۇ،
ئابدۇرېھىم دېگەن بىنامىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن:
78 ياشلىق سالى قارى ئاخۇنۇم. (1988 - يىل.)

## سادىق قورمال

سادىق قورمال ئاراتۇرۇك ناھىيە نېرىنكىر يېزىسىنىڭ ئەينى زامانىدىكى قورمالى. تـوغرا پىكىرلىك، با مـەسلىھـەت ئـىش قىلىدىغان تاكتىكچى كىشى بولۇپ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىـڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى بولغان. بۇ كىشى ھەققىدە مۇنداق قوـ شاقلار توقۇلغان:

سادىق قورمال كىچىك كىشى،
ھەممىدىن ئارتۇق بىلىشى.
ھەممىگە سىگىپ قالۇر،
ئېنىڭ قىلغان كېڭىشى.

سادىق قورمال ياخشى ئەر،
ھەممە ئىشنى ئويلىغان.
خالەنجاڭنى ئايرىۋېلىپ،
بىرمۇ چېرىك قويمىغان.

سادىق قورمال ياخشى ئەر،
ھەممە ئىشنى ئويلىغان.
ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنىنىڭ
بىرىنى قويماي قوغلىغان.

پالتى قالتار بايتال،
تاغىل غونا للار.
جەڭگە بېرىپ ئۆلمەي كەلگەن
سادىق قورما للار.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۇرۇك نـاھىيە نـوم يېزىسىدىن: راجى خوجامنىياز، يەھيائەيندىن. (1932 - يىل)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئابدۇنىياز مىراپ

ئابدۇنىياز مىراپ — ئارا تۈرۈك ناھىيە، شار ئۆيلە مەھەللىسىنىڭ ئۈچبېگى بولغان. 1931 - يىلى سالى دورغىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ لۈيجاڭ بولغان. 1932 - يىلى قوزغىلاڭچىلار ماجۇڭيىڭنىڭ ئىچكىرىگە قېچىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئۈستۈن ھەربىي كۈچ بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمەسلىك تۈپەيلى ۋاقتىنچە تاشقى موڭغۇل چېگرىسىغا چېكىنگەندە، ئۇ قورقۇنچاقلىق قىلىپ، خوتۇنىنىڭ گېپى بويىچە ئەنشىگە بېرىۋالغان. خوجنىيازھاجى ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىپ كۆرەش مارشىنى قايتا ياڭراتقاندا قومۇلغا قايتىپ چىققان. تۆۋەندىكى قوشاقتا ئۇنىڭ قورقانچاقلىق ۋە ئىرادىسىزلىك ئاللەتلىرى ئېچىپ تاشلانغان.

ئابدۇنىياز مىراپ لۈيجاڭ بوپ،
ھەممە ئىشنى باشلىدى.
ئىچىدە ئىدرەكى يوق،
قاملاشتۇرالماي تاشلىدى.

قاملاشتۇرالماي تاشلىغىنى،
خوتۇنى ئۇنى باشلىغىنى.
ھەممە خەقلەر بىلىڭلار،
ئابدۇنىيازنىڭ يۇمشاق باشلىقىنى.

ئىشنى قىلدى شاققىدە،
تاشلاپ قويدى تاققىدە.
بىر كېچىدە چاچراپ قوپۇپ،
قېچىپ كەتتى غىپپىدە.

ئەپيۇن تارتتى ئابدۇنىياز،
ئەپيۇن ئۇنى مەس قىلدى.
كۆن چىقىچە يېتىپ ئۇخلاپ،
ناماز ئۆتىمەي خەس قىلدى.

ئابدۇنىياز دېگەن بىناماز،
ئىمانىنى بۇلغىدى.
كەتمەيمەن دېگەن بىلەن،
خوتۇنى قۇلاقنى تولغىدى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسىدىن:
راجى خوجامنىياز، توقال توقنىياز. (1982 - يىل.)

## مەتتىمىن پالۋان

مەتتىمىن پالۋان — ئاراتۇرۇك ناھىيە، نوم يېزىسىدىن بولۇپ قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ باتۇر پالۋانلىرىدىن بىرى. ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ لويىجاڭلىرىدىن بىرى بولغان ئەل ئارىسىدا ئۇنىڭ جەسۇرلۇقىنى ماختاپ تۆۋەندىكى قوشاقلار توقۇلغان.

مەتتىمىن پالۋان جەڭلەر قىلىپ،
قېرىنداش دەپ قىچقىرىتتى.
جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەرگە
مىلتىق بىلەن ئىسقىرىتتى.

مەتتىمىن پالۋان بەكمۇ ياخشى،
تولا غەيرەتلىك ئەر چىقتى.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ
پېشانىسىدىن تەر چىقتى.

تۆرۈكتىكى37 سوقۇشتا،
قاسىم پالگان ئەر چىقتى.
بەش لويجاڭ ئاراسىدا،
مەتتىمىن پالگان ئەر چىقتى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسىدىن: راجى خوجامنىياز. (1982 - يىل.)

## ئىمىن پالۋان

ئىمىن پالۋان — ئاراتۇرۇك ناھىيە، ئاداق يېزىسىدىن بولۇپ، سالوبادىكى بىر قېتىملىق جەڭدە قوزغىلاڭچىلار ئاجىز كېلىپ چېكىنگەندە، ئىمىن پالۋان ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، توغراقنىڭ ئاچا شېخىغا قىسىلىپ قالغان. كېيىن بىر قىسىم قىزىقچىلار بۇ ئىشنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ مۇنداق قوشاق توقۇلغان:

ئىمىن پالگان ئەر چىقىپ،
سالوباغا باشلىدى.
سالوبادىن قاچقاندا،
بەرەم توننى تاشلىدى.

ئاداقچى ئىمىن پالۋان،
ھەممە ئىشنى ئەپلىگەن.
سالوبادىن قاچقاندا
توغراققا باشنى كەپلىگەن.

يېتىم بولاققا بارغاندا
پازىل دېھقاندىن تەر چىقتى.
تۆت چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ
ئىمىن پالۋان ئەر چىقتى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئارا تۇرۇك ناھيەنوم يېزىسىدىن: توقال توقنىياز، راجى خوجامنىياز. باي يېزىسىدىن: يەھيا ئەيىندىن. قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن: سالى قارى ئاخۇنۇم. رالىكتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: بىلالىدىن ياچى. (1982 - يىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## زىۋانىسا خېنىم

زىۋانىسا خېنىم — خوجىنىيازھاجىنىڭ ئىنىسى قۇربان
نىياز ھاجىنىڭ ئايالى بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە مەرگەنل
كى بىلەن داڭ چىقارغان ئايال.

لەشكەر باشلاپ تاققا چىققان
چەندارىنى دېگەن چوقۇر.
زىۋانىسا خېنىم قوغلاپ كەلسە،
چاشقان بولۇپ قاچۇر.

زىۋانىسا خېنىم ئاتىدۇ.
مېگىملەرنى چاچىدۇ.
چەن دارىنىمۇ ئاتىدۇ،
ئوپا كولاپ ياتىدۇ.
ھېچ ئىلاجى قىلالماي،
ئۆلۈكىنى ساتىدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: بىلالىدىن
ياچى. (1988 - يىل)

## جاڭسىك دوغا ھەققىدە

دېھقانلار ئىنقىلابى دەۋرىدە تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئىنقىلابنى قوللاپ ئۇلارغا ئوق - دورا، قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك شۇنداقلا ھەربىي تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم قىلغان. 1932 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئۇلار يەنە بىر نەپەر خۇيزۇ (جاڭسىك دورغا دەپ ئاتالغان) بىر نەپەر روس ۋە بىر نەپەر ئۇيغۇر بولۇپ، ئۈچ كىشى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتكەن (ھېكايە قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان). بۇ ئۈچ نەپەر مەسلىھەتچى بىر قىسىم قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن خەرىتىگە قاراپ مۇزاكىرە قىلىشىۋاتقاندا غايىپتىن ئوق چىقىپ روسنى يارىلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا يەنە ياردەم بېرىش ھەققىدە ۋەدىلەر قىلىپ قايتىپ كېتىشكەن، غايىپ ئوق چىقارغۇچى تېپىلمىغان، بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

جاڭسىك دورغا دەپ چىقىپتۇ،  
مىڭ چىچەينىڭ * چوڭى دەپ.  
خۇشمۇ ياخشى ئەر ئىكەن،  
ھەممە ئىشنى قىلغۇدەك.

باتۇر دېگەن زۇلۇڭنىڭ  
تۈلكە بىلەن ياقىسى.

---

* چىچەي — ماشىنا.

www.uyghurkitap.com

باتۇرنىمۇ كۆيدۈرگەن
كۆكۈنلەرنىڭ باقىسى.

سۆلتىگە قارىساق،
يولۇۋاس سۈپەتلىك ئەر ئىكەن
نوملارغا يېتىپ چىقىپ،
خوتۇن ئالسام دەر ئىكەن.

خەتكە كامىل ئەر ئىكەن،
لوپسۇن دېگەن كىچىك دورغىسى.
خوشمۇ ئوبدان يارىشىپتۇ،
قارىقاش ئاتنىڭ بورغىسى.

موڭغۇل تىلىغا ئۇستا ئىكەن،
نىياز ئاخۇن دورغىسى.
ئاتلاردىن كېيىن قالماس،
قارىقاش ئاتنىڭ يورغىسى.

مىڭ تال مىلتىق بەرمەك بولدى،
پولار بىلەن.
بىزمۇ ئۈچ ئادەم قېتىپ قويدۇق،
شۇ بۇ ئويلار بىلەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۇرۇك ناھىيە، نوم يېزا، قىرساي كەنتىدىن: توقال توقنىياز، راجى غوجامنىياز. 1982 - يىل دىكابىر.

# گۈل ئاچىل

1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ ناھايىتى تېز ئۇلغىيىدۇ ۋە ئىنقىلابنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بىراق شەھەر مۇداپىئەسى پۇختا، بولغاچقا، مۇھاسىرە ئۇرۇشى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. خەلقنىڭ ئىنقىلاب قىلىش قىزغىنلىقى ئېشىپ ھەممىلا جاي غەلىبىگە بولغان ئىشەنچ ۋە تەنتەنە بىلەن تولىدۇ. شۇنداق كۈنلەردە خەلق ئارىسىدا «ئاچىل» ناخشىسى پەيدا بولۇپ ئىنقىلابچى قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋار كۈرەش مارشى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملىشىدۇ. 1932 - يىلى دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپاندا بۇ ناخشىغا يېڭى تېكىست ئىجاد قىلىدۇ. «ئاچىل» شۇ يىللاردا جىڭ شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قاتتىق چەكلىشى ۋە قانلىق باستۇرۇشىغا قارىماي پۈتكۈل شىنجاڭدىكى خورلانغان، ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە جاراڭلايدۇ. قۇمۇل ناخشىلىرى ئارىسىدا «ئاچىل» ناخشىسىنىڭ ئىككى خىل ئاھاڭى بولۇپ، بىرىنچى خىل ئاھاڭدا «گۈل ئاچىل، ئاچىلمىساڭ بىر گەپ بار، ساچىل» دەپ قايتۇرما قىلىنىدۇ، ئىككىنچى خىل ئاھاڭدا «ۋاي جانىنى ئالاملا ئالتۇن پاشاخان» دەپ قايتۇرما قىلىنىدۇ.

گۈللەر ئاچىلاي دەيدۇ،  
باشقا سانچىلاي دەيدۇ.  
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،  
ھۆرلۈك ئاچىلاي دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارمۇقچىدىكى جەڭدە
ئالتى تۇڭگان ئات سالدى.
قىلىچلىرى يالىڭاچ،
كاللىسىنى ئەپ سالدى.

يارى دورغىنىڭ دۆلىتى،
چازىلارنى كۆرسەتتى.
دورىلىق شەرىنى ئالالماي،
باغداش غولىنى كۆرسەتتى.

## جەرەن يە

1931 – يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەزەرۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى بېشىر غوجا بىر تۇركۇم ئەسكەر ۋە خەلقنى باشلاپ نومغا چېكىنگەندە، شىڭ شىسەي قوغلاپ كەلگەنلىكتىن، تاشقى موڭغۇلنىڭ مىنگاڭ دېگەن بىر يېرىگە قېچىپ تۇرغان، ئۇلار كىيىك، قۇلان ئوۋلاپ هايات كەچۈرگەن. 1933– يىلى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ئاندىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن، ئەنە ئاشۇ سەرسانلىق، قىيىن كۈنلەردە مۇنداق قوشاقلار مەيدانغا كېلىپ، مەخسۇس ئاهاڭلار بىلەن ئېيتىلىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئالتەئاي ياتتۇق مىڭگاڭدا،
سۆكسۆك بىلەن ئوت قالاپ.
كۆزنىڭ خۇمرى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ
ئۆز يۇرتىنى ياد قىلىپ.

كۆكتۇم[39] دېگەن تاغلاردا،
بەش قۇلان ئېتىۋالدۇق.
ئاتلارغىمۇ ئىگەر يوق،
ئىگىسىز چاقلار سېتىۋالدۇق.

ئەتىسى بولسا كۆچە ئىچىپ،
كۈندۈزى بولسا قومۇش يەپ.
مىڭگائىللاردا ياتتۇق بىز،
جانلارغا پاناھ تىلەپ.

ملتىقىمنى مەن ئېسىپ،
موگغۇل تېغىدا ئوۋۇلىدۇم.
بەش بالامنىڭ كويىدا،
قالماق بولۇپ توۋۇلىدۇم.

چۆلدىن جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى - بىرگە چاتۇرمىز.
مۇساپىرنى خار كۆرمەڭ،
بەش كۈن - ئۈچ كۈن ياتۇرمىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھەرى ئىچى يېزا
4 - دادۇيىدىن 72 ياشلىق ئابدۇرېھىم قادىر. 1988 - يىل فېۋرال.

## ئەسكەر باللار پىيادە

1932 - يىلى ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا ئۆز قوشۇنىنى زورايتىش ئۈچۈن خەلقنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۇرۇمچى، گۇچۇڭ تەرەپكە پىيادە ئېلىپ ماڭغان. بۇ چاغدا قارارى يوق سەپەرلەردە يۈرۈپ، ئۇرۇش ۋە سەپەر ئازابىنى تارتقان ياشلار ئىچىدە مۇنداق قوشاقلار توقۇلۇپ ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلغان.

يىۋەنچەندىكى سايدا
ئەسكەر باللار پىيادە.
يىغلىماڭلار ياش باللار،
جەڭ قىلماقلىق ئىرادە.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ
داۋانچىڭنىڭ غولىدا.
ئۆلمەيمەن دېگەن بىلەن
جان خۇدانىڭ قولىدا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىدىن: ئەمەت ھامىدى. (1986 - يىل.)

# نىرىنكىر بىر تاغ

نىرىنكىردۇر بىر تاغ،
چۆرىسىدە مىڭ تاغ.
ئىشەنمىسەڭ سۆزۈمگە،
كۆزۈڭنى ئاچ، قاراپ باق.

خەلقى ئۇنىڭ مېھماندوست،
توي - تۆكۈنگە ئامراق.
چىللىساڭلا بارىدۇ.
قىرى - چۇرە ھەم قازاق.

بىر خانىدە ياتتۇق بىز قاردىن پانا قىلىپ،
كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي ھەممىگە دۇئا قىلىپ.

ئەتىسى قوپساق ئۇل كېچە يېغىپتۇ قار،
رەھمىنى قىلىپتۇر ئۇل خۇدايىم ئاشكار.

نىرىنكىرنىڭ سەردارى سادىق قورمال بېگىمدۇر،
چوڭ - كىچىك ئاجىز يېتىملەرگە زەمىندۇر.

ئايالىنىڭ ئىسمىدۇر نىساخان،
تولا ئوبدان كەلسە مېھمان.

قىلسۇن خۇدا بۇ دۇنيادا ئۇلارغا رەھمەت،
ئاخىردەمدە ئىمان ئاخىرەتتە ھەم جەننەت.

بۇ نەزمىنى يازدى موللا ئاسىم نابىكار.
ئۆزۈم ئۆلسەم خېتىم قالسۇن يادىكار.

## شۆيتە غول

شۆيتە غول ئوبدان غول دەرىخى تولا،
ئون ئىككى كېچىنىڭ گۈزەللىرى بارھېزىر بالا.

بۇ كېچىكتىن ئۆتكۈچە دەھشەت بار،
پەخەس بولغىن ئۆزۈڭگە ۋەھشەت بار.

سەن زىكرى قىل قوللۇغاي مەۋلۇم سېنى،
بى زىكىر بولساڭ تاشلىغاي ئىگەم سېنى.

سەن ئېلىپتەك ئۆتتۈر بولساڭ،
ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.
لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ،
مىڭ بالا باردۇر ساڭا.

ئاتاڭدۇر موللا سادىق،
لەقىمى خوسەن ھادى.
سەن ئەيلىگىن شامۇ - سەھەر.
ئۇنتۇمىغىن ئاللا يادى.

خوش ئىمارەت جاي بولۇپتۇ،
بىردەم ئەمەس خالى شامال.
ھەركىشى كېلىپ ئولتۇرسا،
بولمىغاي ھەرگىز مالال.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كادىرى يەھيا ئەلىمى. (1988 - يىل مارت.)

## ئىزاھلار:

① سۈيلاپ — ئۈيناقشىپ، ئۈزمەك
② تۈيلاپ — سەكرەپ
③ مويلاپ — مىياڭلاپ
④ كاپىرلار — بودددىس ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.
⑤ بوستان — گۈلزارلىق (باغداشتىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى)
⑥ ئىچكىمىنەم — ئىچىمدە
⑦ توراپ — توساپ
⑧ نومۇخو — نوم (جاي ئىسمى)
⑨ مۇجۇق — بوسۇغا
⑩ پەتەڭگە — خۇرۇم ئاياغ
⑪ چورقى — قامقاق ئۇرۇقى
⑫بورو — قۇمۇل شەھەر راھەتباغ يېزىسىنىڭ كەنتى
⑬ چاڭغۇ — قۇمۇل شەھەر راھەتباغ يېزىسىنىڭ بىر كەنتى
⑭ قار غۇم — قۇمۇل شەھەر شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى
⑮ يەمشى — پىچاندىكى جاي نامى
⑯ بىجايى — بەئەينى
⑰ ئەگەل — ئاۋاەل
⑱ قارادۆۋە — قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزا
⑲ توشۇ — قۇمۇلنىڭ شىمالدىكى تاغ نامى
⑳ ئۇزۇن پاچا — سالائىپتىز
㉑ يانبۇلاق — جاي نامى
㉒ گاك — ۋاك
㉓ ئەلتۆمۈر — قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ئۆتەك نامى
㉔ كۈشۈپ — ئاچچىقسۇ (ئۆتەك نامى)
㉕ سۇ خۇيولى — قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ئۆتەك (جاي ئىسمى)
㉖ مىراپ — سۇ باشقۇرغۇچى

(27) دۆگە — دېۋە

(28) زوركى — قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق تەڭرىتاغ رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ نامى

(29) كۆدەسىقىر — نومدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى

(30) بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك بىر — مىلادى 1931 - يىلى

(31) ساي بولاق — قۇمۇل شەھەر بولۇڭ توغراق يېزىسىغا قاراشلىق كەنت

(32) ھەتتەم — ئۆكتەم، ھاكاۋۇر

(33) قارموقچا — بىكتىمۇەن ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بىر كەنت

(34) ئازغان چازا — قۇمۇل شەھىرى شوپۇل يېزىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى

(35) جۇنجۇاڭ — ھەربىي قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك.


(36) تاشار — بىكتىمۇەن نىلقا دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق كەنت

(37) تۆرۈك — قۇمۇل شەھەر تەڭرىتاغ رايونىدىكى تاغ ئېغىزى

(38) باقسى — قىزلار

(39) كۆكتۈم — قۇمۇل بىلەن تاشقى موڭغۇل ئارىلىقىدىكى تاغ نامى

# ئىجتىمائىي تۇرمۇش
# قوشاقلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## دەرد ـ ئەلەم توغرىسىدا

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

بېشىمدىن ئەگىپ كەتمەيدۇ،
دەرد بىلەن ئەلەم قايغۇ.
مەن چىدىغان بۇ دەردكە،
چىدىمايدۇ ياۋاش قويمۇ.

بارغان بىلەن ئېلىپ بولماس؛
سايىنىڭ تاشىنى.
دەرد كەلگەندە سىڭىرىپ بولماس،
كۆزنىڭ ياشىنى.

بارغۇدەكمۇ ئەمەسمەن.
بارالمىغۇدەكمۇ ئەمەسمەن.
خەقنىڭ قىلغان ئەلىمىگە،
چىدالىغۇدەكمۇ ئەمەسمەن.

سېنىڭ دەردىڭنى ئېيتايمۇ،
ئۆزۈمنىڭ ھالىغا يىغلايمۇ.
قايغۇ ـ دەردتە سارغايغان،
يېتىم ھالىمنى ئېيتايمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن باردىم باقاللىققا،
نارىنجى ياقالىققا.
ئىستىكىنە زايا بولدى،
قاپقارا ساقاللىققا.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق،
تۆش ئۆلاڭنى تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سىنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

ئاتىم ئويناپ سۇندۇردى،
قۇش باشلىق ئىگەرىمنى.
ئېيتىمىغانغا بولمايدۇ،
ئىچىمدىكى دەردىمنى.

يۈرۈك ئاندا بارايلى،
دەريا بويىنى بويلايلى.
بىلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،
بىز خۇداغا يىغلايلى.

دەردىم تولا ئەيتايمۇ،
ھالىم تولا ئەيتايمۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
يارىم ساڭا ئەيتايمۇ.

دەردىنمۇ تارتقان بىلۇر،
ئاغرىقنىمۇ تارتقان بىلۇر.
كۆچ بىلەكتە دەرد يۈرەكتە،
غەمدە سارغايغان بىلۇر.

جاهالدا تولىسى دەردمەن،
مەن سېنىڭدىن كۆپ دەردمەن،
دەرد ـ ئەلەمگە ئىلاج يوق،
قولۇمغا ئالاي كەتمەن.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەش تۇلۇم.
بەش تىيىن پۇل تاپقۇچە،
سالدىڭ ماڭا جەبرى زۇلۇم.

دۆگمۇ ـ دۆڭ ئاراسىدا،
ئاتنى چېپىپ هارغان ئەمەس.
خۇدايىم مۇنداق بالانى
هېچ بەندىگە سالغان ئەمەس.

دەرد ئەلەم كەپتۇ ماڭا،
يىغلايمۇ مەن، كۈلەيمۇ مەن.
هالال ئاش تېپىلغىچە،
يېمەي هارام ئۆلەيمۇ مەن.

دەردىنىڭ تولىسى كەتتى،
مەن ئاتىمنى چاپمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى
ئاخىرەتتە تارتمايمەن.

دەردىم بارغۇ دەردىم بار،
باشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرد تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم،
هاۋادىكى لىچىندەك①.

ھاۋادىكى كۆك لىچىن،
كۆرمەي تورغا چۈشەمدۇ.
ئادەم بالىسى بېشىغا،
بۇنداق كۈنلەر چۈشەمدۇ.

ئاق ئەلەم قىزىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
بىزگە كەلگەن دەرد ئەلەم.

كەچ بولۇپ تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قىرىشقاندەك.
خويمۇ دەردلەر كېلىدىكەن
لىچىن سۇڭقان توشقاندەك.

ئەتىياز كەلمەگىچە،
بۇلبۇل چىمەندە سايرىماس.
باشقا مۇڭ كەلمەگىچە،
بەندەخۇدا دەپ يىغلىماس.

ئېگىز - ئېگىز تاللارنى،
كەسكۈچىلىك ئارام يوق.
خۇدا ساپتۇ بۇ دەردنى،
تارتمىغىلى چارەم يوق.

ھاراق ئىچمىدۇ دەيدۇ،
تەمكە تارتىمدۇ دەيدۇ.
ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ،
دەرد كەلگەننى بىلمەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاۋادىكى بۇلبۇلنى،
لىچىن كېلىپ سوقمىسۇن.
مەنلا تارتاي بۇ دەردنى،
باشقا خەقلەر تارتمىسۇن.

ئېتىكىمگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس ياشىم مېنىڭ.
ئۇرۇق - توغقان ئاراسىدا
پاتمىغان باشىم مېنىڭ.

مەن بىر ئاناي ئادەم،
پەت ئۇرساڭ خۇدايىم بار.
سەن ساقلىمساڭ مېنى،
ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

دۇتارىمنىڭ تارى يوق،
ئۆزۈم چالماققا چارەم يوق.
دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
بېشىمغا بالا كەلدى،
يىغلىماي كۈنۈم ئۆتمەس.

ئېردىقنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن ئۆلسەم ئاتىم ئۆتتۇر،
باشىمدىن شامال ئۆتتۇر.
مېنى دېگەن دوستلىرىم،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ئۆتتۇر.

ئاتامدىن كەيمىدىم مەشرو②،
ئانامدىن كەيمىدىم مەشرو.
خۇدايىم بەختىمنى بەرسە،
كىيەرمەن قارا قاش مەشرو.

گۈلمۇخوپ - گۈللەرمۇ خوپ،
گۈل تۈۋىدە ياتقانمۇ خوپ.
چوك بولۇپ دەرد تارتقىچە،
كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ.

ئېگىز تۈگمەنگە سۇ قۇيدۇم،
پەس تۈگمەنگە گۈلدۈرمە.
قانچە دەرد ئەلەم تارتساك،
دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە.

ياغلىقىم بىتەر - بىتەر،
خەقلەر ئىشتىسە نېمە دەر.
بىلگىنى دەردى بار دەر،
بىلمىگەنلەر تەلۋە دەر.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئەل مېنى سارائ دەيدۇ.
مېھرىبان ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۇرلۇك ناھىيە نېرىنكىر ئات فېرمىسىدىن: ئابدىرا خۇدابەردى، ئىسمائىل ئىمام، ماۋانىخان. قۇمۇل شەھىرى خوتۇمتام يېزىسىدىن: ئابدۇل غوجى، مېھرىۋانىخان، قالىغاچخان. قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن: يارى تۆلەندى. قۇمۇل شەھىرى خۇاڭگۇڭدىن: رەناخان، تۇرسۇن ئىمام. قۇمۇل شەھىرى قوراي يېزىسىدىن: رايىلخان نىياز، خامۇشخان، يۇسلاق جۇگان. (1982 - 1986 - يىللار.)

## غېرىب ـ مۇساپىرلىق توغرىسىدا

قوۋۇق ئالدىدىن ئاتلىنىپ ئىدىم،
تۇتۇلدى تۇمان.
ئاتمۇ ياخشى، پۇلمۇ ياخشى،
غېرىبلىق يامان.

غېرىبتۇرمەن، غېرىبتۇرمەن،
يار غېرىبتۇرمەن.
غېرىبلىقتا چىدىيالماي،
سارغىيىپتۇرمەن،

بۇ مېنىڭ سارغايىمىقىم
غېرىبلىقىمدىن.
ئويناپ ـ كۈلۈپ جان تاپىمىقىم
تېپىشكىلىكىمدىن.

ئىندەپ ـ ئىندەپ③ ئىلىپ كەلدىڭ،
غېرىب شەھرىڭگە.
مىجەزىمىز قاملاشمىسا
ياندۇر شەھرىمگە.

توققۇزتارا بىر يۇرت ئىكەن،
يۈز بىر كۆن، تۇردۇق.
مەن ـ مەن دېگەن چوكانلارنىڭ
ھالىنى سورىدۇق.

ئېگىز قارغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز مۇندا غېرىب بولدۇق،
ئاتا - ئانىلار قايدا.

ئاشخانىغا مەن كىرسەم،
چىن تەخسىدە ئاش كەلدى.
يۇرتلارنى خىيال قىلسام،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

غېرىب بولدۇم، غېرىب بولدۇم،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
يېتىم بولغانغا يىغلايمەن.

ئاياغدوستلار بۇرادەرلەر،
تاماشا قىل مۇساپىرغا.
غېرىبلار شەھىرىدە يىغلاپ،
خازاڭ بولغان مۇساپىرغا.

غېرىبلىق شەھىرىدە يىغلاپ،
ئۆتىپتۇر مېنىڭ ياشىم.
ئۆزۈم ئۇندا يۈرەدۇرمەن،
قايان قالدىڭ قېرىنداشىم.

غېرىب دېيدۇ غېرىب دېيدۇ،
غېرىب بولماسقا چارەم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى،
مېنىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتام بارمۇ بۇ شەلەردە،
ئانام بارمۇ بۇ شەلەردە.
ئاتا - ئانام بولمىسا،
نېمە قىلاي بۇ شەلەردە.

ئاتاسىز قىلدىڭىز كۆڭلۈم،
ئاناسىز قىلدىڭىز كۆڭلۈم.
كىشى شەھىرىگە تاشلاپ،
ماكانسىز قىلدىڭىز كۆڭلۈم.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار،
ئاناسى ئۆلمىگە كىم بار.
ئۆز شەھىرىدىن ئايرىلىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار.

بىز تۇرپانغا چىققاندا،
ئالتىنچى ئايدا روزىدى.
غېرىبلىق ئىسەر④ قىلدى،
ئاتا - ئانام بولسىدى.

بىغىڭ بەكمۇ ھاۋالىق،
كۆرسەم كۆڭلۈم سەگىدۇ.
يۇرتۇمنى خىيال قىلسام،
كۆزۈمدە ياشىم ئەگىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىدىن چىقسام،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ.
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ماڭا يىغلار كىشى بارمۇ.

قازاندەك قاينىدىم، تاشتىم،
كېزىپ چۆللەر داۋان ئاشتىم.
غېرىبلىق شەھرىگە چۈشتۈم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

قېنى قەۋمىم - قېرىنداشىم،
بۇ يولدا يوقمۇ يولداشىم.
كۆزۈمدىن قان ئاقار ياشىم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

ئاشارمەن دەشت بىلەن سەھراھ،
كېزەرمەن چۆل بىلەن دەريا.
كىيكلەرگە بولۇپ ھەمراھ،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر،
كېتەرگە ھالىتىم يوقتۇر.
كاككۇكلار بۇنى ئۇقتۇر،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

قۇم قازان تۇتقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر كۆگسى.
غېرىب بولۇپ يېدىم تاياق،
دولامدا كۆپتۇر يارىسى.

نەقىلاي، نېمە قىلاي،
بۇ ئۆلۈمگە چارە يوق.
مەن ئۆلۈپ لەھەتتە ياتسام،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق.

دەردىنمۇ تارتقان بىلەر،
ئاغرىقىنمۇ تارتقان كىشى،
بىز غېرىبىنىڭ ھالىنى
يار ئىشقىدا يۈرگەن كىشى.

سامانىدەك سارغىيىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

خوي غېرىب بولدى كىشى،
باغداش دېگەن تاغ ئىچىدە.
قاناتىم بولسا ئۇچارمەن
قاپقاراڭغۇ كېچىدە.

تاغدا كىيىك بالىسى،
سەنمۇ يېتىم ـ مەنمۇ يېتىم.
مەن سېنى يوقلاي دېسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

مەن ئۆزۈم كىچىك بالا،
ئىككى توقۇم سالدۇرمىدىم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كىچىكلىكنى چاندۇرمىدىم.

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز شەھرىنى ياد قىلىپ.

غېرىب يېتىم بىچارىلار،
تاملارغا قارالاپ ياتقىدەك.
چارىسىنىڭ يوقىدىن
كۆندە مىڭ سارغايغىدەك.

مەندۇرمەن بىر مەستانە،
جىگەرلەر كاۋابخانە.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
ئەزرائىل سەمەرخانە.

ئانداق ئەتمەكلەر مېنى،
مۇنداق ئەتمەكلەر مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولۇرمىز،
تاشلىۋەتمەكلەر مېنى.

قانداق قىلاي، نۆچۈك قىلاي،
بۇ ھەيرانلىقنى.
پېشانەمگە پۈتكەن ئىكەن
سەرگاردانلىقنى.

ھۆل پاختا بۇزۇق چۈغرۈق،
چىگمىت چاققاننى ئېيتايمۇ.
كىشىنىڭ شەھرىگە بېرىپ
غېرىب بولغاننى ئېيتايمۇ.

غېرىبدۇرمەن، غېرىبدۇرمەن،
زار غېرىبدۇرمەن.
غېرىبلىقتا زەپىرەڭدەك،
سارغىيىپدۇرمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ مېنىڭ سارغايغىنىم،
غېرىبلىقىمدۇر.
ئويناپ كۈلۈپ يۈرگەنلىرىم،
نادانلىقىمدۇر.

مەن ئۆزۈمنىڭ شەھرىدە،
ئۇلان ئىدىم بىر خان ئىدىم.
كىشىنىڭ شەھرىگە كېلىپ،
غېرىب بولۇرنى بىلمىدىم.

يۇقىرى بارغىم تولا،
باراي دېسەم كارىم تولا.
شۇ غېرىبلىق شەھرىدە
جېنىم قەپەزدە مۇپتىلا.

قارا ياغاچ يوپۇرماقى
قاتمۇ قات بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان
مۇساپىر بولار ئىكەن.

شۇ ئەزەلدىن بار ئىكەن،
مېنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىم.
كېچە - كۈندۈز غەم بىلەن،
تارتىپ يۈرۈيمەن ئەمگىكىم.

يارىم بولسىدى مېنىڭ،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىق شەھرىدە يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

باغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
شەرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

جانىۋارنىڭ ھالىنى
قونغان تېرەكلەردىن سوراڭ.
بىز غېرىبنىڭ ھالىنى
كۆڭلى يېقىن ياردىن سوراڭ.

ئۆرۈك ئوتۇننى قالاپ،
سۇنى سېپىپ ئۆچۈرسىلە.
بىز يېتىمنىڭ ھالىنى
ئويناپ كولۇپ كەچۈرسىلە.

چاكانداگىنى سوقۇپ سالسا،
قازاندا چايى بولمامدۇ.
مۇساپىرغا كۆڭۈل بەرسە،
ساۋابى ئاندا بولمامدۇ.

ئالما شېخى، گۈل شېخى
ئەگمىگىچە قايرىلماس.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار
ئۆلمىگىچە ئايرىلماس.

ئاتام مېنى نەدە دېسە،
چۆل يەردە دەڭلەر.
كۆزىدە ياش، كۆڭلىدە غەم،
يۈرۈدۇ دەڭلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۆكۈمنى ئۆزۈن كىيدىم،
تونۇم قىسقا ئۈچۈن.
غېرىبلىق ئىسەر قىلدى،
قولۇم قىسقا ئۈچۈن.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
تەستۇر يەتمىشىم.
غېرىبلىقنىڭ ئازابىدىن
قاتماقتا بېشىم،

نەقىلاي، نېمە قىلاي،
غېرىب كۆڭۈلنى ئولىماي.
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
باش كۆزۈمنى ئورىماي.

توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
غېرىب مەن، مۇساپىر مەن،
لىچىن سوققان توشقاندەك.

شوتا قويدۇم شاتوتقا،
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتقا.
مۇساپىرنى خار كۆرمەڭ،
يېنىپ كېتىمىز ئۆز يۇرتقا.

بۇ دەرەخ ئېگىز دەرەخ،
ئۈچىنى كەسمەيلىمۇ.
مۇساپىر بولۇپ يۈرگىچە،
ئۆز يۇرتقا كەتمەيلىمۇ.

غېرىب ئەۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ماڭا تېپىنچ ماكان بولماس.
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە ئايان بولماس.

يەمشى يوللىرى سايدۇر،
مىنگەن ئاتلىرى تايدۇر.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
بىيجايى تولۇن ئايدۇر.

ئېتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يايلىغا يەتتى.
ھەزىرىتىم دېگەن بىلەن،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھەرى ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن: 74 ياشلىق ئاقپاشا. پالۋانتۇر يېزىسىدىن: ئەسەت مۇختار، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: ئويۇپ يەھيا. (1988 - يىل.)

## زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك توغرىسىدا[1]

مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم،
كىم سىلىپتۇ قارغىغا.
ئالتە قارغا بىر بولۇپ،
ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.

ئاقسا سۇلار تامسا سۇلار،
دەريانىڭ بەختى.
قاچان توگەر قاچان كىتەر،
زۇلۇمنىڭ ۋاقتى.

يول ياقىسى ئېگىز ئوردا،
قاراپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئالۋان - سېلىق دەستىدىن،
ئۆيدە ياتالمايدۇ كىشى.

قارلۇقۇم⑤ قارلىق سايان،
سەگۈنچۈكۈم سەرۋەك سايان
زامانىنىڭ دۇشقارىدا،
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان.

ھاشا يولى ئۈچ كۆنلۈك،
بىزگە چۈشكەن مۈشكۈللۈك.
بايلار بولسا بىر كۆنلۈك،
كەمبەغەلگە ئون كۆنلۈك.

ئېگىز تاغنىڭ باغرىغا،
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىغان،
زالىم ۋاڭنىڭ قامچىسى.

ئېرىقتىكى سۇلارغا،
سىراپ باي قارار ئېتكەن،
ئادالەتنى بىلمەيدۇ،
كۆڭلى قارا تاش ئېتكەن.

شاھ مەخسۇتنىڭ دەۋرىدە،
ئالۋاڭى ئېغىر بولدى.
كەيجۇلارنى كۆتۈرۈپ،
مۈرىمىز يېغىر بولدى.

ۋاڭ غوجام بېيجىڭگە بارسا،
ئۆيى يوق نەدە ياتۇر.
ياغسا يامغۇر، چىقسا بوران،
پۇل بېرىپ دەڭدە ياتۇر.

تولىدىن تولا توشقان،
ساي يەردە تولا توشقان.
ئېچىم دەردكە توشقاندا،
دەردكە پايلىماي قاچقان.

ياز بولسا ئېچىلمامدۇ،
باغقا تېرىلغان گۈللەر.
قاچان ئۈنتۈلۈپ كېتەر،
دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىراپلار مىنەر تايغا،
سۈنى ئاققۇزار بايغا.
كەمبەغەللەر سۇ دېسە،
بېشىنى تىقار لايغا.

ئىتلىرىڭ يامان ئىكەن،
زەنجىرىڭگە باغلاپ قوي.
قولۇڭدىن كەلسە نامەرد،
يامۇلۇڭغا سولاپ قوي.

يىللار باقتىم قويۇڭنى،
كۆرۈپ كەلدىم خويۇڭنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ باقماسمەن،
بۆرە يېسۇن قويۇڭنى.

بۇ ئالەمنىڭ ئايىمى يوق،
بىر كويچەنىڭ تايىنى يوق.
بىزلەر قالدۇق ئەلەمدە،
كۆرگەن كۈنىنىڭ تايىنى يوق.

دەردىم بارغۇ - دەردىم بار،
باشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرد تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم،
ھاۋادىكى لىچىندەك.

## زىندان قوشىقى

شاققا سۇنسام قولۇم يەتمەس،
يارىسىز مېنىڭ ئۆمرۈم ئۆتمەس.
ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەس
بىر نامەردكە چۈشمەگۈنچە.

ئاشىق بولۇپ كۆيدۈم ساڭا،
رەھمە ئەيلىگىن باققىن ماڭا.
بولغىن ماڭا سەن باش پاناھ،
زىنداندىن مەن چىقماغۇنچە.

زىندان ئەجرى مەن ھەم سۆيسەم،
زالىم سوقۇر سېنى كۆرسەم.
باش ئەگمەسمەن تائەبەتكە،
شېرىن جانىم چىقماغۇنچە.

ئۇ خىيالاردىن بۇ خىيالارغا،
نەدەپ يۈرۈيسەن.
ئۇ خىيالار يامان خىيالار،
ئۆزۈڭ بىلەرسەن.
ئاخىرى بېرىپ ئۆلۈپ قالساڭ،
پۇشمان ئەيلەرسەن.

قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالدىم،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارىم چىقىپ قالسا،
بازار نەرقىدە ساتسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىياز بولمىغىچە،
بۇلبۇل چىمەندە سايرىماس.
باشقا مۇڭ كەلمىگۈنچە،
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس.

ئەزەلدىن بار ئىكەن،
مېنىڭ مۇشۇ يەرگە كەلمىكىم.
كېچە - كۈندۈز غەم بىلەن،
تارتىپ كۆچۈرگەن ئەمگىكىم.

تاشلىۋەتمەڭلار گادايىنى،
ئۇل پادىشاھ بولماق بىلەن.
پادىشاھلىق كەتمەس ئىلكىڭدىن
بىر قىيا باقماق بىلەن.

ئەلگە دۆلەت باقۇر بولسا،
ھەمۇر بولۇر باش.
ئاندىن دۆلەت قاچۇر بولسا،
سايدىن نېپىلماس تاش.

دادىڭى دېڭدادى،
بىر كېچە قوندادى.
يوتقىنى كالتىكەن،
ماشقاقنى توڭداردى.

ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ
زامانەڭنى تار.
ئېتلىرىڭنى دورغا قىلدىڭ،
مۇشۇكلىرىڭنى كا.
ئىشكىڭدىن ئالدى چولجىنى
قانىتى يوق سار.

تۆمۈر قەپەس ئېگىز يەردە،
كىلىتى⑥ بەگدە.
ئىچىدىكى چارىسىزنىڭ
گۇناھى نەدە.

## نوم ھەققىدە قوشاق

نوم دېمەڭلار نوم دېمەڭلار،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قاڭغۇروتىكەن،
جوگانلىرى ئالۋاندىكەن.

نوم دېمەڭلا، نوم دېمەڭلار،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قاڭغۇ روتىكەن،
جوگانلىرى قالماق ئىكەن.

نوم بىلەن باي بولمسا،
ئاداق دېگەنلەر نە بولۇر.
ئېرىنى چانغان جوگان،
ئۆزى شەرمەندە بولۇر.

نومغا پالانغان جوگان،
تۇل قالۇر، غېرىب قالۇر.
ئۆزى زىنداندا يېتىپ،
بەش بالىسى يېتىم قالۇر.

نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، توغراقىنىڭ سانى يوق.
ھوگىسى ئىسىق، جارى قاتتىق،
خەلقىنىڭ ئىمكانى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يولدا يوللار بار ئىكەن،
نوملاردا زىندان بار ئىكەن.
چىقمىغان جاننى كۆرۈك،
تاشىدىن مەھكەم جان ئىكەن.

يەنە نوملار يولىدا،
ئىككى مۇجاك پەن تارتىدۇ.
شۇغىنا ئايلا جۇگان،
بىزلەر ئۈچۈن دەرد تارتىدۇ.

نومدىن تۆۋەن قارىسام،
ئاداق يولى تۈز كۆرۈنەر.
يېشىل كۆڭلەك ئىچىدە،
قېرى خوتۇن قىز كۆرۈنەر.

يەنە نوملار يولىدا،
ئۈچۈپ يۈرىدۇ تاسقىرا.
شۇغىنە ئايلا جۇگان،
بارچە خەققە ماسقىرا.

نوم بولسىمۇ، باي بولسىمۇ،
پادىشاھنىڭ يۇرتى.
ئۆلتۈرسىمۇ، تىرگۈزسىمۇ،
پۇجۇڭنىڭ كۆڭلى.

نوم يوللىرى تار ئىكەن،
داۋانلىرى قار ئىكەن.
يىگىتلىرى ئۇيقۇدا،
جۇگانلىرى خار ئىكەن.

ئومىنىڭ تۇغراقلىرى،
ياندۇرسىلا چىراقچە يوق.
يار ئۈچۈن يېگەن تاياق،
ئاختۇرسىلا تىرماقچە يوق.

ھاراق دېگەن ئاچچىق نېمە
شىڭ شىڭ قاينايدۇ.
چىڭگاڭ غوجام كايىپ قالسا
نومغا پالايدۇ.

سېنىڭ ئۈچۈن ياتسام ياتاي،
ئۈچ يىل زىنداندا.
ئۈچ يىل زىندان ئۈچكۈنچە يوق،
«باغى بوستاندا».

ماكانىمىز يەتتە يىلاق
قاراڭغۇ زىندان.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
يەر بىلەن ئاسمان.

ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى،
يەشكىن قولۇمنى.
نامازىمنى ئوقۇۋالاي،
كەسكىن بويىنۇمنى.

نوم يوللىرى كۆرۈملۈك،
خەلقلىرى سۆيۈملۈك.
جانلارغا جاپا بولدى،
قارا بايتال ئۆلۈملۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىز ئوملارغا ماڭغاندا،
ئاداق سايان قايرىلدۇق.
قارا بايتال رەھمەتلىكتىن،
تولا تەسلىكتە ئايرىلدۇق.

بىز ئوملاردىن ماڭغاندا،
سەپلەپ بەردى ئىككى ئات.
خۇدايىم رەھمەت قىلسۇن،
توقسۇن شوجا ئۇلۇغ زات.

ئاداقچىمۇ - ئاداقچى،
بېشى قوتۇر ئاداقچى.
ئاداقچىنى قاقشاتقان،
بارماق سۇۋۇر قاراقچى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى ئۈچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن 74 ياشلىق ئاقپاشا. ئاراتۇرۇك ناھىيە ئاداق يېزىسىدىن 58 ياشلىق يۇنۇس ئەمەت، چوڭ ئانارخان، قاسىم نىياز، غوجابدۇل باقى. (1983 - 1986 - يىللار.)

## ئاتا - ئانا ۋە قېرىنداشلىق توغرىسىدا

جاھاندا ئۈچ نەرسە بار ئىزدىسە تېپىلماس
بىرى ئاتا - بىرى ئانا، بىرى قېرىنداش،
قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ تېرىسا ئۈنمەس،
كۆز ياشىمنى دەريا قىلىپ سۇغارسام قانماس.

ئاتادەك غەمگۇزار قايدا،
ئانادەك مېھرىبان قايدا.
سېنىڭدەك بىگۇپا يارغا،
مېنىڭدەك ئىچ كۆيەر قايدا.

قىزىلگۈل تارام - تارام،
دۆلىتىم ئاتا - ئانام.
يار دېگەن كۆكۈل خۇشى،
تېپىلماس ئاتا - ئانام.

ئۇچ قاناتىم ئاي ئاتام،
سولغاي قاناتىم ئاي ئانام.
باشقۇرۇق بولغان قېرىنداش.
غەمگۇزارىم جان ئاتام.

مەن ئاتامنىڭ دۆلىتىدە،
ئولتۇرۇپ ئاچتىم كۆكۈل.
ئولتۇرۇپ ئاچقان زامان،
قىپقىزىل ئاچىلدى گۈل.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
تاشلىۋەتمە ئاتاڭنى.
مىلتىق ئوقى تەگمىسۇن،
تارتىپ ئۆلسەن جاجاڭنى.

ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،
ئىلكىگە ئالغان ئاتام.
كېچە - كۈندۈز كۆتۈرۈپ،
ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانام.

پاك تۇتۇپ، ساپساق تۇتۇپ،
سۈننەت قىلىپ ئۆستۈردىلەر.
تاپقىنىنى يېدۈرۈپ.
قاتمۇ قات كىيدۈردىلەر.

ئاتام مېنى - ئانام مېنى،
جاپا - ئەمگەك بىلەن باققان.
ئەزىز باشىمنى ياد ئەيلەپ،
مازارلارغا چىراغ ياققان.

باغلار باشىغا چىقسام،
ئانام كۆرۈنەرمىكىن.
ئانامدىن خەۋەر كەلسە،
كۆڭلۈم سۆيۈنەرمىكىن.

شاپتۇل يەيمەن دەپ،
باغقا كىردىم شورىدىن.
قەلەمقاشتىن ئايرىلدىم،
ئۆگەي ئانا دورىدىن⑦



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
ئاتام قالسۇن ئانام قالسۇن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئىچىدە چوغلىرى قالسۇن.

مەن بۇياقتىن قارىسام،
يۇرتۇم تۈز كۆرۈنەر.
شۇنچە خەق ئاراسىدا
جانىم بالام ئۈز كۆرۈنەر.

دۇنيا دېگەن يوپيورۇق،
لەھەت ئىچى قاپقاراڭ.
قاپقاراڭ يادىڭدا بولسۇن،
ياخشى ئىشقا ئالدىراڭ.

يولدا ئۆتكەن شۇ گادايىنىڭ
ئاتىسى ئۆلگەنمىكىن.
يۈزىگە شورپا تۆكۈلدى،
قاچارلىرى كۆيگەنمىكىن.

ماشىرەڭ چاپان كەيسەم،
ئوت چاچىراپ كۆيۈپ كەتتى.
جانىمغىنا شۇ ئاتام
يامان چاغدا ئۆلۈپ كەتتى.

ئاتامىمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئانامىمۇ تاماس⑧ قالدى.
ئاتام بىلەن ئانامدىن،
ئاي گۈللۈك پالاس قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئىككى زۇركە ئاراسىدا،
بار ئىككەن سەرۋەك ئارا.
ئاتا ــ ئانام ئۆلۈپ كەتتى،
يەر يۈزىدە كىم قالار.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

رازى بولغىن جان ئاتا،
ئاق سۇت بېرىپ باققان ئانا.
خۇشلۇقۇڭ جەننەتتە بولسۇن،
قىلمىدىم بۇرچۇم ئادا.

يەتتە گومبات ئاراسىدا،
ئايلىنۇر باشىم مېنىڭ.
ئايىغى چىقماس بۇلاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

ئاقسىنا گۈمبەز ئىچىدە،
ئاقىرىپ ياتقان ئانام.
چۆرىسىگە گۈل تېرىپ،
بىزنى يېتىم قىلغان ئانام.

گۈمبىزىڭنى ئايلىنىپ،
تاڭ سەھەردە يىغلايمەن.
مۈشكۈلۈڭ بولسۇن ئاسان،
خۇدايىمدىن تىلەيمەن.

سىرتتا بوران گۈللىرى،
ئېچىلىپتۇ ساپ ـ سېرىق.
ياخشىلىق نېسىپ قىلسا،
گۆردە بولۇرسىز ئاقىرىپ.

مەن ئاتامنىڭ ۋاقتىدا،
ئولان ئىدىم، بىر خان ئىدىم.
بۇ مېنىڭ ئولان بېشىم،
مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم.

ئوڭ قاناتىم سۇندى مېنىڭ،
يالغۇز قانات ئۇچماس ئاسان.
مۇشكۇللۇرۇم كۆپتۇر مېنىڭ،
ئەمدى بولمايدۇ ئاسان.

جان چىقاردا بولالمىدىم،
پاناھىم قاشىڭدا سېنىڭ.
قايغۇ ـ ھەسرەت تاغلىرى،
سېرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

مەن ئاتام دەپ يىغلىسام،
كۆزۈمدىن ياش قۇرۇماس.
توختىسا توختار يېشىم،
ئاتامغا ھېچكىم ئوخشىماس.

ئېگىز قارغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايغا.
مەن مۇندا غېرىب جايدا،
ئاتا ـ ئانىلار قايدا.

www.uyghurkitap.com

ياخشى ئاتا مەندە يوق،
ياخشى قېرىنداش مەندە يوق.
ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ،
تۇغقان ئانام ئالدىمدا يوق.

ئاتام بولسىغۇ مېنىڭ،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىق شەھەردە يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

يېتىمنىڭ ئاتاسى يوق،
بېلىدە پوتاسى يوق.
بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا،
ئاخىرى گۇپاسى يوق.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل
خۇداغا نالە قىلمامدۇ.
ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمى قىلمامدۇ؟

ئاتا - ئانام گويا تاغ،
ئۆلۈپ كېتەرنى بىلمىدىم.
بۇ مېنىڭ ئۇلان بېشىم،
مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم.

يېتىم دەيدۇ، يېتىم دەيدۇ،
يېتىم قىلسا خۇدا قىلغان.
ئاتالاردىن - ئانالاردىن
جۇدا قىلسا خۇدا قىلغان.

ئاتام بولسا بىر كۆرسەم،
ئانام بولسا بىر كۆرسەم.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئاياغىدا مەن ئۆلسەم.

ئاتا دېگەن بىرتاغ ئىكەن،
ئانا دېگەن بىر باغ ئىكەن.
ئاتا ـ ئانا بولمىسا،
ئەتىۋارى بولمايدىكەن.

ئاتالىقلار ـ ئانىلىقلار،
دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتىسىزلار، ئانىسىزلار،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

ئاق جۇجەم پىشتى تۆكۈلدى،
يېۋىدىم تاتلىق ئىكەن.
دۇنيانىڭ مازۇزلىقى
ئاتام بىلەن ئانام ئىكەن.

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
كارىزدا دەڭلار.
قولى ئىشتا، كۆزى ياشتا،
يۇرۇيدۇ دەڭلار.

ئاتام مېنى چاڭخۇ قىلىپ،
يامبۇ تاپامدۇ.
باياۋاندا ئۆلۈپ كەتسەم،
قومدىن تاپامدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نەدەپ تۇغدىكىن؟
شۇ كۆنلەرگە قالاردىمنى
بىلەپتىمىكىن.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مېنىڭ ھالىمنى.
ئۈستۈن خۇدا ئىگەم بىلۇر،
سارغايغانىمنى.

ئاتىلىقلار ئانام دېسە،
قويۇلدى ياشىم.
ئانىلىقلار ئانام دېسە،
ئېگىلدى باشىم.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ئۆلۈم بولمىسا.
ئۆلگەنلەرگە بېھىش بولسا،
دوزاخ بولمىسا.

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ،
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان،
ئىلگىرى كەلمەس.

دادامنىڭ تۇغقانلىرى يېقىن ئۇچۇن،
كۆندە كۆرۈشتى.
ئاپامنىڭ تۇغقانلىرى يىراق ئۇچۇن،
يىلدا بىر كۆرۈشتى.

قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ،
تېرىسام ئۈنمەس.
كۆز يېشىمنى دەريا قىلىپ،
سۇغارسام قانماس.

دۆلىتىڭنىڭ بارىدا،
دوستىمۇ دوست، دۈشمەنمۇ دوست.
باشقا مۈڭ كەلگەن ھامان،
جان قېرىنداش جېنىڭغا دوست.

ئاغىنا - قېرىنداش ياندا بولسا،
خۇشمۇ ھالداش، خۇشمۇ مۇڭداش.
ئاغىنا قېرىنداشى يىراقتا بولسا،
قارا كۆزدىن قۇرىمايدۇ ياش.

مەن ئېتىمنى باغدا دېسەم،
يۇرۇپتۇ سايدا.
بىر ئاتىدىن ئۈچلا ئىدۇق،
بىرىمىز قايدا.

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۆزگى بۇغدايلار قېنى.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
جان قېرىنداشلار قېنى.

كېچە - كۈندۈز خىيال ئەيلەپ،
كۆزۈمدىن ياش قۇرىمايدۇ.
مېنىڭ بىچارە ھالىمنى
قېرىنداشلار سورىمايدۇ.

ئاتامۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئانامۇ ئۆلۈپ كەتتى.
بىر تۇغقان قېرىنداشتىن
كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتتى.

ئاقتى ياشىم، تامدى ياشىم،
شىشىلەر[9] باشىم.
مەن ئۆلگەندە ياخشى يىغلاك
جان قېرىنداشىم.

ئەتىگەندە چىللىغىنى،
چار خوراز ياخشى.
ھالداشقىلى، مۇڭداشقىلى،
قېرىنداش ياخشى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن: ئاقپاشا، خالىق ئىبراھىم. قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى ئاقيەر كەنتىدىن: ئۆمەر قارى. قۇمۇل ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن: نىياز شېرىپ، ئۇيۇپ يەھيا. 1986 - يىلدىن 1988 - يىل دىكابىرغىچە.

## ياشلىق ۋە قېرىلىق توغرىسىدا

ياشلىقىم - پاشالىقىم،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن
مېنىڭ يېنىمغا كىم كېلۇر.

مۇزلاپ ئېرىگەن ياشنى ⑩
توغراپ سالامدۇ ئاشقا.
بىرلا كەلگەن ياشلىقىم،
يەنە كېلەمدۇ باشقا.

ئۇقەت قىلمىدىڭ دەيدۇ،
ئۆيىنىڭ چوڭىدىن باشلىق.
دەريا سۈيىدەك ئېقىپ،
كېتىپ باردۇ ياشلىق.

ياشلىق قەدىپلەپ كەلسە،
يېتىشىپ بولماس.
قېرىلىق قاپساپ كەلسە،
قاچقىلى بولماس.

تۆرپى زىننەتلەر بىلەن
قېرى كىشى ياش بولماس.
مەيدىدە قۇۋۋەت بولمىسا،
مانتا - پولۇ ئاش بولماس.

يىگىتلىك كەتتى ئېلكىمدىن،
قېرىدىم قىلمىدىم تووۋا.
گۇناھ بىلەن ئەزىز ئۆمۈر،
ئادا بولغانغا يىغلايمەن.

مەن تېخى قېرىمىدىم،
قېرىدى دەيدۇ بىراۋ.
يىگىتلىك شەبنەمىدىن
بېشىمغا چۈشكەن بۇ قىراۋ.

ئالمىنىڭ ئېقى،
شاپتۇلنىڭ قېقى.
ياشلىقىمنى سىندۇرغان،
ساقىلىمنىڭ ئېقى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن: پېشقەدەم داستانچى 82 ياشلىق مەرھۇم ئابدۇرېھىم شائېيۇ، پېشقەدەم ئەل نەغمىچى 74 ياشلىق ئاقپاشا؛ راھەتباغ يېزا قارىتال كەنتىدىن: 92 ياشلىق زاھىت پالگان. 1988 - يىل دېكابىر.

## ئويۇن - چاقچاق توغرىسىدا

ئاق تېرەكنىڭ باشىدا
قاق - قاق قىلادۇ قارغىلار.
يۈرەك خۇن بولۇپ كەتتى،
ئويناپ كۈلەيلى ئاغىلار.

دەپ قويدۇممۇ - دەپ قويدۇم،
چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم.
كۆڭۈللىرىڭگە كەلمىسە،
چىن تەخسىگە سەپ قويدۇم.

يان باغرىغا يىقىلىپتۇ،
تاغدىن كەلگەن قوي ساتتى.
بۇ مەشرەپكە يىغىلىپتۇ،
ئۇسسۇل ئويناش گەپ ساتتى.

پىرقىرىغۇچنىڭ پىرى بىز،
سەككىز قىزنىڭ بىرى بىز.
ئالدىرىمىسلا قاسىم ئاخۇن،
ئەدەبلىرىنى بېرىدىمىز.

ئويناپ - ئويناپ ئالايلى،
بۇ ئىشنىڭ يامىنى يوق.
بىز كىچىك نادان چاغدا،
ئويناشلىقنىڭ زامان يوق.

كېتىپ بارىدۇ يولدا،
شايى چاپىنى قولىدا.

كېتىپ بارسا تۇسماڭلار،
نامەھرەم بولۇر يولدا.

ئايمۇ ـ ئايلاردىن يورۇق،
ئايمۇ كۈنلەردىن يورۇق.
باغچا ساقلىغان جۇگانىنىڭ
تۆشى پاختەكتەك ئورۇق.

بىر كىشى كەلدى ئىشىككە،
كۆيدىغۇ روشەن چىراغ.
ئۆل كىشىلەرنى كۆرۈپ،
دەرھال ئۆچتى چىراغ.

ئۆزۈم ئىچتىم ھاراقنى،
سېكرىپ⑪ ساي باشىدا.
يۈرۈشۈم پاشا يۈرۈش،
ئولتۇرۇشۇم يار قاشىدا.

ئاللاھۇممە تاراق ـ تۇرۇق،
ساپان بىلەن بويۇنتۇرۇق.
يار قېشىغا باراي دېسەم،
ھېچنېمەم يوق قولۇم قۇرۇق.
قوي ئۆلتۈرسەم ئورۇقچىلىق،
ئۆچكە ئۆلتۈرسەم چۇپۇرچۇلۇق.

يار كەلسە يەپلا،
بەرسە ئەپلا.
يانچۇقلىرىغا سەپلا،
ئىش قىل دېسەكەپلا.

چاشقان سۇپۇرنى تېشىۋەتكەندە،
مۈشۈككە ياماتقاننى كۆرگەن بارمۇ.
ئېگىز تاغقا تېرەك قويۇپ،
چېۋىنگە يۆلەتكەننى كۆرگەن بارمۇ.

ئالدىڭىزغا ئاش قويدۇق،
پۇت قولىڭىزنى بوش قويدۇق.
سامانلىق سىزنىڭ، سامان بىزنىڭ،
يېسىڭىز يەڭ، يېمىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ.

كېلىڭلار يار بۇرادەرلەر،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغانلارنىڭ
بېشىنى دەسسەپ ئوينايلى.

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن جۇلۇنى⑫،
كېسىپ ـ كېسىپ كالتارتتۇق.
بىز ئىككىيلەن ناخشا ئېيتىپ،
جۇگانلارنى يالتايتتۇق.

تاغدىن چۈشتى تاغ بېلىق،
سۇدىن چىقتى سۇ بېلىق.
سۇيلاپ ـ سۇيلاپ ئويناڭلار،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

چىگمەن بۇلاق بۇلاقمۇ،
قوتۇر ئېشەك ئۇلاقمۇ.
ئىسنا⑬ ئوينىمىغان شۇ جۇگانىنىڭ
سىڭار پۇتى چولاقمۇ.

مەن باردىم باقاللىققا،
نارىنجى ياقالىقا.
ئېستىكىنە زايا بولدى،
قاپقارا ساقاللىققا.

* * *

ئا: مانتىچىلار پەش قىلىدۇ،
مانتا ساتقان يامىقىنى.
ھاشىقى يادىغا يەتسە،
چىشلىۋالىدۇ بارمىقىنى.

ب: دېمىدىمۇ باشتا،
ئىچمىۋىدىمۇ ناشتا.
بۇ گەپ باشتا بولمىسا،
بېلىق ياتامدۇ تاشتا.

ئا: قومۇللاردىن چەقىپلا،
كەچمىگەن كېچىكلەرنى كېچىپ.
پوتا سېلىۋىدىم قوپتىلا،
سىڭار كۆزلىرىنى قىسىپ.

ب: قومۇللاردىن چىقتۇق،
چەپ كۆزلىرىمىزنى قىسىپ.
كۆكۈللىرىنى بەرسىلە،
ئۆپكىلىرىنى بېسىپ.

ئا: ئاخۇنۇملا كىيىپتۇ،
ئاق خەسىدە شاپاق.
نېمە ئانچە ۋالاقشىيدۇ،
ئالدىمىدىكى خام قاپاق.

ب: ئېرىق - ئۆستەڭ ئاتلايسەن،
يۇقىرى تۆۋەن قاتنايسەن.
ئىشنىڭ ئوڭغا تارتمىسا،
ماڭا نېمە بۇتنايسەن.

ئا: ئالمۇتۇنىڭ ئالمىسى،
تېزەك غولنىڭ چالمىسى.
نېمە دەپ گالاخشىدىڭ،
تۆۋەن تۇرنىڭ لالمىسى.

ب: چىنە گۈللەر تېرىپ،
چاشما لوقاقلارنى بېسىپ.
ئۆزىگە شۇم قىلىدۇ،
ئابرويى يوق كانتۇ سېرىق.

* * *

قىر سايلىقنىڭ موللىسى،
قارا تونلۇق ياۋاش كىشى.
قۇشنىچى قېرىپ قېلىپ،
ئاغزىدا قالماپتۇ چىشى.

موللىلار نىكاھ ئوقۇپ،
ياغلىق ياپقان تۆشنى تاپۇر.
قوچناچلىرى ئۆيدە قەپ،
ياغنى چايناپ راھەت تاپۇر.

موللىنىڭ تاماگىرى،
ھەر تەرەپكە بويلاپ باقۇر.
موللام تاپسا تاپاۋەت،
قوشناچىم ئەپلەپ سوقۇر.

www.uyghurkitap.com

موللامنىڭ ئالا ئايغىرى،
دۈرت قويسا چاپالمايدۇ.
يايىنىڭ كىرىچى يوق،
بىرپاي ئوق ئاتالمايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا قارىتال كەنتىدىن: 92 ياشلىق زاھىت پالۋان. ئارا تۇرۇك ناھىيە نوم يېزا قىرساي يېزىسىنىڭ ئىمامى 76 ياشلىق شەرۇللائىمام. قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن: ئايىم خېنىم، قۇمۇل شەھىرى خوتۇنتام يېزىسىدىن: نىيازسوپا. 1986–1988 - يىل.

* * *

## نەسىھەت قوشاقلىرى

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز،
ئېگىلگىن ئاسمانچە بولساڭ.
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان تەختىدە بولساڭ.

يۇقىرىدىن شامال چىقىپ،
ئۆرۈۋەتتى بارانڭنى.
توسقىلى بولمايدۇ،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

تۈيغۈن بىرلا قۇش،
ھەرگىزلا چۈشمەس تورىغا.
ھەينە ناگاندا چۈشەر،
شۇڭقار لاچىن تورىغا.

قارلىغاچ قارا بولۇر،
قاناتلىرى ئالا بولۇر.
ياشلىقتا بەرگەن كۆڭۈل،
بېشىغا بالا بولۇر.

خويمۇ دەردلەر بار ئىكەن،
خۇدا ياراتقان باشىدا.
رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلۇر،
خۇدا ياراتقان تاشىدا.

قارالسام كۆرۈنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ ئۇچى.
دۇنيا دېگەن ئەسكى راۋات،
مەن يول ئۆتكۈچى.

جانىمنىمۇ بەرگەن خۇدايىم،
بىركۈن ئامانەتنى ئالۇر.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن،
سالغان ئىمارەتلەر قالۇر.

تەشنا بولۇپ جەننەتكە كەلدىم،
تاپالماي سۇنى سايدا.
سۇ ئەگەر جەننەتتە بولسا،
تەشناغا نېمە پايدا.

هاللىرىمنى ئېيتىپ - ئېيتىپ،
ئالدىم قاپاققا.
دوست كېلۇر باشقا قاراپ،
دۈشمەن ئاياغقا.

شاپتۇلنىڭ شېخى پەس،
مېۋىسى ئۇندىنمۇ پەس.
ياخشىلارغا سۆز تاشلىساڭ،
يەردە قويمايدۇ نەپەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن ئەزىز ئەتكەن قولۇڭنى،
خار ئەتەلمەيدۇ كىشى.
ناگاندا خار ئەيلىسە كىشى،
ھەر يەردە خاردۇر كىشى.

سۇدا سۇخسۇر بوغۇزلىسام،
تامىدۇ قانى.
بىر يامانىنىڭ ئالدىدادۇر،
ياخشىنىڭ جانى.

ئات مىنىپ، كىمخاب كىيىپ،
قۇش قۇشلىماق ئۇل قانچە ئىش.
ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىلسە،
قىلغان ئىشى مەردانە ئىش.

كۈيئوغۇلنى ئوغۇل دېسەم،
كۆڭلۈم خۇش بولۇر.
كۆل بىلەن تام قوپارسام،
ئۆلى بوش بولۇر.

ئاق ئۆردەكلەر چۈشمەمدۇ،
سۈيى ئوبدان كۆللەرگە.
ئادەم تولا كەلمەمدۇ،
خوتۇنى ئوبدان ئۆيلەرگە.

ئاتام مەككە، ئانام مەككە،
تۇغۇلدۇم مەن كۆمۈلمەككە.
قارا يەر ئاستىغا كىرىپ،
ئەلەنجى يوق كۆمۈلمەككە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا
ساڭخي كەنتىدىن 87 ياشلىق ئاخۇنبەگ سۈبۇر.

# ئەمگەك قوشاقلىرى



## ئەمگەك ۋە دېھقانچىلىق توغرىسىدا

### قوغۇن ھەققىدە قوشاق

قوغۇن تېرىدىم خىللاپ،
قىرنىڭ تۈۋىدە يىغلاپ.
قىزنى ئالىمىز خىللاپ،
جۇگان قالىدۇ يىغلاپ.

قوغۇن تېرىدىم خەندەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

قوغۇن تېرىندىم دۆڭدە،
سۇيما سالىدۇ ھوڭدا.
ئايلالارغا پۇل خەجلەپ،
ئىشتان قالىدى قوڭدا.

قوغۇن پەلىزى ئىزدەپ،
تاۋۇز تاپىمەن يارىم.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن يارىم.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ قوغۇن،
چوك يولغا پەلەك تاشلاپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى
ئوك سولۇڭغا كۆز تاشلاپ.

ئاق قوغۇنمۇ تورلاشتى،
كۆك قوغۇنمۇ تورلاشتى.
قوغۇن پىشقان كۈنلەردە
دوست يارەنلەر ئولاشتى.

قوغۇنلۇققا قارىسام،
تولا ئىكەن خەمىكى.
يارىم قالدى يىراقتا،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ماڭا قاراپ تۇراملا.
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.
ئېغىز ئاچماي تۇراملا.

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ،
مىژگەن قوغۇن پۇرايدۇ.
غېرىبلىقتا تۇتقان يار،
ئىپار - زەپەر پۇرايدۇ.

قوغۇن - تاۋۇز تېرىددىم،
قاتار - قاتار چۆنىكى.
ئەجەپمۇ يامان ئىكەن،
قارا كۆزنىڭ كۆيمىكى.

قوغۇنلار پەلەكلەردە،
يات قوللار ئۈزەلمەيدۇ.
يارىم رىشتىمىز مەھكەم،
مەلئۇنلار ئۈزەلمەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىدىن: قېيۇم يۇنۇس، ئەمەت شاكىر. 1988-يىل مارت.

## كېۋەز چاغلىمى ھەققىدە قوشاق

كېۋەز چاغلاپ پۇل تاپىمىز،
تەڭگىسى بىلەن.
ئاخشاملىققا قىز ئالىمىز،
يەڭگىسى بىلەن.

كېۋەز ئۈزدۈم، كېۋەز ئۈزدۈم،
ياخشىلاپ ئۈزدۈم.
ياخشى يارلار يامانلامدۇ،
بىر ئېغىز سۆزدىن.

كېۋەز تېرىدىم تۈزدە،
ئۈنمەي تۇرۇپ سۇ دەيدۇ.
ئارانلاردىن يار تۇتسام،
سۆيمەي تۇرۇپ پۇل دەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزا ئالتۇنلۇق كەنتىدىن: ئەمەت ئىسمائىل.

## ئورما قوشىقى

ئورما بولدى، ئورغاق سال،
ساچىڭغا تارغاق سال.
يارىڭ ماڭسا سەپەرگە،
ئويناپ كۈلۈپ يولغا سال.

ئورمىنى تولا ئوروپ،
بەللەر مۈكچىيىپ كەتتى.
ئالۋاڭنى تۆلەلمەستىن،
جانلار ئۆرتىنىپ كەتتى.

ئورما ئوردۇق ئېگىزدا،
ئالتىنچى ئايدا - تومۇزدا.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
بۇغدايلىقتا - ئېگىزدا.

ئورمىنى تولا ئوروپ،
ئۆنچە بىلەن باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

ئورمىنى تولا ئوروپ،
قولۇم تېشىلىپ ئاققان.
ئاتامدىن كىچىك قېلىپ،
بىچارە ئانام باققان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
قولۇم تېتىلغەن.
غەيۋەتنى قىلىپ قويۇپ،
ۋاڭ غوجامغا يېتىلگەن.

ئورما ئورسەن كۆندە،
تالمامدۇ بىلەكلەرىڭ.
يار يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلەرىڭ.

بۇغدايلارنى ئورۇۋالسام،
تەمچىنى تېرىۋالسام.
ئويالمسام خەقلەردىن،
لەۋلىرىگە سۆيۈۋالسام.

بۇغداينى ئورۇپ قويۇپ،
ئاپارغىلى خارمان يوق.
يارلارنى تۇتۇپ قويدۇق،
ئوينىغىلى زامان يوق.

بۇغداي قويدۇم سوگەنگە،
باھاسى يوق بەش تەڭگە.
يارىم بار دەپ يۈرۈپتىمەن،
ئىنتىرىۋەتتى ئۆستەڭگە.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى ئەتراپى يېزا يۇقىرى ئاقيەر كەنتتىن ئۆمەر قارى، مارىخان.

## خارمان قوشىقى

ئۇششاق ـ ئۇششاق تۇغراقلارنى
ماگدار⑭ بېسىپتۇ. (ھالايلار)
ئەملىك ـ ئەملىك ⑮ ئاتلارنى،
تېپىن قوشۇپتۇ. (ھالايلار)
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

شاغىرىب، شاغىرىب،
چۆللەردە بۇغداينى تېرىپ.
ئالتە چاشقاننى قوشۇپ،
ھالايلار ئېيتتى شاغىرىب،
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

بۇغدايلارنى يانجىشقا،
ئاتلارنى قوشۇپ قويدۇق.
ھالايلارنى ئېيتىپ بىز،
تېپىننى ھايداپ قويدۇق.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

تېپىنگە ئاتلار قېتىلدى،
ئۆنچىلەرمۇ سېپىلىندى.
توغلار باستى بەدەننى،
ئۆنچە ـ مارجان يانجىلدى.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

تېپىنلەرنى ھايدىساق،
ئاتلار ئەجەب ماڭمايدۇ.
ئاتلارنى ئۇرۇپ ـ ساۋاپ،
قامچىلىرىمىز تىنمايدۇ.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

خارمانلارنى ياچقاندا،
چىقىدۇ بۇغداي سامىنى.
كۆن كەچكىچە ئىشلىسەكمۇ،
تۈگمەيدۇ غوجامنىڭ ئالۋىنى.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

ئۆينىڭ ئارقىسى خارمان،
پۇر ـ پۇر ئۇچىدۇ سامان.
يېڭى يارنىڭ ئوتلارى
دوزاخ ئوتىدىن يامان.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

سۇنى سالدۇق خارمانغا،
ئوتنى ياقتۇق سامانغا.
سامان كۆيۈپ كۆل بولدى،
ھالىم ساڭا سۇ بولدى.
تىر... چاھ ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاراتۈرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن:
يەھيا ئەيندىن. 1988 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېقى
www.uyghurkitap.com

## قويچى قوشىقى

قوي بېقىپسىز ئاتامسىز،
مىنىڭ يولىنى بايقاپسىز.
تىز بويى قار ئىچىدە،
بېلىڭىزنى چايقاپسىز.

ئاتام مېنى سېغىنماس،
قوي ماللىرى ئۇنتۇلماس.
توققۇز داۋانلارنى داۋاپ،
تاپانلارنى سىيپالماس.

بەگمەت ياخشى تونۇۋال،
ئاققوزا بىزنىڭ قوزا.
قوينى ياخشى باقمىساڭ،
سېنى دەيمىز مەنبۇزا.

شاۋان ئاپامنىڭ كىيىشى،
سېرىق يىلان تېرىسى.
مالچىلارغا بېرىشى،
خاكتەنمىنىڭ ⑯ جىرىسى.⑰

شۇ قويلارنىڭ دەردىدە،
كۆيۈك دېگەندە ياتىمىز.
چىڭگاك غوجام مىلتىق بەرسە،
بۆرىلەرنى ئاتىمىز.

بۆرىلەرنى ئېتۆۋېلىپ،
قىرىق كەيگە ⑱ ساتىمىز.
گۈللۈك باسمىدىن ئېلىپ،
يوتقان قىلىپ ياتىمىز.

مامام بىلەن بوۋامنى،
ياخشى كۆرۈپ باقىمىز.
قىزىل خوراز چىلىلسا،
ھەيەل⑲ بولماي قوپىمىز.

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قويلار ياتۇر يۇلتۇزدەك.
يار قېشىغا مەن بارسام،
ياتار ئۇ قىزىلگۈلدەك.

ئالتاي باقتىم قويۇڭنى،
كۆرسەتمىدىڭ بويۇڭنى.
كۆرسەتمىسەڭ كۆرسەتمە،
بۆرە يېسۇن قويۇڭنى.

ئېرىقنىڭ ئىچى ئەرۋەم،
بوز قوينى بېسىپ يەرمەن.
بوز قوي ئىگىسى كەلسە،
پادىشاھ يارلىقى دەيمەن.

ئوي ئويلايمەن، تاغ بويلايمەن،
قويلارنى ئويلايمەن.
مەن قويلارنى بېقىۋېتىپ،
يارنى ئويلايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويىڭىز بارمۇ خېنىم،
قويغا قوشۇپ ئالغىلى.
مەيلىڭىز بارمۇ خېنىم،
غېرىب كۆڭلىنى ئالغىلى.

ئالتە ئاي قويۇڭنى بېقىپ،
بەرگىنىڭ مۇشۇمچە تاي.
بەرسەڭ چوڭىنى بەر،
دۈشمەن كۆزىدە ئوينىتاي.

قارا قوينى بوغۇزلىدىم،
قېنىنى چىقارماي.
يەنە باق دەپ قىستىما،
جېنىمنى چىقارماي.

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭ سەن.
يان باغرىدا ئۇخلاپ قاپسەن،
قويچىمىدىڭسەن.

قويچى بولساڭ قويلىرىڭنى
بىللە باقايلى.
بىز ئىككىيلەن بۇ دەردلەرنى
بىللە تارتايلى.

قويچى بولساڭ قويلىرىڭنى
بىللە باقايلى.
كونا يارنىڭ يۈرىكىگە
ئوتلار ياقايلى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتتىن ئايىم خېنىم. قۇمۇل شەھەر قارا دۆۋە يېزا يالمان مەھەللىدىن: 51 ياشلىق گايىت موللا.

## ئوۋ قوشىقى

قارا تاشتا ئوق ياساي،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
سەن مېنى خىل كۆرسىدىڭ،
بىچارە دەپ يار ئەتكىلى.

مەمەتنىياز دەپ چاقىرسام،
سىڭار كۆزلۈك ئەر چىقتى.
ئارقارلارنى قوغلىشىپ،
مۆگەرلەردىن⑳ تەر چىقتى.

تاغقا چىقتىم، كىيىك ئاتتىم،
ئادىشىم يۈگۈر - يۈگۈر.
ئىككى قولۇم مۈرەمگە يەتتى،
ئەمدى خۇدايىمغا شۈكۈر.

شەنبە كۈنى ئوۋغا چىقىپ،
توخۇ ئاتقان كىشىنى.
توخۇ گۆشىنى يېگەندە
پىرلار سوقسۇن چىشىنى.

كۆزۈڭنى ئاچ،
توختاخۇن مىراپ.
چۈجىلەر چىقىدۇ.
كېكىرتەكنى جىراپ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىتىن ئايىم خېنىم، ئاقپاشا. 1987 - ، 1988 - يىللار.

# ئىزاھلار

① لىچىن — لاچىن

② مەشرۇ — بىر خىل ئىپەك رەخت

③ ئىندەپ — كۆڭلىنى ئالماق، مەيلىنى تارتماق

④ ئىسەر — تەسىر

⑤ قارلۇق — ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى

⑥ كىلىت — ئاچقۇچ

⑦ دورىدىن — دەستىدىن

⑧ تاماس — تاس قالدى، قىل قالدى

⑨ شىشىلىش — يىشىلىش، يەڭگىللەش

⑩ ياش — چامغۇر

⑪ سىكىرىپ — سەكىنمىش

⑫ جولو — ئارقان، ئاغامچا

⑬ ئىسنا — ئۇسسۇل

⑭ ماگدار — يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك

⑮ ئەملىك ئات — كۆندۈرۈلمىگەن ئات

⑯ خاكتىمىيەنمى — بۇغداينىڭ بىر تۈرى

⑰ جىرىس — كەنجى ئۇن

⑱ كەي — بوۋەن (پۇل)

⑲ ھەيەل — كىچىكمەك

⑳ مۆگەر — بىشانە.

# ئۆرپ-ئادەت، يوسۇن-ئوراسىم قوشاقلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## نورۇز قوشىقى

نورۇز بايرىمى بارلىق تۈركى مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كونا كالېندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مىللىي ئەن - ئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى. قۇمۇلدا بۇ بايرام «سەھراخەتمە» دەپ ئاتىلىپ ھەر يىلى «نورۇز بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنگە توغرىلىنىپ دىنىي تۈس ئالغان ھالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا، يېقىنقى دەۋرلەرگىچە «نورۇز بايرىمى»، «نورۇز مەشرەپلىرى» ساقلانغان. كېيىن شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى غەرەزلىك ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرغان، نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» تەركىبىدە «نورۇز مۇقامى» دەپ ئاتالغان بىر مۇقامنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇ «نورۇز مۇقامى» تۈركى خەلقلەردە ھەر خىل شەكىلدە گەۋدىلەنگەن ۋە ئۇستۇنلۇكىنى ئالغان ياكى تەسىر كۆرسەتكەن رايونلارغا كەڭ تارقالغان، ھەممە ئۇنىڭ «نورۇز بوزرۇك»، «نوروز ھۆسەينى»، «نورۇز بۇ سىبلىڭ» «نورۇز راست». «نورۇز سۇلتانى» قاتارلىق كۆپلىگەن ۋارىيانتلىرى بولغان. بىراق، بۇ قەدىمىي مۇزىكا گۇرۇپپىلىرىنىڭ روشەن نەمۇنىلىرى ساقلانمىغان، گەرچە قۇمۇل مۇقاملىرىدىمۇ «نورۇز مۇقامى» دەپ ئاتالغان تېپىك مۇقام گۇرۇپپىسى ساقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئىچىدە نورۇز بايرىمىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقنىڭ ئاز بىر قىسىم ئۆلگىلىرى ساقلانغان. ئەپسۇسكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان نورۇز قوشىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭى يوقىلىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق بولسىمۇ بۇ نورۇز قوشىقىنى ئەينى دەۋرلەردىكى «نورۇز مۇقامى» نىڭ بىر بۆلىكى بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزدىن يەنىلا ۋازكېچەلمەيمىز. بۇ نۇقتا يېقىن كەلگۈسىدە ئەلۋەتتە ئىسپاتلىنىغۇسى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بۇ قەدىمكى بايرىمىنى قايتىدىن ھەر يىلى تەبرىكلىمەكتە.

شۇغۇن① كېچە، نورۇز كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى.
يۇرەكتىمكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
يارقويىندا ياتقۇم كېلۇر.
شۇغىنە يار ۋەسلىدە،
سۇ بولۇپ ئاققۇم كېلۇر.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يىل بېشى نورۇز كۈنى
قارلىغاچ ـ تۇرنا جۇپ كېلۇر.
گۈل ـ گىياھلار ئېچىلىپ،
يۇرتقا شادلىق ئەپ كېلۇر.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يېتىپ كەلدى بۇ نورۇز،
ئېچىپ غۇنچە بىزلەرگە.

نورۇز شادلىققا چۆمۈپ،
كەلدى سىز ھەم بىزلەرگە.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

بۈگۈن كەلدى بۇ نورۇز،
غۇنچە گۈلدەك ئېچىلىپ.
بېشىمىزغا ئالتۇندەك،
نۇر - ئاپتاپلا چېچىلىپ.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كېلىپ بىزلەرگە،
يىل باھارى كەلتۈردى.
ئېتىزلارنى باغلارنى،
خۇشاللىققا چۆمدۈردى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كەلدى ئالدىراپ،
پاقىلارمۇ توي قىلدى.
توي ئۈستىگە توي ياساپ،
بوز تورغايمۇ توي قىلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كەلدى مۇبارەك،
ئوقۇيدىكەن تابارەك.

خۇش كەلدىڭىز ئەي نورۇز،
سىزنى قىلاي زىيارەت.
شادى بات، شادى بات،
نۇرۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كەلدى تولغىنىپ،
گىيالارغا چۇلغىنىپ.
گىياھلارمۇ ئېچىلدى،
ياپراقلارغا بۇلغىنىپ.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

خوشمۇ كەلدى بۇ نورۇز،
زەپ كەلتۈردى باھارنى.
ئەندى بىزگە كەلتۈردى
كۆندۈزگىلى ناھارنى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

قىش كېتىپ باھار كەلدى،
تۈن كېتىپ ناھار كەلدى.
مانا بىزنىڭ بەختىمىزگە،
نورۇز مۇبارەك كەلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھرى تۆمۈرتى يېزىسىدىن: 90 ياشلىق قاسىم نىياز. ئاراتۈرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن: 69 ياشلىق يەھيا ئەيندىن. 1988 - يىل ئاۋغۇست.

## پېرە قوشىقى

قۇمۇل — شامان دىنىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن رايون بولۇپ، قۇمۇل خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا شامان دىنىنىڭ ئىزنالىرى ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىسرىق سېلىش، ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، بارات كېچىسى قاپاق كۆيدۈرۈش، چوڭ يولغا يەتتە ياكى توققۇز ئورۇنغا ئوت يېقىپ سەپ بولۇپ ئاتلاش، ئۆلۈم بولغان ئۆيدە چىراغ يېقىش، پېرە ئويۇنى قىلىش.... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شامان دىنىنىڭ قالدۇق ئەنئەنلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پېرە ئويۇنى ئىچىدە خېلى كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. شامان ئېتىقادىنى بويىچە پېرىخۇنلار «جىن-شەيتانلارنى قوغلاپ، ئۇچۇرۇپ قالغان، جىن چاپلىشىپ قالغان ۋە باشقا ھەر خىل نېرۋا كېسەللەرنى داۋالاپ، رەم سېلىپ ۋە چۈشىگە تەبىر بېرىپ، ياخشىلىق، يامانلىقلاردىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدۇ» دەپ قارىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى پېرە ئويۇنى ئىسلامىزم ئېتىقادىغا ئويغۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ ئۆزگەرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ شەكىل جەھەتتىن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان.

پېرە ئويۇنىدا نېرۋا كېسەل كىشىنىڭ بېشى ئاق رەخت بىلەن تېڭىلىپ، بېلىگە ئاق پوتا باغلىنىپ، قېلىن كىيىم كىيگۈزۈلۈپ، تۇغ ئالدىغا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن پېرىخۇن ئوڭ قولىغا خەنجەر، سول قولىغا قامچا تۇتقان ھالدا «ئەرۋاھ پېرە»، «مۇسۇلمان پېرە»، «ئۇممۇزەبىيان پېرە»،

«زىيانداش تەرسا پىرە» ۋە 41 چىلتەنلەرنىڭ ئىسملىكىنى بىشارەت كەلتۈرۈپ، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، ئۈركۈتۈپ دۇرۇت، ئەپسۇن، قەسىدىلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ھەممە پائالىيىتىگە ياڭراق بەش - ئالتە داپچى تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. پېرىخۇنلار مانا مۇشۇنداق سۈرلۈك ۋە دەبدەبىلىك ئويۇن ئارقىلىق بىمارنى روھىي جەھەتتىن چۈچۈتۈپ، ئۇنى ساقايتىش مەقسىتىگە يەتمەك بولىدۇ، پېرە ئويۇنىدا پېرە قوشىقى بىلەن تەڭ خەلق ناخشىلىرىدىن «شەمشىۋا تەركىب»، «ئاللا يارىم» قاتارلىق ئاھاڭلارمۇ تەڭكەش قىلىنىدۇ.

ئەلھەمدۇلىللا ئوقۇيمەن،
جىنگە توقۇم توقۇيمەن.
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن.
ياھۇ ئاللا ھۇ ھەي! ياھۇ ئاللا ھۇ.

جىن پىرىما، جىن پىرىم،
قىپچقارغاندا كەل پىرىم.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي! ھەي ئاللاھۇ.

ئادا بولدۇم ئىزارتىپ،
قارا تۆمۈرنى قىزارتىپ.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي! ھەي ئاللاھۇ.

يېشىل تونلۇق شەنجىرخان،
قوللىرىدا خەنجىرخان.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي! ھەي ئاللاھۇ.

ئوبدان ئوينا ئەي باللا،
ياخشى ئوينا ئەي مۇللا.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي! ھەي! ئاللاھۇ.

پىلدىراپ ئوينا!
چۆرگىلەپ ئوينا!
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي! ھەي ئاللاھۇ.
ۋەرۇ، ھۇ بۇ ھۇپ، بەينەر ۋاھابى،
جەررى ئەببۇبى، شەرۇل مەھبۇنى.

بەينەر ۋاھۇبى، شەررۇ ھەببۇبى،
سەببۇره ھىبۇھۇ، ئەينەل ماھابۇ.
ياھۇ ئاللاھۇ، ياھۇ ئاللاھۇ،
ھەي - ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ...

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۈرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن: 69 ياشلىق يەھيا ئەيىندىن، قارا دۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىدىن 72 ياشلىق گېكىل داۋۇت. 1988 - يىل ئاۋغۇست.

www.uyghurkitap.com

## بارات قوشقى

«بارات قوشقى» ھەر يىلى بارات ئېيىنىڭ 14 - كۈنى كېچىسى تۈنەكتە ئوقۇلىدىغان، قويۇق دىنىي تۈس ئالغان قوشاقلاردۇر.

ئىسلام دىنى ئېتىقاد چۈشەنچىسى بويىچە بارات ئېيى ئاللانىڭ رەھمىتى ياغىدىغان، گۇناھلىقلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدىغان، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، رىزقلىرى كەڭ بولىدىغان ئاي دەپ قارىلىدۇ ھەمدە ھەريىلى بارات ئېيىنىڭ 14 - كۈنى كېچىسىنى بولسا ئاللاتائالا ئىنسانلارنىڭ جىمى ياخشى - يامان سۈپەتلىرىنى ۋە خىسلەتلىرىنى بىرمۇ - بىر ئايرىپ، ئۆزىنىڭ ئەمرى ھەم ھۆكۈملىرىنى تەقلەپ قويىدىغان كۈن دەپ ئىسپات قىلىشىدۇ، شۇڭلاشقا ئەنە شۇ كېچىسى بارلىق مۇسۇلمانلار تۈننى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈپ چىن ئىخلاس ۋە بىر نىيەت بىلەن ئاللاتائالاغا تائەت - ئىبادەت قىلىپ، ئاللادىن ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى، ئەل - يۇرتقا ئاسايىشلىق بېرىشنى، ئۇرۇق - تۇغقان، قەۋم - قېرىنداش، پەرزەنتلىرىگە بەخت - سائادەت، ئىنساپ - تۆۋپىق بېرىشنى ۋە ئۆمۈرلىرىنىڭ ئۇزۇن، رىزقلىرىنىڭ كەڭ بولۇشىنى تىلەيدۇ.

قۇمۇلدا بۇ خىل ئادەت تاكى دەۋرىمىزگىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلاردىكى مۇسۇلمانلار ھەريىلى بارات كېچىسى ئەنئەنىۋى قائىدە - رەسمىيەتلەر بويىچە ھەرقايسى مەھەللە - خىيلاردىكى ئەر - ئايال، ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ چوڭ سورۇن تۈزۈپ (يەتتە يەرگە، بەزى چوڭ مەھەللىلەر 9 - 11 ھەتتا 17 گىچە يەرگە كۆلخان راس-

لايدۇ) گۈلخان يېقىپ تۈنەك باشلايدۇ، ئاندىن گۈلخاننى چۆرىدەپ ئاللا يولىدا ھۆكمەت، قوشاق، بېيىت - نەزمىلەرنى ئوقۇپ، ئالدى بىلەن ئاجىز، كېسەل مېيىپ، مەجرۇھ كىشىلەرنى يەتتە قېتىم گۈلخاندىن ئاتلىتىدۇ، ئاندىن ھەر بىر كىشى يەتتە قېتىمدىن گۈلخاننى ئاتلاپ ئۆتىدۇ. ئارقىدىنلا توپ - توپ بولۇشۇپ قوللىرىغا قاپاق، مەشئەللەرنى ئېلىپ ئەۋلىيا - ماشايىخلارنىڭ بۇ زورگاھلىرى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىدۇ. تۈن نىسپى بولغاندا ھەرقايسى مەھەللە - خىيلارنىڭ ئادەملىرى ئۆز مەسچىتلىرىگە توپلىنىپ، (ئەر - ئايال، ئۇلۇغ - ئۇششاق) ناماز ئۆتەيدۇ، قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە ھەريىلى بارات ئېيىدا ئوردىدىن ھەرقايسى مەھەللە مەسچىتلىرىگە ئەھۋالىغا قاراپ ئالدىغا ئىككىدىن قوي، ئۈچ كۈرە بۇغداي، كەينىگە ئۇن بەش شىڭ بۇغداي بېرىلگەن.

شۇ كۈنى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلىپ، قويلار بوغۇزلىنىپ، بۇغدايلار تارتىلىپ، ھەرقايسى مەسچىتلەردە جامائەتكە بىر ۋاقلىق تاماق تەييارلىنىدۇ. نامازدىن يانغان كىشىلەر بۇ نەرسىلەر بىلەن كەڭ - كۇشادە تەمىنلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئىختىيار قىلغان كىشىلەر (ئاياللار، قىزلار، قېرىلار) ئۆيلىرىگە تارقىلىپ تائەت - ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قالغانلار (كۆپىنچە ياشلار، باللار) ئۆم ھالدا ھەرخىل كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەرنى تەشكىللىك ھالدا ئۇيۇشتۇرۇپ، بارات كېچىسىنى تۈنەپ ئۆتكۈزىدۇ، تۆۋەندە بارات كېچىسى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قوشاقلاردىن بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارات ئامەت، هايات ئامەت،
ئەجەب ياغدى بولغان رەھمەت.
بارات كەلدى تۈيدۇڭلارمۇ،
يامان ئىشنى قويدۇڭلارمۇ،
باراتۇللا ھەببۇللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا.

بارات كەلدى ئۈيۈماڭلار،②
بېشىڭ ياستۇققا قويماڭلار.
بېشىڭ ياستۇققا قويساڭلار،
قەلەم چالۇر بىرىڭ قالماي.
باراتوللا ھەببۇللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا.

بارات كەلدى ئاجايىپ تۈن،
قەدرى بولدى شۇبۇ تۈندە.
ئۇخلىماي ئولتۇرۇڭ ئەمدى،
شۇبۇ سوۋمەن③ ئۇزۇن تۈندە.
باراتوللا ھەببۇللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا.

بارات كەلدى، ئىلاھا، پەرۋەردىگارا،
كېرەم قىلغىل بىزلەرگە ئەي خۇداۋەندا.
ئىبەردىڭ سەن ياخشىلارنى،
كەچۈرگەيسەن بىزدەكلەرنى.
باراتتوللا، ھەببۇللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسىدىن:
56 ياشلىق ئابدۇۋايىت قارى. 76 ياشلىق ئابدۇرېھىم ھاجى،
قارسۇكەنتىدىن: 51 ياشلىق تاھىر مەخسۇم.

# رامزان قوشقى

«رامزان قوشاقلىرى» رامزان ئېيىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بويىچە مۇسۇلمانلار روزى ھېيتنىڭ ئالدىدىكى رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاغا بولغان ئىخلاس ۋە ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئۇلار ھەر رامزان ئېيى كىرگەن كېچىسى تۈن نىسپى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ياخشى بىر ۋاخ تاماق (سوھور) يەۋېلىپلا شۇ كۈنى كەچتە ئىپتا ۋاقتى بولغىچە ئېغىزغا ھېچقانداق نەرسە سالمايدۇ. بۇ ئەھۋال رامزاننىڭ بىرىنچى كۈنىدىن روزا ھېيتنىڭ ھارپا كۈنىگە قەدەر بىر خىلدا داۋاملىشىدۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە خەلق ئارىسىدىكى خالىس نىيەتلىك مۇسۇلمانلار، مۆمىنلەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ قېلىپ، سوھور يېيىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن قەرەللىك ۋاقىتتا كېچىدە كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ ئاللا يولىدا قوشاق ئېيتىپ كىشىلەرنى ئويغاتقان. مۇسۇلمانلار مۇنداق ساۋاپلىق ئىش قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ خالىس ئىشىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سوھورلۇققا تەييارلىغان تائاملىرىدىن زاكات بەرگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەق يولىدا قىلغان بۇ خىل ئەمگىكى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ، قوشاق تېكىستلىرىمۇ بېيىپ ھەم تولۇقلىنىپ ھازىرقى ھالەتكە يەتكەت، بۇ ئادەت قۇمۇلدا XVI ئەسىردە ئىسلام دىنى ئورنىتىلغاندىن باشلاپ ئومۇملاشقان بولۇپ، قويۇق يەرلىك تۈس ئالغان ھالدا تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى شەھەر، يېزا، قىشلاقلىرىدىن توپلاپ كېلىنگەن ئوردىغا قاراشلىق ئەل-نەغمىچىلەر بولغان، ئۇلار ھەر ھېيت - بايرام، سەيلە، توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە گاھ ئوردا ئىچىدە، گاھ ئوردا دەرۋازىسى ئۈستىدە نەغمە - ناۋا قىلىپ كەلگەن. رامىزان ئېيى كەلگەندە بولسا بىر قىسىم كانايچى، سۇنايچى، ناغرىچىلار ئوردا راۋىقى ئۈستىگە چىقىپ سوھور ۋاقتىدا سازنىڭ رامىزان قوشىقى ئېيتىپ، كىشىلەرنى سوھورلۇققا چاقىرغان. قۇمۇل ۋاڭلىرى بۇ نەغمىچىلەرگە ھەر يىلى رامىزان ئېينىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۈننى قۇمۇل شەھەر ئىچىدە قازى، ئىمام، مۇتىپى، تەيجىلەرنىڭ ئۆيى ئالدىدا رامىزان ئېيتىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن زاكات يىغىۋېلىشقا رۇخسەت قىلغان. ئەينى زامان چوڭلىرىمۇ چامىسىنىڭ يېتىشىچە بەزىلىرى چوڭ ئات، كالىدىن، كىچىكى قوي، ئۆچكىگىچە زاكات بەرگەن. ۋاڭ بۇلارنى سۇرۇشتۇرۇپ تۇرغان. ئەنە شۇندىن باشلاپ بۇ ئىش ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ بىر خىل ئادەت تۈسىنى ئالغان.

كېيىنچە بۇ ئىش بارا - بارا ئاۋام خەلق ئىچىگە ئومۇملاشقان ۋە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى سۈپىتىنى ساقلىغان ئاساستا ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ ماڭغان. ھازىرمۇ قۇمۇلدا ھەر رامىزان ئېيىدا بىر نەچچە كىشى تەشكىللىنىپ داپ - غېجەك، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ، رامىزان قوشاقلىرىنى ئېيتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەۋەل باشلاپ خۇدانى ياد ئېتىمىز،
پەيغەمبەرلەر روھىنى شاد ئېتىمىز.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامىزان.

رامىزان ئېيتىپ ئۆتكەن ئۆمەر، ئېلى،
ئۇلاردىن قالغان ئىكەن نۇسخالىرى،
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
خۇشمۇ بارەك كېلىدۇ شۇ رامىزان.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ياتقان بايلار،
روزىنىڭ زاكاتىغا پاتقان بايلار.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
خوشمۇ بارەك كېلىدۇ شۇ رامىزان.

پەيغەمبەر ئوغلى ھەسەن ئالتە ياشار،
مەككىدىن ـ مەدىنىگە سەككىز باسار.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامىزان.

ئاسماندىن لەيلەپ چۈشكەن مەللە پوتا
ئۆيۈڭدە بىر ئوغلۇڭ بار خىزرى ئاتا.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دىگەن شۇ رامىزان.

روزىنى ئونبەش تۇتۇپ كەلدۇق سىزگە،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ بىزگە.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان.
خۇشمۇ بارەك كېلىدۇ شۇ رامىزان.

روزى تۇت، ناماز ئۆتە جانىڭ ئۈچۈن،
خەيرى قىل، زاكاتىنى بەر مالىڭ ئۈچۈن،
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامىزان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قى - قى - قى قىزىل خوراز ئـەركەك - چىشى،
سوغۇن④ بىلەن نان بېرىدۇ مەزلۇم كىشى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دىگەن شۇ رەمزان.

روزىنىڭ ئونى كۈنى قادىر كۈنى،
بۇلتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇ يىل قېنى،
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان.
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

بۇ روز ائۆتسە يەنە روزا كېلۇر،
كىم ئۆلۇپ، كىم تىرىلۇر ئاللا بىلۇر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
خوشمۇ بارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئىشىكىڭنىڭ باشىدا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنەر،
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
خوشمۇ بارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

روزىدا ئۆلتۈرگىنىڭ كۆك ئالا قوي،
گۆشىنى ئۈزۈك يېسەڭ تۆشنى قوي.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

سېغىزخان سايرىشىدۇ ساي باشىدا،
ئۆلتۈرگەن مالىڭ قېنى ئاي باشىدا.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
خوشمۇ بارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئاق ئۆيۈك ـ ئاپئاق ئۆيۈك ئوردا بولۇر،
ئۆيۈكدە بىر ئوغلۇك بار موللا بولۇر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈمبەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۆيلىرىنىڭ ئارقىسى قوينىڭ ئىزى،
پات چىقىپ نان بەرسىلە باينىڭ قىزى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈمبەت دېگەن شۇ رامزان.

قوزۇقنى ئۇ يەرگە قاق، بۇ يەرگە قاق،
خالتاڭدا ئۇن قالمىسا، سۇپراڭنى قاق.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

بۇ روزا ئوتتۇز كۈن مېھمانىدۇر،
روزىنى تۇتمىغانلار ھايۋانىدۇر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈمبەت دېگەن شۇ رامزان.

ئاق يىلان، ئاپئاق يىلان ئىز مالىسنا،
مۇسۇلمان بەندىسى بولساڭ ئۇيغانسنا،
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈمبەت دېگەن شۇ رامزان.

ھەر يەردە شۇنچە ئىپتىساق كەچ بولىدۇ،
بەرگىنىڭ، بەرمىگىنىڭ ھەش بولىدۇ.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئوتۇن ئاپپاق ئوتۇن، قاخشال ئوتۇن،
رامزانچىغا نان بەرمىگەن يامان ئوتۇن.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلدۇ شۇ رامزان.

بۇ ئالەم بە جايى كەپتەر خانىدۇر،
بىرى ئۇچسا، بىرى كېلىپ قونادۇر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلدۇ شۇ رامزان.

موماي قوپتى كۆندۈكتىن⑤ ئۈن ئالغىلى،
كۆندۈك ئۆرۈلدى مومايىنى باسقىلى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلدۇ شۇ رامزان.

بوۋاي قوپتى قوتاندىن قوي تۇتقىلى،
قوغى ئۆرۈلدى بوۋايىنى باسقىلى.
رەببىم، ئاللا رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلدۇ شۇ رامـزان.

ئىشىكنىڭ بېشىدىكى قوي بېشىمۇ،
بىر پارچە زاغرا نان ئاتاڭنىڭ بېشىمۇ.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۆيۈڭنىڭ ئىچى - تېشى خاندۇ - پۇرچاق،
ئۆيىڭدە بىر ئوغلۇڭ بار خام قاپاق.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلدۇ شۇ رامزان.

ئۈيگىنىڭ ئىچى - تېشى يالتاق ئوتۇن،
ئۈيگىدىن بىر چىقمىدىڭ مايماق خوتۇن.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلدۇ شۇ رامزان.

پەيغەمبەر سىندى ئاق بوز ئاتىنىڭ يالىغا،
سالدى قامچا كىردى جەننىڭ يولىغا.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۈيگىنىڭ ئىچى - تېشى پۇرچاقلىق،
خودايىم پەرزەنت بەرگەي موچاقلىق.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۈيگىزنىڭ جۆرىسى قوينىڭ ئىزى،
قوي كۆزى ياغلىق بېرۇر باينىڭ قىزى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلدۇ شۇ رامزان.

پەيغەمبەر ئوغلى ھەسەن، ياقۇپ ئىكەن.
خۇدانىڭ كالامىنى ئوقۇپ ئىكەن.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭگە
خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن بۆشۈكىڭگە.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىجان ئويۇنىشىدۇ كۆلچىكىدە،
قوشناچىم ئۇن بىرىدۇ چۆچەكىدە،
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دېگەن شۇ رامىزان

ئاسماندىن لەيلەپ چۈشكەن مەللە پوتا،
ئۆيىگە نەزىر قىلساڭ خىزىر ئاتا.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دېگەن شۇ رامىزان.

رامىزان ئېيتىپ - ئېيتىپ ھارمايدىمىز،
ئالتە نان بەرمىگىچە يانمايدىمىز.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا رامىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دېگەن شۇ رامىزان.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا غوجامخى كەنت ئەزاسى 97 ياشلىق سەيدىدىن ئەلەم ھاجى ئوغلى ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم. «توققۇز - ئەجدىھاتالى» كەنتىدىن: ئايۇپ ياقۇپ، ئەسەت مۇختار، ئۆمەر قارى. ئاراتۈرۈك ناھىيە نوم يېزىسىدىن: شەرۇللا ئىمام. تۆمۈرتى يېزىسىدىن: سوپارىھىم، ئىدىر شۈيتى كەنتىدىن: كېرەم يۇنۇس، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن: قاسىم ئاخۇن، قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزا. لاپچۇق كەنتىدىن: گېكىل داۋۇت. دېيۇم يۇنۇس، ئەمەت شاكىر، 1988 - يىل.

# قار بېيىتى

قار بېيىتى — قار ئويۇنىغا ئاتاپ ئىجات قىلىنغان بېيىتلاردۇر. ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا تۇنجى قارنىڭ شەرىپىگە ئاتاپ مەخسۇس مەشرەپلەرنى ئويۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك قارغا بولغان ئىنتىزارلىقى ۋە تەشەككۇرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. قارلىق ئويۇنىنىڭ شەكىللىنىشمۇ تاسادىپىي بولماستىن، ئۇ رايونىمىزنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىقلىم ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنە رايونىمىز قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز ماكان بولۇپ، كىشىلەر ھامان يازدا يامغۇرغا، قىشتا قارغا تەشنا بولاتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ياققان تۇنجى قار، كېلەر يىللىق مول-ھوسۇلنىڭ بىشارىتى دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شادلىق، ئىشەنچ-ئارزۇلىرىنى بىلدۈرگەن، قىش باشلىنىپ تۇنجى قېتىم قار ياققان كۈنى بىر كىشى قارلىق خېتىنى بىر قەغەزگە يېزىپ، ئۇنى قار پومزىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ، كۆڭلى خالىغان ئۆيگە كىرىپ يوشۇرۇپ قويىدۇ. يانغىچە ئۆي ئىگىسى قارلىق تاشلىغۇچىنى ئۇزىتىپ چىققاندا: «ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋالسىلا» دەپلا تېز قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى قارلىق تاشلىغۇچىنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تۇتۇپ ئالالىسا يۈزىنى قازاننىڭ كۆيۈندىسى بىلەن بوياپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ قويۇۋېتىدۇ. ئەگەر تۇتالماي قالسا ئۆي ئىگىسى قائىدە بويىچە قۇدرىتىنىڭ يەتكىنىچە داستىخان راسلاپ، مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ھەقتى ئاللا رەھمىتىدىن،
يەر يۈزىگە ياغدى قار.
رەھمىتىنى كەلتۈرۈپ،
پەزلىنى قىلدى ئاشكار.

ئاپئاق - ئاپئاق قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

قار يېغىپ، قارلار يېغىپ،
يەر يۈزىنى قىلدى ئاق.
ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇپ،
بولدى خالايىق بى دىماق.

قار بىلەن مەندىن يېغىپتۇ،
كەلمە يارىم ئىز بولۇر.
ئاخشام كېلىپ ئەتە يانساڭ،
بارچە خەققە سۆز بولۇر.

شۇ كۆكۈللەر تىچلىقىدىن،
قار ئويۇننى باشلىدۇق.
قوينى توققۇز، غازنى ئوتتۇز،
ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق.

چىنە، چا چۆشتە ھاراق،
خاۋدا كەۋسەرنى راسلىدۇق.
چالغىلى دۇتار - راۋاب،
قالۇن - ساتارنى راسلىدۇق.

لەغمەچى لازىم دىسە،
مەڭلىك ئۇستامنى راسلىدۇق.
بەرباپ چېلىش ئۈچۈن
قۇربان كەكلىكنى راسلىدۇق.

غىجەكنى چېلىش ئۈچۈن
ئاخۇنبەكنى راسلىدۇق.
ئۇسۇلنى ئويناش ئۈچۈن
نەمەت بوسۇقنى راسلىدۇق.

شۇ كۆڭۈللەر تېچلىقىدىن
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق،
سەرلىكى بىلەن قار ئېلىپ،
ئۆزلىرىگە تاشلىدۇق.

تاڭ سەھەردە چىللىغاي دەپ،
بىر جۈپ خورازنى راسلىدۇق.
بىر جۈپ جۇگان ساچقايدۇ دەپ،
جۇخار گۆلنى راسلىدۇق.

قارلىق ئېلىپ بارغان كىشىنى،
پەم بىلەن چىڭ تۇتسىلا.
قېشىغا ئۇسما قويۇپ،
پەرداز قىلىپ ياندۇرسىلا.

قار ئېلىپ بارغان كىشى،
كەلسە سالامەت يېتىپ.
قار ئېلىپ قالغان كىشى،
جابدۇق قىلۇر⑥ ئاتنى چېتىپ.

www.uyghurkitap.com

قارلىقىمنى ئېلىۋېلىپ،
بىخارامەن ياتىمىسىلا.
ئۈچ ئوق⑦ مۆھلەت بەردۇق،
چارشەنبە ئويۇن باشلىسىلا.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن: 70 ياشلىق ئايىم خېنىم، ئايىلراپام. ئاراتۇرۇك ناھىيە تام ئۆيلەر مەھەللىسىدىن: 81 ياشلىق ئىمىن موللام. تىيانشان رايون تۆمۈرتى يېزىسىدىن: سوپارىھىم، ئابلىز
1986 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە.



## كۆك مەشرەپى ۋە كۆك بېيىتى

كۆك مەشرەپى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ
ئوموملاشقان، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر
خىل ئاممىۋى سەنئەت شەكلىدۇر.

دېھقانلار مول - ھوسۇل خۇشاللىقى، تىنچ - خاتىرجەم
ھەم مۇقىم تۇرمۇشتا بولغان رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەش شۇنداقلا
زېرىكىشلىك قىش پەسلىنى خۇشال - خۇرام، كۆڭۈل ئازادىلى-
كى ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ، قىش پەسلىدە كۆك
(بۇغداي مايسىسى ياكى ئۈندۈرمە) ئۈندۈرۈپ، ئۆستۈرۈلگەن
ئاشۇ خاسىيەتلىك «مايسىگۈل»نىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك مەش-
رەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچىلار ئالدى بىلەن
ئېۋرىق ياكى ساپال، ئىدىش قاچىلارغا بۇغداي ئۈندۈرۈپ،
ئۇنى قىزىل - يېشىل رەخت پارچىلىرى بىلەن چىرايلىق جاب-
دۇغاندىن كېيىن، توققۇز خىل مېۋە - چېۋە تەييارلاپ، ئۆزىنىڭ
قولۇم - قوشنا، دوست - يارەنلىرىنى، ئەل - نەغمىچىلىرىنى تەكلىپ
قىلىپ، كەچلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. مەشرەپ ئاخىرىدا مەشرەپ
باشلىغۇچى (ئۆي ئىگىسى) ئۈندۈرگەن «مايسا خېنىم»نى كۆڭلى
خالىغان بىر دوستىغا بېيىت - نەزمىلەر بىلەن تۇتىدۇ، قارشى
تەرەپمۇ بېيىت ئوقۇپ كۆك مايسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىككىن-
چى قېتىم ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئارقىدىنلا
بارلىق مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى كەينى - كەينىدىن ئوقۇئېتىپ
(كۈن توختىتىش مەنىسىدە) ئىختىيارىي ھالدا ئۆزىنىڭ مەش-
رەپ ئۆتكۈزىدىغان كۈنىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىش

www.uyghurkitap.com

بويى قاتار ئۇينايدىغان كۆك مەشرىپى باشلىنىدۇ. مەشرەپ تارقىغاندا سورۇن ئەھلى «مايسا خېنىم»نى نەغمىچىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئۆلەن ئېيتىپ، نۆۋەت كەلگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە داغدۇغا بىلەن كۆچۈرۈپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «كۆك مايسا خېنىم» ئەتىياز كەلگىچە نەچچە ئون ئائىلىنى ئايلىنىپ ئاخىرى يەنە دەسلەپ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغۇچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ، مەشرەپ باشلىغۇچى يەنە قايتا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئويۇننىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىدۇ. شۇ چاغدىلا كۆك مەشرىپى ئاخىرلىشىدۇ. كىشىلەر يەنە ئادەتتىكىدەك ئەتىيازلىق تېرىلغۇلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش شارائىتلىرى ۋە تۇرمۇش مۇھىتلىرى مەلۇم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى سەۋەبلىك رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېيتىلىۋاتقان كۆك بېيىتلىرى ئۆز شارائىتىغا ماسلاشقان ھالدا بىر - بىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ. بىز بۇ خىل ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆك بېيىتلىرىنىڭ تۆت خىل ۋارىيانتىنى رەتلەپ چىقتۇق.

### كۆك بېيىتى (1)

ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتى بىرلەن
بىرلا كۆكەردى شۇ كۆكۈم،
شاھى رەڭلىك، غۇنچە مەڭلىك،
دەرمەھەل ئۆستى كۆكۈم.

ئۇل تىۋەڭدە ئولتۇرادۇ،
بويلىرى ئالتۇن كۆكۈم،
بويلىرى ئالتۇن كۆكۈمنىڭ
كۈل زىمىستان بېغىدىن بولمىغى.

بىزگە ئەجەب،
بىر كۆرۈپ، خۇش خۇي كۆرۈپ،
قۇرغۇي تېغى بىلگىل ئەجەب.
گۈل زىمىستاندا ئاچىلىپتۇ،
سەۋزى باھارنىڭ ئەگىلى،
سەۋزى باھارنىڭ ئەگىلدىن
ياخشىلارنىڭ مىيلىسىدىن،
سەۋزە ئۈندى قىشلىقى،
قىشلىقى ئۈنگەن سىچەكنىڭ
تەرىپى نازۇك تۇرۇر.
قول سىلىپ ئالغان كىشى،
بۇسچەككە⑧ ئاشىق تۇرۇر.
بۇسچەكنىڭ سايىسىدا،
ئولتۇرسىلا ھەردەم كۆڭۈللەر ئاچىلۇر.
بۇسچەكنىڭ نۇرلىرىدىن
باشقا گۈللەر ساچىلۇر.
بۇ كۆكلۈم ئۆزى شاۋان،
ھېلى يوقتۇر قەدىمكى زامان،
قىشلىقى كۆك ئۈندۈرمەك،
بىزگە بوپتۇ خۇدادىن پەرمان.
قىشلىقى كۆك ئۈندۈرمەك،
بىزگىمۇ ئاسان ئەمەس.
بۇ ئويۇنلارنى ئوينىماق،
خانغىمۇ تايىن ئەمەس.
بۇ سۆزلەرنى يالغان دېمىسىلە،
بىرسىمۇ يالغان ئەمەس.
كۆكنى تۇتتۇق خوش ئالسىلا،
جىم بولۇپ قالمىسىلا.

ئېگىزگىنە تاختا باشىغا ئېلىپ قويۇپ،
ئۆيدەككىنە ياتمىسىلا.
ئېگىز - ئېگىز ئۆيلىرىنى
پىشقىن* بىلەن ئاقلىسىلا.
كۆك ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ،
چەرۋىسىنى ئوتقا قاقلىسىلا،
كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق،
بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا.
دۇنيا - جاھاننىڭ كارىنى،
يىراقتىنا ئاپىرىپ تاشلىسىلا.
ئۆزلىرىدىن كەلمىدى
بىزلەرگە نەزەر،
ئۆزلىرىدىن كەلسىدى،
بىزلەرگىمۇ نەزەر.
بازاردىكى دۇكاندىكى،
شوشىڭىدىكى تاتلىق ھەسەل.
شۇ كۆڭۈللەر خۇشلۇقىدىن،
كۆك ئويۇنىنى باشلىدۇق.
غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز،
ھەممىنى تەك راسلىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسە،
ئۈچ جۈپ ھېپىزنى راسلىدۇق.
چالغىلى بەر باپ - غېجەك،
قالۇن، ساتارنى راسلىدۇق.
ماڭدىدىكىلەر⑨ تۆرىنى كۆزلەر،
تۆردىكىلەر چىنە. تەخسىنى كۆزلەر.
ھەركىم سۆزلىسە مېنىڭچە سۆزلەر.
بۇ ئويۇنلارنىڭ ئىچىگە،

---

* پىشقىن - ھاك

هاراق - شاراب، گازىر - مۆگە
يىغىش قىلسىلا ئۆزلەردە مىڭ شىڭ،
ئەل خالايىق ئىچىدە،
تۆگەپ قالدى مېنىم ئىشىم.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى باغداش چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن: 68 ياشلىق ياقۇپ داۋۇت. قۇمۇل شەھىرى تىيانشان رايون شۆيتى يېزىسىدىن: 72 ياشلىق كېرەم يۇنۇس. تۆمۈرتى يېزىسىدىن: 78 ياشلىق سوپارېھم، ئابلىز. 1988 - يىل ئاۋغۇست.

## كۆك بېيىتى (2)

گۈل زىمىستاندا ئەر،
سەۋزى باھارنىڭ ئەگىلى.
ياخشىلارنىڭ مىلىسىدىن
سىچەك ئۈندى، قىشلىقى.
قىشلىغى ئۈنگەن سىچەكنىڭ،
كۆكلىرى نازۇك تۇرۇر.
كۆتەرسىلە، ئىللىقلىقىدىن
بويلىرى پۇراپ تۇرۇر.
بۇ سىچەكنىڭ تەرىپىنى
مۇم بىلەن نامەئەيلىدۇق.
بۇ سىچەكنى ھەممىلىرىگە،
تۆھپە ئەيلىدۇق.
بۇ سىچەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرسىلا،
ھەردەم كۆڭۈللەر ئاچىلۇر.
بۇ سىچەكنى ئالغان كىشىنىڭ
بېشىغا گۈللەر ساچىلۇر.

بۇ سىچەكنىڭ سۇلىرى
شىشىدەدۇر، شوشىڭدىدۇر.
سوغۇرۇپ گۈل ئاچقىلى،
ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر،
بارچە گۈللەردىن ئالگىرى،
بۇ سىچەك كۆكلەپ تۇرۇر،
بۇ سىچەكنىڭ سايىسى
كۆڭۈللەرگە راھەت بېرۇر.
كۆڭۈللەرنىڭ خوشلۇقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
بارچە ئادەمنىڭ ئىچىدىن،
ئۆزلىرىنى ئالغىدۇق.
بۇ سىچەكنىڭ تەرىپى،
خەقلەر ئارا مەشھۇر تۇرۇر.
بۇ سىچەكنى ئېلىشتا
قىز - يىگىتلەر ئاشىق تۇرۇر.
تام - تامدا سىچەك،
بۇندىن ئېگىز بارمۇ سىچەك.
كۆرسىلە كۆكلۈك سىچەك،
كۆتەرسىلە ئېغىر سىچەك.
چىنا - چاچۆشتە چاي راسلىدۇق،
داستىخاندا نان راسلىدۇق.
چالغىلى غىجەك، راۋاب،
قالۇن - ساتار راسلىدۇق.
غازنى توقۇز، قوينى ئوتتۇز،
ھەممىنى تەك راسلىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسە،
سەيدۇللا ئاخۇننى راسلىدۇق.

سېغىزخان ئالا ئىدى،
قۇيرىقى يەردە ئىدى
چاشقان چوماقچى ئىدى،
قۇيرىقى دوماقچىدى.
ئۇل چاشقاننى قاراڭغۇدا،
مۈشۈك تۇتۇپ يېمەكچىدى.
بېشىنى چايىنىغان بولسا،
ۋاييەي جان دېمەكچىدى،
هە، خالايىق قىسقاس!

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا قارىتال كەنتىدىن: 92 ياشلىق زاھىت پالگان. سەيدۇللام، ئىمىن قاسىم.
1988 - يىل مارت.

### كۆك بېيىتى (3)

ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتى بىرلەن،
بىرلا ئۈندى شۇ كۆكۈم.
شادى رەڭلىك، غۇنچە مەڭلىك،
دەرمەھەل يەتتى كۆكۈم.

بويلىرى ئالتۇن كۆكۈمنىڭ،
سۈرىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر يېغىپتۇ،
يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار.

گۈلنى ئۈزدۈم كۆپچە سالدىم،
گۈللەر چاچتى خۇش پۇراق.
ئوڭ قولۇمغا هاراق ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شام چىراغنى تارتا ـ تارتا،
ھېچ ماجاللار قالمىدى.
بۇ كۆكنى ئۆندۈرگىچە،
بەدەندە جانلار قالمىدى.

شام چىراغ ئۈچ كۈن كۆيەر،
ئۈچ كۈندىن ئۆتسە نەپىراق.
شام چىراغتا ئۆلگىچە،
مەشرەپتە ئۆلسە ياخشىراق.

گۈل زىمىستاندا ئۈنەر،
سەبزە باھارنىڭ ئەگىلى.
ياخشىلار دىلى ئىچىدىن
سەبزە ئۈندى قىشلىقى.

قىشلىقى ئۈنگەن سىچەكنىڭ
تەرىپى نازۇك تۇرۇر.
سۇغۇرۇپ كۆل ئاچقۇچى،
ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر.

بۇ سىچەكنى ئۆزلىرىگە،
تۆھپە ئەيلىدۇق، تۆھپە ئەيلىدۇق.
شۇنچە خالايىق ئىچىدىن،
ئۆزلىرىنى تاللىدۇق.

بۇ سىچەكنىڭ سۆزلىرى،
شۇ شىگدىدۇر، شۇشىگدىدۇر.
بۇ مايىسلار ئىگىزلىكى
كۆكتىدۇر ـ پەلەكتىدۇر.

شۇ كۆڭۈللەر خوشلۇقىدىن
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز
ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق.

نەغمىچى لازىم دېسە،
ئۈچ جۈپ ھېپىزنى راسلىدۇق.
ئۇسسۇلچى لازىم دېسە،
بىر جۈپ جۇگاننى راسلىدۇق.

تاڭ سەھەردە چىللىغاي دەپ،
بىر جۈپ خورازنى راسلىدۇق.
بىر جۈپ جۇگان ساچقاي دەپ،
جۇخار گۈلنى راسلىدۇق.

بۇ كۆڭلۈمنى مەن سىزگە
نامە ئەيلىدىم، نامە ئەيلىدىم.
بۇ كۆڭلۈمنى مەن سىزگە
تۆبە ئەيلىدىم.

كۆكنى تۇتتۇم ئۆزلىرىگە،
چاققان كېلىپ خوش ئالسىلا،
بۇ كۆكۈمنى ئېلىپ قويۇپ،
ئۇيدەككىنە ياتمىسىلا.

كۆك ئېلىپ بارغان كىشىنى،
خوش قىلىپ ياندۇرسىلا.
مېھمانغا قوزا سويۇپ.
رازى قىلىپ ياندۇرسىلا.

www.uyghurkitap.com

كۆك ئېلىپ بارغان كىشى،
يېنىپ كەلسۇن خەۋەر ئېلىپ.
كۆك ئېلىپ قالغان كىشى،
جابدۇق قىلسۇن ئاتنى چېپىپ.

ئۆيلىرىنى ئاقلىسىلا،
پېشقىن بىلەن قاشلىسىلا.
دۇنيا دېگەننىڭ كارىنى⑩
يىراق ئاپىرىپ تاشلىسىلا.

كۆك ئۆچكىنى ئۆلتۈرسىلە،
چەرۋىسىنى ئوتقا تاقلىسىلا.
كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق،
بىزنى تاشلىۋەتمىسىلە.

چىك - چىك سالامەت، بىر مۇھەممەت،
ھەركىم سۆزلىسە مېنىڭچە سۆزلەر.
ماڭىدىغىنلەر تۆرىنى كۆزلەر،
تۆردىكىلەر چىنە - تەخسىنى كۆزلەر.

ھاي بەگلەر، ھاي! ھاي بەگلەر
مىسرا خېنىملار.
ئون يەتتە ياشلىق، ئون سەككىز ياشلىق،
يىگىتنى كۆزلەر.

قاراڭغۇ باغ ئارىلاپ،
ئاخشام چىققان ئاينى كۆردۈم.
قىشلىقى چىللا - زىمىستاندا،
قىزىلگۈلنى كۆردۈم.

بۇ خارا ئارىلاپ،
بىر نەرسە كۆردۈم.
كۆڭلۈمگە مۇناسىپ،
ئۆزلىرىنى كۆردۈم.

كۈزگى بۇغداي مايسا بولدى،
هال سوراپ كەلسەڭچۇ يار.
جان چىقۇر هالەتكە يەتتى،
هال سوراپ كەلسەڭچۇ يار.

شەنبىدە جابدۇق ئېتىپ،
دۈشەنبىدە كەلسەڭچۇ يار.
هەپتىگە ئۆلگۈردىمسەڭ،
بىر ئايدا - بىر كەلسەڭچۇ يار

پاختىكىم - هەي پاختىكىم،
يامانلىماڭ پاختىكىم.
پاختەك جۈپتىن بولۇر، جۈپتىن بولۇر،
ئاغزىغا قۇرۇت سالۇر.

كۈزگى بۇغداي مايسا بولدى،
شاخى قويدى هەر تەرەپ.
دوستلۇق مېهرىمىز كۈچلۈك، ئۈچۈن،
ئاشنا بولدۇق ئىككى تەرەپ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۈرۈك ناهىيە توپا تۆيلەرنىڭ ئىمامى 81 ياشلىق ئىمىن موللام، ئاراتۈرۈك ناهىيە چوڭ تاشتىن: 90 ياشلىق بۈۋى سۇلتانىخان مامام. قۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇل شەھىرى تىيانشان رايون ئىدىر كەنتىدىن 63 ياشلىق ئاخمول يەھيا. تۆمۈرتى يېزىسىنىڭ مەدەنىيەت پونكىت كادىرى ئابلىز ئىمىن. 1987 - يىل ئىيۇن.

## كۆك بېيىتى (4)

مۇز ئۈستىدە ئۈندۈردىلە
مازۇ[11] بۇغداينى.
سۇغارغىلى ئەر بارمىسىن،
شۇ مازۇ بۇغداينى.

سۇغارغىلى ئەر بولسىكەن،
شۇ مازۇ بۇغداينى.
كېچە - كۈندۈز ياد قىلۇرمىز،
ئۈستۈن خۇدانى.

چىللى - زىمىستاندا ئۈنەر،
سەبزە باھارنىڭ ئەگىلى.
ياخشىلارنىڭ مىلىسىدىن
سەبزە ئۈندى قىشلىقى.

قىشلىقى ئۈنگەن سىچەكنىڭ.
تەرىپى نازۇك تۇرۇر.
سۇغۇرۇپ گۈل ساچقىلى
ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر.

تام - تامدا سىچەك،
تامدىن ئېگىز بارمۇ سىچەكە
كۆرگىلى كۆكلۈك سىچەك،
كۆتەرگىلى ئېغىر سىچەك.

بۇ سىچەكنىڭ تەرىپىنى،
موم بىلەن نام ئەيلىدۇق.
بۇ سىچەكنى ئۆزلىرىگە
تۆھپە ئەيلىدۇق.

گۈل سىچەكلەرگە ئوراپ،
كۆكنى تۇتتۇم خوش ئالسىلا،
ئۆيلىرىنىڭ ئىچى - تېشىنى،
پىشقىن بىلەن ئاقلىسىلا.
دۇنيا - جاھاننىڭ كارىنى
يىراقتىنە تاشلىسىلا،
شەنبىدە جابدۇق قىلىپ،
يەكشەنبىدە ئويۇن باشلىسىلا.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە (تۆبە) يېزا لاپچۇق كەنتىدىن: 76 ياشلىق گېكىل داۋۇت. راھەتباغ يېزا قارا تال كەنتىدىن: 72 ياشلىق سەيدۇللا ئاخۇن. 1988 - يىل.



# يۈز ئاچقۇ بېيىتى

يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قۇمۇل خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆتمۈش زامانلاردا قۇمۇل خەلقىنىڭ توي ئىشلىرى مۇنداق ئۆتكۈزۈلەتتى: ئوتتۇرا ھال ئائىلىلەر ئارىسىدا ئىككى تەرەپ ماقۇللاشقاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ توققۇز كىيىملىك رەخت، توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۈرە بۇغداي، توققۇزشىلىك گۈرۈچ، توققۇزجىڭ ياغ، توققۇز پەتنۇستا توققۇز خىل مېۋە-چېۋە، يېتەرلىك ئوتۇن-ياغاچ، چاي، تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ ھارۋىلارغا بېسىپ مەھەللە چوڭلىرىنىڭ باشچىلىقىدا قىز تەرەپكە ئاپىرىدۇ. بۇ «تويلۇق» دېيىلىدۇ. تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىزتەرەپنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. بۇ «باش توي» دېيىلىدۇ. شۇ كۈنى يىگىت دوستلىرى ۋە مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر بىللە نىكاھقا كېلىدۇ. قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر قىز كۆركىنى قىلىمىز دەپ ھويلا قوۋۇقىنى تۆمۈر ھارۋىنىڭ چاقى بىلەن توساپ ئالىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت تەرەپتىن كەلگەن كۈچتۈڭگۈر يىگىتلەر بۇ چاقنى كۆچەپ ئېلىشى كېرەك بولىدۇ. ئەگەر ئالالمىسا يىگىت تەرەپ قىقاس-سۈرەنلەر ئىچىدە قالىدۇ. نىكاھدىن كېيىن يىگىت تەرەپ چاقنى ئېلىپ كېتىپ ئېگىز دەل-دەرەخلەرنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويىدۇ. تويدىن كېيىن قىزتەرەپ يىگىتلىرى كېلىپ قايتۇرۇپ كېتىدۇ. نىكاھ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەر مېھمانلىرى يىغىلغان ئۆيدە جامائەت ئالدىدا ئوقۇ-

لىدۇ. نىكاھدا يىگىتكە، يىگىت بېشى، (يىگىت قولدىشى) ۋە باشقا بىر نەچچە دوستلىرى ھەمراھ بولىدۇ. نىكاھ ئوقۇغۇچى تۇزغا چىلانغان بىر پارچە ناننى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ قىز بىلەن يىگىتكە يېگۈزىدۇ. نىكاھدىن كېيىن قىز تەرەپ يىگىتكە باش-ئاياغ بىر قۇر كىيىم ياكى رەخت قويىدۇ. بۇ «كۆيۈلۈك»دەپ ئاتىلىدۇ. يىگىتلەر نىكاھدىن يانغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ياكى ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئويۇن - تاماشا قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ «چاچ چۈشۈرگۈلۈك» دەپ ئاتىلىدۇ. يىگىتلەر ياتىدىغان چاغدا ئۆي ئىگىسى يىگىتكە بىر قۇر كىيىم ياپىدۇ. يىگىت بېشىغىمۇ لايىقىدا بىر نەرسە قويىدۇ. كەچتە يىگىتنىڭ ئۆيىدە ھەم قىزنىڭ ئۆيىدە ئايرىم-ئايرىم مەشرەپ بولىدۇ. بولۇپمۇ قىزنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە داغدۇغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ ئاخشىمى يىگىت تەرەپتىن بىر بۆلۈك ئەر - ئايال، قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن توققۇز قېتىم تەزىمغا بارىدۇ. (ئارىلىق يىراق بولسا ئېتىبار بېرىلىدۇ»، توققۇزىنچى قېتىمدىلا ئاندىن قىزنى ھارۋا ياكى مەپىگە سېلىپ نەغمە - ناۋا بىلەن ئېلىپ ماڭالايدۇ. قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر قولايلىق جايدا ئارغامچا بىلەن ياكى گۈلخان يېقىپ يول توسۇپ قىزنىڭ كۆركىنى قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ توققۇز غېرىدچىلىق قوي بەرگەندىلا ئاندىن يول ئېچىلىدۇ. (قويىنى يول توسىغانلار شۇ كۈنى سويۇپ ئۆزلىرى يەيدۇ). قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن يىگىتلەر قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىدۇ. ئاندىن قىزنى قىز يەڭگىسى ۋە يىگىت بېشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھوجرىغا ئەكىرىپ قويىدۇ.

تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل مەھەللىسىنى تويغا چاقىرىدۇ. بۇ «يۈز ئاچقۇسى»دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈنى قىز تەرەپ تويغا سويۇلغان قويلارنىڭ

ئۆپكە ئۆچەيلىرىنى قويۇپ ئىسسىق پېتى ئەپكېلىپ (سوۋۇپ قالسا ئىسسىتىدۇ) قىز بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى جۆپلەپ ھورغا تۇتىدۇ. (بۇ ئادەت قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت). ئەر مېھمانلار يانغاندىن كېيىن يۈزىگە پۈركەنچە سېلىنغان قىزنى ئايال مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا نەغمەچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قۇمۇل مۇقاملىرىدىن «ھاي-ھاي ئۆلەن» نى ئېيتىپ قىزنى كۈتۈۋالىدۇ. قىز كۆلكە-چاقچاقلار ئىچىدە تۆرگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. يىگىت تەرەپ قىزغا سىنچاي كەلتۈرىدۇ. سىنچايدىن كېيىن شىرە ئۈستىگە بىر نەچچە پەتنۇسلاردا يىگىت تەرەپتىن قىز ئۈچۈن تەييارلانغان زىبۇ-زىننەت، ئۈنچە-مەرۋايىت كىيىم-كېچەكلەر كەلتۈرۈلىدۇ. يىگىت تەرەپ «كېلىنىمىزنىڭ لايىقىدا بولالمىدۇق» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەكەللۇپ قىلىدۇ. قىز تەرەپمۇ رەھمەت ئېيتىپ رازىلىق بىلدۈرۈپ قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالدى بىلەن قىز تەرەپ قىزنىڭ ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىر ئايال بېيىت باشلاپ قىزنى، يىگىتنى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بەخت-تەلىيىنى تەرىپلەپ بېيىت ئوقۇيدۇ. يىگىت تەرەپتىنمۇ يىگىتنىڭ ئانىسى ياكى ۋەكىلى شۇ خىل مەزمۇنلاردا جاۋاب بېيىت ئوقۇيدۇ. شۇ جەرياندا باشقا ئاياللارمۇ ئىختىيار قىلىپ قىز-يىگىتنى تەرىپلەپ، تويىنى مۇبارەكلەپ بېيىت ئوقۇيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خېلى داۋاملىشىدۇ. بېيىت توختىغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە قايتا رەھمەت ئېيتىشىدۇ. ئاندىن يىگىت تەرەپتىن بىر ئايال كېلىپ چوكا بىلەن قىزنىڭ يۈزىگە يېپىلغان بۆرتۇمشال (پۈركەنجە ياغلىق) نى قايرىپ ئېچىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغان بولىدۇ. توينىڭ ئۈچىنچى كۈنى قىز تەرەپ قۇدىلىرىنى، تۇغقانلىرى بىلەن چايغا تەكلىپ قىلىدۇ. تۆتىنچى كۈنى يىگىت تەرەپمۇ قىز تەرەپنى، تۇغقانلىرى بىلەن تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ «چىللاش-

قۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. تويىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى يەنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە قىز ـ يىگىتنى سالامغا ئېلىپ بارىدۇ، ئاندىن توي رەسمىي تۈگەيدۇ.

تۆۋەندە توي مەشرەپلىرى ئىچىدە ئېيتىلىدىغان يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرى كۆرسىتىلدى:

قىز تەرەپ:

ئىچ ئۆرۈكنىڭ ئىچ مېغىزىنى
ئۈچ يىل ساقلىدۇق.
دوپپىمىزنىڭ چېچىكىنى
گۈل دەپ ساقلىدۇق.

ئەل ـ خالايىق تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدۇق.
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۆمۈچ ساپتۇ چىرايلىق.
ھەممە خەقنىڭ ئارىسىدا
خېنىم بالام چىرايلىق.

ئوغۇل تەرەپ:

بىزمۇ ئوغۇل چوڭ قىلدۇق،
موللا ئالىم.
خېنىم بالام تولۇن ئايىم،
كېچە ـ كۈندۈز تىلىلىشۇدۇق.
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بازارلاردىن ئات ئالدۇق
ساغرىسى ئالا.
يۇقىرى مەلىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.

بىرى لەڭخار، بىرى مىخار،
قاملىشىپ قالار.
قاچۇرنىڭ يېلىمىدەك
يېپىشىپ قالار.

ئاغدىن چۈشتى تاغ ئېيىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق.
لەدىن چىقتى بۇ لايىق،
بىر ـ بىرىگە خوپ لايىق،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

ئەتىگەن قوپار بولغاي،
تۈنۈك⑫ ئاچار بولغاي،
توققۇز ئوغۇللۇق، بىر قىزلىق بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
ئېغىلدا كالىلىق بولغاي.
ئۈچى ئۇزارغاي، تۆۋى يېپىلغاي،
قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك بولغاي.
قاچورا يېلىمىدەك يېپىشقاي.
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي.

ئاقىنە ياغلىق ئېچىدە،
بىر تۈگۈن گۈل ساقلىدۇق.

گۇلنى ئېلىپ بېشىمىزغا
تاجى قىلىپ ساقلىدۇق.
ھەر تەرەپتىن تاما تاپتى،
ھېچىلا كىمگە باقمىدۇق.
قەدرىمىزنى بىلىدۇ دەپ،
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.

ئىللىق كەشلەر ئارىسىدىن
ئىللىۋالغان بوغۇمنى⑬.
تاللىق كەشلەر ئارىسىدىن
تاللىۋالغان بوغۇمنى.
ئاخشام چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئاي مۇبارەك يۈزلىرى.
ئەتىسى چىققان كۈنگە ئوخشاش،
ئوتلۇق - ئوتلۇق كۆزلىرى.
مەككىنىڭ مېھراۋىدەك،
ئىككى قارا قاشلىرى،
كۆزىمىزگە كۆرۈنەر،
ئوتلۇق - ئوتلۇق كۆزلىرى.
ئارىمىز شۇنچە يىراق،
ئېسەنمىكىن بويلىرى.
ئۆي ئىچىدە خۇش پۇراق،
خېنىم بوغۇمنىڭ خۇيلىرى.
بىر - بىرىسىدىن چىرايلىق،
قىلىپ تۇرغان ئىشلىرى.
كۆزىمىزگە كۆرۈنەر
قارا مۇقتەك كۆزلىرى.
تولۇنئايدەك پارقىرغان.
خېنىم بوغۇم ئەمەسمۇ،

چۆرىسىدە ئولتۇرغان.
ھەمسالىرى ئەمەسمۇ،
مېھمانلارنى كۈتۈۋالغان.
قۇدۇغۇيىمىز ئەمەسمۇ،
تۆپىسىدە تىك تۇرغان،
قارى ئاكىمىز ئەمەسمۇ.
تۈگۈن تۈگۈلگەندەككىنە،
تۈگۈلۈپ ئېچىلغاندەككىنە.
ئىككى ياخشى بىر بوپتۇ،
باغدا گۈل ئېچىلغاندەككىنە.

بۇ خېنىمنىڭ بەختىنى كۆرسىلەر
تىۋەگلەردىكى رەخلەرنى كۆرسىلە.
بىيىت ئېيتىپ بىرەي دېسەم
پۇت-قولۇمنىڭ تىترەپ تۇرغىنىنى كۆرسىلەر.

ئېگىز تاغقا تورسالدۇق،
لىچىن چۈشتى تورىمىزغا.
ئۇزۇن يىلدىن ساقلىۋىدۇق،
ئەمدى چۈشتى قولىمىزغا.
لىچىن بىلەن تورغاينى،
سېلىۋالدۇق بېغىمىزغا.
سەبدە بىلەن جۇخارنى.
قىسىۋالدۇق قولىقىمىزغا،
بوزۇرگادىن لىچىن ئالدۇق،
باغرى كۆككىنە.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
خېنىم بالامدەككىنە.

بۇ دۇنيادا بولسىكەن،
خېنىم بالامدەككىنە.
ئۇك قولىمىزغا قوندۇرۇۋالساق،
قۇرغۇيدەككىنە.
قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لىچىن بالىسى زالىم.
نەچچە ۋاقتىن تىلەپ ئىدۇق،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

تال ئاراسىدىن تاللاپ ئالدۇق،
تالى چوكەنىنى.
باغ ئاراسىدىن تاللاپ ئالدۇق،
سېرىق زەپەرنى.
سېرىق زەپەر بىر دانە گۇل،
ئۈچ كۈن ئاچىلۇر.
ئىككى بالام بىر بولغاندا
قات گۇل ئاچىلۇر.
كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،
يېڭى ئۈنگەن گۇل ئانار.
شۇغىنە قارى بالامىنىڭ
ھەر بويىدا گۇلى بار.
ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ،
قوينىدا كىتابى بار.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
ئاي يۈزىدە نۇرى بار.

لېۋى دەرلەر لېۋى دەرلەر.
لېۋىنى غۇنچىدىن دەرلەر.
چىشلىرىنى ئۈنچىدىن دەرلەر،
ئىشىكتىن تولغىنىپ كىرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇغىنە قارى بالامنى،
يېڭى باغنىڭ گۈلى دەرلەر.
سىنچىگىتتىن، سىنچىگىرگە،
جاھاننىڭ روشنى دەرلەر.
شۇغىنە ئىككى بالامنى
بېھىشنىڭ گۈلى دەرلەر.

ئېگىز - ئېگىز دەرەخلەر،
ئېگىلچان بولسا.
قىزىل - يېشىل يوپۇرماقى،
تۆكۈلچان بولسا.
بىر ياخشىغا بىر يامانىنى،
بۇيرىماس بولسا.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
ئايرىلماس بولسا.
بالام قىلسىلا گۈلدەككىنە،
بوي قىرچىن تالدەككىنە.
كىشى كۆرسە ئايدەككىنە،
خىزمەت قىلۇر ئەردەككىنە.

ئۇلۇغ دەريا ئوتتۇرىسىدا،
ئالتۇن ئۆزەڭگە.
سەپەر بېرىپ، سەپەر كەلگەن،
كۈمۈش ئۆزەڭگە.
قەغەز بىلەن قازان ئەتتىم،
سىيا بىلەن سۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۆزۈك ئەتتىم،
لەھەل بىلەن كۆز.
لەھەل بىلەن كۆز ئەگگۈشلىرىدە،

كاككۈكلار سايرايدۇ.
خېنىم بالام ئولتۇرادۇ،
باغدىكى ھوجرا ئىچىدە.
ئېگىز تاغدىن سۇ چۈشىدۇ،
تاشتىن - تاشقا شارقىراپ.
خېنىم بالام ئولتۇرادۇ،
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.
تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن،
پۈتۈدۈك تۇمار.
سۇدىن چىققان لەھەل تاشتەك،
كۆزلىرى خۇمار.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنت ئەزاسى 70 ياشلىق ئايىم خېنىم ئايلىرىپام، 57 ياشلىق مەريەمخان تۇران. 32 ياشلىق ھەجەرخان سەمەت. جۇلۇگشۇ كەنت ئەزاسى 56 ياشلىق سارىخان ئىسمائىل، قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىدىن ئىبادەتخان ئوسمان.

* * *

تال ئۇچى تاللارغا يەتتى،
بەلگىسى چەندان يىراق.
مەيلىمىز خېنىم بالامغا چۈشتى،
نەقىلاي ئۆيلەر يىراق.
يول يىراقى بولسا بولدى،
كۆڭۈل يىراقى بولمىدى.
ئىككى بالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا،
ۋەدە يالغان بولمىدى.

سەبدە بىلەن جۇخارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىھىشنىڭ گۈلى دەيمىز.
مېھرىگۈل بالىمىزنى
ئۆيىمىزنىڭ گۈلى دەيمىز.
لەڭخار ئۈنگەن كۆللەردە،
مۇز توڭۇپتۇ ئەينەكتەك.
ئىككى بالام بىر بوپتۇ،
كاككۇل بىلەن زەينەپتەك.

سىرىق زەپەر ئاچىلىپتۇ
سەھەرنىڭ ۋاقتىدا.
قىزىلگۈللەر ئاچىلىپتۇ،
باھارنىڭ ۋاقتىدا.
بىز ئىككىلەن توي قىلدۇق،
خويمۇ ئوبدان ۋاقتىدا.
ئىككى بالام ئۆمرى ئۆتسۇن،
ئالتۇن كۈمۈش تەختىدە.

قاراڭغۇ باغ ئىچىدە ئاينى كۆردۇق،
زىمىستاندا ئېچىلغان گۈلنى كۆردۇق.
بۇخارا ئارىلاپ بىر نامىنى كۆردۇق،
كۆڭلىمىزگە خۇش مۇناسىپ،

خېنىم بالامنى كۆردۇق.
ئىشىك ئالدى شاھى باس،
چۆرىسىدە تالىلەر.
ئاي يۈزىگە نۇر چۈشۈپتۇ،
ياكى - ياكى خانىلەر.
قۇربان بولدى جانىلەر،
چىنىغا چاينى قۇيۇپ،
بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئالدىلەر.
چىنىنىڭ رەڭگى سىدەپ،

ئۆزلىرىنىڭ رەڭگىلىرىگە ئوخشار.
ئىچىدىكى قىزىل چايلار،
چىش ئاغرىقى كۆز باغى.
يۈرەك داغىغا ئوخشار،
سۆھبەت دىل قىلغانلىرى.
دىل خەنجىرىگە ئوخشار،
ئۆجۈتلىرى بار مۇدەرلەر،
ئۆجۈتلىرى بولسا نۇرغا ئوخشار.

تاگارلار (تاۋار) ئارىسىدا،
ئەنلىك تاگارىم.
قىزلار ئارىسىدا
مەلىكىۋا خانىم.
يىگىتلەر ئارىسىدا
شازادىخان جانىم.
خوشمۇ چىرايلىق.
ئۆتۈشكىلى نېسىپ قىلۇر،
ئۇلۇغ پەرۋەر دىگارىم.

ئالامەتلىك، سالامەتلىك،
باھار بوستانىمىز.
ئۆزلىرى كۆزىمىزنىڭ خوشى،
كۆڭلىمىزنىڭ روشىنى.
خودايىمدىن تىلەپ تاپقان،
ئاي بالىمىز ئۆزلىرى.
بۇ مۇھەببەت زوقى بىزدىن كەتمىدى.
قول سۇنۇپ ئول بويلىرىغا يەتمىدى.
ناھا ⑭ يەتسە بويلىرىغا تاتلىرى،
ھەرگىز تىلىمىزدىن كەتمىدى،

كېچە يېتىپ خىيال ئەيلەپ.
كۆزىمىزگە ئۇيقا كەلمەدى.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلگەن،
ئالا ئاتلىقىم،
ئۈستىمگە مىنىپ كەلگەن،
زىنۇر قاشلىقىم.
كالا مۇللا غەرىگىمدەك⑮
كۆزى قاتلىقىم.
پىشقان ئۈزۈم شەرۋىتىدەك،
سۆزى تاتلىقىم.

قاپقارا سايىنىڭ ئىچىدە
يۇم - يۇمىلاق دۈگۈلدۈگۈچ.
ئەگەل ئاينىڭ بېشىدا،
قۇدۇغۇي بىلەن تۈككەن تۈگۈچ.

تىل بىلەن تۈككەن تۈگۈچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى،
ئالماس بىلەن بولماس كېسىپ.

تەقدىرگە پۈتۈلگەن مۇھەببەتنى،
كىرپىك بىلەن ئايرىپ بولماس.
ئىككى بالامنىڭ مۇھەببىتىنى
ئالماس بىلەن كېسىپ بولماس.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھرى شەھەر ئەتراپى يېزا ھېزىزىم كەنتىنىڭ ئەزاسى 58 ياشلىق رابىيخان ئەيسا، شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنت ئەزاسى 74 ياشلىق ئاقپاشا.

* * *

قىز چوڭ قىلىپتىلا ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە.
تىللىرى چوغدەككىنە،
بالام قىلسىلا خاندەككىنە.
مېھمان كېلىپتۇ ئۆيگە،
پېستان ⑯ سېلىك تۆرگە.
كۆڭلىڭىزدىكى بالىڭىز
ئەمدى كەپتۇ ئۆيگە.
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا جىگدە بۇلاق كەنتىدىن: خېلىچىخان. 1982 - 1988 - يىللار.

* * *

سىرلىق ساندۇق چاپتۇردۇم،
مەخمەل بىلەن ياپتۇردۇم.
كىمخاب بىلەن ئاچتۇردۇم،
كەچككىنە ئايلا بالامنى.
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم،
قۇدامغا ھەم تاپشۇردۇم.
يۇقىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ،
بىر تۇمار ئەگىلىك.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن
خېنىم بالامدەك رەگلىك.
ئاق ئالما ئەگلىك
شاپتۇلا رەگلىك.
بۇ تويلارنى قىلىۋالدۇق،
خويمۇ ئوبدان ئەپلىك.
ئىلىدىن چىققان پىچاقنىڭ،
چۆكىسى دانىمۇ - دانە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ بالامنىڭ ئېتى خانە.
مېنىڭ بالام ياخشى بالا،
قارا قاشقىنا مۇنايىم.
خەلق ئارىسىدا ئەتىۋارىم،
قىزلار ئارىسىدا ئەيىنىۋارىم.
مېنىڭ بالام نىكاھقا كىردى،
مەلىكە نىگارىم.
ئىسسىق ئامراق بولۇپ قالغىلى
نېسىپ قىلىنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم.

چىنەر تەخسىنى ئالدۇق،
ئالتۇن تىللانى سالدۇق.
چىرايلىقىنە قارچۇغىنى
ئۆز ئىلكىمىزگە ئالدۇق.

يېڭى باغنىڭ ئالمىسى،
گۈلسۇرۇقتەك سانچىلۇر.
خېنىم بالام ئۆيگە كەلدى،
ئۆيدە گۈللەر ئاچىلۇر،

كۈندۈزلىرى كۈن تۇغۇر،
كېچىلىرى ئاي تۇغۇر.
شۇنداق ياخشى ئىككى گۆھەرنى
بۇندىن كېيىن كىم تۇغۇر.

قىزىلگۈلنى تېرىپ قويدۇق
قۇلاقلىرىغا قىسسىلا.
شۇغىنە خېنىم بالامنى
ئوبدان بالام قىلسىلا.

مەن بالامنى تۇغقاندا،
ئالتىنچى ئايدا روزا ئىدى.
مەرىكىسىنى قىلغانىدا،
تاغدەك ئاتىسى بولسىدى.

ئايلا بالىمىز چوڭ بولدى،
بويىغا يەتتى.
ئەتىيازدا بولدىغان توي،
كۈزگە يەتتى.
خۇدايىمدىن تىلەپ ـ تىلەپ،
مۇرادىغا يەتتى.

جۈپ ئېرىقتا سۇ ئاقتى،
بىرى سۈزۈك، بىرى لاي،
تەڭ خىل كۆرۈپ قۇدا بولساق،
ئۆزى تۈزۈك، سۆزى لاي.

تار ئېرىقنى ئاتلىدۇق،
كەڭ ئېرىقنى قاتلىدۇق،
شۇنچە قىزلار ئارىسىدىن،
خېنىم بالامنى تاللىدۇق.

سېرىق زەپەر قات ئاچلۇر،
دائىم ئاچلۇر.
ئىككى بالام بىر بولغاندا،
بەختى ئاچلۇر.
سۇ چېچەكى، سۇ چېچەكى،
سۇنىڭ چېچەكى.
كېچىسى ئېچىلىپ، كۈندۈزى تۇزار،
ياڭاق چېچەكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى

خەقنىڭ باللىرى تولا ئىكەن،
ئانار چېچەكى.
بىزنىڭ باللىمىز بىردانىغىنە
يۈرەك چېچەكى.

قارلىق تاغدىن سۇلار چۈشتى،
باغداش ئارىلاپ.
ئەمدىگىنە تويلار بولدى،
بوستان ئارىلاپ.
ئانچە تولا يىراق ئەمەس
بوستان ئاراسى.
مۇندىن كېيىن يېقىن ئۆتسۇن
ئىككى قۇدا بالاسى.
باغقا كىرىپ گۈلنى ئۈزدۈك،
ئارىلاپ – ئارىلاپ،
ئىككى قۇدا توي قىلىشتىلا،
بىر – بىرلىرىنى خالاپ.
گۈلنىڭ ئېتى گۈل غۇنچە،
تۈگۈن بولۇپ ئېچىل غۇنچە،
ئىككى قۇدۇغۇي توي قىلىپتۇ
مۇرادىغا يەتكۈنچە.
گۈل تېرىدۇق كۈزدە،
ئېچىلدى كەچ – كۈزدە،
ئىككى قۇدا توي قىپتۇ،
پەسلى ئەتىياز كۈندە.
كېلىنىمىز چېچەن بولسا،
سىدھەردە تۇرسا.
ئوغلىمىز مەرد بولسا،

سۆزىدە تۇرسا.
قۇدىلار بىر بولسا،
ھۆرمەتلەشسە.
بۇ ئالەمدە مەڭگۈلۈك،
دوستلۇق ئورناتسا.

سۇدەككىنە ئۆتۈپ كەتتى
بۇلۇت ماھىم.
ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىپ كەلدى،
تولۇن ئايىم.
بىر باغچىغا گۈل تېرىدۇق،
سىلىم پاھىم.
دۇئايىمىز ئىجاۋەت بوپتۇ،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.
ئاخۇن بالام موللايىم،
ئايلا بالام تىللايىم.
ئونبەش ياشتا قىز ئېلىپ،
كۆڭلىمىز تىندى خۇدايىم.
ئاسمان ئارىلاپ ئاق بۇلۇت كەلدى،
تاغلار ئارىلاپ يامغۇر سۈيى كەلدى.
باغلار ئارىلاپ بۇلبۇلۇم كەلدى،
چىگمەن ئارىلاپ قۇرغۇيۇم كەلدى.
ياز پەسلى بولدى ئاسان بولدى،
كۈز پەسلى بولدى چاقان بولدى.
بىر ياخشىغا بىر يامانىنى بويرىماس بولدى،
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا ئايرىلماس بولدى.

ئالا تونلۇق قۇشۇم كەلدى،
ئاسمان ئارىلاپ.

www.uyghurkitap.com

ئاناسى يوق ئىككى يېتىم،
بىر - بىرىنى خالاپ.
ئايدەككىنە، كۆنـدەككىنە،
نۇرنى چېچىشتى،
ئىككى كۆڭۈل بىرلا بولۇپ،
نىكاھ قۇرۇشتى.
نىكاھ غايىپ ئەركىن بولۇر،
ئىختىيارلىق بىلەن.
ئىككى ئالەم نىكاھلىق بولدى،
ھالال جۈپتى بىـلەن.
رازى رېقىپ نىكاھلىقنىڭ،
ئۆمرى باشقا.
خالايىقمۇ سۆزگە كىرەر،
ئۇلارنى ماقتاشقا.
مەجبۇرىيەت قىلىپ قويسا،
خار بولىشۇر.
ئىككى قودا ئۆيلىرىدە،
زار يىغلىشۇر.
ئىككى يېتىم نىكاھ قۇرۇپ،
مۇرادىغا يەتتى.
ئاتا - ئانىنىڭ يوقلۇقىمۇ،
ئۇنتۇلۇپ كەتتى.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
قالدى بالاسى.
ئوۋلاپ - چولاپ⑰ ئادەم قىلدى،
بىچارە ئاچاسى.
ياخشى ئوبدان كۆرۈپ قويغاي،
قېينى ئاناسى

كۆزگى بۇغداي مايسا بولدى،
يازغى بۇغدايلار قېنى؟
ئوۋاپ - جوۋاپ چوڭ قىلغان
بوۋاي، مومايلار قېنى؟

ئىشىك ئالدى بىر تۈپ چىنار،
شاخلىرى ئانار.
باغقا كەلگەن بۇلبۇللار
شاخقا قونار.

باغقا كەلگەن بۇلبۇللار،
سايراپ تۇرادۇ،
ئوغلىڭىز ئىندەك ئېلىپ،
قولغا ئالادۇ.

باغ - باغقا ئۇلاشسا،
ئالمىلار خوپ كۆرۈنەر.
يەرگە چۈشكەن سايىسىدىن
ئارىلاپ كۈن كۆرۈنەر.

شەرتى توشقاندا نىكاھ خېتى
بېرىلىپ بولدى.
ئوغلىڭىز يالاڭ ئىدى،
ئەندى شۈكرى، جۈپ بولدى.

ھەممە تاغلاردىن يىغىلىپ
مەرىكىمىز پۈتۈن بولدى.
رەخمەت ئېيتاي تۇغقانلىرىم،
ئىشقى تىلىمدا ياڭرىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈمەن مىڭلار سالام ئېيتاي،
قىزىل تىلىمدا سايرىتىپ.

نۇرۇپ بولدى نۇرۇپچار،
گۈللەر ئېچىلدى لالىزار.
شاخ - شاخىدا بۇلبۇللار
سايرىشادۇر زارى - زار.

ئاسماندىكى ئاي باتۇر،
مىرزان گۈلۈم تاڭ ئاتۇر.
شۇغۇن كۈندە ئايلا بالام،
خالايىق ئىچىدە تۇرادۇر.

باغداش غولى ئىچىدە
تۈرلۈك گۈللەر بار ئىكەن،
شۇغىنە گۈللەر ئىچىدە،
ئايلا بالامدەك يوق ئىكەن.

ئايلا بالامنى ئۆزلىرىگە بەردۇق،
چىنار قىلىپ ساقلىسىلا.
ئەمگەك قىلىپ ياغ چايناپ،
ئەركىن خۇشال ئوينىسىلا

ئويناپ، ئويناپ گۈل بولغاي،
ئەقلى - ھوشى سۇ بولغاي.
قاراڭغۇ تۈندە چىققان
تولۇن ئايدەك نۇر بولغاي.

ھەر بىرلىرىگە مۈك بولغاي،
ئەتتىگەن قوپار بولغاي،

تۇنۇك ئاچار بولغاي،
توققۇز ئوغۇل بىر قىزلىق بولغاي.

* * *

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
ئاي چولپانغا ئوخشامدۇ.
ھەممە ئادەمدە قىز تولا،
بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكىتۇەنى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى باغداش چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ ئىمامى 62 ياشلىق نىياز شىرىپ. قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئىبادەتخان ئوسمان. 1988 - يىل دىكابىر.

* * *

ئېيتسام مەن سىزگە
ھالىم شۇدۇر.
يېمىكىمىز دەرد بولدى،
ئىچمىكىمىز غەم بولدى.
شۇ بالامنى ئۆيىمىزگە،
ئېلىپ كىرگىچە،
ھەممىمىزگە دەرد بولدى.
زىلچا سالدۇق تۆرىگە،
مېھمان كەلدى ئۆيىگە.
كۆڭلىمىزدىكى ئايلا بالام،
ئەمدى كەلدى ئۆيىگە.
ئاخۇن بالام مۇنايىم،
ئايلا بالام تىللايىم.

ئېلىكىمىز ئىجاۋەت بولدى،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

تاغدىن چۈشتى تاغ بېلىق،
سۇدا ئويىنار سۇ بېلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
ھەيران قالسۇن خالايىق.
ئاتنى مىندىم قامچىلىق،
تاگار ئالدىم چامچىلىق،
لايىقلىرىدا بېيىت ئېيتالمىدىم،
مەندىن ئۆتكەن كەمچىلىك.

گۈلشەن ئاگرىدە
تويلەر قازاندى.
تۇردى ئاخۇن ئاكا،
چاك چاكلار ئىچىدىن،
چىللاپ ئويناتتى.
قۇدۇغوي ئاكا
شۇ ئاكامنىڭ شەھرىدە،
تۇرلۇك گۈللەر بار ئىكەن.
گۈلمۇ ـ گۈللەر ئىچىدە،
ئايلا بالامدەك يوق ئىكەن.
ئايلا بالامنى ئۈزلىرىگە بەردۇق،
چىنار قىلىپ ساقلىسىلا.
ھالال ئىشلەپ ياغ چايناپ،
ئەركىن خۇشال ئويناشسىلا.
ئويناپ ـ ئويناپ گۈل بولسۇن،
ئەقلى ـ ھوشى سۇ بولسۇن،
قاراڭغۇ تۈندە چىققان.
تولۇن ئايدەك نۇر بولسۇن.

ﯔﺎﺷﻨﻰ ﻳﺎﻳﺪﯗﻕ ﺗﺎﺧﺘﯩﺪﺍ،
ﻳﯩﭗ ﺋﯩﮕﯩﺮﺩﯗﻕ ﭘﺎﺧﺘﯩﺪﺍ.
ﺧﻮﻳﻤﯘ ﻛﺎﺗﺘﺎ ﺗﻮﻱ ﺑﻮﻟﺪﻯ
ﺩﻭﺳﺖ ـ ﺩﯛﺷﻤﻪﻧﻨﯩﯔ ﺋﺎﻟﺪﯨﺪﺍ.

ﺋﯜﺭﯛﻣﭽﯩﻨﯩﯔ ﻛﻮﭼﯩﺴﻰ،
ﻫﻪﺭ ﺗﻪﺭﻩﭘﺘﻪ ﻏﯘﻧﭽﯩﺴﻰ.
ﺋﯚﻳﮕﻪ ﻛﻪﻟﮕﻪﻥ ﺋﺎﻳﺨﯧﻨﯩﻢ،
ﻗﯩﺰﯨﻞ ﮔﯜﻟﻨﯩﯔ ﻏﯘﻧﭽﯩﺴﻰ.

ﺯﯨﻠﭽﺎ ﺳﺎﻟﺪﯗﻕ ﺗﯚﺭﮔﻪ،
ﻣﯧﻬﻤﺎﻥ ﻛﻪﻟﺪﻯ ﺋﯚﻳﮕﻪ.
ﻛﯚﯕﯜﻟﺪﯨﻜﻰ ﺋﺎﻳﺨﯧﻨﯩﻢ
ﺋﻮﺧﺸﺎﻳﺪﯗ ﻗﯩﺰﯨﻞ ﮔﯜﻟﮕﻪ.

ﺋﺎﻟﺘﯩﻨﭽﻰ ﺋﺎﻳﺪﺍ ﺭﻭﺯﺍ ﺋﯩﺪﻯ،
ﺋﻪﺟﻪﺑﻤﯘ ﻛﺎﺗﺘﺎ ﺗﻮﻱ ﺑﻮﻟﺪﻯ.
ﻣﯧﻬﺮﯨﺒﺎﻥ ﺋﺎﺗﺎ ـ ﺋﺎﻧﯩﻤﯩﺰ،
ﺑﯜﮔﯜﻧﻜﻰ ﺗﻮﻳﺪﺍ ﺑﻮﻟﺴﺎ ﺋﯩﺪﻯ.

ﭘﯩﻴﺎﺯ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﮔﯚﺷﻨﻰ ﻗﯩﻴﻤﺎ ﺋﻪﺗﺘﯩﻢ،
ﺧﻮﻳﻤﯘ ﻳﺎﺭﺍﺷﺘﻰ.
ﺋﯧﻴﺘﻘﺎﻥ ﺑﯧﻴﺘﯩﻢ ﻗﺎﻣﻼﺷﻤﯩﺴﯩﻤﯘ،
ﺧﺎﻻﻳﯩﻘﻼﺭ ﺋﺎﻏﺰﯨﻤﻐﺎ ﻗﺎﺭﺍﺷﺘﻰ.

ﺋﯜﺯﯛﻥ ﺋﺎﻏﺎﻣﭽﯩﻼﺭﻧﻰ
ﻛﯧﺴﯩﭗ ـ ﻛﯧﺴﯩﭗ ﻛﺎﻟﺘﺎﺭﺗﺘﯘﻕ.
ﺑﯧﻴﯩﺖ ﺋﯧﻴﺘﺎﻟﯩﻐﺎﻥ ﺧﻪﻗﻠﻪﺭﻧﻰ،
ﺑﯧﻴﯩﺖ ﺋﯧﺘﯩﭗ ﻳﺎﻟﺘﺎﻳﺘﺘﯘﻕ.

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېغىمىزدا شايتۇلا،
يۈرەكلەردە دەرد تولا.
ئېيتىپ بولغان بېيىتلەرنى
تەكرار ئېيىساق سەت بولا.

مەنمۇ بېيىت بىلمەن،
ئەسلى هايا قىلىمەن.
سېنىڭ ئېيتقان بېيىتىڭنى
ئۆتۈككە پاشنا قىلىمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا خۇاڭ-
گۇڭ كەنتىدىن: رەناخان. قوراي يېزىسىدىن: رايىلخان غوجام-
نىياز، بۈۋىخان روزى، شاۋانىخان، يۇمىلاق چوكان.

* * *

ئاچىمىغان قاپاق،
چاقمىغان ياڭاق.
ئايلا بالام ئۆيگە كەلدى،
تولۇن ئايدەك ئاپپاق.
ئەتىگەن قوپار بولغاي،
تۈرنۈك ئاچار بولغاي.
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغاي،
بەلچە ئىلىقلىق بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
چىللىدا كالىلىق بولغاي.
كۆل ئالسا كۆمۈش بولغاي.
ئوت ئالسا ئالتۇن بولغاي،

ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك
روشەن بولغاي.
ئالدىدىن ئاي چىققاي،
كەينىدىن كۈن چىققاي.
ئۆچى ئۈزارغاي،
تۈۋى يېيىلغاي،
قۇدۇققا تاش سالغاندەك بولغاي،
قارىغاي يىلتىزىدەك يېپىشقاق بولغاي.
مېھىر - مۇھەببىتى دەريادەك ئاققاي.
رىزقىنى كەڭ قىلغاي.
بەخت دۆلىتى چوڭ بولغاي،
خۇدايىم مارەك (مۇبارەك) قىلغاي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى تۆمۈرنى يېزىسىدىن: سوپاردەم. 1987 - يىل ئىيۇن.

## پوتا بېيىتلىرى

پوتا بېيىتلىرى ئېيتىشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك، ئۆز گىچە مەشرەپ قائىدىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قەدىمىيلىككە ئىگە.

قۇمۇل خەلقىنىڭ مەشرەپ قائىدىلىرى مۇكەممەل، رەسمىيەتلىرى قاتتىق بولۇپ، خەلق ئىچىدە بىردەك ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە پوتا ئويۇنى ئۆزگىچە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، قۇمۇل مەشرەپلىرىدە ئالدى بىلەن يېنىك مۇڭلۇق موقام ناخشىلىرى ئورۇندىلىدۇ. ئاندىن سورۇن كەيپىياتىغا ماسلاشقان ھالدا ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ رېتىمى تېزلىشىپ، يېنىك ئويىنىلىدىغان سەنەم كۈيلىرى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا شوخ، قىزغىن كەيپىياتقا تولغان مەشرەپ ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ. ئادەتتە مۇقام تۈگەش بىلەنلا مەشرەپ ئەھلىدىن بىر ياكى بىر قانچە كىشى (مەيداننىڭ كەڭ - تارلىقىغا قاراپ) ئورنىدىن تۇرۇپ چاچما گۈللۈك قولياغلىقتىن ئۆرىگەن كىچىك پوتىنى ئەكىلىپ، ئۆزلىرى خالىغان كىشىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. قولىغا پوتا ئېلىپ ئالدىدا مەيدانغا چۈشكەن كىشىدىن كېيىن ھېچقانداق كىشىنىڭ ئۆز مەيلىچە مەيدانغا چۈشۈشىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ ۋە ئۇ بەك ئەيىب ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن پوتىغا تارتقۇچى بىلەن پوتىغا تەكلىپ قىلىنغۇچى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ بېيىت ئوقۇشىدۇ. بېيىتنى ئاۋۋال پوتىغا تارتقۇچى باشلايدۇ. پوتىغا تەكلىپ قىلىنغۇچى جاۋابەن بېيىت ئوقۇيدۇ. (مۇشۇنداق چاغدا قىز - يىگىتلەر بېيىت ئارقىلىق بىر - بىرىگە دوستلۇق مۇھەببىتىنى

ئىزھار قىلىنىدۇ) بېيىت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوڭ قول تەرىپىنى بېسىپ قارشىسىغا ئۆتۈشۈپ يەنە ئايلىنىپ بىر-بىرىگە قارشىدۇ ۋە ئەدەب بىلەن بىر قېتىم تازىم قىلىشىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن پوتىغا تەكلىپ قىلىنغۇچى ئەر ياكى ئايال ئالدى بىلەن ئۇسسۇل باشلايدۇ. ئۇسسۇلچىلار نەغمىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشقان ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

قومۇل ئۇسسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ھەرىكىتى كۆتۈرەڭگۈ ئەمما سالماق، قەدەم ئارىلىقلىرى قىسقا، ناھايىتى يېنىك ئوينىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ قول ھەرىكىتى باشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتمەيدۇ. ئاياللارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى ئەركىن بولۇپ، قول بىلەن بېغىچ ئىختىيارى، ئەركىن ھەرىكەتلىنىپ، تۈرلۈك گۈزەل پىگۇرىلار چىقىرىلىدۇ. ئۇسسۇل جەريانىدا پوتىغا تەكلىپ قىلغۇچى بىلەن پوتىغا تەكلىپ قىلىنغۇچى بېقىشىپ ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا باشقا كىشىلەر بىلەن ئالمىشىپ ئويناشقا بولمايدۇ. ئۇسسۇلنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئىختىيار قىلغان تەرەپ ئۆز جۈرىسى دىققەتتە تۇرغان پەيتتە ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تازىم قىلىپ ئۇسسۇلدىن توختاش مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپ دەسلەپتىكىگە ئوخشاش ئوڭ تەرەپنى بېسىپ، ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ بىر-بىرىگە تازىم قىلىشقاندىن كېيىن ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلغۇچى پوتىنى ئۆزى تەكلىپ قىلغان كىشىگە ئىككى قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. پوتىنى ئالغۇچى ئالدىن مەشرەپ ئەھلى ئىچىدىن ئۆزى ئىختىيار قىلغان كىشىنى پوتىغا تەكلىپ قىلىپ، يۇقىرىقى رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناشنى خالىمىسا ئۈچ قېتىم تازىمدىن كېيىنلا پوتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. پوتىنى ئالغان كىشى پوتىنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، پوتا ئويۇنى جەريانىدا ئەگەر پوتىغا تەكلىپ قىلىنغۇچى ئۇسسۇل ئوي-

ناشى بىلمىسە ئۇ ھالدا ئۇ كىشى سورۇن تەلىپى بويىچە كۆپچىلىككە بېيىت ئوقۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. بېيىت ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۆزى خالاپ بىرەر قىزىقچىلىق، دوراmچىلىق بولسىمۇ قىلىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىمۇ قىلىپ بېرەلمىسە يول قويۇلىدۇ. ئەمما شۇنداق چاغدا ئۇ كىشىنى چاقچاقچى يىگىتلەر قىقاسقا كۆمۈۋېتىدۇ. شۇڭا قومۇلدا ياشلار مەشرەپكە قاتناشقۇدەك بولغاندىلا پوتا ئويۇنى، ئۇسسۇل، بېيىتلەرنى ئالاھىدە ئۆگىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئېيتقاندا، مەشرەپ ياشلارغا مەشرەپ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدىغان ياخشى دەرسخانە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپ جەريانىدا پوتىغا تەكلىپ قىلىنغان كىشى پوتىنى باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ مەلۇم ئارىلىق ئۆتكەندىن كېيىن پوتا يەنە ئۆزىگە قايتىپ كەلسە ئۇ كىشى يەنە ئۆزىنى دەسلەپ پوتىغا تارتقان كىشىنى تەكلىپ قىلىپ پوتىنى قايتۇرىدۇ، بۇ خىل ئالمىشىش بىر ئاخشام داۋاملىشىش جەريانىدا قايتا - قايتا تەكرارلىنىپ ئاخىرى سورۇندىكى ھەممە كىشى ئالدى ئون قېتىمدىن كەينى بەش - ئالتە قېتىمغىچە مەيدانغا چۈشىدۇ. شۇ ئەھۋالدا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىگە كەلگەن پوتىنى قايتۇرالماي قالىدۇ. ئەمما ئۇنى كېيىنكى مەشرەپ پۇرسىتىدە ئىمكان بار قايتۇرىدۇ. ئەگەر پوتىنى قايتۇرمىسا، پوتىغا تەكلىپ قىلغۇچىغا نىسبەتەن بەھۇرمەتلىك بولىدۇ.

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە - كۈندە كەلگىلى،
ئايدا، يىلدا بىر كېلۇرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى چىنە - پىيالىگە.
رەھىمىسى كەلمەمدىكىن،
بىز غېرىب - بىچارىگە.

بىزدەك غېرىب بىچارىلار،
تامدىن قارالاپ يۈرگۈدەك،
بەندىلىككە چارە يوق،
بىر كۈندە مىڭ سارغايغىدەك.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئارا تۈرۈك ناھىيە نوم يېزىسىدىن:
92 ياشلىق ئىمىن ئوختىنىياز. 1982 - يىل.

* * *

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرسام،
سارغايغىنىمنى كىم بىلۇر.
قول سېلىپ چىقسام ئىشككە،
مېھرىبان يارىم كېلۇر.
مېھرىبانمۇ ئۆزلىرى،
خويمۇ كاتتا سۆزلىرى.
بىر قوۋۇز لەۋزى بىلەن،
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ،
جېمى ئالەم قىزلىرى.
ئايمىدۇ، ئاپتاپمىدۇ،
ئاق قەغەزدەك يۈزلىرى،

* * *

ئاق سارايدىن چىققتى يارىم
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
ئارقىدىن قاراپلا قالدىم،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ،
زەپرەڭ سۇدا بولۇر.
سۇدىن تولا لايدا بولۇر.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
كۆزى يوللاردا بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

بىر كىتاب، ئىككى كىتاب،
بار قويىندا ئالتۇن كىتاب.
بۇ دۇنيادا بىر بارمىكىن،
مېنىڭ يارىمدەك ئاپتاپ.

ئاپتاپ ئولتۇرادۇ،
ئاي بىلەن نەپ تالىشىپ،
بىز يېتىم ئاۋارە بولدۇق،
بىگۇپانى ئەگىشىپ.

بىگۇپانى ئەگىشىپ،
ھېچ ماجاللار قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۇچقۇنچە ھاللار قالمىدى.

رو چىۋىن بولسا كىشى،
قانات يېيىپ ئۇچسا كىشى.
دونيانى مىڭ چۆرگىلەپ،
تەڭ خىلىنى تاپسا كىشى.
كۆزۈمنىڭ يېشىنى،
ئېلىپ چىقاي ھاۋاغا.
سېنىڭكىدەك بىگۇپاغا يىغلىغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئارا تۈۋرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن: 52 ياشلىق غوجابدۇل باقى؛ نوم يېزىسىدىن: 92 ياشلىق ئىمىن تو- قىنياز. 1982 - يىل.

* * *

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ
قونسام بېھىشنىڭ تالىغا.
ھېچلا كىم قىلماس ئىزانى
يېڭى تۇتقان يارىغا.

كىمكى قىلسا شۇ ئىزانى
يېڭى تۇتقان يارىغا.
كىرپىكىم ئوقتەك بېرىپ،
مىختەك قادالسۇن باغرىغا.

* * *

ئاختارمىدا ئات يۈگۈرتتىم،
ئېگىشتىم تۈزگە.
تاڭ ئالدىدا خەت ئەۋەتتىم،
مەشۇقۇم سىزگە.

گايى كۈلۈپ، گايى يىغلاپ،
كۆيەرمەن سىزگە.
شۇ ئوتلاردا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

ئۇۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ،
قىينىماڭ مېنى.
ئاللا ئىگەم نېسىپ قىلسا،
ئالۇرمەن سىزنى.

* * *

ئۇلۇغ دەريا ئوتتۇرىسىدا
ئالتۇن ئۈزەڭگەم.
سەپەر بېرىپ، يېنىپ كەلگەن،
كۆمۈش ئۈزەڭگەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالتۇن بىلەن ئۇرۇك ئەتتىم،
مۆھۆر بىلەن كۆز.
چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم،
خالايىققا سۆز.

* * *

كۆك كەپتەرلەر ئولتۇرادۇ،
ئاق جوجەمنىڭ باشىدا.
بىزنىڭ يارلار ئولتۇرادۇ،
ئېگىز تاغنىڭ باشىدا.

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدىن،
سىيرىلدىم تۈزگە.
قىزىل گۈل قىپچىسىدەك
ئىگىلدىم سىزگە.

قىزىل گۈلنىڭ قىپچىسى،
باغدا ئەرۋىشىم.
مەن سىزگە نېمە قىلدىم،
جانىم ئادىشىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئارا تۈرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن:
خوجابدۇل باقى. 1982 - يىل.

* * *

تاختىدا تۇرغان كىتابنى
توغ بېسىپتۇ دېدىلەر.
ئۇردىدىن چۈشكەن خېنىمنى
ھارمىغايلار دېدىلەر.

مەن يارىمغا تون كىيسەرمەن،
تاختا ـ ناختا گۇل بىيسىپ.
ئالدىغا بوغۇش تۇگەرمەن،
قارا زۇلپاردىن كىيسىپ.

قارا زۇلپار ئىيتىدۇ،
يارىڭىز قانداق كىشى.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك.
ئاپئاقىنە ئايدەك كىشى.

*　*　*

كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،
تال چىۋىق ئىلۋىدىرەك.
بۇ سىينىڭ ئىلۋالىغىڭغا.
گۇل نارىنجى كىيرەك.

گۇل نارىنجى كىيىپ،
ئىچىڭدە ئوت بولسا كىيرەك
ئوت بولغۇنچىنىڭ،
كۆيدۈردى يۈرەكنى شىشىدەك.

شىشىدىن شەرۋەتنى ئالدىم،
ئوتىنى ئۆچكەيمۇ دەپ،
بۇ بىيىتىنى سىزگە ئىيتتىم،
ئاشىقىدىن كەچكەيمۇ دەپ.

*　*　*

ئاپئاقىنە چىشلىرى،
ئۈنچە بىلەن مارجاندۇر.
ئويىپ كۈلۈپ يۈرگەنلىرى،
خويما كاتتا سۇلتاندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن بويلىرى.
بىر قوۋۇز لەۋزى بىلەن
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى.

* * *

ئۇششاق ـ ئۇششاق ئېدىرغاندا،
ئولتۇرۇپسىز يارىم،
قاتتىق ـ قاتتىق ئاھ ئۇرغىنىڭىز،
كېلىدۇ دائىم.

باراي دېسەم خۇدادىن،
قورقىدۇ جانىم.
بارماي دېسەم كۆيۈپ كەتتى،
بۇ يۈرەك باغرىم.

* * *

گۈل تېرىدىم كۆرسىلە،
ئوسما تېرىدىم كۆرسىلە.
بىر قويۇم ئوسما بېرەي
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

لېۋى دەرلەر، لېۋى دەرلەر،
لېۋىنى غۇنچىدىن دەرلەر،
چىشىنى ئۈنچىدىن دەرلەر
چىن چېكىتتىن چىن چېكىتكە،
بۇ كىمنىڭ دورلىرى دەرلەر.
سېنىڭدەك بىگۇپا يارنى
يۈرەكنىڭ خەنجىرى دەرلەر.

سىرلىق ساندۇقنىڭ سىرى سىز،
خەستىۋا كۆڭلۈمنىڭ بىرى سىز.
دۇنيادا ئىككى گۈل بولسا،
بىرى سىز، بىرى بىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئارا تۇرۇك ناھىيە، چوڭ تاشتىكى 90 ياشلىق بۈۋى سۇلتانخان. 1982 - يىل.

* * *

تام بېشىدا ئولتۇرادۇ،
بوينى ئالا بوز لاچىن.
مەلىڭىزگە كەپ قالدۇق،
ھەر تەرەپكە يول ئاچىڭ.

مەلىڭىزنى سۇ بېسىپتۇ،
ئۆتكىدەك يول بارمىكىن.
بىز پەقىرنىڭ مەيلى چۈشتى،
سۆيگىدەك يار بارمىكىن.

يولدا ياتقان چار يىلانغا،
مەن نۇچۇك زەنجىر سالاي.
مېنى كۆيدۈرگەن جۇگانىڭ
كۆڭلىنى قانداق ئالاي.

* * *

يولدا ياتقان ئەسكى تېرىمەن،
مىڭنى كۆرۈپ بىرنى سۆيىمەن.
مەن شۇنداق يۈرگەن بىلەن
ئايلا جۇگانىڭ ئېرىمەن.

* * *

بىزنىڭ يارلار شۆكىلىك،
كېتىپ باردۇ تۆگىلىك.
بولسا ئۆيىناپ يۈرگىلىك.
بولمىسا شۇنداق يۈرگىلىك.

* * *

كىچىككىنە بالىمەن،
كىرپىكىڭىزنىڭ تالىمەن.
سىز مېنى كىچىك كۆرمەڭ،
تاخلاپ تۇرۇپ سۆيىمەن،

ئېگىز - ئېگىز دەرەخ بولسا
ئېگىلچان بولسا.
قىزىل - يېشىل يوپۇرماقى،
تۆكۈلچان بولسا.

بىر ياخشىغا بىر يامانىنى.
بۇيرىماس بولسا،
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
ئايرىماس بولسا.

* * *

قوۋغىڭىزنىڭ قاتتىقلىقى تۆمۈردىن،
كۆڭلىڭىزنىڭ قارالىقى كۆمۈردىن.
بىز ئىككىلەن ئېمىلەرنى دېيىشكەن،
سىرىق قوچقاچ بالىسىدەك يەم بېرىشكەن.
تۇغۇلۇپ تۆرۈلۈپ بىلىشمىگەندەك،
بىر - بىرىمىزگە دانلار بېرىشكەن.

* * *

داستىرىنىڭ قاتى - قاتى كۆل يىگىت،
سەن مېنىڭ مۇھەببىتىمنى بىل يىگىت.
سەن مېنىڭ مۇھەببىتىمنى بىلمىسەڭ،
ئاخىرى دوزاخ ئوتىدا كۆي يىگىت.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاراتۇرۇك ناھىيە، چوڭ تاشتىكى 90 ياشلىق بۇۋى سۇلتانخان. 1982 - يىل.

* * *

كۆيە - كۆيە كۆل بولۇرمەن،
ياغلىقىڭغا تۇگ مېنى.
ھەر زامان يادىڭغا يەتسەم
ئاچىپ - ئاچىپ كۆر مېنى.

ئېچىلۇر بېھىش ماڭا،
يېپىلۇر دوزاخ ماڭا.
يەتتە دوزاق ئوتىدەك،
كۆيگەنچە كۆيدۇم ساڭا.

* * *

ئۆي يىراقى بولسا بولغاي،
كۆڭۈل يىراقى بولمىغاي.
گەدىسىدە⑲ تۇرمىغانلار.
ھەرگىز مۇسۇلمان بولمىغاي.

* * *

كۆك كېگىزنى ئۆيگە سالدىم،
جەنتاقا⑳ ياپسۇن جەناماز.
شۇ خېنىمنىڭ ئەقلى بولسا،
بىزنى ئۇنچە قىينىماس.

قەلەم قىيدىم قاشىمنى،
سىيا ئەزدىم بۇ ياشىمنى،
يەنە كۆرسەم جامالىڭنى،
پىدا ئەيلەي بۇ جانىمنى.

* * *

ھۆل بولسام ئېقىپ كەتسەم،
قۇرۇق بولسام قۇرۇپ كەتسەم.
ھاۋاپا يار دەردىگە،
قۇرغۇي بولۇپ ئۇچۇپ كەتسەم.

* * *

قۇرغۇيغىنام ئۇچتى دەپ،
مەن يۈرەرمەن باغمۇ ـ باغ.
ھەر زامان يادىمغا يەتسەڭ،
ئات چاپۇرمەن تاغمۇ ـ تاغ.

* * *

قەندى پىياز قاسىرىقىدەك
كۆزى قاتىلىقىم.
پىشقان ئۈزۈم شەربىتىدەك
سۆزى تاتلىقىم.

باغدا پىشقان مەي ئۈزۈمنىڭ،
رەڭگى تۈرلۈك سۈيى بار.
بىز يېقىر بىچارىنىڭ
سىزدىن بۆلەك كىمى بار.

* * *

بىغىرتىقىم بىغىرتاق،
بىغىرلاپ ئۇچتى.
ئۈستىدىكى تاسمىلىرى،
تارتىلىپ ئۇچتى.

سىزنىڭ يارىڭىز يېقىن ئۈچۈن،
كۈندە كۆرۈشتى،
بىزنىڭ يارلار يىراق ئۈچۈن،
كۆزلەردىن ئۆچتى.

* * *

ھەۋۋەلى پىراق،
ۋە ھازەل ئىشتىياق.
كۆڭلىمىز يېقىن،
ئارىمىز يىراق.

يول يىراقى بولسا بولغاي،
كۆڭۈل يىراقى بولمىغاي.
شۇل قىلغاي سەپىرىڭىزدىن،
ئول خۇدايىم ساقلىغاي.

* * *

كەتتىلە تاشلاپ مېنى،
بەجىن دېگەن يۇرتقا قاراپ.
كۆرۈشۈپ ئالاي دېسەم،
جابدۇق قىلىپلا ئالدىراپ.

ئاخىر بىر كۈن كۆرۈشمەككە،
قىلغاي خۇدا بىزنى نېسىپ.
پىراقلىرىدا كۆيگۈچە،
مەنمۇ ياناي ئۆپكەم بېسىپ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۈرۈك ناھىيە ئاداق يېزىسىدىن: غوبابدۇل غوجامنىياز، چوڭ ئانارخان، يۇنۇس ئەمەت. 1982 - يىل.

گۈللا بولسا گۈل ئەمەس،
گۈللەرنىڭ رەڭگى بۆلەك.
يارلا بولسا يار ئەمەس،
يارلارنىڭ خۇيى بۆلەك.

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا،
يارلا بولسا يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.

گۈلمىدۇ ئاچىلغىلى،
بەرگىمىدۇ قايرىلغىلى.
ئاشىقى قېشىدا تۇرۇپ،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى.

گۈلمۇ خوپ گۈللەرمۇ خوپ،
ئېچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ.
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقىچە،
چېچەك چىقىپ ئۆلگەنمۇ خوپ.

* * *

باققا كىرمەك كىشى بار،
گۈلنى ئۈزمەك ئىشى بار.
ئارىمىزدا گەپ تولا.
بىرلا دۈشمەن كىشى بار.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
يۈرىكى بىر دوستلارنى،
دۈشمەن نۇچۇك ئايرىدى.

گۈل بېرىپ گۈل ئالدىم،
گۈلنى بېرىپ گۈل ئالدىم.
قاتى بار گۈلنى بېرىپ،
يالاڭ گۈلنى مەن ئالدىم.

* * *

ئاتلىرىڭ ئاراسىدا،
مېنىڭدەك ئېتىڭ بارمۇ.
ئەجەب تولا قارايسەن،
ئېيتقۇدەك گېپىڭ بارمۇ.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا ساچسا بىر قۇچاق.
خەقنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق.

مەن ئولتۇرۇپ سانۇرمەن،
كىرپىكىڭنىڭ تالىنى،
هېچ كىشىگە سالمىسۇن،
ئاشىق كىشىنىڭ هالىنى.

بارغۇچە چاققانلا باردىم،
يولنى بىلمەي تاش بىلەن.
يانغىچە يارىدار كېيىكتەك،
ئىككى كۆزۈم ياش بىلەن.

* * *

قارا قۇشنى قۇش دېمەڭلەر،
قارا قۇش ئالۋانچىدۇر.
يېڭى يارنى يار دېمەڭلەر،
يېڭى يار يالغانچىدۇر.

قايسى دۈشمەننىڭ سۆزىنى
كۆڭۈللىرىگە ئالدىلا.
بىر يولىغا سەۋرى قىلماي.
كۆزلىرىدىن سالدىلا.

باغدا بىر گۈل بار ئىكەن،
ئالتۇن باھالىق گۈل ئىكەن.
تۈگمىسى ئاچىلمىغان،
غوجامغا لايىق گۈل ئىكەن.

دۇتتىرىم تىرىڭ ـ تىرىڭ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
باغرىدا تاش بار مىكىن.

كۆردۈڭمۇ قەلەم قاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەسمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

(كۆردۈڭمۇ قارا قاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ يانماسمەن،
ئەمدى كۆرگىن ئويناشنى.)

* * *

زۇتنە(21) بوكىنىڭ گۈلى،
زەرگە باسقان گۈلچە بار.
ياخشىنىڭ قىلغان خويى،
ئىندىگەن قورغۇيچە بار.

ئىندىسەڭ ئىندە مېنى،
ئىندىمىسەڭ چۈشتۈم يىراققا،
بىر ياقامنى غەمگە سالدىم،
بىر ياقامنى ئىشتىياققا.

ئىشتىياقىڭدا يۈرۈپ،
ماڭغۇچە ماللار قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۇچارغا ماللار قالمىدى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۈرۈك ناھىيە چوڭ تاشتىن 90 ياشلىق بۈۋى سۇلتانىخان موما. قۇمۇل شەھىرى قۇراي رايون تۆمۈرتى يېزىسىدىن: 82 ياشلىق سوپارىھىم. توختاشخان ئىنەم. ئاراتۈرۈك نومدىن: راجى غوجامنىياز.

* * *

سەن يارىم يامانلىما،
ياخشى - ياماننى كىم بىلۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
چۆلنى تېرىسا گۈل بولۇر.

سۈبھى سادىق بىلەن،
كەلدىم يارىم قېشىغا.
تاڭ سەھەردە قوپسام،
قوينۇم تولۇپتۇ يېشىغا.

* * *

ئاتنى چاپساڭ يولدا چاپ،
قورقما ئۇنىڭ توغىدىن.
كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما،
يېنىڭدا يارنىڭ يوقىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاي - ھاي ئاتىم يامان بولدى
ئويناپ قول بىلەن.
يوسام - يوسام ئېرىمەيدۇ
قىزىل گۈل بىلەن.
قىزىل - يېشىل مارجان كۆردۈم
بىلەككىڭىزدە،
بېلىق بولۇپ سۈيلاۋالاي
يۈرەككىڭىزدە.

ئويان ئۆتۈپ، بويان ئۆتۈپ
ئالاي كۆڭلۈڭنى.
قارچۇغانىڭ بالىسىدەك
ئىگەي بۆينۇڭنى.

قورغۇي بولۇپ ئەگىيمەن
بېغىڭدا تېرەككىدە.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن
مەيدەڭدە - يۈرەككىدە.

* * *

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئۆلمىدىم سۇغا ئېقىپ.
بولمىغان يارىم بىلەن،
بېشىمنى تاشلارغا چېقىپ.

* * *

سۇدا سۇخسۇر بولغۇچە.
كۆلدە ئۆردەك بولسىچۇ،
چاشما تونۇك بولغۇچە،
كۆڭلۈڭدە يارىڭ بولسىچۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئارالتوروك ناھىيە، چوڭ تاشتىن: 90 ياشلىق بوۋى سۇلتانخان موما. 1982 - يىل.

* * *

پاقىنىڭ كېرىلگىنى،
ھەرگىز ئىلانغا ئوخشىماس.
قېرىنىڭ ياسانغىنى،
ھەرگىز نادانغا ئوخشىماس.

ئاتمىش ياشقا كىرگەندە،
قېرى بولۇر ياش بولماس.
مەيدىسىنىڭ قۇۋۋىتى يوق،
مانتا، پولۇ ئاش بولماس.

تاغدىن چۈشتۇق تويۇڭغا،
ھەيران قالدۇق خويۇڭغا.
ئاتا - ئانام خوش مازۇز،
قىرچىن تالدەك بويۇڭغا.

تەشنىلەپ جەننەتكە كەلدىم،
تاپمىدىم سۇ سايىدا.
سۇ ئەگەر جەننەتتە بولسا،
تەشناغا نە پايدا.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى
سۈزۈپ ئىچكەن ئەر بارمۇ.
خىلسىز كىيىگەن ئۆتۈكنى،
خىللاپ كىيىگەن ئەر بارمۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى ئېيانشان رايون تۆمۈرتى يېزىسىدىن: 92 ياشلىق كونا زىيالىي قاسىم نىياز.

چىشلىرىنىڭ ئاقلىقى،
دىلنى يارادۇ.
ئەرنىلىرىنىڭ(؟) تاتلىقلىقى،
تىلنى يارادۇ.

قاشلىرى قازى بولۇپ،
ئەلنى سورايدۇ.
كىرپىكلىرى جۇدا قىلىپ،
جاننى ئالادۇ.

جان ـ جانغا جودا،
جاننى ئالادۇ.
ئاشىق ئوتى پەرۋانىدەك،
ئوتتىن يانامدۇ.

* * *

ئارا ئۇزۇن بولمىسا،
كۆرۈپ تۇراردىم پات ـ پات.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىم
لەيلى گۈلدەك قات قات.

لەيلى گۈل غۇنچىسىغا،
ئۆگىنىپتۇ تومۇچۇق.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
ئۆزلىرىدەك زېھنى ئوچۇق.

بىز باغداشتا يۈرگەندە،
قانماي ـ قانماي قاراشتۇق.
توي تۆكۈن، مەشرەپلەردە
بىر ـ بىرىمىزنى ماراشتۇق.

بىز نەزمە ئېلىپ كەلدۇق،
ئۆزلىرىگە تۇتايلى دەپ.
مەھەللىلىرىگە بىز كەلدۇق،
جۆر بولۇپ ئوينايلى دەپ.

ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇپ،
تۇتۇلۇپ كەتتى كۆڭۈل.
كۆڭلىمىزنى ئوينىتىپ،
ئېچىلدۇرايلى مودەنگۈل.

باغلىرىغا كىرىپ باقسام،
بىر تۇگۈن گۈللەپ كېتەر.
بىزنى لايىق كۆرمىسىلە،
يۈرەك - بېغىرغا ئوت كېتەر.

ئۆزلىرىگە قارىسام،
قىرچىن تالدەك بويلىرى.
تولۇن ئايدەك يۈزلىرى،
ئويناپ تۇرار كۆزلىرى.

تال چىۋىقتەك بويلىرى،
شېكەر - ناۋات سۆزلىرى،
بىر بېقىپ، ئىككى بېقىپ،
جاننى ئالغان ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس،
جۇملە ئالەم㉓ قىزلىرى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باغداشتىن: 62 ياشلىق نىياز شېرىپ.

* * *

پەرىلەرگە بۇ شەھەر لايىق بولامدۇ،
ئۇچار قۇشقا كىشى ئاشىق بولامدۇ.

ئۇچار قۇشقا كىشى ئاشىق بولسا،
كىشى بۇ دەردلەرنى تارتامدۇ.
ساماندەك سارغىيىپ چىقتۇق ھاۋاغا،
ئۆزلىرىگە يىغلىغۇچە يىغلاي خۇداغا،
ساماندەك سارغىيىپ تۆكتۇق يېشىمىزنى،
خۇدايىم ئوڭلىدى يالغۇز بېشىمىزنى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: باغداشتىن: 80 ياشلىق ئوغۇلنىيازخان موما.

* * *

قاراپ قالدىم ئۆزلىرىگە،
ئاشىق بولدۇم سۆزلىرىگە.
نادامەتلىك تىللىرىدىن
گۆھەر كەبى گۈل ئاچىلۇر.
كۆرسەم ئەگەر شۇ زامان،
خەستە كۆڭلۈم ئاچىلۇر.
سۆيسەم سىلنى شۇ زامان،
مۇرادى ئىشقىم ئاچىلۇر.
سورىسىلا مېنىڭ ھالىمنى،
يىغلىماقتۇر مېنىڭ ئىشىم.
خۇدا قوشقان قارا بېشىم،
مۇڭدىشىم قارا كۆز ئۆزلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىغان،
ھۇزۇر ئوتىدا داغلىغان.
ئۆزمىگەن زەپەر گۈلىنى،
بىز پېقىرغا ساقلىغان.
ماڭا ساقلىغان زىۋالىنى،
قىلسام ئەگەر كەرىپات،
ھۆسنى گۈلدەك قاتى ـ قات.
ئېيتىپ بەرگۈچى: باغداشتىن 62 ياشلىق نىياز شېرىپ.

* * *

سۇبھى ئەردى
ياقۇتى مارجان.
كۆزى ئەردى
مەۋلۇن مۇنەخشان.
يۈزى ئەردى
مەۋلۇن تولۇن ئاي.
سىنىڭدەك بولمىغۇم
ئالەمدە هاي ـ هاي.
سىنى كۆرسەم.
قاتار كىرپىكلىرىم،
مەۋلۇمغا نەشتەر.
ئەگەر سىنى كۆرسەم.
تامام ئەزالىرىم،
ئۆرتىنەر
قۇشتەك تولغىنىپ،
كىرسەم سىنىڭ
قاشىڭغا مەن.
شاي ئىتىپ
شەمشى قەمەردەك،
ئالسام سىنى
يانىمغا مەن.
جەمئى خەلق ئاراسىدا،
سۇلتان ئىكەنلا.
جىنىمنىڭ بالاسى
ئۆزلىرى ئىكەنلا،
لەۋلىرى ياقۇتى مارجان،
ساچلىرى كاپىرمۇ سىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈزلىرى شەمشى قەمەردەك
كۆز خۇمارىم سىزمۇ سىز.
سۇبھى شامدىن كېچە ـ كۈندۈز.
بى قارارىم سىزمۇ سىز.
بۇ شەرىئەت ھۆكمىدە
بەش ۋاخ نامازىم سىزمۇ سىز.
ئۆرۈلۈرمەن، تەلپۈنۈرمەن،
ئەۋەل ئاخشامدىن ـ سەھەر.
قۇدرىتىم بولسا ئۇبەرسەم
قوش قاناتىمدىن خەۋەر.
كېلەر بولساڭ قېشىمغا
ئاچىلۇر گۈللەر كىلۇر ماڭا.
يېنىپ كەتسەڭ قاشىمدىن،
قارا كۈنلەر كىلۇر ماڭا.
خەت پۈتۈپ، خالتا ئۇبەردىم،
تىللا بويلۇق تۇتىغا،
بىر كېلىپ، ئىككى كېلىپ،
كۆيدۈردۇ ئوتىغا.
خەت پۈتۈپ خالتا ئۇبەردىم.
مېھرىبان يارىم ساڭا،
ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئال
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.
خەت پۈتۈپ خالتا ئۇبەردىم،
بى ئەدەبلىك بولمىغاي.
بى ئەدەبلىك بولسا بولغاي،
ۋەدىسى يالغان بولمىغاي،
ۋەدىسىدە تۇرمىسا،
ھەرگىز مۇسۇلمان بولمىغاي.

* * *

ئاق - ئاققىنە چىشلىرى،
دىلغا دارادۇ.[24]
قاشلىرى قازى بولۇپ،
يۈرتىنى سورادۇ.
كىرپىكلىرى مۆلدۈرلەپ،
جانىنى ئالادۇ.
جاننى جانغا ئۇلىسا،
جان جاننى جالادۇ.[25]
ئاشىق كىشى پەرۋانىدەك،
ئوتتىن يانامدۇ.
ئېگىز - ئېگىز دەرەخلەرنىڭ،
قاسىرىقى سېرىق.
ئاغا قونغان لاچىنىمنىڭ،
تىرنىقى ئېرىق.
سىزنىڭ يارىڭىز يېقىن ئۈچۈن،
چىرايىڭىز ئېرىق.
مېنىڭ يارىم يىراق ئۈچۈن،
چىرايىم سېرىق.
چىرايىمنىڭ سېرىقلىقى
جانىنىڭ پىراقى.
ياخشى يارنى كۆرسەتمىگەن
يولنىڭ يىراقى.
سوغا ئېۋەردىم،
شەھرىڭگە سالام.
بىر سالام كەلمەيدىغۇ،
مەندىن بارار مىڭ سالام،
سەندىن سالام كەلمەيدىغۇ.

قاشى قارا تاش بېغىرنىڭ
كۆرگىسى كەلمەيدىغۇ.

* * *

بېيىت مەشۇق پۈتۈلدى،
يۈز بىر مۇھەممەت نامى.
مەگەر ئۆلسەك، تىرىلسەك يادلىنارمىز.
ھۆل بولساق ئېقىپ كەتسەك،
قۇرۇق بولساق كۆيۈپ كەتسەك
بى ۋاپا يار دەردىدە.
لېچىن بولۇپ ئۇچۇپ كەتسەك،
مېنى ئۇچتى دەپ،
قاغىنى قوندۇرماڭ يارىم،
مېنى كەتتى دەپ،
ئوزارماڭ يارىم.
مەن ھەم تىرىكتۇرمەن،
ئۆلسەم سىزدىن جۇدادۇرمەن.
كاككۇك ئاغزى تون كىيىپ،
يېزىغا چىققان يالغۇزۇم،
چىنىمىكىن - غەلەتمىكىن،
بەدنام كۆتۈرگەن يالغۇزۇم.
يالغۇزۇم باغىنىڭ ئىچىدە،
مەن تېشىدا سەۋزەرەڭ.
سەۋزەرەڭ قۇچقاچ بولۇپ،
ئۇچتۇم قاناتىمنى سوزۇپ،
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا.
مەن ياناي ئۈمىد ئۈزۈپ.

ئۆمىدىڭنى ئۆزمە يارىم،
مەنمۇ سۆزلۆگىدە بولاي.
تاڭ سەھەر ئىشىككە چىقىپ،
زارمۇ زار يىغلاپ تۇراي.
مېنى زار يىغلايدۇ دەپ،
ئېيتسائىچۇ يارىمغا مېنىڭ.
ئۆچكۆسىز ئوتلارنى سالدىڭ.
خەستى جانىمغا مېنىڭ.
خەستى جانىم ساقايماس،
بۇغىنا دورا بىلەن.
بىر بولالماي كەتكىدەكمىز،
ئاخىرى ئارمان بىلەن.
تال - تالغىنە قىرچىن تالنىڭ
ئۇچلىرى شىكەر.
قىرچىن تالدەك بويلىرىڭغا،
ئالسىلا نۆكەر.
بارچە گۈلنىڭ سانى يوق،
تۆپلەپ ئۆزدۈم بويلىرىڭغا.
يالغۇز ئۆلسەكمۇ ئۆلەيلى،
ئۆزلىرىنىڭ كۆيلىرىڭغا.
يازلىقى ئۇرۇۋالدىم،
چۇقۇراقنىڭ كۆكىنى.
قىشلىقى بوياقا سالدىم،
جۇگانلارنىڭ بۆكىنى.
جۇگانلار كېتىپ بارىدۇ،
ئۇك قولىدا گۈلى بار.
توختىسىلا جۇگانلار،

بىز غېرىپنىڭ گېپى بار.
ئۆنچىنى مارجانغا تىزدىم،
چىن سىيدەپ بولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى ئۆزلىرىگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.
مېھرىبانمۇ ئۆزلىرى،
خوشمۇ شېرىن سۆزلىرى.
بىر قاراپ - ئىككى قاراپ،
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس،
جېملە ئالەم قىزلىرى.
كۆزىمىزگە توتىيادۇر،
يولدا باسقان ئىزلىرى،
كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،
تال دەرەخ بولدىمىكىن.
يامانلاپ كەتكەن يارىمغا،
يار كېرەك بولدىمىكىن.
يامانلاپ كەتسەڭ كېتەرسەن،
كىمگە بولدى بۇ زىيان.
تەلىيىم بولسا تاپۇرمەن،
سەندىن ئوبدان مېھرىبان.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: تىيانشان رايون، ئىدىر يېزا شۆيىتى كەنتىدىن: 72 ياشلىق كېرەم يۈنۈس، تۆمۈرتى يېزىسىدىن: 68 ياشلىق مەريەمخان يارى، 73 ياشلىق توختاشخان رېھىم، قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن: ئايلاخان: ئەبەيدۇللا. 1987 - يىل.

* * *

ئاق سارايدىن چىقتىلا،
ئاق تاۋار تونىنى كىيىپ،
يەڭلىرىدۇر زۇلپىدەك،
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ.
تال چىۋىق زىلۋا چىۋىق،
بويلىرىغا تىل تەگمىسۇن.
ئۆزلىرىدىن باشقىنى دېسەم،
تىلىم ئىمانىغا كەلمىسۇن.
ئەي ھوپ، ئەي نىگارىم،
سەندىن ئۆزگە ھېچ نىگارىم يوق.
جاھاندا ئېچىلغان،
قىزىل گۈلدىن گازارىم يوق.
كۆيۈپ كۈل بولدۇم،
سېنىڭ بىر خەۋىرىڭ يوق.
سەندىن بىر خەۋەر كەلسە،
مېنىڭ بۇندا تۇرارىم يوق.
يىراقلىقنى ـ يېقىنلىقنى قوشسا جانىم،
سىزنى بىزگە قوشمىغان،
خەستە پەرمانىم.

تام بېشىدا ئولتۇرادۇ،
شاخشى بويلۇق شاھ يىگىت.
ئالما بەرسەم ئىنلىمايدۇ،
بويلىرى ئالتۇن يىگىت.
بويلىرى ئالتۇن يىگىتنىڭ
سۆرىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر يېغىپتۇ،
يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار.
گۈلنى ئۈزسەڭ ئۈچىنى ئۈز،

四 ②

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېھىردا گۈللەر قالمىغاي.
يارنى سۆيسەڭ ئۈچىنى سۆي
كۆڭلىدە ئارمان قالمىغاي.

* * *

زەر بىلەن زەنجىرىسى،
ئالتۇن بىلەن پەنجىرىسى.
چىڭغىراپ ئۈن كېلىدۇ،
قىز بېشىدا قاڭغۇرىسى.
قاڭغۇراڭنى ماڭا بەر،
ئەلەم قىلاي، قەلەم قىلاي
قايسى قىزنى ئالسەن،
بېرىپ شۇڭا سالام قىلاي.

* * *

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىدۇ،
ئالا ئاتلىغىم.
كالامۇللا غەرىكىدەك
كۆزى قاتلىقىم.
پىشقان ئۈزۈم شەربىتىدەك،
سۆزى تاتلىتىم.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك.
دىلى شاتلىقىم،
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم،
قەلەم قاشلىقىم.

* * *

كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،
ساغرا كېپىشىنىڭ(26) ئىزى بار.
يارىمنىڭ بارچە يېرىدە گولى بار،
ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ.
قويىندا كىتابى بار.

قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك.
ئاي يۈزىدە نۇرى بار.
تۆۋەيىندىن چىقىپ كېلىدۇ،
ئالا - چىپارىم.
ئاستىدا ئالتۇن ئىگەر.
ئۈستىدە ياخشى نىگارىم.
ئايمۇ كېلىپ ئەگىپ ئۆتۇر،
ئىشىكلىرىنى.
كۈنمۇ كېلىپ تەۋرىتىدۇ،
بۆشۈكلىرىنى.
خالايىقلار ئېيتىدۇ،
سۈپەتلىرىنى.
موللا بولسام پۈتۈۋالسام،
سۈرەتلىرىنى.
يۇقىرى يېنىدىن چۈشۈپ كېلىدۇ،
ئالا ئاتلىقىم.
ئۈستىنىگە مىنىپ كەلگەن،
زىۋەر قاشلىقىم.
پىشقان ئۈزۈم شەربىتىدەك
سۆزى تاتلىقىم.
ئىشىكلىرىدە تۇردۇم بىر دەم،
بىر دەمگىنە مۇختەم. ㉗
جان چىقمىسا تەندىن،
ئايرىلماسمەن سەندىن.
يارىمنىڭ يانچۇغىدا،
بىر جۈپ ھەقىق.
سىز بىزنى يۇرۇتمەيسىز.
خالايىققا چىقىپ،
سىز - بىز ئۆلىمۇ،

دەريادا ئېقىپ.
بېدە كۆكى – بېدە كۆكى،
بېدەل ئېلىشتۇق.
بىز ئىككىيلەن ئەۋۋەلدە
نېمىلەر دېيىشتۇق.
سېرىق قۇچقاچ بالىسىدەك
دانلار بېرىشتۇق.
تۇغۇلۇپ تۆرەلۈپ
بىلىشمىگەندەك،
جۇدا بولۇشتۇق.

* * *

بېدە كۆكلۈك بېدە كۆكلۈك،
چەرۋىسى گۆشلۈك.
ئەگەل باشلاپ تېپىشقاندا،
نېمىلەر دېيىشتۇق،
قارا قۇشنىڭ بالىسىدەك،
كۆڭۈل ئېلىشتۇق.
تۇغۇلۇپ كۆرۈشمەي،
جۇدا بولۇشتۇق.

* * *

قامچا ساپىقى،
ئىرغايدۇ.
پالتا چاپسام،
تۇرمايدۇ،
قورايلاردىن
يار تۇتسام،
بىر كېپىدە تۇرمايدۇ،
بىلەكلىرىڭنىڭ ئاقلىقى،
سائاتلىرىڭنىڭ يوقلۇقى.
مۇنداقمۇ قاۋۇل يىگىت بولامدا،
ئاشنىلىرىڭنىڭ يوقلۇقى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا، شىڭخو كەنتىدىن 65 ياشلىق پېشقەدەم ئەل نەغمىچى ھېلىم بانو.

* * *

قىزىل گۈل زىننىتى بۇلبۇل ئەمەسمۇ،
مېنىڭدەك بىر يىگىت لازىم ئەمەسمۇ.
بۇ ئالەم باغىدا سىز بىر قىزىل گۈل،
ئىشقىڭىزدا بولۇپتۇر مەن بۇلبۇل.
سىزنى كۆرمىسەم بۇ ئىككى ھەپتە.
يۈرەك زەرداپقا توشتى لەختە - لەختە.
سىزنىڭ بويىڭىز ئالتۇن - كۈمۈشتەك،
سىزگە مەن كۆيدۈم سېرىق قومۇشتەك.
ئۆزلىرىنىڭ بويلىرى،
جاھو قېمىشتەك.
ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانلىقلىرى،
ئالتۇن كۈمۈشتەك.
ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى،
شېكەرگە ئوخشايدۇ.
ھەسەلگە ئوخشايدۇ،
ئۆزلىرىنى بىر كۆرگەن كىشى
ئىككى كۆرگۈچىلىك
مۈشكۈل كېسەلگە ئۇچرايدۇ.

يارىم سېنى كۈندە كۆرگۈم كېلىدۇ،
قۇچاقىمغا ئېلىپ سۆيگۈم كېلىدۇ،
ئىلاجىم بولسا كۈندە كەلسىم قېشىڭغا،
قارا لىچىن بولۇپ قونسام بېشىڭغا.
سېنىڭ ئوبدانلىغىنىڭ ئالتۇن - كۆمۈشتەك،
ئوتۇڭغا كۆيۈپ كەتتىم كۆك قومۇشتەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتىمنى سالمىدىم ئۆزى بىلۇر دەپ،
خالايىقلار ئاڭلىسا نەزمە قىلۇر دەپ.

* * *

ئۆكەر ئولتۇرسا چىقىدۇ،
ئىلغۇسىم بويلۇق.
ئېچىمگە ئوتلارنى سالغان،
بىغىررەڭ[22] تونلۇق.
يول مېڭىپ ياغلىق بېرىپ،
يارىنى كۆيدۇرگەن.
كىمنىڭ شەرىدە بار،
كۆيگەننى ئۆلتۈرگەن.
نادان بويىنى كۆرسەتتى،
كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن.
ئۆلمەي تۇرۇپ،
دوزاقنى كۆرسەتتى.

* * *

سېرىق قۇش سايرايدۇ،
سېرىق گۈلنىڭ شاخىدا،
يارىڭ ئوتى كۆيىدۇ،
يۈرىكىمنىڭ بېغىدا،
چىنىنى چىنا دېمەيمەن،
چىنا تاۋاق بولغان بىلەن.
مەن سېنى يارىم دېمەيمەن.
سۆلتىڭ بولغان بىلەن.
تېمىڭنى ئېگىز قىلغان،
ئىككى كىنەكنىڭ قالقىنى.
كۆڭلۈڭنى ئېگىز قىلغان،
سۆسۈن جۇجەمنىڭ تالقىنى.

* * *

يار يىراق يولدىن كېلىپ،
كۆزۈمدە ئارمان قالمىدى.
شۈكرى ئاللا يارنى كۆردۈم،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.

ياغ دېسەڭ يوپاڭغا بار،
هاراق دېسەڭ شوپاڭغا بار.
قارا قاش يارنى دېسەڭ،
قولۇڭ سېلىپ بازارغا بار.

ياغلىقىڭنى يېشىل ئەتتىم،
كۆڭلىكىڭنى ماشرەڭ،
يەرلىرىڭنى باغلار ئەتتىم،
كۈندە كېلىپ غورا يەڭ.

* * *

ئوچاق تۈۋەڭنى ئويما.
بۆكۈڭنى قىڭغىر قويما.
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.

* * *

ئىشكىڭنىڭ ئالدىدا،
بىر تۈپ دەرەخ پەيدا قىلاي،
كۈندۈزى كۆيگەن يۈرەكنى
هاي - هۇي بىلەن كەچ قىلاي.
كېچىسى كۆيگەن يۈرەكنى،
جانوم يارىم قانداق قىلاي.

ساي يەرگە تاۋۇز تېرىپ ئۈلدىمكىن،
پەلىكى پەلىكىگە يەتتىمكىن.
سوراڭلار ئاشىقلىنىڭ ئۇستادىدىن،
مۇرادى - مەقسىدىگە يەتمكىن.

بىر قېشىڭنىڭ قارىسى ئۇچسا كېتەمدۇ.
بىر سېنىڭدەك تاجىگۈل باغدا ئۈنەمدۇ.
بىر سېنىڭدەك تاجىگۈل ھەر باغدا بولسا،
سوراپ بېقىڭ باغۋەندىن پۇلغا ساتامدۇ.

بىر قېشىڭنىڭ قاراسى ئالەمگە مەشھۇر.
بىر قىزىل ئالما بېرەي قوينۇڭ ياراشۇر.
بىر قىزىل ئالما بېرەي قوينۇڭدا تۇرسۇن.
قايرىپ - قايرىپ سۆيگەنلىرىم يادىڭدا تۇرسۇن.

* * *

بۇ تاغلار ئارقىسىدا
قۇرغۇي ئۇۋىسى بار.
شۇ يارىمنىڭ يانچۇقىدا
قۇرۇق ئۈزۈمى بار.
قۇرۇق ئۈزۈمنى بېرىپ - بېرىپ،
ئۇنۇتتى مېنى.
زىنداندىكى گۇناھكاردەك
قۇرۇتتى مېنى.
قۇرۇتسىمۇ قۇرۇتقاندۇ،
گۇناھىم باردۇر.
ئاخىرەتتە سۇرىغۇچى
خۇدايىم باردۇر.

ئاختارمىدا خەت ئەبەردىم،
مەشۇقۇم سىزگە.
مەيلى بىلىڭ مەيلى بىلمەڭ،
كۆيدۈم مەن سىزگە.
شۇ بۇئوتتا ئۆلۈپ كەتسەم
ئۇۋالىم سىزگە،
ئېگىز تاغنىڭ باشىدا،
ئالتۇن خوراز سۇلايمان.
ئىچىمگە ئوتلارنى سېلىپ،
نەدە يۈرۈيدىلا خىرامان.
چىللايدىلا، چىللايدىلا
ئىچ گەپلىرىنى ئېيتمايدىلا.
ئەگىم يوللاردا يۈرۈپ،
شېرىن جاننى قىينايدىلا.
ئالمىنى ئۈچ چۆرۈلۈپ،
تۇتتۇم شېخى بادان دەپ.
سەن كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ،
ئەقلى كىچىك نادان دەپ.
ئىلمساڭمۇ سەن كۆزۈڭگە،
يارى بولغايمەن ساڭا.
تاڭنا ئۈچ كۈندىن كېيىن
زارى يىغلايسەن ماڭا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزا كۆچەتلىك مەھەللىدىن 76 ياشلىق ياقۇپ روزى. 1988 - يىل.

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايمۇ ئۆتتى، يىلمۇ ئۆتتى،
يارى سارغايتتى مېنى.
ئۆزى ئوتلۇق، كۆزى چوغلۇق،
زارى قاقشاتتى مېنى.

زارى - زار قاقشاي دېسەك،
ئالەمگە مەشھۇر بولغۇدەك.
سىز خېنىمنىڭ دەردىدە،
يۈرەك ئېرىپ سۇ بولغۇدەك.

* * *

سىز ئاندا يېتىپسىز يارىم،
خىيالىمغا كىرىسىز دائىم،
باراي دېسەم يول يىراق،
كۆيۈپ كەتتى يۈرەك باغرىم.

يول يىراقى بولسا بولغاي،
كۆڭۈل يىراقى بولمىغاي.
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا
ۋەدە يالغان بولمىغاي.

* * *

ئەي يارىم سېنى نۆرمەي،
كۆڭۈللەر بولدى مۇشتەك.
ئىككىمىز بىر يەردە بولساق،
چۈچە باشلىغان قۇشتەك.

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل گۈلدەك مېنىڭ يارىم.
شىكەر بىلەن يۇغۇرغاندەك،
شېرىن سۆزلۈك تولۇن ئايىم.

سىنى ئاندا گۈل ياراتىپتۇ،
مىنى بۇندا بۇلبۇل.
كۆزى ئوتلۇق، سىچى سۇمبۇل،
كويۇگدا مەن بۇلبۇل.

تەستىقىڭدىن ئۆرگۈلەي،
ئالتۇن تۇمارىم.
بارچە خەقلەر ئاراسىدا
كۆڭۈل خۇمارىم.

قىزىل ئەمەن قىزىرمايلا،
ئەجەب ئاندا تۇمان بوپتۇ.
كۆيەر ئوتقا مىنى سىلىپ،
ئۆزى يولغا راۋان بوپتۇ.

تام بىشىدا رەڭگى پاختەك،
ئاراسىدا كۆكىنەك.
ئوك قولۇمغا خوپ ياراشتى،
يارىم بەرگەن پوستىنەك.[29]

يارىم بەرگەن پوستىنەكىنىڭ،
ئالتۇن مىنەن[30] زەرى بار.
ياخشىنىڭ قىلغان خۇيى،
ئىچتە يۈرەكتە دىغى بار.

داغمۇ داغ ئەتمەك يارىم،
شاۋزە كۆيدۈرمەك يارىم.
ئىلمە كۆڭلەكلىك ئىپىسپ،
ئالدىدا دىزمال سىلىك،

ئۈنچىنى مارجانغا بەردىم،
زەرەمۇ زەر بولغايمۇ دەپ.
بۇ بېيىتنى ئۈزلىرىگە ئېيتتىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

## كاشكى

سەھەردىن ئۆتسە چۈش بولۇر،
يارنىڭ كۆڭلى ئۈچ بولۇر.
بىر كۆرسە ئارمان بولۇر،
بىر كۆرمىسە ئىدى كاشكى.

چۈشتىن ئۆتسە بولۇر پېشىن،
يارنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم.
يار ئىشقىدا سەۋدا بېشىم،
چىرمىشىپ ياتسامدى، كاشكى.

پېشىندىن ئۆتسە بولۇر دىگەر،
يار كويىدا كۆيەر جىگەر.
چوغى سۆڭەكتىن ئۆتەر،
كۆيدۈرمىسىدى كاشكى.

دىگەردىن ئۆتسە شام بولۇر،
مېنىڭ كۆڭلۈمگە غەم تولۇر.
بىر كۆرسە ئارمان بولۇر،
بىر كۆرمىدى كاشكى.

شامدىن ئۆتسە بولۇر خۇپتەن،
ئىككى ئاشىق بولسا جۈپتەن.
بىر جۈپ لەۋلەر بولسا گۈلقەن،
تاڭ ئاتمىسىدى كاشكى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاراتۇرۇك ناھىيە باي يېزىسىدىن:
ئادىل قادىر. 1982 - يىل.

مۇستاپا يادىڭدا مەن
ئالتە ئاي، ئالتە يىلدىن.
مەن سېنىڭ كويۇڭدا مەن.
ئالتە ئاي، ئالتە يىلنى.
ئالتە كۈنچە، كۆرمىدىم،
هەر قانچە يىراق بولساڭمۇ،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.
سايدا بېرىپ قوشۇلغان سۇنى
سۈيۈم دەمدۇ كىشى.
سىنىماي كۆڭۈل ئېلىشقان يارنى
يارىم دەمدۇ كىشى.

* * *

سۇنىڭ سۈزۈكى بولاق،
چاچىنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق.
سەن يىراقتىن يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قولاق.

* * *

بېيىت پۈتۈدۈم
زوتىنە تاۋاغا.
خەت ئەۋەردىم
بەختى ناۋاغا.

قارا قاش چىقمىدى،
ئۆيدىن تالاغا.
بىكارغا يىغلاپتىمەن،
سەن بىۋاپاغا.

www.uyghurkitap.com

بىۋاپاغا يىغلىغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.
خۇداغا يىغلىسام،
ئۆڭلار بىشىمنى.
ساماندەك سارغىيىپ،
تۆكتۇم يېشىمنى.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى
كىشىگە خار قىلىپ بولماس.

* * *

قارا قۇش ئۇچار بولدى،
ھوگا ئارىلاپ.
جان ئىككى كۆزىمىز،
ئۆزلىرىگە قارالاپ.
يۈرىكىمىز قالمىدى،
سېرىق سۇ باغلاپ.
جېنىمىزنى ئالدىلا،
چوغ بىلەن داغلاپ.
سىياچا كۆرىگىنى
بار دېپ ئاتايدۇ.
يارىنىڭ قوينىنى
بېھىش دەپ ئاتايدۇ.

* * *

قارا قۇشلار ئۇچۇپ كەتتى،
ئاسمان ئارالاپ.
ئىككى كۆزۇم ئېتىپ كەتتى،
ئۆزلىرىگە قارالاپ.

ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانلىقى
ئالتۇن، كۈمۈشتەك.
ئوتلىرىغا كۆيۈپ كەتتۇق،
سېرىق قومۇشتەك.

ئوتلىرىغا پايلىماي،
ئېقىن دەرياسىدەك ئاقسام.
مۇبادا بولمىسا،
يۈرەكنى - يۈرەككە ياقسام.

ئاخىر كۆرۈشمەك ئۈچۈن،
قىلغاي خۇدايىم بىزنى نېسىپ.
پىراقلىرىدا كۆيگىچە،
مەنمۇ ماڭاي قانات قېقىپ.

تام بېشىدا ئولتۇرادۇ،
بوينى ئالا بوز لاچىن.
مەھەللىڭىزگە يېڭى كەلدىم،
ھەر تەرەپكە يول ئاچىڭ.

مەللىڭىزنى سۇ بېسىپتۇ،
ئۆتكۈدەك جاي بارمىكىن.
ئاي يۈزىڭىزگە نۇر يېغىپتۇ،
سۆيگۈدەك يار بارمىكىن.

تۆۋەيندىن كېلىۋاتىمدۇ،
زەپىراندەك سارغىيىپ.
مەنمۇ چىقتىم ئارقىلىرىدىن
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىمىزنىڭ ئارىسى
قىلدى يۈرەكلەرنى كاۋاپ.
شىشىدە بويىۇڭنى كۆرسەم،
مەككى دەپ قىلسام تاۋاپ.

مەككىگە بارماڭ يارىم،
مۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۈندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغانچە بار.

مەككىنىڭ مەرەۋىي ئوخشاش،
ئەگىم - ئەگىم قاشلىرى.
ئاخشام چىققان ئايغا ئوخشاش،
خوش مۇبارەك يۈزلىرى.

كۈندۈز چىققان كۈنگە ئوخشاش،
ئوتلۇق - ئوتلۇق كۆزلىرى.
كېچە چىققان ئايغا ئوخشاش،
زەپىرەڭدەك يۈزلىرى.

بىر كۆرۈشمەستىن بۇرۇن،
جانىمنى ئالغان ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ،
جىمى ئالەم قىزلىرى.

* * *

ئاپئاق ئايلام كۈمۈش ئايلام،
ئەرتىدىن ھالىم خاراپ.
كېچە بولسا ئۇيقا يوق،
تاڭ ئاتقىچە لىم ساناپ.

يار بولسام ساڭا بولدۇم،
بولمىدىم خار ئۆزگىگە.
كەس بېشىمنى، ئىچ قېنىمنى،
قول سېلىپ بار ئۆزىگە.

* * *

ئالتۇن بولسا كۈمۈش بولسا،
سالسا بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
تەگسە يۈرەككە.

چاقمىقىڭنى چېقىپ بەرسەڭ،
تاماكا تارتسام.
يۈرەكىڭنى ئېچىپ بەرسەڭ،
يۈرەكنى ياقسام.

قاتار - قاتار غاز كەلدى،
چىمەننى ئېيتىپ.
مەن يارىمغا چاي تۇتىمەن،
ئەرزىمنى ئېيتىپ.

يېمىگەننى يېگۈزىمەن،
شېكەرنى قېتىپ.
كىيمىگەننى كىيگۈزىمەن.
جېنىمنى سېتىپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزا جىگدەقۇدۇق كەنتىدىن 74 ياشلىق ئاقپاشا.

مۇھەببەت نامىنى يازدىم،
ئاڭلىسۇن دەپ.
مېنىڭ كېيگەنلىرىمنى،
چاغلىسۇن دەپ.

ئەجەب قويدۇڭ مېنى،
ئاتەش بولاقتا.
كېچە - كۈندۈز كۆيۈرمەن،
ئىشتىياقتا.

كېچە بولسا كۆزۈمدىن
ئۇيقا قاچتى.
تامام ئەزالىرىمغا
ئوت تۇتاشتى.

كويۇڭدا بولدۇم دىۋانە،
ئىشقىڭدا بولدۇم پەرۋانە.
مېنى قىلما ۋەيرانە،
قەدرىڭنى بىلگىن جانانە.
تېنىمدە قالمىدى جان،
بولۇپتۇرمەن ساڭا قۇربان.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى، شەھەر ئىچى يېزا ئايلىق
مازار كەنتىدىن 75 ياشلىق ئابدۇللا سۇلايمان. 1988 - يىل.

ئەي يارىم ھەسرىتىڭدە ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىدىم،
گۈل يۈزۈڭنى سېغىنىپ، ھەر كۈنى چەندان يىغلىدىم.
يىغلايمەن ئاھ ئۇرۇپ بىر دەم كۆڭلۈم خوش بولمىسا،
ھېچ ئىلاجىم يوق مېنىڭ يارىم يېنىمدا بولمىسا.
مېنى قويدۇڭ بۇ ھەسرەتتە، ئۆزۈڭسەن ئاندا راھەتتە،
ئىككىلەن بىر كۆرۈشكەيمىز قاچانكى بىر كۈن ياخشى سائەتتە.

* * *

ئەي ئەزىز، جاندىن ئېزىز مېھرىبانىم،
بۇل مېنىڭ تولا كۆيەدۇ خەستى جانىم.
بۇل مېنىڭ خەستى جانىمغا كۆپ جاپا قىلدىڭ،
كىرپىك ئوقۇڭنى ئېتىپ يۈرەكىمنى يارا قىلدىڭ.

كىچىككىنە ئېرىقىم بار چامداپ ئۆتكۈدەك،
سۈزۈككىنە سۈيى بار سۈمۈرۈپ ئىچكۈدەك.
سۈزۈككىنە سۇ ئىچىدە چېپار ئالا تاش،
كىچىكىدىلا كۆيدۈرگەن جانىم قارا قاش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ كادىرى 60 ياشلىق ئابدۇكېرىم رېھىم.

* * *

ئۇل يارىمنىڭ مەندە باردۇر،
ھالقا - ھالقا زەنجىرى.
قاشلىرى ئۇنداق نازاكەت،
ئىككى زۇلپى ساچلىرى.
لەئلى ياقۇتتىن ئېزىزدۇر،
تاجى دۆلەت باشلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ،
جۇملە ئالەم قىزلىرى.

ئۆزلىرىنىڭ غەملىرىدىن،
بىر ئەپىسى غاپىل ئەمەسمەن،
ئۆزلىرىدىن ئۆزگىنى
ھەرگىز يارىم دىمەسمەن.
مىنىڭدىن ئۆزگىنى يارىم دىسلە،
قىيامەت دەھشىتىدە دەۋا قىلۇرمەن.

*　*　*

قارا ـ قارا سىلكىنىپ،
مۇرەگدە تۇرغان ساچلىرىڭ.
ئەگىم ـ ئەگىم ئىگىلىپ،
دىۋانە قىلغان قاشلىرىڭ.
ئەگىم ـ ئەگىم قاشلىرىڭنىڭ،
بىر تەرىپى مەندىمەن.
كۆندۈزى كويۇگدا مەن،
كىچىسى غىمىگدە مەن.
سەن تولا غەم قىلمىغىن،
ھەر زامان يېنىگدا مەن.

*　*　*

يىراق يەرلەردىمىكىن دەپ،
جۇدا بولدۇقمىكىن يارىم.
ئۆزلىرىنى بىزگە قوشۇرمىكىن،
ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم.
جۇدا بولدۇقمىكىن دەپ،
خىيال ئەيلىمەڭ يارىم.
ئارىمىز يىراق بولغان بىلەن،
دائىم سىزدىدۇر خىيالىم.

خەت پۈتۈپ نامە ئەۋەتتىم،
تىللا بويلۇق تونىغا.
ئۆز ماكانىدا تۇرۇپ،
كۆيدۈردۈ ئوتىغا.
بىر قاراپ ھەسرەتتە قالدىم،
ئۇل پەرى رۇخسارىغا.
ئىككى كۆرۈپ بولدۇم ئاشىق،
سۆزلىرى مەستانىغا.
ئۈچ كۆرۈپ ئەرزىمنى ئېيتاي،
ئاددىشىم سىز يارىغا.
تۆت تېپىشقاندا بولايلى،
خوجىرى تەييارىغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا قارىتال كەنتىدىن 92 ياشلىق زاھىت پالۋان. 1988 - يىل.

# قىقاس بېيىتلىرى

قۇمۇل خەلقىنىڭ كۆپىنچە چاقچاقلىرى شېئىرىي تۈس ئالغان. تۇرمۇشتىكى غەلىبە، نەتىجە، يېڭىلىق، خۇشاللىقلار، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدىكى ناچار خاھىش، ئىللەت، بەدقىلىق، ئەدەبسىزلىكلەر ھازىرجاۋاب كىشىلەر تەرىپىدىن دەرھاللا قاپىيىلىك ھەزىل - چاقچاقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ بۇ چاقچاقلارغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ «قىقاس» سېلىپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. «قىقاس» سېلىش مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە رەسمىيەتلىرى بار. توي - مەرىكە، مەشرەپلەردە ئويۇن - تاماشا راسا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا، سورۇن ئەھلى ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىدۇ. نەغمىچىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنتىغان ھالدا شوخ، شادىيانە پەدىلەرگە چالسا، ئۇسسۇلچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، قىزغىن ئۇسسۇل ماھارەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بىر قىسىم جوغدۇن، قىزىقچى يىگىتلەر ئۇلارنى تەرىپلەپ بېيىت ئۇنابۇك ئوقۇيدۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ھەر تىنىغان ئارىلىقتا «قىقاس» تۇۋلاپ بېرىدۇ. بەزىدە بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارمۇ قىقاسچىلارنىڭ مەسخىرىسى ئىچىدە قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا «ھە، بارىكاللا، قىقاس» دېگەن ئاۋازلار ئۆينى بىر ئالىدۇ، ئەل نەغمىچىلەرمۇ ئويۇن - تاماشىنىڭ قىزىقىدىن ئورنىدا ئولتۇرالماي ئۆرە تۇرۇپ چېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشرەپنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ. ئارىلىقتا مەشرەپ باشقۇرغۇچى ئۆي ئىگىسىگە ۋەكالىتەن ئۇستىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېپەك رەخت يېپىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ «پالانى ئاخۇننىڭ پالانچىغا ئاتىغىنىكەن» دەپ پەتنۇسنى كىشىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ. سورۇن ئەھلى ئىختىيار قىلىپ ئۆزىنىڭ ئاتىغىنىنى پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويىدۇ. بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ۋە باشقا مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئەلنەغمىچىلەرگە ئاتىغان ھەدىيىسى ياكى رەھمىتى بولۇپ قالىدۇ.

مەن بىر ئەر ئىدىم،
بارنى يوق قىلىدىغان.
يوقنى بار قىلىدىغان،
ئەتىدىن ئاخشامغا
تېكىنىڭ تېشىچە لاي قىلىدىغان.
كەسلەنچۈككە،
يۈگەن سالماي مىنىدىغان.
تاغنى كۆتۈرۈپ،
ئوكىدىسىغا ئېلىپ ئۆرىدىغان.
ئوقيانىڭ يايىنى كەرمەي ئاتىدىغان،
قاخشالمۇ ـ قاخشال،
چاھارباغدا باخشال.
توي ئىگىسى نەغمىچىلەرنىڭ بېشىدىن.
بىر توپ تاۋار ئۆرۈيتۇ،
ھە! خالايىق، بارىكاللا قىقاس!!

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزىسىدىن: پېشقەدەم ئەل نەغمىچى نىياز باست. سايىگۇ مەھەللىسىدىن 71 ياشلىق دوما يۈسۈپ.

* * *

پولونى كۆرۈك پادىشاھ بولدى،
بەش يۈز ئەسكەرنى باشلاپ ھە ....!
مانتىنى كۆرۈك ئەلەم بولدى
قالپىقىنى قىرلاپ ھە ....

بەنشىنى كۆرۈك دورغا بولدى،
قالپىقى قىلدىن يوغان ھە ....!
ھېسىپ قالدى كېيىن مەنسىپى،
تايىن بولمىغان ھە ....!
ھە كۆپچىلىك
بارىكاللا قىقاس!

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزا، لاپچۇق 2 - دادۈيدىن 72 ياشلىق گېكىل داۋۇت. 1988 - يىل.

* * *

تۇلكە توقماقچىدى،
بۆرە چوماقچىدى،
سېغىزخان خەۋەرچىدى.
قۇيرۇقى يەردىدى،
بىر قىزى ئەردىدى،
بىر قىزى مەندىدى،
مېنىڭ بىر خوتۇنۇم باردى،
ئۇنىڭ ئېتى زورىدى،
بىر سىقىم ئۇننى تارتسام،
شامالغا سورىدى.
كېچىسى قوپۇپ جۆيلىدى،
قورسىقى كۆپۈپ ئۆلدى.
قاخشالدا - قاخشال
شەلۋەردە قاخشال.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككى جوگان بىر يىگىت،
ئۇسسۇل ئوينايتۇ.
گۈلزەپەرگە ئۇخشار،
بارىكاللا! قىقاس!!

* * *

ئۇنىمگەن چىغ تۇۋىدىن
تۇغۇلمىغان توشقان چىقتى،
كەسمىگەن تاياق بىلەن ئۇرۇۋىدىم.
ماتىمىغان ㉛ ئورىغا چۈشتى،
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى.
يەتتە پاتمان چاۋىسى،
ھەممە خەقلەر بىر بولۇپ يېۋىدى،
قالدى يەنە تەك يامىسى.
قاخشالمۇ ـ قاخشال،
قاخشال كۆتۈرگەن باخشال.
ئاخۇن بوۋام، ئايلا مامام،
جوۋاب ㉜ ئۇسسۇل ئوينايتۇ.
سېرىق زەپەر گۈلگە ئوخشار.
قېنى خالايىق بارىكاللا قىقاس!

* * *

ئېگىز ئورتەڭنىڭ ئوتى،
چاچرىغاق بولۇر.
يامان خوتۇننىڭ قىزىنى ئالساڭ،
تاتىلىغاق بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاخشالمۇ ـ قاخشال،
چاھار باغدا باخشال،
بىر يىگىت، بىر قىز ئۇسسۇل ئوينايتۇ،
گۈزەل پەرىگە ئوخشار.
بارىكاللا خالايىق قىتاس!
قەغەز بىلەن قازان ئەتتىم،
ئۆي بېشى پاتتى.
ئوت قالىمىدىم، سۇ قۇيمىدىم.
قاينىدى تاشتى.
كەسلەنچۈككە ئوقۇرۇق سالدىم،
ئۇلىپ ئەپقاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلاشتىم،
بەش تاپان ئاشتى.
كەسمىگەن تاياق بىلەن بىرنى سەپتىمەن،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
سوقمىغان پىچاق بىلەن تارتىپ بوغۇزلىدۇق،
ئاغا ـ ئىنە ئىككىيلەن تەڭ سويدۇق.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
يېغى بىلەن يازلىدىم،
گۆشى بىلەن قىشلىدىم.
ئاغىنە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن يېدىم،
ھېلىمۇ بار تەڭ يامىسى،
قالغان ياغىنى ئۆتۈكۈمگە سۈردۈم،
بىر پارچە كېگىزنى پايتىما قىلدىم،
قېقىراك يەرگە چىقىپ، ماڭدىم چۈش بولدى،
ئاڭا قاراپ كۆڭلۈم خۇش بولدى.
قاخشالمۇ ـ قاخشال،

شەرۋەلدە باخشال.
بىر يىگىت، بىر جۇگاننىڭ ئۈسسۈل تويىنىشى
گۈل زەپەرگە ئوخشار،
خالايىق بارىكاللا قىقاس!

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى تىيانشان رايون، تۆمۈرتى يېزىسىدىن: 67 ياشلىق قىياس نۇردۇن، 30 ياشلىق ئابلىز ئىمىن. ئېدىر يېزا شۆيتى كەنتىدىن: 72 ياشلىق كېرەم يۇنۇس. 1987 - يىل.

* * *

موللامنىڭ موللىسىنىڭ ئېتى،
يىدائىي خېتىپ.
ئېشەكنى ئوغرىلاپ،
بۇغدايىنى ئارتتى.
چىلانتورۇق ئېتىنى مىنىپ،
قىزيۇغۇنغا قاچتى.
ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ،
تېرىسىنى چوقۇپ ئىدى.
قۇيمۇچىغا ㉝ تارتتى،
قاخشالمۇ ـ قاخشال،
شەرۋەلدە باخشال.
بارىكاللا قىقاس!

* * *

مەن بىر ئەر ئىدىم،
قالپىقىمنى قىرلىغان.
مۇنۇر بەگنى دورىغان،
بىر شىلك كىۋەكنى،
يۆلەتمەي كۆتۈرىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوڭغۇزنى دۆڭگە تارتماي مىندىغان
قاخشالدا ـ قاخشال،
چاھار باغدا باخشال،
ھەممە خالايىق ئۇسسۇل ئوينىپتۇ،
گۈل زەپەرگە ئوخشار،
ھە، يىگىتلەر قىقاس!

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىدىن
63 ياشلىق غوجامىنىياز لەنجاك. 1987 ـ يىل.

* * *

پاقا تېرەككە چىقتى،
قۇيرۇقى شاختا.
بوز تونغا كىمخاپ ياقا،
قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا.
قاخشالمۇ ـ قاخشال،
چاھار باغدا باخشال.
بىر يىگىت بىلەن بىر قىز،
ئۇسسۇل ئوينىپتۇ.
گۈلزەپەرگە ئوخشار،
بارىكاللا! قىقاس!

* * *

پاقا جەردىكەن،
قۇيرۇقى يەردىكەن،
ئۇسسۇل ئوينىغانلار تۆردىكەن،
ئوينىمىغانلار يەردىكەن.
جۇۋا كەستىم ـ جۇۋا كەستىم،

جۇۋىدىن چىقتى پۇرۇش،
بىر يىگىت، بىر جۇگان ئۇسسۇل ئوينايتۇ،
قالغانلارغا نە تۇرۇش.
قېنى كۆپچىلىك مانا كەتتى، قىقاس!

* * *

ھەلەپ بەردىم ئىنەككە،
ئالدىم سامان سېۋەتكە.
بۇ ئىككىيلەن ئۇسسۇل ئوينايتۇ،
نۇچۇك چىداي بۇ دەردكە.
ئالمىنى ئاتتىم، باققالغا ساتتىم،
مەيلىگىلارچە ئويناگىلار.
كۆرەر كۆزۈمنى كۆرمەسكە سېلىپ،
مەن ئۆيگە قايتتىم.
خەير - خوش خالايىق،
بارىكاللا قىقاس!

* * *

موللام چىقتى ئۆرۈككە،
كىردى چوماق پۇرۈككە،
چىقمىسىدى ئۆرۈككە،
كىرمىسىدى پۇرۈككە.
قېنى باللار، بارىكاللا قىقاس!

قەشقەرگە ھاكىم بولدۇم،
يەكەنگە تۆرە.
ئىدىگەندە مانتا يېدىم،
ئاخشىمغا پۆرە.
ئۆزۈم موللا بولغان بىلەن،
ئوقۇمۇدۇم ئۇششاق سۈرە.
بارىكاللا، قىقاس!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالتى پۇتغا ئۇي ئالدىم،
ئاتىمىش سەرگە توخىاق.
ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ،
قۇيمۇچىغا سوقىاق.
بارىكاللا قىقاس!

مەن بىر ئەر ئىدىم.
ئالتى ناننى هاپ قىلىدىغان.
يېمىگەننى شوم قىلىدىغان.
يەيدىغاننى يەپ بولۇپ،
يەنە بارمۇ دەيدىغان.
ئىشتىنىمنىڭ پۇشقىقىنى مەيدەمگىچە تۈرىدىغان،
كەچكىچە ئون ئىككى جىڭ كەتمەننى مۈرەمگە سېلىپ.

تىكىنىڭ تېشىچە لاي قىلىدىغان.
لاي قىلىپ بولۇپ ئۆيگە كەلسەم،
كەلمىگەن مېھمانلار كەپتۇ،
ئۆچكە ئۆلتۈرەي دېسەم چوپۇرچىلىق.
قوي ئۆلتۈرەي دېسەم ئورۇقچىلىق.
توگە ئۆلتۈرەي دېسەم توقچىلىق.
شۇنداقتىمۇ تارتىپ ئېلىپ كېلىپ بىرنى بوغۇزلىدىم.
تېرىسى ئوتتۇز گەردىشكە داپ بولدى.
مۈڭگۈزى توققۇز كەتمەنگە ساپ بولدى.
گۆشىنى مېھمانلار يەپ بولالماي كۆپ بولدى.
يەنە قىرىق توققۇز داسقا چوقا ئاش بولدى.
قاخشالمۇ ـ قاخشال،
چار باغدا باخشال.
ئوتتۇردا بىر خېنىم ئۇسسۇل ئوينايتۇ.

ساچلىرى سۇمبۇلدەك،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك.
كىرپىكلىرى بۇغداينىڭ قىلتىرىقىدەك.
كۆزلىرى قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك.
قاچارلىرى ئانارەدەك،
قوللىرى ئەۋرىشىمدەك.
بويلىرى قىرچىن تالدەك.
ھە! يىگىتلەر باركاللا قىقاس!

* * *

قارا قاغا قازانچى،
ئالا قاغا ئازانچى.
ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلار نەغمىچى.
ئوتتۇرىدىكىلەر ئۇسسۇلچى.
چۆرىسىدە تۇرغانلار تاماشا كۆرگۈچى.
يان يەردە ئېرىق بولماس.
قۇم يەردە تېرىق بولماس.
يان يەردە ئېرىق بولسا
سېرىلغەك بولۇر.
قۇم يەردە تېرىق بولسا
يالغۇزەك بولۇر.
ئايالار ئوغۇل تۇغسا،
نەغمىچى بولۇر.
قىز تۇغسا ئۇسسۇلچى بولۇر.
ھە...! يىگىتلەر باركاللا قىقاس!

* * *

مېھمانلار چىقسۇن دۆشكە،
تويدا ئۆلتۇرۇپتۇ ئۆچكە.
ئاياللار كېلىپتۇ ئاسقىدىكى
لوققىدە گۆشكە.
ئەر كېلىپتۇ قۇرۇقلا تۆشكە.
ھە...! مېھمانلار بارىكاللا قىقاس!

* * *

قېرى يېنىپتۇ يېشىغا،
پوسما كىيىپتۇ بېشىغا.
ئۇسما قويۇپتۇ قېشىغا،
مەنمۇ كەلدىم قېشىغا.
بەش يىگىتنىڭ بېشىغا.
نەدىن كەلدى ئاچچىقىم.
تېپىۋەردىم بېشىغا.
قاچىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشتى.
ئۆرۈۋەتتى ئىشىكنى تېشىغا.
قاخشالمۇ قاخشال.
چار باغدا باخشال،
بىر جۇگان ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
قارچۇغىدەك سىلكىنىپ،
قارچۇغىدەك ئېتىلىپ.
ۋاي! يىگىتلەر قىقاس!

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزا
كۆچەتلىك مەھەللىدىن: 76 ياشلىق ياقۇپ روزى، لاپچۇق تۆگ
ـمەن بويى كەنتىدىن: سۇلايمان ئاتاۋۇللا. 1988 - يىل.

* * *

باغچىلارغا گۈل تېرىپ،
تۇتتۇۋالدىم ھەرىنى.
ياشلىقىمغا پايلىماي
سۆيۈۋالدىم قىرىنى.
ئالتى پاتمان يېغى چىقتى،
چەلپەك ئەتتىم بەرىنى،
چەلپەكنى يەپ بولۇپ
قوڭمغا تەپتىم قىرىنى.
قاخشالدا قاخشال، چاھار باغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلى ۋاخشال قىقاس!

* * *

ۋاككا - ۋاككاك ۋاك تاجى.
شەھەرنى ئالغان قىزىن تاجى.
ئالتى فۇڭغا بوغۇز ئېلىپ،
يەتتى تۇلۇمغا ساتقان ساۋۇر ھاجى.
يورغا ئاتنىڭ كۆلەڭگۈسىگە قارىغان مەمتىلى ھوشۇرھاجى
ئۇزۇن چاپان چاڭدىخىن،
كالتە چاپان دۈەندىخىن.
گەپنى قىلساڭ دودى قىلما
خودى ئاغزىڭ زاڭدىخىن.
بۈگۈن بەرگەن قۇيرۇقىڭدىن،
ئەتىكى ئۆپكەڭ شاڭدىخىن.
قاخشالدا قاخشال، چاھار باغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلىۋاخشال قىقاس!

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

موللام چىقتى جوجەمگە،
يۈگۈرۈپ چۈشتى تۈزلەڭگە.
قاشنى ئېتىپ سۆيىۋالاي
ئۇپا سۈرگەن يۈزۈڭگە.
مىنگىنىم جەردە ئۇلاق،
تۈگۈرمەننىڭ قوۋغى سولاق.
تۈگۈرمەننىڭ قوۋغىنى ئاچالمىغان
بىگىسى يوق خوتۇن تالاق.
قاخشالدا قاخشال، چاھار باغدا باخشال.
گۈلى زەپەر گۈلى ۋاخشال بارىكاللا قىقاس!

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاراتۈرۈك ناھىيە باي يېزىسىدىن؛
67 ياشلىق پېشقەدەم ئەل نەغمىچى يەھيا قارى. 1986 - يىل.

ئاشتۈرۈك، تاشتۈرۈك،
ياخشىنى ياندىشتۈرۈك.
ياماننى ئازغاشتۈرۈك،
داپنى چالغاچ تۈرۈك.
ناخشىنى ئېيتقاچ تۈرۈك،
ئۇسسۇلنى ئويناپ تۈرۈك،
قىقاسنى مەن سالغاچ تۇراي،
قىنى كۆپچىلىك بارىكاللا قىقاس!

* * *

سازلىرىڭنى ئالساڭچۇ،
داپلىرىڭنى چالساڭچۇ.
ناخشىلىرىڭنى ياڭرىتىپ
قىزلارنى ئۇسسۇلغا سالساڭچۇ.

يىگىتلەرنى خۇش قىلىپ،
مېنى قىقاسقا سالساڭچۇ؟!
... گۈلزەپەر گۈلقىقاس!

* * *

چىنا - چىنداندىن چىقار،
غىدىر قۇمداندىن چىقار.
تاشكۆمۈر تاغدىن چىقار،
جىگىرتەك ياغدىن چىقار.
كۆيكى ئەندى بىسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقار.
بارىكاللا قىقاس!

تاماكا لەمجىندىن چىقار،
چىنە بەجىندىن چىقار.
قاخشال توراق نومدىن چىقار،
سۆكسۆك ئۇتۇن بايدىن چىقار.
ياخشى يارنىڭ كۆيىكى،
جان تالاشقاندا چىقار.
بارىكاللا قىقاس!

* * *

جاجەملەر پىشىپ قاپتۇ،
ئۇقۇرۇق ㉞ بىلەن قاقايلى.
ئۈزسۈلچىلار ھېرىپ قاپتۇ،
ھەلەپ بېرىپ باقايلى.
قاخشالمۇ قاخشال،
چاھار باغدا باخشال،
ھە يىگىتلەر! بارىكاللا قىقاس!

* * *

كەلسگەندىن كەلگىنىڭ ياخشى،
يىغلىغىنىڭدىن كۈلگىنىڭ ياخشى،
مەشرەپكە كېلىپ جىم ئولتۇرغاندىن،
سەكرەپ - سەكرەپ ئوينىغان ياخشى....
بولىسا كەتكىنىڭ ياخشى.
ھە! كۆپچىلىك باركاللا قىقاس!

ئېيتىپ بەرگۈچى: قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزـ
لىكى باشقارمىسىنىڭ كادىرى 32 ياشلىق قادىر سالى.

* * *

بىرگىنە موللا كېلىپتۇ خانىدىن،
جۇسەي پۇرايدۇ تۆرىگە قويغان مانتىدىن.
بۇ گېپىڭ ماڭا ئېغىر تەگدى
سوقما سوققان لانتىدىن.
ئەندى ھەرگىز يېمەسمەن
جۇسەيدە ئەتكەن مانتىدىن.
ئەتى سايدىن ئوتۇن ئالدۇق
ياخشى تاماق ئېتىشكە.
گايىت موللام ئالدىرايدۇ
ئۆيگە چاقچان كېتىشكە.
بۇگۈن ئويناپ مەشرەپ،
ھودۇقتى ئۇ، تەمتىرەپ،
ئۇيالدىمۇ يە خەقلەردىن.
قالدى ئەجەب ئەندىرەپ.
ھە! خالايىق باركاللا قىقاس!!!....

ئېيتىپ بەرگۈچى. قومۇل شەھەر قارادۆۋە يېزا سايائـ
غىز مەھەللىسىدىن ھاپىز موللا 1988 - يىل.

## ئىزاھلار:

① شۇئۇن — شۇ

② ئۇيۇش — قېتىپ قېلىش، ئۇخلاپ قېلىش.

③ سۈۋمەن — قىرائەت، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان ئۆي

④ سوغۇن — ئىشىك تاقايدىغان ياغاچ قولۇپ

⑤ كۆندۈك — سېغىز لايدىن ياسالغان ساندۇق

⑥ ھاندۇق قىلىش — تەييارلىق قىلىش

⑦ ئۈچ ئوق — ئۈچ كۈن مەنىسىدە

⑧ سېچەك — چېچەك

⑨ ماگدا — تاپسا، پەگاھ

⑩ كار — ئىش

⑪ مازۇ — دانە (بۇغداي دانىسى)

⑫ دۇنىنۇك — تۈگلۈك

⑬ بوغۇم — قومۇلدا ئۆزىدىن كىچىكلەرنى بوغۇم دەپ ئاتايدۇ.

⑭ داھا — ئەگەر، ئاۋادا

⑮ ئەرەك — ۋاراق

⑯ پىستان — مېھمان كۆرپىسى

⑰ ئوۋلاپ — جولاپ — تەلىم - تەربىيە بېرىپ ياخشى ئېيتىپ تەربىيە بېرىش

⑱ ئوۋاپ - جوۋاپ — كۆك جاپاسىنى تارتىپ

⑲ گەدە — ۋەدە

⑳ ھەنتاق — يانتاق

㉑ روتمىنە — زەيتۇنە

㉒ ئەرنى — لەۋ، كالپۇك

㉓ جۇملە ئالەم — جىمى ئالەم

㉔ دارادۇ — تارتماق، مەپتۇن قىلماق، ھەلپ قىلماق.


㉕ جالاق — باشقۇرۇش، بۇيرۇق

㉖ سافرا كېپەش — ئېشەك تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئاياغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

27. مۇختەم — بەرناز تەخىر قىلماق، بەردەم
28. بېخىر — جىگەر
29. پوستىنەك — پوستى پىياز خەمەكى
30. مەنەن — بىلەن
31. ماتاش — كولاش
32. جوۋاپ — ئىلتىماس قىلماق، ئاۋارە بولماق
33. قويمۇش — ساغرا
34. ئوقۇرۇق — مېۋە - چېۋىلەرنى قاقىدىغان ئۇزۇن تاياق

# مۇھەببەت قوشاقلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئارزۇ - ئارمان ھەققىدە

قاغىلار قاتار - قاتار،
ئايدىڭ بولسا، ئايدىڭ بولسا.
يۈرىكىم راھەت تاپۇر،
كۆڭلۈمدىكى يارىم بولسا.

سۈنمۇ ئېچىپ قويدۇم،
ھويلىدىكى ئۈزۈمگە.
ماقۇل دېگىن چىرايلىق،
غىلجىڭلىماي سۆزۈمگە.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەنىنىڭ نورى دەڭلار.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزىنىڭ شورى دەڭلار.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
ئېرىقتىكى ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار
تام قوشنا يېقىن بولسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

ئېرىق بولسا كەڭ بولسا،
سۇنى قۇيسا تاشمىسا.
يار بولسا لەۋەن بولسا،
سۆيۈپ قويسا قاچمىسا.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
يارنى مەن تۇتقان بىلەن
قېنىپقىنا سۆيگەن يوق.

سارغىيىپ سامان بولۇپ،
تۇراي سېنىڭ ئالدىڭدا مەن.
خالى جايلارنى تېپىپ،
ئېيتاي ساڭا ھالىمنى مەن.

تاغقا چىقتىم كىيىك ئاتتىم،
بوز كىيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ سۆيگەن يارىمنىڭ
قويندا ياتالمىدىم.

قۇرغۇي بولۇپ ئەگىيمەن،
يارىم سېنىڭ ئۆيۈڭنى.
ئاڭلايمەن ئاۋازىڭنى،
بىر كۆرمەيمەن خۇيۇڭنى.

مەن يارىمنىڭ دۆلىتىدە،
ئولتۇرۇپ ئاچتىم كۆڭۈل.
ئول زامان تەختىدە بولدۇم،
بىر ئەركە سۇلتان ئوغۇل.

گۈل بولۇپ تۇرساڭ ئەگەر،
بۇلبۇل بولۇپ قونغۇم كېلۇر.
ئويناپ كۈلۈپ يۈرسەڭ ئەگەر،
قۇچاقلاپ سۆيگۈم كېلۇر.

بۇغدايىنى تېرىپ قويدۇق،
دۆۋەجىن تۈزلەڭلەرگە.
بىزمۇ بېرىپ قالارمىز،
سەككىزىنچى ئاي كۈزلەردە.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غۇلاچ بېغى بىلەن.
خاتىرەڭنى جەم قىلغىن،
ئوينايمەن سېنىڭ بىلەن.

شايى چاپىنىم بولسا،
شامال چىققاندا كىيسەممەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
تاڭ سەھەردە سۆيسەممەن.

سايغا چىقتىم بىر كۈنى،
كۆرۈپ قالدىم تۈلكىنى.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
خۇشال ـ خۇرام بىر كۈنى.

يەل ـ بوراندەك يەلپۈنۈپ،
يەتسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
مىرزا گۈلدەك ئېچىلىپ،
سانجىلىپ يۈرسەم بېشىغا.

يارىمنىڭ سارايىنىڭ،
ئۈتتۈرىسىدا يول بولسا.
ئادىل پادىشاھ بولسا،
سۆيگەن ياردىن ئايرىمىسا.

شۇ سېنىڭ باي بولمىغىڭ،
تېرىقچىلىق يەردىن ئەمەس.
بالا پەرزەنت بولمىقى،
ئۇل خوتۇن، ئەردىن ئەمەس.

سىز يارىم ئالدىرىماڭ،
بىر كۈنى پەرمان تۇشىدۇ.
خۇدايىم بۇيرىغان كۈنى،
سىزنى بىزگە قوشىدۇ.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
ئۇينىسا جان يايرىسا.
دوستلىرى خۇشال بولۇپ،
دۇشمەنلىرى قان يىغلىسا.

كۆك زوچو پوتىنى،
ئىككى چىرماپ باغلاپتىلا.
يار ئۆستىگە يار تۇتۇپ،
يۈرەك - بىغىرنى داغلاپتىلا.

دەنجانىڭ قىزى بار،
ئېرىق ئۆستەڭدە ئىزى بار.
ئەر كەلسە بەرمەيدۇ،
ئالىدىغان ئەرنىڭ كۆزى بار.

بەگ - غوجاملار، سىرلاپتۇ،
ئېگىز ئوردا تەختىنى.
خالايىقلار تىلەگلار،
ئىككىمىزنىڭ بەختىنى.

بارغۇدەك باغ بولسىچۇ،
ئولتۇرغىلى جاي بولسىچۇ.
يار بىلەن ئات چاپقىلى
تۈپتۈز بىر ساي بولسىچۇ.

ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.
چېقتىم سېنى ئىزلەپ - سوراپ.
تاپسام سېنى جاھان كېزىپ،
ئالسام سېنى قەندەك شوراپ.

خەلقى ئالەم ئالدىدا،
قالدىم ئەمدى سوراقتا.
مەن قاچانمۇ يېتەرمەن
يارىم بىلەن مۇرادقا.

تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر،
گۈل باشىمغا سانچىلۇر.
شۇ مېنىڭ خەستە① كۆڭلۈم:
يارنى كۆرسە ئاچىلۇر.

دەرد كەلدى، پىغان كەلدى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارىمدىن خەۋەر ئالسام،
ساقىيۇرمەن، ئۆلمەسمەن.

كىچىككىنە كەپەم بولسا،
سارايىنىڭ كېرىكى يوق.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
بايلىقىنىڭ كېرىكى يوق.

سەن تەلۋە دېدىڭ مېنى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارنىڭ شاملى تەگسە،
ساقىيۇرمەن ئۆلمەسمەن.

ئاقتۇر بېلىكىم ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيىم يوقتۇر.
ياردىن تەلىيىم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.

ۋاي ئاداش قايرىما قاش،
باغدا تېپىشقان بىر ئاداش.
ئەۋەلدە يالغان ئىدۇق،
ئەمدى بولايلى چىن ئاداش.

ئىرغاينى كېسىپ قويدۇق،
قۇرىسا قالايلى دەپ.
يارلارنى تۇتۇپ قويدۇق،
چوڭ بولسا ئالايلى دەپ.

مەن قاچان چوڭ بولىمەن،
يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن.
سۆزىگە سۆز ياندۇرۇپ،
دەردىگە دەرمان بولىمەن.

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ،
مڭگەن قوغۇن پۇرايدۇ.
كچكلكتە تۇتقان يار
ئپار -زەپەر پۇرايدۇ.

بز قۇمۇلغا بارماقچى،
غوجام خيدن② يانماقچى.
چەندازامدا بەش ياماق.
يۇملاق جۇگان ئالماقچى.

تەرپاتلرنى ئشتپ،
بزلەرمۇ كەلدۇق كۆرگلى.
بلمسگەننى بلسۋالدۇق،
يەنە كېلەرمز كۆرگلى.

تال تۈۋدە ئولتۇرسام،
بېلى سۇنغان ئۆردكتەك.
يېڭى يارنى تاۋاب قلسام
باغدا ئېچلغان قزلگۈلدەك.

قېشڭزنڭ قارسى،
قلدى يۈرەكلەرنى كاۋاپ.
ھەپتدە كۆرسەم بويۇڭنى،
مەككدە قلسام تاۋاپ.

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن،
تۇماق بلەن ياز قلدڭ.
بر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئۆيدن چقماي ناز قلدڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاۋادىكى لىچىنىنى
قىل بىلەن تۇتاي دەيمەن
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارنى
سۇ بىلەن يۇتاي دەيمەن.

ئالتە قارغا ئۇچتى كەتتى،
لاي تارتقان يەرگە.
قاناتىم بولسا ئۇچۇپ كەتسەم،
ياردىم بار يەرگە.

جېنىم مەشۇق، خېنىم مەشۇق،
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟
كويۇڭدا زارى-زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلەرمەنمۇ؟

جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم،
ئايىمخان مېنىڭ دوستۇم.
ئايىمخان ئۆلۈپ كەتسە،
كىم بولۇر مېنىڭ دوستۇم.

كۆۋرۈكۈك ئەجەب تار ئىكەن،
ئۆتۈشكە ئامال بارمۇ؟
ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

ئاخشام كەلگەن بىش قاغا،
بەشىلىسى ياش قاغا.
خۇدايىم قانات بەرسە،
ئۇچۇپ كەتسەم بەششارغا.

يارىمنىڭ يولى قاراڭغۇ،
ماڭالمىدىم يول تېپىپ.
سۆيەلمىدىم مەن يارنى،
مۇڭداشقىلى جاي تېپىپ.

قارا قاش ئېگىز بويۇڭ،
قاچان بولىدۇ تويۇڭ.
قاچان بولغۇچە تويۇڭ،
خەلىدە سۆيۈپ قويۇڭ.

تام بېشىدا ئولتۇرغان،
بويىنى ئالا بوز لىچىن.
مەلىڭىزگە بىز كەلدۇق،
ئۆيىڭىزگە يول ئېچىڭ.

ئۆيگە كىرسەڭ زىلچاڭمەن،
باغقا كىرسەڭ غۇنچاڭمەن.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ئاچىلمىغان غۇنچاڭمەن.

ئېرىقنى چېپىپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ كېلىپ باقسۇن.
يارغا ـ يار كېرەك بولسا،
يارمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

باغىڭدا گۈلۈڭ بولسام،
بۇلبۇلدەك تىلىڭ بولسام.
باغقا سۇغا كىرگەندە،
سوغاڭدا سۆيۈك بولسام.

ئېغىزىڭغا، مەگزىڭگە،
سۆيۈۋالغۇم كېلىدۇ.
دوست - دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا،
ئۇيىنى قىلىۋالغۇم كېلىدۇ.

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
قوپمسام يار قېشىدىن.
خەلقى - ئالەم ئالدىدا،
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

دىلبىرىم ئايدەك يۈزۈڭگە،
زەيتۇنە خالىڭ مەن بولاي.
كېچە يېنىڭدا يېتىپ،
كۈندۈزى خېرىدارىڭ بولاي.

باغدا ئۆسكەن لەيلى مەن،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى مەن.
بىر قۇچاقلاپ يارىمنى،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى مەن.

كەيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

سېنى يارىم بىر سۆيۈپ،
كۆرسەم مەيلى كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى ھەم،
ھامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

ئالتە قارغا، يەتتە قاغا،
قايرىلدى خانغا.
قاتتىق- يىرىك بولۇشمايلى،
كەتكۈسى جانغا.

ئاينىڭ ئارقى كۈن قىزلى،
ساينى تالىشۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
خويمۇ يارىشۇر.

يېقىن بولۇپ، يىراق بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
ئارمانى يوقتۇر.

مەن كەچمگەن غول قالمىدى،
يەنە بارمۇ غول.
ئاسان قىلىڭ پەرۋاردىگار،
مەن يالغۇز ئوغۇل.

ئاللادۇرسەن رازىدۇرمەن،
ئالساڭ جېنىمنى.
بىر ئاللادىن تىلەدۇرمەن،
كۆڭۈل شادىمنى.

سەن مېنى يارىم دېسەڭ،
كۈندە كۆرۈشسەك.
كۆڭلىمىزنىڭ دەردىنى
شۇندا بىلىشسەك.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم،
ئارقاڭدىن يېتىشەرمەن.
قاچان بولسۇن بىر كۈنى،
خەلىدە تېپىشارمەن.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىۋىدا،
كۆيدى پېشانەم.
ئۆلۈپ كەتسەم قالۇر مېنىڭ
نامۇ ـ نىشانەم.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاقپاشا، ئەسەت مۇختەر، قىيۇم يولۇنۇس، نەمتۇللا رەھمۇتۇللا، يۈسۈپ خېلىل. 1982 — 1988 - يىل مارت.

## مەدھىيە قوشاقلىرى

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
يار مېنى كۆردىمىكىن.
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
يار ئۇنى تۇيدىمىكىن.

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىدىن
كېسۋېلىڭ تۇمارلىق.
ئاخشاملىقىغا بارغاندا،
سۆيۈۋېلىڭ خۇمارلىق.

قارىساڭ، قارىمىساڭ،
قارا تونۇڭدىن بەلگىلىك.
سۆزلىسەڭ، سۆزلىمىسەڭ،
شېرىن سۆزۈڭدىن بەلگىلىك.

ئاتلىدىم ئۆتبەلمىدىم،
چامدىدىم يېتەلمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنى
مەن تاشلاپ كېتەلمىدىم.

قاشنى ـ قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

www.uyghurkitap.com

قاشنى ـ قاشقا ئۇلىسا،
يەتمەس ئىكەن قاش بويىغا.
خۇدايىم سىلىپ قويۇپتۇ
قارا قاشنىڭ كويىغا.

قاشىڭىنىڭ قاراسىغە،
خال بولاي ئاراسىغە.
ئىچىم كۆيىدۇ مېنىڭ
كۆزۈڭىنىڭ خۇماسىغە.

ھاۋادا بۇلبۇل كېلەدۇ،
گۈل شېخىغا قونغىلى.
گۈل شېخى ئەگىپ تۇرادۇ،
بۇلبۇلنى قوندۇرغىلى.

ئاغرىۋېدىم ئۆلگىلى،
يارىم كېلىپتۇ كۆرگىلى.
قوپقىچە يوقتۇر ماجالىم،
يارىمغا تەزىم قىلغىلى.

سىنىڭ مەنغۇ ـ سىنىڭمەن،
سىنىڭ ئەمەس كىمنىڭ مەن.
ئىشلەتكىلى ئۆيۈڭمەن،
سېتىپ يېسەڭ پۇلۇڭمەن.

يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇپ،
سارغايغىنىمنى كىم بىلۇر.
قول سېلىپ ئىشىككە چىقسام،
مېھرىبان يارىم كېلۇر.

ئاسماندىكى بىر يۇلتۇز،
ئاينىڭ نۇردىمەن دىيدۇ.
يېنىمدىكى بىر جوگان،
ئاشنا بولىمەن دىيدۇ.

ئاشنا بولىمەن دىيدۇ،
جانغا كۆيسە بولمامدۇ.
ئادەم بالىسى تولا،
قەدرى بىلسە بولمامدۇ.

قىزىل گۈل ئاراسىدا
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

قاشىم تارتىدۇ مېنىڭ
قەشقەردىن كېلۇر يارىم.
ئۆزى كەلمىسە يارنىڭ
خالتىسى كېلۇر دائىم.

ھاۋانى تۇمان باستى،
تۇماننى شامال ئاچتى.
ئۆلۈپ كەتكەن كۆڭۈلنى
قەدىرلىك يارىم ئاچتى.

مەن مەلەڭگە بارمايمەن،
مەلەڭدە بىرى يامان.
بارمايمەن، كۆرۈشمەيمەن،
كۆرۈشسەم ئۆتى يامان.

ياخشىنىڭ يامانى مەن،
سەھەرنىڭ شامالىمەن.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
سەن يارنىڭ خۇمارىمەن.

يەلپۈنەدۇ ساچلارىڭ
سەھەرنىڭ شامالىدا.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ
سەن يارنىڭ خۇمارىدا.

چىغ تۈۋىدە چىل ياتادۇ،
يەر بىلەن يەكسەن بولۇپ.
شۇغىنە ئايلا جۇگان،
يار دەردىدە سەرسان بولۇپ،

ياخشىنىڭ يادىكارىنى،
كۆزۈڭ قېشىدا ساقلىغىن.
گۈل بولسا باشىڭغا سانچىپ،
غۇنچىسىنى ئىللىغىن.

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالاسى بار ئۈچۈن.
ئالتى ئاي ئوتتۇدا كۆيدۈم.
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.

ھاۋىدا تۇرنا كېلەدۇ،
تۆردەك بىلەن غاغۇ قىلىپ.
سەن جۇگاننى سۆيۈۋالدىم
پېشىم بىلەن دالدا قىلىپ.

بىزنى يوقلاپ يىغلىغان
ساھىب دۇئالارنى كۆرۈك.
يۈرەكلەرنى كۆيدۈرگەن،
دىلى خۇمارلارنى كۆرۈك.

گاھ قىشنى لىك ئاتقان
كىرپىكى ئوقلارنى كۆرۈك.
كۆزلىرىنى ئويناتقان
مىھرى بالالارنى كۆرۈك.

يارىمنىڭ قولاقىدا،
يىگىنە بولاي دەيمەن،
ئوڭ يېنىمغا ساچ قويۇپ،
دىۋانە بولاي دەيمەن.

ئالىمنىڭ سۆزۈكلۈكىدىن
كۆرۈنەمدۇ دانىسى.
شۇغىنە جېنىم يارىمنىڭ
مەن بولاي پەرۋانىسى.

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە،
ئۆزۈڭ بىلىسەن يارىم،
بۇ دەردلەرگە نېمە چارە.

بېغىڭدىكى گۈللەرنى
بورانلار قايرىيالمايدۇ؟
خۇدا قوشقان يارلارنى
يامانلار ئايرىيالمايدۇ؟

قىلۋىدىن شامال چىقسا،
گۈل شاخىنى قايرىيدۇ.
خۇدا قوشقان ياردىدىن
دۈشمەن قانداق ئايرىدۇ.

يار قولىدا دەپتىرى،
ئۈچۈپ كەتتى كەپتىرى.
ئۆلگۈچە ئۇنتۇلمايدۇ،
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى.

توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتمايدۇ
مېنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك.
جانىم ئادىشىم قالدى،
لىچىن سوققان توشقاندەك.

جانىگەر تاپسا تېرەكنى،
بىردەم ئۈچۈپ، بىردەم قونۇر.
ئارزۇلۇق يارىنى كۆرسە،
ئۆسسىغان باغرى قانۇر.

ئوتىغات باشتا بولۇر،
مېنىڭ يارىم قاشتا بولۇر.
ئاۋال ئاخشام بىرنى سۆيسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

يار باشىدا رومالى،
ساچىقىدا تۇمارى.
ئاخشام ئىچكەن سىنچاينىڭ
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
تام باستىمۇ يارىم سېنى.
چىرايىڭ ئەجەب سېرىق،
غەم باستىمۇ يارىم سېنى.

لەيلى - مەجنۇن تال ئېگىلدى،
يار ئىگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ جانىمنى ئالغىن،
يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.

مەن تىلىمنى ساز قىلىپ،
چالسام راۋابتىن ياخشىراق.
ئىككى تىزىمنى قوچاقلاپ،
ياتسام ياماندىن ياخشىراق.

يار ئۈچۈن ئۆلتۈرسىلە،
ئاۋۋال قولۇمنى باغلىتاي.
ھەسرەت قالمىغاي ئىچىمدە،
مەن يارىمنى چىللىتاي.

قوي ئۆلۈپ، قويلار ئۆلۈپ،
قوزىسى مەرەپ قالمىسۇن.
يار ئۆلۈپ، يارلار ئۆلۈپ،
ئاشىقى يىغلاپ قالمىسۇن.

سەن تەلۋە دېدىڭ مېنى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارىڭ شاملى تەگسە
ساقىيارمەن، ئۆلمەسمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

ئاخشام چىققان يۇلتۇزنىڭ
شام چىراغلىرى باردۇر.
يېرىپ باق يۈرەكىمنى،
كۆيگەن داغلىرى باردۇر.

رومال سەپسەن بېشىڭغا،
پېشانەڭگە چۈشۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرسەن،
ئوتلىرىڭنى ئۆچۈرمەي.

گۈل ئېچىلسا نە بولۇر،
بەرگى ئېچىلسا نە بولۇر.
ئېتىقادلىق يار بىلەن
داڭلار كۆتۈرسە نە بولۇر.

بىزنىڭ ئۆيلەر بۇلاقتا،
دالىڭ قاچا③ ئۇلاقتا،
بىزنى دېگەن يارەنلەر
ئۈرۈمچىدە سولاقتا.

ئەي چىراغ نېمە ئۈچۈن،
روشەنغىنا بىر كۆيمىدىڭ.
شۇنچە تەلپۈنسەم ساڭا،
قاراپ تۇرۇپ بىر سۆيمىدىڭ.

يارىم بەرگەن بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ، چۆچۈپ ئويغانسام،
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.

ئاي خېنىم، ئالتۇن خېنىم،
تىللا بويۇڭدىن ئۆرگىلەي.
ئىشقى ئوتۇڭدا مەن سېنى،
پەرۋانىلەردەك چۆرگىلەي.

يەڭ بىلەن يەڭدەپچىنى④،
تۇتقىلى بولماسمىدى.
بۇ كۆڭۈل كەتسە ئۆلۈپ،
ياشارتقىلى بولماسمىدى.

قاش - كىرپىك ئاراسىدا،
كۆزلىرىڭگە كۆيدۈم مەن.
بوينۇڭغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيدۈم مەن.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك سالارىم كېلىدۇ.
قولىدا خۇ جوڭزىسى،
شاراپ تۇتارىم كېلىدۇ.

كەندىر تۈۋىدە كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن ئەپلىك.
ئوڭ يېنىدا ساچى بار،
تولغاپ سۆيگىلى ئەپلىك.

مەن ئۆزۈم مۇجاڭ بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
مېھرىبان يار دەردىدىن،
كىيدىم كۈلاھۇ - جەندىنى..

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر،
يۈرىكىم قىپقىزىل قاندۇر.
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن،
كۆڭۈل ھەر دەم پەرىشاندۇر.

ياز بولسا ئېچىلامدۇ،
ئاق لەيلى — قىزىل لەيلى.
يار سۆيەمدۇ، سۆيمەمدۇ،
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
ئاق تۇخۇم پاينەكىدە.
يار مېنى كۆردىمىكىن،
ئوسما قويغان ئەينەكىدە.

يارنى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى سەپتىمەن.
يار ئوتىدا پايلىماي،
مەيدەم قىزىيدۇ دەپتىمەن.

يارنى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى سەپتىمەن.
ئوتنى سېلىپ قويۇپ،
قىينارنى بىلمەپتىمەن.

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالىسى بار ئۈچۈن.
ئالتى ئاي ئوتۇڭدا كۆيدۈم،
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.

يارىمنى كۆرۈرمەنمۇ،
لېۋىگە سۆيۈرمەنمۇ.
يېنىدا كىشى بولسا،
دەرد بولۇپ يانۇرمەنمۇ.

تاغقا چىقىمىز ئەمدى،
ئۇرغاي كېسىمىز ئەمدى.
ياخشى يارنىڭ قوينىدا
ئويناپ ياتىمىز ئەمدى.

مەستانە قەلەم قاشلىق،
بويىنۇڭدا تۇمار بارمۇ.
ئەجەب تولا قارايسەن،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ.

يار سېنىڭ قەلەندەرىڭ،
بولۇپتىمەن - بولۇپتىمەن.
ئالتى ئايدىن، ئالتى يىلدىن،
مەن سېنىڭ كويىڭدىمەن.

يارىم كېلىدۇ باغقا،
ئىچىم كۆيىدۇ پاھ - پاھ.
ناز قىلىپ تەتۈر قاراپ،
مېنى قىلىدۇ خاپا.

يار بېشىدا پەرەڭ ياغلىق،
كۆز قېشى كۆرۈنمەيدۇ.
يار يېنىمدا ئولتۇرسا،
تاڭ ئاتقان بىلىنمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالمىنى ئېغاڭلىتاي،
شاپتۇلنى شىلدىرلىتاي.
ئايىغى قاششاڭ جوگاننى،
ئوت يېقىپ ئىلداملىتاي.

يارىمنىڭ سارايىدا،
ئوتتۇرىسىدا يول بولسا.
ئادىل پادىشاھ بولسا،
سۆيگەن ياردىن ئايرىمسا.

تۇرغىلى يوقتۇر ماجالىم،
يار يۆلەپ ئالغاي مېنى.
گۈل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام،
بىر كۆرەلمىدىڭ مېنى.

كۆيمىدۇ جانىم مېنىڭ،
خەۋىرىڭ يوقتۇر سېنىڭ.
رەھمە قىلساڭ ئوتنى ئالغىن،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

خويمۇ نىيەت قىلغان ئىدۇق،
يار ئاغرىسا باقايلى دەپ.
تالىدىن چۆكەن ئېلىپ
ئۆرۈپ - چۆرۈپ ياقايلى دەپ.

ئاينى - ئايغا تاتايمۇ،
كۈننى ئايغا تاتايمۇ.
ئۈچ - تۆت كۈنلۈك ئالەمدە،
سېنىڭ دەردىڭنى تاتايمۇ.

ئوك يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
قېشى قارا مۇلايىم،
كۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

يار بولسا تۇتاي دەيمەن،
يارسىز يۈرۈپ بولماس.
كۆڭۈلدىكى يارلاردىن،
بىردەم ئايرىلىپ بولماس.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بارسام،
يارغىنەمنىڭ ئاۋازى.
يارغىنەمنى بىر سۆيسەم،
يۈرىكىمنىڭ داۋاسى.

گۈلنى ئۈزسەڭ تامام ئۈز،
شېخىدا گۈللەر قالمىسۇن.
يارنى سۆيسەڭ تۈزۈك سۆي،
كۆڭۈلدە ئارمان قالمىسۇن.

ئاتا لازىم ـ ئانا لازىم،
تاماكاڭغا چىلىم لازىم.
سېنىڭدەك ياخشى يار بولسا،
ماڭا ئوقەت نېمە لازىم.

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
يارىم كېلەر ئەلۋەتتە.
يارىم كەلسە پات كەلسە،
مەن مۇندا خىجالەتتە.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
مەن باغ - باغ ئېتەي يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى قارنى.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى
قوينۇمغا سالاي يارنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچەي قۇيىمەن چاينى.

ھاۋادىكى لىچىننى،
قوندۇراي بىلەكىمگە.
يارنىڭ سۆزلىرى دورا،
سىڭدۇرەي يۈرىكىمگە.

ئامرىقىمنىڭ ئۆزىنى،
قايدىن تاپۇرمەن سۆزىنى.
ياغلىقىمغا تۇگۇۋالدىم،
سايدا باسقان ئىزىنى.

سەن تېرىق تېرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى.
سەن كۈلۈپ ئوت سالمىساڭ،
بۇ يۈرەك يانارمىدى.

كۆزۈڭ دىيمۇ، قېشىڭ دىيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى دەۋانە.
جاھان - ئالەمدە بارمىكىن،
سېنىڭدەك ياخشى رەنانە.

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
مەن ئۆلسەم تىرىلمەيمەن
يارىم قالدۇ يالغۇز.

كۆيۈمەنا — كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
قاشىنىڭ قاراسىدىن
جانىنى ئالارغا كۆيمەن.

كۆيمەنا - كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
قاش - كۆزىنى ئويناتقان،
ھېزىر بالاغا كۆيمەن.

رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
ئەتىيازدىن كۈزگىچە،
ھەر كىشى يارىنى تاپسا،
شەۋى قادىر شۇ كېچە.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
گۈل ياتۇر شېخى بىلەن.
گۈل ئېچىلغاندا كېلىڭ،
باغلاپ بېرەي بېغى بىلەن.

يارىنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى،
قىزىل دۇردۇن تاۋاردۇر.
شۇ يارىمدىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن كۆرۈپ سىنى يارىم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ئوتىنى ياقتىڭ يۈرەككە،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

چوڭ دەرۋازا ئىچىدە،
قىزىل خوراز سۇلايمان.
مەن كۆيسەم ئوتىڭىزدا،
سىز يۈرۈيسىز خىرامان،

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان داغلىق
ئەل مىنى سازاڭ دىيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

نەگە بارساڭ مەن باراي،
دۆۋەجىنگىچە يارىم.
ھىممەت قىلسىلا ئويناىلى،
جانلار چىققىچە يارىم.

سىنى ماڭا كۆيدۈرگەن،
قارا قىشىڭ بىلەن كۆزدۇر.
ئۆلۈغ دەريانى كەزدۈرگەن،
گىلاڭ تاغلاردىكى مۇزدۇر.

يارىم بولسا ئۆزلىرىدەك،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك.
ئەجەب مىنى سارغايتتى
باغدىكى سېرىق گۈلدەك.

كەل يارىم ئولتۇر قېشىمدا،
قالغانلار قالسۇن قاراپ.
كۆزلىرىگە قان يۈگەرسۇن،
بىز ئىككىيلەنگە قاراپ.

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ يار،
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭمۇ يار.
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ يار.

كۆرگىلى كەلگەن بولساڭ،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
پۇشمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

كىيىك بالىسى تاغدا،
تاغلا ئارىلاپ قالدى.
ئون بەشكۈنلۈك ئالەمدە
ئويىنىۋالغىنىمىز قالدى.

سېرىق چېچەك سايدا بولۇر،
سىزدەك يارلار قايدا بولۇر.
سىزدەك يارنى بىر كۆرسەم،
ياش يۈرەككە پايدا بولۇر،

يارىمنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارىمنىڭ ماڭغان يولىغا،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يارىمنى كېلىپتۇ دەپ،
ھەجەڭگە سالدىم تالىغا.
دۈشمىنىمنى تۇيمىسۇن دەپ،
چىقمىدىم ئاشكارىغا.

قىز بولسا تۈزۈك بولسا،
بەش قولىدا ئۈزۈك بولسا.
يار بولسا لېۋەن بولسا،
سۆيۈپ قويسا قاچمىسا.

بىر بۆلەيمۇ جانىنى،
ئىككى بۆلەيمۇ جانىنى.
شىشىدە ساندۇق ياساپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ يارىنى.

گۈلدۈر - گۇپپاڭ ئۈن كەلدى،
چىقىپ بېقىڭ كىم كەلدى.
قاراپ باقسام ھېچكىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يار كەلدى.

سايدا ئۈنگەن ساي تېرەكنىڭ
سايىسى سايغا چۈشۈر.
بۇ مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم
مېھرىبان يارغا چۈشۈر.

چىرايلىقنى يار تۇتۇپ،
يولدا قوي نىشانەڭنى.
يار قولۇڭغا كەلمىسە،
سىلاپ قوي پېشانەڭنى.

ياخشىلاردىن يار تۇتۇپ،
ئۇگلىغىن پىشانەگنى.
يارنىڭ ۋاپادار بولسىلا،
ئۆزمىگىن ئەقدەگنى.

تۇرلۇغۇم غۇرت ـ غۇرت قىلادۇ،
ئاق جوجەمنىڭ بېشىدا.
يۈرىكىم گۈپ ـ گۈپ قىلادۇ،
يارغىنەمنىڭ قېشىدا.

يارغىنەم گۈل بېرىدۇ،
باغدا تۇرۇپ يەك ئىچىدە.
گۈلنى مەن قانداق ئالاي،
شۇنچە خالايىق ئىچىدە.

تىكەنلىك جىگدىگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
يارنى مەن ئىزلەپ يۈرۈپ،
تېشىلدى تاپانلىرىم.

شاگغىر ـ شوگخور ئۇن چىقتان،
چاچ قوگغىرىقى ئەمەسمۇ.
سىزنى بىزگە كۆيدۈرگەن،
قاراقاش يارلار ئەمەسمۇ.

باغدا كۆردۇم يارىمنى،
كۆك تاگار بۆكى بىلەن.
يۈرىكىمگە ئوتنى سالدى،
گۈل يوپۇرماقى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرد كەلگەندە تارتۇرمىز،
تەمكە دېگەن خۇمارنى.
پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس
كۆڭۈلدىكى شۇ يارنى.

قىزىلگۈللەر ئاچىلۇر،
شاخ - شاخىغا يەتكەندە.
يارنىڭ قەدرى ئۆتۈلۇر،
يار يىراققا كەتكەندە.

كۆيدۈرۈپ قىلدىڭ كاۋاپ،
قىلدىڭ ماڭا سەن تاۋاپ.
ئالما رەڭلىك سەن ئۆزۈڭ،
خۇشقىنە قىلدىڭ جاۋاب.

دەردى تولا شۇ يارنىڭ،
كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق.
قاراپ باقسام شۇ يارغا،
نان يېگەن چىرايى يوق.

يارىم ياتىدۇ باغدا،
گۈلنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
مۇڭداشقىلى يارى يوق،
ئۇخلاپ قالىدۇ غەمدە.

يالغۇزۇم يالغۇز تېرەكنىڭ
يانىدا ئاي ياتىدۇ.
مىڭ تىكەننىڭ دەردىنى
بىر گۈل ئۈچۈن يار تاتىدۇ.

ئىلچە توماقىڭنى،
قىستۇرۇپ بۇزۇۋەتمە.
دۇنيا دېگەن ئۇزۇن نېمە،
ئۈمىدىڭنى ئۈزۈۋەتمە.

ئۆستەڭدىكى تاللارنى
كىملەر كېسىپ كەتكەندۇ.
كۆڭۈلدىكى يارلارنى
كىملەر سۆيۈپ كەتكەندۇ.

سېغىنىپ دۇرمەن سېنى،
قانچە يىراقتا بولسىلا.
ئاچىلۇرمەن غۇنچە رەڭلىك،
بىرلا قاراپ قويسىلا.

سەھەر ۋاقتىدا غاز ئۇچتى،
غېرىبىنىڭ شەرىگە چۈشتى.
خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن
مېنىڭ مەيلىم ساڭا چۈشتى.

چىراغلار ئۆچەي دەپتۇ،
پەرلەپ قويسا كۆيمەمدۇ.
بىزنىڭ يارلا كەلمەپتۇ،
چىللاپ قويسا كەلمەمدۇ.

ئۇيان ئۆتىدۇ لەيلى،
بۇيان ئۆتىدۇ لەيلى.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئوينىغىلى ئۆي خەلى.

گۈلمىدى، غۇنچەمىدى،
يارىم سېنىڭ باشىڭدىكى.
كېچىدە تونالمىدىم،
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.

باغچىلارەي، باغچىلار،
گۈللەر ئېچىلغان باغچىلار.
سىز خېنىم قۇلاق سېلىڭ،
سىزلەرگە ئېيتقان ناخشىلار.

باغقا كىرىپ ئالما يەڭ،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.
كۆڭۈل بەرسىڭىز بىزگە،
جاندىن ئۆزگىسى سىزنىڭ.

تەلۋىدۇر باشىم مېنىڭ،
سىنەڭگە باش قويغۇم كېلۇر.
شۇنچە پەريادلار بىلەن،
جانغا پىچاق سالغۇم كېلۇر.

كىم بىلۇر قەدرىمنى يارىم،
دەردمەن كۆڭۈللەر بولمىسا.
ناز ئېتەر كىملەرگە گۈل،
قاشىدا بولبۇل بولمىسا.

ئاسماندىكى ئاي چولپان
ئانار لەيلىگە ئوخشايدۇ.
يالغۇز قالغان يارىمنىڭ
كۆڭلى قاڭقىر⑤ ئوخشايدۇ.

ئوينايدىغۇ - ئوينايدۇ،
ئەگىم يولدا ئوينايدۇ.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
شېرىن جاننى قىينايدۇ.

كۆك قومۇشقا ئوتنى ياقتىم،
مەن ئۇنى كۆيمەسمۇ دەپ.
ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بەردىم،
مەندىن ئايرىلماسقۇ دەپ.

قارىسام قارىتۇر،
ئالدىمدا بىر قارچۇغا كۆز.
بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ،
قىلدى مېنى خەقلەرگە سۆز.

يار مېنى يامان دىيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

ئېتىكىمگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس ياشىم مېنىڭ.
ئاقىۋەت يار كويىدا،
كەتكۈدەك باشىم مېنىڭ.

ياردلارەي ـ ياردلار،
ئىچىمگە ئوتنى سالدىلا.
ئوتلىرىنى ئالسىلا،
مەندىن بۆلەككە سالسىلا.

باغ ھويلاڭغا باغچاڭمەن،
پېشايۋانغا زىلچاڭمەن.
بىلسەڭ يارىم سەھەردە،
پۇرايدىغان غۇنچاڭمەن.

ئايرىلغىلى ئۇچكۇندۇر،
يارنىڭ دەردى مۇشكۇلدۇر.
بىلمەيمەن نۇچۇك ھالدۇر،
چىرايىم سېرىق گۇلدۇر.

سېنى دەپقۇ ـ سېنى دەپ،
باردىم قۇمۇللار سايان.
بىر سايان بولالمىدۇق،
كۆڭۈللەرگە چۈشۈپ گۇمان،

مەن ئاشىق ئىدىم سىزگە،
خۇش باقمىدىڭىز بىزگە.
كۆڭلۈمدە ئاداۋەت يوق،
ئاشىق بولىمەن سىزگە.

ئوچاقتىكى ئوتۇڭدىن،
سالغان ئوتۇڭ زىيادە.
قانداق قىلىمىز يارىم،
بىزگە كەلگەن ئىرادە.



ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
www.uyghurkitap.com

ناخشنى ئېيتقان بىلەن،
ناخشىنىڭ قازاسى يوق.
يار يىراققا كەتكىلى،
ئىچىمنىڭ تازاسى يوق.

ھاۋادىكى شاتۇتنى
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن.
ئالتۇن قارا قاش يارنى
سۇ بىلەن يۇتاي دەيمەن.

ئۆستەڭ بويىدا قوي سويسام،
كۆرگەنلەر كاۋاپ دېيدۇ.
كۆيگەن يارنى بىر سۆيسەك،
ئۆلگىچە ساۋاب دېيدۇ.

ئاغزىدىن ئالما پۇرايدۇ،
قوينىدا بادۇر ئانار.
بىر دەم ئولتۇرساڭ قېشىمدا،
ئۇسسۇغان باغرىم قانار.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
يارىم سىڭنىڭ بويۇغدا.
دىۋانە بولۇپ قالدۇق،
يارىم سىڭنىڭ كويىڭدا.

يارىم ئېيتىدۇ ناخشا،
تىڭشاپ ياتىمەن ئۆيدە.
چىقاي دېسەم چارە يوق،
يىغلاپ ياتىمەن ئۆيدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يارىم چەپەك سېلىپتۇ،
خۇما يېشىدا داغلاپ.
يارنى سۆيسەك تۇزۇك سۆي،
ئۆزۈڭنىڭ ھالىنى چاغلاپ.

مەن تېشىڭغا بارمايمەن،
بارسام پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
يارىم ھالىنى كۆرسەم،
ئاڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

قاراغۇللۇق غاڭزىنىڭ
سېرىق ئىكەن زۇيزىسى،
بۇ جاھاندا بارمىكىن
بىزنىڭ يارنىڭ جورىسى.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قارا كۆز
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى.

كىچىككىنە يىمىشىم،
تاتلىققىنە يىمىشىم.
ئەمدى تاپتىم ياخشىنى،
يامان بىلەن نېمە ئىشىم.

ئەجەب يۇمشاق يەر ئىكەن،
قوغۇن - قاپاق تېرىغىدەك.
بىزنىڭ يارنى ئاتىسى،
باشقا ئەرگە بەرگىدەك.

يارىمنىڭ بېشىغا كىرسەم،
ئالما تۆگمىدەك بوپتۇ.
كېچىككىنە شۇ يارىم،
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

تالاغا چىقىپ باقىن،
سالقىن بىر شامال بارمۇ؟
دەردىڭدە يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

غانجۇغامدا ئارغامچا،
سالدىم سالمىنى ئاتقا.
سەن مېنى دېسەڭ يارىم،
كۆڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

جېنىم مېنىڭ تۆمۈرمىدى،
كەتتى ئۆمرۈمنىڭ يامىسى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
جېنىمغا دەرمان بولغۇسى.

يار بېشىدا شال ياغلىق،
قاش كىرپىك كۆرۈنمەيدۇ.
يار يانىمدا ئولتۇرسا،
يالغۇزلۇق بىلىنمەيدۇ.

ئاسماندىكى چىراغنىڭ
ماڭسام نۇرلىرى چۈشتى.
ئاق كۆڭۈل سەن يارىمغا
شوخ كۆڭۈل — مېھرىم چۈشتى.

زوقۇم كېلىدۇ مېنىڭ،
رومالى ياراشقانغا.
سېنى سۆيگۈنۈم سۆيگەن،
بەرمەيمەن تالاشقانغا.

ئاستا ـ ئاستا ماڭسەن،
دەرياغا كۆۋرۈك سالسەن.
بىر قاراپ، ئىككى كۈلۈپ،
يۈرەككە ئوتلار سالسەن.

ئېگىز يەرگە چىققاندا،
سارايىنىڭ نېمەسى بار.
سەندەك ياخشى يار بولسا،
ئۆزگىنىڭ نېمەسى بار.

سەن مېنى غەيۋەت قىلىپسەن،
مەن سېنى شەيدا قىلاي.
كۆزۈڭگە كۆز ئويىنتىپ،
توققۇز ئاشىق پەيدا قىلاي.

مەن بارايمىكىن ئاندا،
يار كېلەرمىكىن مۇندا.
يارغا يار كېرەك بولسا،
يورغىلاپ كېلەر مۇندا.

ئاخشام بولسا ھەر ئۆيلەردە
چىراغ كۆيەدۇ.
چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەردۇ.

كەچ بولۇپ، يۇلتۇز چىقىپتۇ،
مەن قاچان ئۆيگە ياناي،
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
ھەمراھ قىلىپ ئۆيگە ياناي،

بويىغا زوچۇ كېيىپتۇ،
تېشىغا شايى - ئىپەك.
باشىغا گۈل قىستۇرۇپتۇ،
يار ئوتىغا كۆيدى يۈرەك.

مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان،
سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان.
كېچىلەردە تالى مەجنۇندەك،
بېلىڭگە چىرمىشىپ ياتقان.

دېرىزەڭنىڭ ئارقىدا،
ئېچىلىپتۇ تاۋا گۈل.
كۆيۈپ كەتتى بۇ يۈرەك،
قانداق قىلاي ھاۋا گۈل.

ئىللىق كۆكلەر ئاراسىدا،
ئىلىۋالدىم سېنى مەن.
خۇدايىمغا نالە قىلىپ،
تىلىۋالدىم سېنى مەن.

چىقىۋالدى تېرەككە،
ئوتنى ياقتى يۈرەككە.
ئەمدى كۆڭۈل بەرمەسمەن،
قارا كۆزدىن بۆلەككە.

www.uyghurkitap.com

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
تاغنىڭ ئارقىسىدا يۇرتۇڭ.
ئەجەبمۇ يامان كەلدى،
يارىمخان سىنىڭ ئوتۇڭ.

ئىزدىنىپ چىقسام ئىشىككە،
روشەن چىراغنىڭ شولىسى.
شۇ ئىشقىڭ چۈشكۈنىدىن،
كۆيدى يۈرەكنىڭ چۆرىسى.

چاقماق ئوتى مۇزغا چۈشتى،
سۈيى ئاققاندا ئۆچۈر.
يارىڭ ئوتى ئىچكە چۈشتى،
تاڭلا قىيامەتتە كۆچۈر.

يارىم بەرگەن شۇ مارجان،
كېچە - كۈندۈز بوينۇمدا.
مەن يارىمغا ساقلىدىم،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

شاخلاپتىمۇ - شاخلاپتۇ،
هاي - هاي تېرەك شاخلاپتۇ.
ئاشۇ تېرەك ئاستىدا،
يارىم مېنى ساقلاپتۇ.

يارنى مەن ئىزدەپ بېرىپ،
تاپتىمغۇ تۈگمەن بېشىدا.
سېچىدىن تولغاپ تۇرۇپ،
سۆيدۈمغۇ دۈشمەن قېشىدا.

بىر گەپ قىلاي مەن سىزگە،
خۇش خەۋەر بېرىڭ بىزگە.
كۆڭلۈمدە ئادەۋەت يوق،
ئاشىق بولىمەن سىزگە.

بېھىشكە كىرسەڭ بىللە مەن،
دوزاخقا كىرسەڭ ھەم يانا،
دوزاختا كۆل بولۇپ كۆيگىچە،
كۆيىمەن يارىم ساڭا.

باغقا بۇلبۇل قونۇپتۇ،
گۈل بىلەن ئويناشقىلى.
ناخشا ئېيتتىم سىزگە مەن،
باغ ئارا مۇڭداشقىلى.

ئالما پىشتى، قوغۇن پىشتى،
ئەجەب تاتلىق پۇرايدۇ.
بىر قاقاقلاپ كۈلگەنلىرى،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

تۇرقۇلۇق ۋاي تۇرقۇلۇق،
ھەممە ئۆيدە تۇرقۇلۇق.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
يولدا قاراپ تۇرغۇلۇق.

ھەينە شەرنىڭ ئىچىدە،
ئۇۋاڭ - دۇۋاڭ[6] تۇرقۇلۇق.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
سىڭىردە قاراپ تۇرغۇلۇق.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
سىكىلەكنى يېتىلەپ.
سىكىلەكنى سۆيۈپ ئالدىم،
گۈل تۈۋىدە پۆپىلەپ.

يارنىڭ كۆڭلى لېچىنا،
مەن ئۆزۈمنى غاز ئېتەي،
كىرپىكىم دالۋاي قېقىپ⑦،
مەن سېنى ئىلۋىز ئېتەي.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
سىرىلدىم چۈشەلمىدىم.
قىلىقىڭغا كۆيدۈم مەن،
ۋەدەڭگە ئىشەنمىدىم.

ئۆستەڭ بويىدا شاتۇت،
غۇنچە بويلۇق يار تۇت.
غۇنچە بويلۇق يارىمغا،
ئالما بىلەن ئانار تۇت.

ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
چىمەندىكى بۇلاققا.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى
ئەجەب قالدىم پىراققا.

يارىم ساڭا گۈل بېرەي،
ماڭا كەلدى بۇ تەلەي.
كۆڭلۈمدىكى سەن تۇرساڭ،
ئۆلەيمۇ كۆكۈل بەرمەي.

بېغىڭغا كىرىپ ئېلىپ،
ئۆرۈك ئىرغىتاي يارىم.
ئاخشامغا قوشۇپ ئېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

ئېرىقنىڭ ئىچى ئالا،
بىزنىڭ يار كىچىك بالا.
كىچىك بولسا چوڭ بولا،
ھەركىم كۆيگىدەك بولا.

قولۇمدىكى قوشۇمنى
پېشايۋانغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
ئاخشا ئېيتىپ تۈگەتتىم.

يار بىلەن مەن چۆلگە كىرسەم،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.

(دەرد بىلەن چۆللەردە ياتسام،
چۆل ئەمەس بوستان ئىكەن.
توغراقلىرى سەپتە بولۇپ،
ئەتراپلىرى گۈلزار ئىكەن.)

تاغلار بېشىدا چېدىر كۆرۈنەر،
چېدىر ئارىلاپ يارىم كۆرۈنەر.
يارىمنى مەن كۆرگەنىمدە،
يۈرەك - باغرىم خويمۇ سۆيۈنەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جېنىمنىڭ جېنى سىز،
تەڭ يامىسى قىزناقتا.
چىقاي دېسەم چارە يوق،
ئىشىكتىكى تاق ـ تاققا.

ياخشىنى مەن تاپقىچە،
ئايلىردا بار چورۇق.
ياخشى يارنى سۆيگىچە،
يۈزۈمگە چۈشتى قورۇق.

مەن خۇدايىمدىن تىلەپ،
چۈش كۆردۈم سېنى يۆلەپ.
ياخشى چۈشنىڭ سادىرىدىن،
ئېچىلدى گۈللەر پورەكلەپ.

جۈمە كۈنى بازارغا چىقتىم،
ئۈ ماڭا قازادۇر.
تاش پېيىشىم كۆيگەن بىلەن
ئىچ پېيىشىم تازادۇر.

يارىمنىڭ قوينىدىكى
ئالمىسىن، بېيىمسىن.
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاداشلىرى زەرگەرمىكىن.

تال كەسكىنىم يوق ئىدى،
تالدۇردى بىلەكىمنى.
يار سۆيگىنىم يوق ئىدى،
قاندۇردى يۈرەكىمنى.

قولغا ئالسام ياغلىقنى،
بۇلبۇل قونۇپ سايرايدۇ.
سەن يارىمنىڭ ھۆسنىگە،
قاراپ كۆزۈم تويمايدۇ.

تۈنۈگۈندىن يۈز قاراپ،
كۆرۈندى ئاينىڭ شولىسى.
نە ئىلاجىڭ يوقىدىن،
كۆيدى يۈرەكنىڭ چۆرىسى

قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە.
نەچچە يەردە توش بولدى،
ئەيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى
قانچە پۇلغا ئالغانسەن.
ئىچىمدىكى ئوتلارنى
قانداق ۋاقتا سالغانسەن.

دوپپا تىكىپسەن چىرايلىق،
ئېلىپ كەل بېشىمغا لايىق.
كىيىپ ئۆتسەم مەلەڭدىن،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

دوپپامنىڭ گۈلى مودەن،
كىيسەم بېشىمغا يارىشۇر.
ئەل ئارىسىغا كىرسەم مەن،
ھەممە خەقلەر قارىشۇر.

گۈل تېرىدۇق تۈزگە،
ئاچىلدى كەچ كۈزدە.
سىزنىڭ كۆزىڭىز بىزدە بولسا،
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

خويما كاتتا ئويىندىلا،
ئۆرۈلۈپمۇ - چۆرۈلۈپ.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
گۈلى زەپەر كۆرۈنۈپ.

بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمەس،
كۆڭلۈم ئۇنىڭ قولى ئەمەس.
بۇ مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم،
ياردىن ئۆزگىنى دىمەس.

سەن مېنىڭ نىگارىمسەن،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
قاراڭغۇ كېچىلەردە
ياندۇرغان چىراغىمسەن،

تامىقىم چاك - چاك قىلادۇ،
ئۇزۇپ يۇرسەم كۆلدە مەن.
يار بىلەن چۆللەرگە بارسام،
ئۇسسىماسمەن چۆلدە مەن.

كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،
ھۇقۇش بولۇپ ھۇدىيدىمۇ.
ئىشىق ئوتىغا چىدىماي،
ئۆپكىسى قۇرۇپ سۇ دىيدىمۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېچىراپ چۈشتۈم باغچاڭغا،
قېتىۋالدىم ناخشامغا.
قارىتالنىڭ جوگانلىرى،
كۆيۈپ قاپتۇ ناخشامغا.

تاشار يولى تاشلىقكەن،
جوگانلىرى قاشلىقكەن.
تاشارنىڭ جوگانلىرى،
قومۇللۇققا ئاشىقكەن.

هاي ـ هاي تېرەك هاي تېرەك،
خانىم سىزگە كىم كېرەك.
ئېگىز بويلۇق يىگىتكە،
ئوتتۇرا بويلۇق قىز كېرەك.

تاغدا قوينىڭ شانىنى،
كۆز ئاشنا تۆت دىۋانىنى.
ھەممە كىم تاپسا قويۇرمۇ،
بىر سېنىڭدەك جانانىنى.

يۈرۈك يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز خار قىلماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

قول سېلىپ ماڭۇر يارىم،
باقىدۇ ياندۇر ماڭا.
بېقىشتىن خالى ئەمەس،
نەزەرى باردۇر ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇشقاچلار چاغىلدايدۇ،
قۇرغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ.
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

بېغىدا چىللاپ كېلىپ،
ھۇجرامدا مېھمان قىلسەن.
سەن ئەزىز يارىم ئۈچۈن،
جېنىمنى قۇربان قىلىمەن.

يارىنىڭ ھويلىسى باغلىق،
تېپىۋالدىم تاۋار ياغلىق.
يىغلىساڭمۇ بەرمەيمەن،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.

كىچىككىنە بېغىم بار،
كۆممىقوناق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
پىراقىڭدا سېرىقلىق.

نامازشام ئالدىدا يارىم،
قىزىل كۆلگە پېتىپ كەتتى.
ئارقىدىن قاراپ قالدىم،
يېشىل كۆلدىن داۋاپ كەتتى.

يارىنىڭ يولى يانتاقلىق،
باراي دېسەم جان تاتلىق.
قېشى قارا يارلاردىن،
شېرىن سۆزلۈك يار تاتلىق.

يۇقىرى باراي دېسەم،
ئالدىمدا بىر تـوغرا داۋان.
قايرىلىپ يانـاي دېسەم،
يارنىڭ ئوتى ئاندى يامان.

ئالتە ئاي يوللارمىكىن،
پۇتۇمدا دەرمان قالمىدى.
قارچۇغام قولۇمغا چۈشتى،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.

كۆرپە جۇۋىنىڭ ئېتىكى،
مولۇن بولسا خوپ.
ئاشىق كىشىنىڭ ئۆيى،
يولۇقىدا بولسا خوپ.

كۆرپە ـ جۇۋىنى،
سوغلاردا كىيسە ياخشىراق.
ئاشىق كىشىنى،
مەشرەپتە سۆيسە ياخشىراق.

تەم ـ تەمگىنە چېچەك داغى،
باردۇر يۈزۈڭدە.
يارىم سېنىڭ ئاشىق بولدۇم،
شېرىن سۆزۈڭگە.

كىچىك ـ كىچىك ئۆچكىلەرنى
قوغلىغىلى ياخشى.
سىزۇ كىچىك ـ بىزۇ كىچىك،
ئوينىغىلى ياخشى.

www.uyghurkitap.com

كۆيگىنىمنى بىلمەي يارىم،
بىخەۋەر ياتۇر.
دەرد ئاغرىقى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم تاتۇر.

نېمە بولۇر جېنىم خېنىم،
يېنىمغا كەلسەڭ.
چاڭقاپ تۇرغان يۈرىكىمگە،
ئۇسسۇلۇق بەرسەڭ.

ئىرغايلىقتىن ئىرغاي كەسسەم،
ئىرغاينىڭ شاخى.
شامال چىقىپ يەلپۈنەمدۇ،
يارىمنىڭ ساچى.

يارىمىكىن ئەمەسمىكىن،
كاڭشاڭدا ياتقان.
قاشنى ئېتىپ كۆزنى سۈزۈپ،
جاننى قاقشاتقان.

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدىن
سېرىلدىم تۈزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
باغدا ئەۋرىشىم.
مەن سىزگە نېمە قىلدىم،
جانىم ئاداشىم.

ئامازدىگەرشام ئارىلاپ،
گۈل باغدا ياتسام.
چولام تەگسە يار قاشىغا،
بارۇرمەن ئاخشام.

بىزنىڭ يارلار ئۆزى كىچىك،
چىرايى كۈلگەچ.
مەن شۇياققا دارىپ ئۆتەي،
يارىمنى كۆرگەچ.

تەقدىرئالا سۇبھانئاللا،
ھالىم تەڭ بولدى.
يار قاشىغا باراي دېسەم،
توخۇ چىللادى.

ئاقتى سۇلار، تامدى سۇلار،
دەريانىڭ بەختى.
مەن يارىمغا باقاي دېسەم،
ئوقەتىنىڭ ۋاقتى.

تاللاپ ـ تاللاپ تاللىۋالدىم،
تالدىن چوكاننى.
باغ ئارىلاپ ئۇلغاپ ئالدىم،
سېرىق زەپەرنى.

سېرىق زەپەر بىر دانە گۈل،
كەچكۈز ئاچىلۇر.
مەن يارىمنى سۆيۈپ ئالسام،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېنىڭدەك بىر ياخشى گۈل،
باغدا ياتامدۇ.
سورايمۇ مەن باغۋەنلەردىن،
پۇلغا ساتامدۇ.

ئامبىلىغا كۆزۈم،
ياخشىغا سۆزۈم.
چىرايلىقىغا قاراپ،
تويمايدۇ كۆزۈم.

ئاللا يارىم سەن كېۋەز بول،
مەن يۆگۈي بولاي.
ئىرماليشىپ، چىرماليشىپ،
شاخىڭغا قوناي.

ئىرماليشىپ ـ چىرماليشىپ،
شاخىڭغا قوناي.
كىكىلەكتەك قوغلاپ بىرىپ،
لېچىندەك ئالاي.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا،
قۇرغۇي ئەگىيدۇ.
قۇرغۇي ئەمەس تاغ باشىدا،
يارىم ئەگىيدۇ.

خەقلەر مېنى يامان دېيدۇ،
مەن يامان ئەمەس.
كويغا سالسا خۇدا ساپتۇ،
مەن سالغان ئەمەس.

خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ،
مەن كۆيدۈم سىزگە،
ٴوتىڭىزدا ٴۆلۈپكەتسەم،
ٴۇۋالىم سىزگە.

قايناق كىشى كېتەر ٴىكەن،
شەھەرنى تاشلاپ.
كەتكەن بولسا كېتەرٴىدى،
يارىنى باشلاپ.

ٴېگىز يەرگە چىقماڭ يايىرىم،
كۆرۈشتى دىيدۇ.
تال بويۇڭنى ٴەگمەڭ يارىم،
سۆيۈشتى دىيدۇ.

ٴېگىز يەرگە چىققاندا مەن،
كۆرۈشكەن ٴەمەس.
تال بويۇڭنى ٴەگكەن بىلەن،
سۆيۈشكەن ٴەمەس.

دەردىڭ بىلەن پىراقىڭدا،
ٴۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ يارىم،
سۆيگۈدەك بولدۇم.

ٴېگىز يەردە دالاڭ سالدىم،
ٴاراشتا قالدى.
ٴارانلاردىن ٴاداش تۇتسام،
تالاشتا قالدى.

ئاتام ـ سەنسەن، ئانام سەلسەن،
قايدا بارۇر سەن.
قاشىنى ئاتىپ كۆزنى سۈزۈپ،
جاننى ئالۇر سەن.

ھاۋامىكىن بۇلۇتمىكىن،
يامغۇر تامچىلۇر.
يارنىڭ قوينى بېھشەمكىن،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

تاۋاردا يوتقان، بەقەسەمدە كۆرپە،
قىينالدى بۇ جان.
ئاختارمىدا كۆرپە، قىردا ياستۇق،
يايرىدى بۇ جان.

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈك،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈك.
خۇددى قەن ـ ناۋاتقا ئوخشاش،
شۇسىنىڭ شېرىن سۆزۈك.

يۇقىرى قاراپ ئاينى كۆردۈم،
چەرقى ـ پەلەك ئۈستىدە.
تۆۋەن قاراپ يارنى كۆردۈم،
مەخمەل تۆشەك ئۈستىدە.

ئانىسىدىن يېتىم قالغان،
كىيىك ئوغلاقتەك يارىم.
جاھان ـ ئالەمدە بارمىكىن،
سېنىڭدەك تولۇن ئايىم.

يۈرىكىڭ يالقۇن ئىكەن،
يۈزلىرىڭ كۈلخان ئىكەن.
تال چىۋىقتەك بەللىرىڭ،
ئايغا جامالىڭ تەڭ ئىكەن.

ئايدىن ئۆتەر يۈزىڭىز،
چولپانغا ئوخشار كۆزىڭىز.
مەن سىزگە كۆيگەن ئەمەس،
ئىندىمىۋالغان ئۆزىڭىز.

لېۋى دەرلەر لېۋىدەرلەر،
لېۋىنى غۇنچىدىن دەرلەر.
ئىشىكتىن كىرگەن يارىمنىڭ
چىشىنى ئۈنچىدىن دەرلەر.

يارنىڭ يۈرىكى ياردىن،
يارىڭ بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويلىرىڭ زىلۋا،
شېرىن سۆزلىرىڭ قەندىن.

مېلىسلارنى ئوينايمىز،
ئارىلىقتىكى قىرماقتا.
بىزنىڭ يارلار توختايدۇ،
بارماقتىكى تىرماقتا.

يارىمنىڭ شېرىن سۆزى،
ئويناپ تۇرىدۇ كۆزى.
ئايمىكىن، ئاپتاپمىكىن،
يارىمنىڭ قىزىل يۈزى.

لەيلىگۈل غۇنچىسىغا،
ئۆگىنىپتۇ تۇمۇچۇق.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
ئۆزلىرىدەك زېھنى ئوچۇق.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
ئالتۇن باھالىق گۈل ئىدى.
تۆگمىسى ئاچىلمىغان،
يارىمغا لايىق گۈل ئىدى.

بىزنىڭ يايلاق چىرايلىق،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
يېنىمدىكى خۇما كۆز،
ئوڭ كۆزۈمنىڭ قاراسى.

قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم،
سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ.
بىر قۇچۇپ لېۋىڭگە سۆيسەم،
كۆزۈم قىيمايدۇ، تويمايدۇ.

ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق،
ئېقىن دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدەك ياخشى يارىم يوق.

بېغىمدىكى كۆك ئوسما
قاشلارنى قارا قىلىدۇ.
قاشلارنى قارا قىلغان،
سىزلەرنى شەيدا قىلىدۇ.

ھاۋانى تۇمان باستى،
تۇماننى شامال ئاچتى.
ئېچىمدىكى دەردىمنى،
قارىقاش جۇكان ئاچتى.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى ئەجەب چىرايلىق.
دۇتار نازۇك قولۇڭدا،
چېلىشلىرىڭ چىرايلىق.

تال ئېچىدىن تاللىۋالدىم،
تال چوكانىم سېنى.
گۈل ئېچىدىن خىللاپ ئالدىم،
گۈلى رەيھانىم سېنى.

تاللاپ - تاللاپ تاللىۋالدىم،
تالدىن چوكەننى.
باغ ئارىلاپ ئۈزۈۋالدىم،
سېرىق زەپەرنى.

بىر كىتاب، ئىككى كىتاب،
يار قوينىدا ئالتۇن كىتاب.
بارمۇ ئۆزلىرىدەك بۇ جاھاندا،
شۇنچە چىرايلىق ئاپتاپ.

دوزاخ ئوتى ئوت بولامدۇ،
ئاشىق ئوتىغا ئوخشىماس.
ئەمدى يارتۇتقان بىلەن،
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

تاغ تۇۋىدە ئۆيەدۇ،
شىلدىر قىلسا تۇيادۇ،
نازۇككىنە بىلەكنى
تۇتۇپ قويسا سۇنادۇ.

دىل ئىكەننى بىلمىدۇق،
دىلىۋا ئىكەننى بىلمىدۇق
مىسقىلى مىڭ تەڭگىلىك،
گۆھەر ئىكەننى بىلمىدۇق

باغدىكى مارجان تېرەكتەك،
بويىڭىزنىڭ تۈزلىكى.
باغدا پىشقان ئاق كىشمىشتەك،
يۈزىڭىزنىڭ سۈزۈكلىكى.

ئۆزلىرىگە قارىسام،
قىرچىن تالدەك بويلىرى.
ئويناپ تۇرار كۆزلىرى،
بۇلبۇل كەبى سۆزلىرى.

ئىچمەككە ھاراق ئاچچىق،
سۆيمەككە جۇگان تاتلىق.
ئاغزىدا ناۋات بارمۇ،
بىر سۆيسەم ئەجەب تاتلىق.

دوزاخ ئوتى ئوت بولامدۇ،
ئاشىق ئوتىغا ئوخشىماس.
ئەمدى يار دۇتقان بىلەن،
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس.

قومۇلنىڭ بازارىدا،
رەڭمۇ رەڭ تاۋارى بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
ئەگىتمە تۇمارى بار.

ئەي ناۋا، ئەي بىناۋا،
مەن بىر بالاغا ئىشقى دوست.
قېشى بار، كىرپىكى يوق،
يەنە بىر بالاغا ئىشقى دوست.

دەريالارغا كەلگەنسۇ
ھەر توقايدا توختايدۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىم،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

قەنت - ناۋات ئاغزىڭدىدۇر،
شېكەر لېۋىڭدە.
سېرىق زەپەر قات ئاچلۇر،
باسقان ئىزىڭدا.

ئون بەش ياشىمدا،
بۆكۈم باشىمدا.
شەر - شەرگە بارسام،
جۇگان قاشىمدا.

ئاتام سەنسەن، ئانام سەنسەن،
گۈلنىڭ ناۋاتى.
مىنگەن ئاتىڭ، كىيگەن تونۇڭ،
يارىنىڭ دۆلىتى.

www.uyghurkitap.com

يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
مەن يارىمنى سۆيۈپ ئالسام،
يامانى يوقتۇر.

ئىرغاي بويلۇقۇم،
لىچىن كۆزلۈكۈم.
ئۈچ قىسمالىقىم،
كەپتەر خويلۇقۇم.

دەر - بىدەر ئۆلدۇم،
كۆيگەنگە مەن كۆيدۇم.
بەرگىنىڭ سېنىڭ ئانار،
شاخىڭ سېنىڭ چىنار.

ماش - ماش ئالار خورجۇندا ماش،
كۆك خالتاڭدا ماش.
سېنىڭ ئاشناڭدىن،
مېنىڭ ئاشنام ياش.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن: 80 ياشلىق توختاشخان ئىمىن، ئۆمەر قارى، مارىخان. ئاراتۇرۇك ناھىيە ئاداق يېزىسىدىن: يۇنۇس ئەمەت، گانارخان.

## ۋاپادارلىق ۋە ۋاپاسىزلىق ھەققىدە

ئادىشىم ـ قەلەم قېشىم،
دەريا بولۇپ ئاقسۇن يېشىم.
شەرت قىلىپ قۇرئان تۇتاي،
سەندىن بۆلەك يوق ئادىشىم.

يۈرگۈنۈك يۈرگەنچە بولسا،
يۈرگۈنۈكدىن غەم يېمە.
دوستلۇغۇڭ كۆڭلۈڭدە بولسا،
دۈشمىنىڭدىن غەم يېمە.

پەتىم بارغۇ ــ پەتىم بار،
يانچۇغۇمدا قەنتىم بار.
يېڭى يارچە يار تۇتسام،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

قىزىلگۈلدە پۇراق بار،
شاخىدا يوپۇرماق بار.
يارنى سۆيسەڭ تاللاپ سۆي،
ئاخىرەتتە سوراق بار.

سۇنىڭ سۈزۈكى نەدە،
ئۆستەڭ بويى ــ بۇلاقتا.

شۇ يارىمنىڭ سۆزىنى
چىڭ ساقلايمەن قۇلاقتا.

قارمۇق دانىسى بولغىچە،
بۇغدايىنىڭ سامانى بول.
يامانىنىڭ ياخشىسى بولغىچە،
ياخشىنىڭ يامانى بول.

سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كيىسەم،
ساڭا ئوخشىمدىمەن يارىم.
ھەر قانچە ئەلەم تارتسام،
سېنى تاشلىمدىمەن يارىم.

سېنىڭ ئۈچۈن ياتسام ياتاي،
ئۈچ يىل زىنداندا،
ئۈچ يىل دېگەن ئۈچكۈنچە يوق،
باغۇ ـ بوستاندا.

قۇم قازان تۇتقان بىلەن
قولۇمدا يوقتۇر كۆكسى.
يار ئۈچۈن يېگەن تاياقىنىڭ
دولامدا يوقتۇر يارىسى.

دۆشكە چىقىڭ بىر كۆرىلى،
بېشىڭىزدىن گۈل ئۆرۈيلى.
سىز ئۆلگىچە بىز ئۆلىلى،
جانلارنى قۇربان قىلىلى.

مەن چىنىمنى ساڭا بېرىپ،
سېنىڭ چىنىڭنى مەن ئالاي.
مەن ئۆزۈم ئوتتا كۆيۈپ،
سېنى بېھىشكە قوياي.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى
ئوڭ قولۇمدا ساقلايمەن.
يارىم سەن ئۆلۈپ كەتسىڭ،
ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن.

كوشوتى داۋانىدا
ئات كۆكسىدە ياغدى قار.
ئايرىلىپ كېتەلمەيمەن،
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار.

كۆردۈڭمۇ بۇ باشىمنى،
كۆزۈمدىكى ياشىمنى.
ئۆلسەممۇ ئۇنتالمايمەن،
قەلەمقاش ئاداشىمنى.

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

ۋاپايىڭ بولسا يار،
خالتە ئەۋەتسەم.
تىلىمنىڭ ئۇچىدىن،
ئىمان ئەۋەتسەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈلۈغ - ئۈلۈغ سۇ بويىدا،
سۇدىن نەپ ئالسام.
ماڭا بىلىنمەس سەن ئۈچۈن،
شۇنچە دەرد تارتسام.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاقلاپ سۇغا سالساڭ،
كۆيمەن يەنە ساڭا.

كۆڭۈل سېزىدۇ دېيدۇ،
كۆڭۈلنىڭ سەزگىنى راستۇر.
يار قەدىرىگە يەتكەندە،
سۆيسە يۈرەككە خاستۇر.

ئادەم دېگەن ھۆل نېمە،
ئوت كەتمەيدۇ يۈرەككە.
كۆيدۈر سەھمۇ كۆيدۈگىن،
قارىمايمەن بۆلەككە.

يەنە قىرساي يولىدا،
ھارۋىلار دېغىر - دېغىر⑧.
كىشىنىڭ يارى بۆلەك نېمە،
ئۆزىنىڭ يارى يۈرەك - بېغىر.

تاغ يوللىرى شېغىللىق،
ھارۋىلىرى دېغىر - دېغىر.
يېڭى يارنى ياردېمەڭلەر،
كونا يار يۈرەك - بېغىر.

قىزىلگۈلدىن باشقىنى
باغقا كىرىپ ئۈزمەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىم بار،
باشقىسىنى سۆيمەيمەن.

ھەر تەرەپ دۈشمەن كېلىپ،
تىغ ئارىسىغا ئالسا مېنى.
بىر ئېگىلىپ ئوقيا بولۇپ،
كۆكسۈمدە توسسام سېنى.

سېنىڭ جانىڭ مېنىڭ جانىم،
بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم
قۇربان ئەمەسمۇ.

يېڭى يارنى ياردىمەڭلەر،
يېڭى يار يالغانچىدۇر،
كونا يارنى تاشلىماڭلار،
يېڭى يار ئالۋانچىدۇر.

خىيالنى تولا قىلىپ،
ئاغرىققا چاقاي دەيدۇ.
ۋەدىسىگە شۇ يارلار،
دارىلاپ باقاي دەيدۇ.

قاپقارا قاشلىق يارىم،
جانىم پىدا بولدى ساڭا،
جاندىن كەچكەن كىشىلەر،
ئاشنا بولدى ساڭا.

ئېيتقىنىڭغا مەن قايىل،
يولۇڭغا ماڭمەن مايىل.
ئەندى ماڭا ئىشەنگىل،
بولماسمەن ھەرگىز جاھىل.

تام ئۈستىگە تام سالدۇق،
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.
يار ئۈستىگە يار تۇتتۇق،
يۈرەككە پايدا بولسۇن دەپ

ئوقۇيمەن «غوجا ھاپىزنى»
خۇدايىم ئايرىمىسۇن بىزنى.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
سەن ئاشنام قارا كۆزنى.

يارىم بەرگەن خەتلەرنى
يانچۇغۇمدا ساقلايمەن.
يارغا بەرگەن ۋەدەمنى
خۇدا بۇيرىسا ئاقلايمەن.

بىر ۋەدە قىلىپ ئەردىم،
ۋەدەمگە تۇرۇپ كەلدىم.
يار كېيىدە تۇرماپتۇ،
تۆرۈلۈپ يېتىپ كەلدىم.

بىگۇپا بۇگۈن بارۇر،
ئەتە ئۇنتۇر يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بىرلا سۆيگەن يارىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارىم بەرگەن ئالمىنى
بىكار بەردى دەپتىمەن،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنى
كۆڭۈل بەردى دەپتىمەن.

يارى دىدۇ ـ يارى دىدۇ،
يارىدا يوقتۇر ۋاپا.
يار ئۆتىنى ئاتماڭلار،
قىلدۇ جانغا جاپا.

چىرىغىڭنىڭ كۆيگىنىدىن،
كۆيمىگىنى ياخشىراق،
بىۋاپانىڭ سۆيگىنىدىن
سۆيمىگىنى ياخشىراق.

يار يىراق، مەنزىل يېقىن،
ھېچقاچان غاپىل ئەمەس.
بىگۇپانى يار تۇتساڭ،
مۇرادىڭ ھاسىل ئەمەس.

ھاۋانىڭ گۇلدۇرى بار،
ئەسلى ئۇنىڭ يامغۇرى يوق.
يارىنىڭ ئاغزىدا بار،
ئەسلى ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوق.
ئاي دىدىكەن، كۈن دىدىكەن،
چەرخي پەلەكتە.
ۋاپاسى يوق شۇ يارىمنىڭ
كۆڭلى بۆلەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەپ - لەپ ئۇچىدۇ قارلا،
قارىمايدىغۇ يارلا.
قارىمىسا - قارىماس،
ئەسلى بىۋاپا يارلا.

ھەي - ھەي پەلەك سالدىڭ مېنى،
جەۋرى جاپاغا.
ئىچ - ئىچىمدىن يىغلاپتىمەن
سەن بىۋاپاغا.

قىزىلگۈل تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارى بولدۇم مەن.
سېنىڭدەك بىۋاپا يارغا
ئەجەب ئاۋارە بولدۇممەن.

ۋاپايىڭ بارمۇ دەپ،
چەندان يۈگۈردۈم.
ۋاپايىڭ يوق ئىكەن،
ئەمدى تۈگۈندۈم.

بىۋاپا سەن، بىۋاپا،
كۆڭلىدە بىر ياد قىلمىدىڭ.
مەن جېنىمنى ساڭا بەردىم،
ھەرگىز مىننەتدار قىلمىدىڭ.

ئالمىنى بىرىڭ دەيسىز،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز.
قەدىرىمنى بىلمەيسىز،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسىز.

تام تۆپىگە تام سالدىم،
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.
يار ئۈستىگە يار تۇتتۇم،
يۈرەككە پايدا بولسۇن دەپ.

شامال كېلىپ ئۆتتىمۇ،
بوران كېلىپ ئۆتتىمۇ.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
بېشىڭ كۆككە يەتتىمۇ.

ۋاپاسىزلىقنى سەن قىلىپ
مېنى قىلمايدۇ دېمە.
ھەممە كويدا سەن يۈرسەڭ،
مېنى تۇيمايدۇ دېمە،

ئۇششاق - ئۇششاق ئۆرۈكلەر،
باغدا قاتار كۆۋرۈكلەر.
يار ئۈستىگە يار تۇتقان،
بىۋاپانى كۆرۈڭلەر.

تېرىقىما تېرىقى
ئاپتاپتا پىشقان تېرىقى.
تېرىقىنىڭ دانى يوق،
ئاشىقىنىڭ سانى يوق.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئەرجىيىپ ⑨ تۇرغان بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆسلەڭ بولسا يارىم،
كۆيمە كىشىنىڭ يارىغا.
سەن كۆيۈپ چەكپارە بولساڭ،
ئۇ كۆيەر ئۆز يارىغا.

ئارىلىقى يەي ئارىلىقى،
ئارىلىقىنىڭ تارلىقى،
ئۆلگىچە چىقماس ئىچىمدىن،
يارىنىڭ قىلغان شاللىقى.

كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما،
كۆڭلى سەككىز يارىغا.
نىمە دەپ بەردىڭ كۆڭۈلنى
ۋەدىسى يالغانىغا.

تۆۋىگە چىقسام قارۇرمەن،
قاپقارا سايلار سايان.
ئەمدى ھەرگىز قارىماسمەن،
بىۋاپا يارلار سايان.

ئاخشام بولسا ياتمايدۇ،
تىرەك بىشىدا قاغا.
نىمە ئانچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا.

ئىچىلمىغان گۈللەردىن
ئىچىلغان تىكەن ياخشى.
بىۋاپانى سۆيگەندىن
تەنھا يۈرگەن مىڭ ياخشى.

بۈگۈن ئايغا ئۇن يەتتە،
مەن ئۆزۈم خىجالەتتە.
مەندىن باشقا يار تۇتسالڭ
سورىغىم قىيامەتتە.

ۋاپا كېلۇر دەپ ئىدىم،
كۆپ چاپانى كىم بىلدى.
ئاخىرى جۇدالىق ئىكەن،
ئايرىلىۇرنى كىم بىلدى.

ئېچىلمىغان لەيلى قازاقتىن،
ئېشەك تىكەن ياخشىراق.
ئىسسقى يوق يارلاردىن
ئىسسىق ئوچاق ياخشىراق.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئارا تۈرۈك ناھىيە نوم يېزىسىدىن: ئانارخان؛ خېلىچىخان، راجى غوجامنىياز، قۇمۇل شەھرى قارا دۆۋە يېزىسىدىن: نىياز باست، نەمتۇللا رەھمۇتۇللا، قېيۇم يۇنۇس. قۇمۇل شەھرى ئىچى يېزىسىدىن: ئاقپاشا، خالىق ئىبراھىم، باست رەمنىياز، ھىمىت بوسۇق.

## تەلپۈنۈش ۋە خوشلىنىش ھەققىدە

قۇمۇل يولى يامانمۇ،
يارىم ئۇندا ئامانمۇ.
بەش يىل بولدى كەلمەيلا،
بىزدەك يارلار يامانمۇ.

قىر بېشىدا كۆچەتلەر،
تال - دەرەخ بولدىمىكىن.
يامانلاپ كەتكەن يارغا،
يار كېرەك بولدىمىكىن.

بىزنىڭ باغدا ئانارگۈل،
ئانارىدىن يەپ قويۇڭ.
بىزنى يارلار سورىسا،
يۈرىدۇ ئامان دەپ قويۇڭ.

قويدا قوشقار شەدىنى،
ئايلىمدا كۆردۈم يارىنى.
يار ئۆزى تاپتىمىكىن،
ئۆزىدەك جانانىنى.

شوخلىنىپ جىگدىگە چىقسام
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
يارنى مەن ئىزلەپ يۈرۈپ،
تېشىلدى تاپانلىرىم.

سىلكىنىپ چىمەنگە چۈشتۈم،
ئەي نىگارىم قايدىسەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سارغىيىپ سامان بولدۇم،
ساق ـ سالامەت بارمۇسەن.

بارغۇچىدىن ئاڭلىسام،
كەلمىگىدەك يارىم مېنىڭ،
نەدە بولسا بارلا بولغاي،
ئۆلمىسۇن يارىم مېنىڭ.

يارنىڭ ئىشكى چاقسا،
ئېچىلسا يېپىلمايدۇ.
كۆڭۈلدىكى شۇ يارنى،
ئىزدىسە تېپىلمايدۇ.

بارغانلاردىن، ياندانلاردىن،
سېنى سورايمۇ.
سېنىڭ هالىڭ نەكەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ.

سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ،
كۆز ياشىڭ قۇرۇتتۇڭمۇ.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
بۆلەك يارنى تۇتتۇڭمۇ.

باغدا پاختەك، چۆلدە ئۆردەك،
يەم تاپالماي يۈرگىدەك.
مەن يارىمنى ئاڭلىسام،
هەر يەردە ئويناپ يۈرگىدەك.

ئوينىسىمۇ ـ ئوينىسۇن،
هەر يەردە بىردەم ئوينىسۇن.
كۆڭلىنى دىۋانە ئەيلەپ،
ئۆزگە يارنى تۇتمىسۇن.

www.uyghurkitap.com

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
سايىنىڭ قارىسى.
ئىككى جۇگان چىقىپ كەلدى،
بىزنىڭ يار قايسى.

سۇ بېشىدا بىر جۇگان،
دىمىغىدا كۇلىدۇ.
تونۇمايمەن شۇ جۇگاننى،
بىزنى ئالدامدۇ، نېمىدۇ؟

يۇقىرى مەلىدە ناخشا ئېيتسام،
تۆۋەن مەلىدە تىڭشايدۇ.
چىمەن دوپپا كىيىپ ئالغان،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايدۇ.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ بۇغداي،
كۆرۈنگەن خامانىمىدۇر.
ئالتى ئاي بولدى كۆرمىدىم،
يارغىنەم ئامانمىدۇر؟
ئاي مەسەللىك يارىمسەن،
گۈل ھەسەللىك يارىمسەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
بۇ دۇنيادا بارمۇسەن؟

قۇمۇلۇمغا كېتىمەن،
تاغلىرىڭ قالسۇن ساڭا.
دۆلىتىڭنى تولا كۆردۇم،
رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.
سەن كېتەرىڭگە كېتەرسەن،
يادىكار بەرگىن ماڭا.

يادىكارىم شۇل ئەمەسمۇ،
ياخشى خۇيلارىم ساڭا.

كېتەرىڭنى بىلگەن بولسام،
ئۇزاتماسمىدىم.
جۈمە مەسچىت، تاختا كۆۋرۈك،
سالدۇرماسمىدىم.

كېتەرىڭنى بىلگەن بولسام،
يولدا تۇرۇردۇم،
يىغلاپ، قاقشاپ قالغىنىمدىن،
بىللە بارۇردۇم.

سىز يارىم يۈرۈپ تۇرۇڭ،
مەن خۇدايىمغا باقاي.
خۇدايىم بۇيرىغان كۈنى،
مەيدەمنى مەيدىڭىزگە ياقاي.

يارىم كەتتى يىراققا،
قارىسام كۆزۈم يەتمەس.
مېنى قويدى پىراققا،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق،
يار كېتەمدىكىن بىللە.
يار كەتسە بىللە كەتسەك،
ئويۇن - كۈلكىمىز بىللە.

تال كېسىپ تالنى كېسىپ،
تالنى قويۇپ جىگدە كېسىپ.
كۆڭلىڭىز قانداق چىدايدۇ،
بىزنى بۇندا تاشلاپ كېتىپ.

مەن كېتەر بولدۇم يارىم،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىبان يار قالدى دەپ،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.

يارىم سەپەرگە ئاتلانىپتۇ،
مىنگەنى دۇلدۇل.
قاچارلارى قىزىل ئالما،
ساچلارى سۇمبۇل.

يارىم كېتىمەن دېيدۇ،
كەتكۈزگىلى قويمايمەن.
يولىغا پەنەر سالىپ،
ماڭدۇرغىلى قويمايمەن.

كاۋا چېچىكى بۆكۈم،
ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتتى.
جېنىمدىن ئەزىز يارىم،
قارلىقنى داۋاپ كەتتى.

مەن كېتەرمەن باش ئېلىپ،
ئىككى قولۇمغا تاش ئېلىپ.
بىزنى دېگەن شۇ يارلار،
قالدى كۆزىگە ياش ئېلىپ.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
جانىم تېخى تەندىدۇر.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم ھەمىشە سەندىدۇر.

ئاي يۈزلۈك تالى بويلۇق،
يىراققا كەتسەڭ نەقىلاي.

ساڭا ئۆگەنگەن كۆڭۈلنى،
ئەندى كىمگە خار قىلاي.

بارغىچە ئاسانلا باردىم،
يولنى بىلمەي ساي بىلەن.
يانغىچە ياردار كېيىكتەك،
ئىككى كۆزۈم ياش بىلەن.

بارۇردۇرمىز، تۇرۇردۇرمىز،
ياخشى قىلىڭلار.
ئېگىز داۋان داۋادۇرمىز،
شوتا قويۇڭلار.

كەت دېسەڭمۇ كېتمەن
كەتمە دېسەڭمۇ كېتمەن،
ئارىدا بىرلا قونۇپ،
يارىم قېشىغا يېتمەن.

جاڭجۇڭ غۇلۇپ توققۇز پەردە،
كىلىنتى مەندە.
يارىم ئۆزى كەتكەن بىلەن،
خىيالى مەندە.

يارىم كېتمەن دېيدۇ،
چىن كۆڭلى ئۇنىڭ مەندە.
ئايرىلغىلى بولمايدۇ،
قول تۇتۇپ قىلغان ۋەدە.

باغدىكى سېرىق قۇشقاچ،
ئاسمان ئارىلاپ ئېگىز ئۇچ.
تامام بولدى سۆزلىرىم،
ئامان بولۇڭ خەير - خوش.

## سېغىنىش ۋە جۇدالىق ھەققىدە

بىر كۆرۈپ پەرۋانە بولدۇم،
ئاھۇ يارىم قايداسەن.
سارغىيىپ سامانچە بولدۇم،
ئاي جامالىم بارمۇسەن.

زارالىغزىمۇ - زارالىغزا،
ئېچىلغاندۇ ھەر ياغزا.
يىراقتىكى شۇ يارلار،
سېغىنغاندۇ ھەر ياغزا.

يار يىراق كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم سېنىڭدىن كەتمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
دادىم خۇداغا يەتمىدى.

ساچىم مېنىڭ ئىككى تال،
ھەر كۈنى تارالمايمەن.
ئارىمىز يىراق بولغاچ،
ۋاقتىدا بارالمايمەن.

ئىللىسۇنمۇ ئىللىسۇن،
ئىللىسۇننى تېرىسۇن.
مەن يارىمغا خالتا بەرسەم،
ئىنلاپ - ئىنلاپ يىغلىسۇن.

تاغدا تېرىدىم تاۋۇز،
خىيال قىلمەن يالغۇز.
يار يادىمغا يەتكەندە،
خويما بولمەن مازۇز.

مەن سېنى يارىم دەپلا،
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ.
سېنى دەپلا ئۆلۈپ كەتسەم،
بېهىش يۈزى كۆرەرمەنمۇ.

ئۆرۈكۈمما — ئۆرۈكۈم،
باغلاردا پىشقان ئۆرۈكۈم.
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدۇ يۈرۈكۈم.

ئاي خېنىم سۈزۈك چىراي،
ئوتۇڭدا مەن قانداق چىداي.
ئاخشىمى ئايدىڭدا چىقىپ،
تاڭ ئاتقىچە تەمبۇر چالاي.

يەنە ئاللاھۇ دېسەم،
كەلمەس كۆزۈمنىڭ ئۇيقۇسى.
ئۇيقۇنى كەلتۈرمىگەن،
بىۋاپا يار سەۋداسى.

پىچاق چاقماق ئاسمايمەن،
چاقماق بىلەن نېمىشىم.
يارنى مەن خىيال قىلسام،
دەريا بولىدۇ يېشىم.

تاڭ ئاتقۇچە ئويلايمەن،
چۈشۈمگە كىرەرمۇ دەپ.
مەن ئۆزۈمدىن سورايمەن،
ئۆمۈرلۈك بولارمۇ دەپ.

كىچىلەپ ئۆتتۈپ كەتتى،
بەش ھارۋىدا يۇلغۇنچى.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
مىسكىن يارىم گۈل غۇنچە.

مەن بىرىپ يوللار قاراڭغۇ،
جۇپ چىراغ ئاندا كىرەك.
يارغىنەم يالغۇز ياتامدە،
يارغىمۇ ھەمراھ كىرەك.

بارۇرغا يوللۇرۇم تۈزدۇر،
كىچە ماڭا كۈندۈزدۇر.
قويۇپ بەرسەڭ كىتەرمەن،
يارىم ئاندا يالغۇزدۇر.

كىچە كەلدىم شۇ داۋانغا،
سەرۋە بويلۇق كەلمىدى.
سەرۋە بويلۇق يارنى دەپ،
كۆزلەرگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

باردىم دەريا كەچكىلى،
ئولتۇردۇم سۇ ئىچكىلى.
بولسا يارىمدىن خەۋەر،
قاناتىم يوق ئۇچقىلى.

بىزنىڭ يارلار كېلىدۇ،
بۆلۆ داۋاننى داۋاپ.
ئاي يۈزىنى توغ بېسىپتۇ،
مىنگەن ئاتنى ساۋاب.

سەن قاچان تۇرنۇككە كەلدىڭ،
مەن قاچان ئۇن بەرمىدىم.
سەن كىرالماي، مەن چىقالماي،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

يۈرىكىم چاجوش ئەمەس،
سۇنى قۇيۇپ قايناتقىلى.
مەن ئۆزلۈم ئۇخلاق ئەمەس،
يارلار كېلىپ ئۇيغاتقىلى.

يارىم ئۆتتى يانىمدىن،
كۆيدۈرۈپ ئۆتتى جانىمدىن.
يامان چاغدا ئايرىلدىم،
جاندىن ئەزىز يارىمدىن.

زوركىننىڭ بېشىغا چىقسام،
كۆرۈندى يارنىڭ باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سېرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغىدەك بولدۇم.

مەن ئۆزۈم پېقىر ئاجىز،
ئانار باغىدىن ئۆتەلمەيمەن.
كىراغا ئات ئېلىپ بېرىپ،
جامالىڭنى كۆرەلمەيمەن.

گۈلنى مەن گۈلۈم دەيمەن،
گۈلنى مەن ئۈزەلمەيمەن.
ئارىمىز يىراق ئۈچۈن،
يارنى ھېچ كۆرەلمەيمەن.

كۆكيار كانىدىن⑪ ئەپكەلدۇق،
قالايدىغان كۆمۈرنى.
يارنى كۆرمەي ئۆتكۈزدۇق،
ئۇن بەشكۈنلۈك ئۆمۈرنى.

بېدىلىكمۇ بېدىلىك،
بېدە يولىدا جىگدىلىك.
قاراقاش قاۋۇل جۇگانىغا.
ھەم دۇئا ھەم بەندىلىك.

ئامرىغىم سېنى بار دەپ،
بېرىپ مەلەڭدە ئوينايمەن.
سېنى مەلەڭدە كۆرمىسەم،
تاڭ ئاتقىچە ئويلايمەن.

بىر بالاغا سالدىلا،
ئىككى بالاغا سالدىلا.
پۇتى باغلاق بوزلىچىسىدەك
ئىنتىزارغا سالدىلا.

سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ،
كۆز - ياشنى قۇرۇتتۇڭمۇ.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
بۆلەك يارنى تۇتتۇڭمۇ.

كۈتەرمەنمۇ - كۈتەرمەنمۇ،
شۇنچىمۇ كۈتەرمەنمۇ.
كۆيۈپ قالغان يارىمنى
سۆيەلمەي ئۆتەرمەنمۇ،

ئوڭ يېنىمدا ئاي ماڭار.
سول يېنىمدا كۈن ماڭار،
ئايغا باقسام كۈن قالار،
نە خىجالەتتۇر ماڭا.

يىراق يەردىن قورۇقمايمەن،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
بىزنىڭ يارغا ئۈچ بۇرجەك،
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

كەل دېگەندە كەلمىدى،
جانانە قاشىمغا مېنىڭ.
نى ئالامەت تاغلىرى
سىرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

يار كوچىسىغا بارسام،
گەپتىن كۆڭلۈم ئاغرىيدۇ.
سەپەرگە كەتكەن يارىمغا،
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوراي تېغى ئېگىز تاغ،
سېرىلەيمۇ دېمىيدۇ.
باغرى قاتتىق شۇ يارلار
سېغىنايمۇ دېمىيدۇ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ.
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەيدۇ.
يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.

بېغىڭغا كىرىپ داقسام،
ئۆرۈكنىڭ ئەجەب شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
مېهرىبان سۆزى تاتلىق.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە،
بىز ياتمىدۇق ئۆيلەردە.
بىزنىڭ ياردىن خەت كەلسە،
خۇش بولىمىز چۆللەردە.

بىزنىڭ يارنىڭ ئۆيىشى،
قوراي تېغىنىڭ بېشى.
قولىدا تاۋار ياغلىق،
قۇرىمايدۇ كۆز يېشى.

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى،
هەر يەردە ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى،
بېلىمگە باغلاپ كېتىمەن.

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقىپ،
تۇرسام كۆكۈل قايان بارۇر.
كۈندۈز ئاپتاپقا چىقىپ،
ئايدەك چىرايىم سارغىيۇر.

تۇرنىكومدىن قارالسام،
شەھەر كۆرۈنەرمىكىن.
يارىمنىڭ يادىدا بولسام،
خەت يازارمىكىن.

سەن مېنىڭ يارىم ئىدىڭ،
ئەجەب سەندىن ئايرىلدىم.
جۇدالىق يامان ئىكەن،
يارىم سېنى سېغىندىم.

كەپتىرىڭگە دان بەرمەي،
ئاچتا ئۆلسۇن دېدىڭمۇ.
ئايدا - يىلدا كەپ قويماي،
دەردتە ئۆلسۇن دېدىڭمۇ.

سارغىيىپتۇ - سارغىيىپتۇ،
شۇ جۇگانىڭ دەردى بار.
دەردى بولمىسا سارغىيامدۇ،
يىراققا كەتكەن يارى بار.

تاغ تۈۋىدە ئۆيۈم بار،
تىزەك ئوتى چوغۇم بار.
ئايدا - يىلدا بىر كەلسەڭ،
ساڭا سوئال قويغۇم بار.

ئېگىز ئۆستەڭگە چىقىپ،
كۈن چىقىشقا قارايمەن.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى
لەنجۇسىڭغا پالايمەن.

ئايىمدۇر، ئايلامدۇر،
ئايغا بۇلۇت دالدامدۇر.
يار يىراقتىن كەلگىچە،
ئاققان يېشىم دەريادۇر.

ئۇچارمەن دەپ ئۇچالمادىم،
قاناتىم سۇنغان ئوخشايدۇ.
يۈرىكىم سېزىپ تۇرادۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

تاڭ سەھەرنىڭ سوغىدا،
تىترەپ ياتالمادىم.
يارىم كەلسە ئالدىمغا،
گۈل تۇتۇپ چىقالمادىم.

قاپقارا قاشلىق يارىم،
بولدى ساڭا ھالىم خاراب.
كېچىلەپ ياتالمادىم،
تاڭ ئاتقىچە لىم ساناپ.

يار بىلەن ۋەسلى قىلدۇق.
خەلىي ئۆيدە بىر كېچە،
شۇ خۇشاللىق خاتىرە،
چىقماس ئېسىمدىن ئۆلگىچە.

يار بار چاغدا ياخشىدۇق،
يار كېتىپ يامان بولدۇق.
يار ئۇتى يامان ئىكەن،
سارغىيىپ سامان بولدۇق.

كېچە يارنى چۈش كۆرۈپ،
كۈندۈزلىرى مازۇزمەن.
چىلىلىساڭ باراي قېشىڭغا،
خېنىم تەنها يالغۇزمەن.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
ياغارمىكىن قار بولۇپ،
ئەجەبمۇ سېغىندىم يار،
بىر كۆرۈشكە زار بولۇپ.

بۇغداينى تېرىپ قويدۇق،
دۆۋەجىن تۈزەڭلەرگە.
بىزلەرمۇ بېرىپ قالىمىز،
سەككىزىنچى ئاي كۈزلەردە.

يارىم بەرگەن خەتلەرنى
يانچۇغۇمدا ساقلايمەن.
يارغا بەرگەن ۋەدەمنى،
تائەبەتكە ئاقلايمەن.

تاغدىن كەلگەن شامالدىن،
مەن يارىمنى سورايمەن.
يارىمنى كېلۇرمۇ دەپ،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارغىلى بازدۇر خىيالىم،
يانغىلى يوق تاقىتىم.
مەن باراي يارغا دېسەم،
ئۇچقىلى يوق قاناتىم.

بەدىيان تاغىنىڭ ئوتى،
يومغاقسۇت باغىنىڭ ئوتى.
ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرۈر،
يىراقتىكى يارىنىڭ ئوتى.

تاش كەلدىغۇ تاش كەلدى،
يار بولۇغدىن (11) تاش كەلدي.
مەن يارنى خىيال قىلسام،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

باغىڭدىكى ئالماڭنى
چىشلەپ يەيمەن ئۈزمەيمەن.
سىنىڭدەك گۈزەل ياردىن،
ئۆلسەم ئۈمىد ئۈزمەيمەن.

بېغىڭدىكى ئالماڭنىڭ
بىر شېخى راۋاب بولدى.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
شېرىنجان كاۋاپ بولدى.

جېنىم مەشۇق، خېنىم مەشۇق،
جامالىڭنى كۆرۈرمەنمۇ.
كويۇڭدا زار - زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلەرمەنمۇ.

مەن ئۆزۈم قۇمۇلدا بولسام،
ئاشىقىم ئاستانىدا.
بارساڭلار سالام دەڭلەر،
كۆزلىرى مەستانىغا.

كۈزگى بۇغداي مايسا بولدى،
قول سىلىپ كەلسەڭچۇ يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
ھال سوراپ كەلسەڭچۇ يار.

زار - زار يىغلاپ يۈرۈپ،
ئاقتى كۆزۈمنىڭ قارىسى.
شۇنچىلىك يىراق بولۇرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

قاپقارا قاشلىرىڭىز،
سىلكىنەمدۇ چاچلىرىڭىز.
سىزگە نېمە دەرد كەلدى،
كىرپىك ئارا ياشلىرىڭىز.

تاغدا بار لەيلى قازاق،
سۇ بېشى ئەگىم بۇلاق.
كۆڭۈلدىكى يار بولسىلا،
قۇمۇل شەھىرى قانچە يىراق.

كېتىپ بارغان ئايلانى
ئىشارەت بىلەن توختاتتىم.
بېشىدىكى لىچىكىدىن
مېنىڭ يارىمغا ئوخشاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاللىرىنىڭ سايىسى،
چۈشۈپ قاپتۇ ھويلىغا.
يار يولىغا تەلمۈرۈپ،
كۆزۈم كېتىپتۇ ئۇيقۇغا.

قۇرغۇي سالدىم باغچىغا،
جۈپ - جۈپ جۈجەك ئالماسمۇ.
بۇرۇن سۆيگەن شۇ يارنى
يەنە سۆيسە بولماسمۇ.

ھەر بۇلاقنىڭ سۈيى قېتىلسا،
ئايىغى دەريا بولۇر.
يارنىڭ كۆڭلىدە بولسا،
ھەر زامان بىللە بولۇر.

بېغىڭ ئىچىگە كىرسەم،
ئېچىلىپتۇ رەيھان گۈل.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئۆرتىنىدۇ بۇ كۆڭۈل.

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلايدۇ،
يارىم شاگدا ئوينايدۇ.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچىمدە ئوت يالقۇنلايدۇ.

دىلبىرىم مەندىن يىراق،
دىلبىرىمدىن مەن يىراق.
دىلبىرىم قېشىمغا كەلسە،
ياندۇرۇرمەن شام چىراغ.

قارغىلار قاق ئېتىپتۇ،
ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىپ،
يارىلار كەتكەن بىلەن،
كېلەر يارىنى ياد ئېتىپ.

ئاي مەسەللىك ئايمۇسىز،
كۈن مەسەللىك كۈنمۇسىز.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
ساق - سالامەت بارمۇسىز.

ئەقلىم ھەيران بولۇپتۇرمەن،
شۈغۈن كۈنلەردە.
كېچە يېتىپ ئۇيقۇم كەلمەس،
ئۇزاق تۈنلەردە.

كېچە يېتىپ ھارىۋاڭدا
سانارمەن يۇلتۇز.
يارىم مېنى سېغىنمىسا،
ئولتۇرسۇن يالغۇز.

ئەقلىم دېيدۇ، ئەقلىم دېيدۇ،
ئەقلىم - ئىمانىدىن.
يار كەلگۈچە يىغلاپ - يىغلاپ،
كۆز ياشىم قاندىن.

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم،
سىيا بىلەن سۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
لەھەل بىلەن كۆز.

سېرىق زەپەر ياخشى گۈلدۇر،
قىش - ياز ئاچىلۇر.
مەن يارىمنى كۆلدە كۆرسەم،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

پەس - پەسكىنە يان ئۆيلەردە،
ياتاسەن يارىم.
ئۇلۇغ - ئۇششاق ئاھ ئۇرغىنىڭمىز،
كېلىمدۇ دائىم.

پەس - پەسكىنە ياپىلاق ئۆرۈك،
سارغايدى پىشتى.
كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن،
قەرەلى توشتى.

باراي دېسەم يوللار يىراق،
قورقىدۇ جانىم.
بارماي دېسەم ئىچكىنەمدە،
كۆيىدۇ جانىم.

ئالتۇن بولسا، كۈمۈش بولسا،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى
تەگسە يۈرەككە.

يېڭى ئايدەك كۆرۈنۈپ،
غايىپ بولۇرنى بىلمىدىم.
ئالتى كۈن مېھمان بولۇپ،
تاشلاپ كېتەرنى بىلمىدىم.

ئىچىم قاينايدۇ ـ قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
ئىچىملىماي توزىغان گۈلدەك.

قۇم سىيرىلدى قۇم تاغقا،
مەن سىيرىلدىم قۇم باغقا.
قانداق قىلىمىز يارىم،
ئايرىلىپ كەتتۇق يىراققا.

ياردىن ئايرىلغىلى،
ئەندۇ⑫ خىياللار يوق ئىدى.
ئايرىۋەتتى شۇ خۇدايىم،
نە گۇناھىم بار ئىدى.

مانتا تىزدۇق قاسقانغا،
بىللە يەيلى داسقاندا.
ئەجەب چاغدا ئايرىلدۇق،
ئاشىقلىق ياراشقاندا.

ھاۋانىڭ تۇمانىدىن
بېشىم ئايلىنىپ كەلدىم،
ئىزدىمەكلار، سورىماقلار،
ياردىن ئايرىلىپ كەلدىم.

سېنى ئۇندا، مېنى مۇندا،
ئىنتىزار ئەتكەن خۇدا.
بەندىسىگە سالمىسۇن،
تىرىك جۇدالىقنى خۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاشىڭنىڭ قارىسىمۇ،
كۆزۈڭنىڭ ئالاسىمۇ.
مېنى يارغا قوشمىغان،
خۇدانىڭ بالاسىمۇ.

خۇمارىمما خۇمارىم،
خۇمارىمدىن ئايرىلدىم.
خۇمارىمنى دەپ بېرىپ،
شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم.

باغچا - باغچا گۈل تېرىپ،
بىر باغچە گۈل توشمىدى.
شۇل خۇدانىڭ تەقدىرى،
بىزنى يارغا قوشمىدى.

يارىم بىلەن يۈرگەندە،
خوشمۇ كۆردۈك دۆلەتنى.
ياردىن ئايرىلىپ قېلىپ،
تارتتۇق بىز خىجالەتنى.

گۈلمىدۇ ئاچىلغىلى،
بەرگىمىدۇر ساچىلغىلى.
تاشمىدۇ باغرىڭ سېنىڭ
شۇنچە يۈرۈپ ئايرىلغىلى.

سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيىتقانمۇ ئۆزۈك.
ياخشى - يامان سۆزلەر بىلەن
كۆڭۈل سوۋۇتقانمۇ ئۆزۈك.

سەن تاشلاپ كەتكەن بىلەن،
ئۆلدۈممۈمەن، كۆيدۈممۈمەن.
سارغىيىپ ئۆڭمەس چىرايىم،
سەندىن ئايرىلغان بىلەن.

كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداق يارىم يوق.
خەت يېزىپ بېرەي دېسەم،
دۆۋەت، قەلەم، سىيايىم يوق.

يارلار كېتىمىز دېيدۇ،
كېتەرىگە يول بولسۇن.
بىزنى يامان دەپ بارسا،
ئىككى كۆزى كور بولسۇن.

بارغىچە تۇرساڭچۇ يار،
غەم بىلەن يول ماڭغىچە.
ئۆلتۈرۈپ سالساڭچۇ يار،
تىرىك تۇرۇپ ئايرىلغىچە.

يىپ ئەمەس، يىپەك ئەمەس،
بويىڭىزغا كىيگىنىڭىز.
بىزدىنمۇ ئاشقۇنچە ئەمەس،
تاللاپ بېرىپ سۆيگىنىڭىز.

غانجۇغامدا ئارغامچا،
سالمىنى سالاي دەيمەن.
يارغا بەرگەن كۆڭۈلنى
ياندۇرۇپ ئالاي دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن ياردىم ئالدىرىما،
بالدۇر خازان قىلدىڭ مېنى.
باغدا گۈلنى مەن تاپارمەن،
سەن تاپالمايسەن مېنى.

ئېيتىپ - ئېيتىپ كىردىم چۆلگە،
قولۇمنى سېلىپ.
بىزنى تاشلاپ ئۆزى كەتكەن،
ھەر جايدا غېرىپ.

قىش كۈنى ئۈۋۈغا چىقىپ،
سۇخسۇرنى كۆرگەن بارمىدۇ؟
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ،
شەرىگە يانغان بارمىدۇ.

يار مېنى يامان دېيدۇ،
يامان بولسا بولامدىكىن؟
شەھىرىنى تاشلاپ بەرسەك،
كۆڭلى خۇش بولامدىكىن؟

مەن گۈل دەپ سۆيسەم سېنى،
گۈلدىن بەتەر قىلدىڭ مېنى.
ئۆينىشىڭ ئالەمدىن ئاشتى.
ئەمدى سۆيمەسمەن سېنى.

ماشرەڭ كۆڭلەك كىيىپسىز،
زەرى چىلتەكلەر تۇتۇپ.
سىز مېنى تاشلاپ كېتىپ،
قالدىمغۇ مەن زەھەر يۇتۇپ.

ئاق باسما، يېشىل باسما،
كۆڭلەك كىيسەم ياراشماس.
ئۈمىدىڭنى ئۈز مەندىن،
ھىيلە - مىكرىڭ قاملاشماس.

ئاق خەسىدە چامچىڭىز،
سېپى سۇنۇپتۇ قامچىڭىز.
مېنى خىل كۆرمەپتىڭىز،
ئەمدى بالاغا قالدىڭىز.

مەن بۇ يەرگە كەلمەستىم،
باشلاپ كەلدى ئىبراھىم.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

مۇنداقمۇ بولۇرمەنمۇ،
شۇم تەلەي بولۇرمەنمۇ.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
سارسىلىپ قالۇرمەنمۇ.

دەردكە قويدۇڭغۇ مېنى،
چىن يارى دەپ يۈرسەم سېنى.
ئارمىنىمۇ يوق ئىندى،
ئۆلگىچە سۆيسەم سېنى.

ئۆستەڭدىكى لاي سۇنى،
كۆلگە باشلىماق يارىم.
ئەقلى - ھوشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماق يارىم.

يارىم ئۆتتى يېنىمدىن،
كۆيدۈرۈپ ئۆتتى جانىمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئايرىلدىم،
جاندىن ئەزىز يارىمدىن.

ئۈچ كۈن ئايرىلساڭ ئۆلەرسەن،
دېۋىدى يارىم ماڭا.
بەش كۈنمۇ ئايرىلىپ باقتىم،
چىقمىدى جانىم مانا.

دەردىڭدە ئادا بولدۇم،
كويۇڭدا جۇدا بولدۇم.
غەم دەستىدە مەجنۇندەك
يولۇڭدا ئادا بولدۇم.

دەردىڭدە ئادا بولدۇم،
ۋەسلىڭدىن جۇدا بولدۇم.
جاندىن ئەزىز يارىمنى
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.

مەن باردىم بۇلۇڭ بىلەن،
تارتىپ ئۇردى تۇلۇم بىلەن.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارنى
ئايرىۋەتتى زۇلۇم بىلەن.

باردىم يالىڭياغ بىلەن،
ئۇرۇپ سالدى تاياق بىلەن.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارنى
ئايرىۋەتتى سولاق بىلەن.

ھاۋادا بۇلۇت كۆڭلۈم.
ياردىن ئۈمۈت كۆڭلۈم.
يار باقمىغۇدەك ئەمدى،
يارلارنى ئۇنۇت كۆڭلۈم.

ماڭسەن بىر - بىر بېسىپ،
دەريا سۈيىدەك يېيىلىپ.
باغرىڭ سېنىڭ تاش ئىكەن،
بىر باقمىدىڭ قايرىلىپ.

شاپتۇل تاللاپ يەيمەن دەپ،
باغقا كىردىم شورىدىن.
قەلەم قاشتىن ئايرىلدىم،
ئۆگەي ئانا زورىدىن.

ئالما بەرسەم يەمدىلا،
شاپتۇل بەرسەم يەمدىلا.
ئالما يوق، شاپتۇلمۇ يوق،
ئاخىر نادامەت يەمدىلا.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
تامايىم يوقتۇر غوراڭدىن.
تەقدىر ئاللا ئىلاھىم،
ئايرىۋەتتى جوراڭدىن.

ئالمىنى ئايرىدىلا،
شاپتۇلنى قايرىدىلا.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى
تۆھمەت بىلەن ئايرىدىلا.

ياﺯﻏﻰ بۇﻏﺪاﻱ ﻣﺎﻳﺴﺎ ﺑﻮﻟﺪﻯ،
ﺷﺎﺧﻰ ﻗﻮﻳﺪﻯ ﮬﻪﺭ ﺗﻪﺭﻩﭖ.
ﺩﻭﺳﺘﻠﯩﻘﯩﻤﯩﺰ ﺷﯘﻧﭽﻪ ﺋﯩﻜﻪﻥ،
ﺟﯘﺩا ﺑﻮﻟﺪﯗﻕ ﺋﯩﻜﻜﻰ ﺗﻪﺭﻩﭖ.

ﻳﯘﺳﯩﺰﻟﯩﻜﯩﯖﻨﻰ ﺑﯩﻠﺴﻪﻡ ﺋﯩﺪﯨﻢ،
ﺋﺎﺷﻨﺎ ﺗﯘﺗﻤﺎﺱ ﺋﯩﺪﯨﻢ.
ﺩﻩﺳﺘﻪ - ﺩﻩﺳﺘﻪ ﮔﯜﻝ ﺋﯧﻠﯩﭗ،
ﻛﻪﻟﺴﻪڭ ﻗﯩﻴﺎ ﺑﺎﻗﻤﺎﺱ ﺋﯩﺪﯨﻢ.

ﺋﺎﺗﻼﺭﺩﯨﻦ ﺋﺎﻳﺮﯨﻠﺪﯗﻕ،
ﺋﺎﻧﻼﺭﺩﯨﻦ ﺋﺎﻳﺮﯨﻠﺪﯗﻕ.
ﻗﯩﺰﯨﻠﮕﯜﻝ ﻏﯘﻧﭽﯩﺴﯩﺪﻩﻙ،
ﺳۆﻳﮕﻪﻥ ﻳﺎﺭﺩﯨﻦ ﺋﺎﻳﺮﯨﻠﺪﯗﻕ.

ﺋﯧﮕﯩﺰ ﺗﺎﻏﻘﺎ ﭼﯩﻘﻘﺎﻧﺪا،
ﺋﯩﭽﻜﻪﻥ ﺳﯘﻧﯩﯔ ﺗﻪﻣﻰ ﻳﻮﻕ.
ﺷﯘ ﺑﯘ ﻛﯘﻧﺪﻩ ﻳﺎﺭ ﺗﯘﺗﺴﺎﻡ،
ﺗﺎﺷﻠﯩﯟﻩﺗﺘﻰ ﻛﺎﺭﻯ ﻳﻮﻕ.

ﻣﻪﻥ ﺳﯧﻨﻰ ﺋﺎﻳﯩﻢ ﺩﯦﺪﯨﻢ،
ﻗﺎﭼﺎﻥ ﺳﯧﻨﻰ ﻳﺎﺭﯨﻢ ﺩﯦﺪﯨﻢ.
ﻳﺎﺭﻏﯩﻨﻪﻣﻨﯩﯔ ﻳﻮﻗﻠﯘﻗﯩﺪﯨﻦ
ﻳﺎﺩاﻱ - ﺟﯘﺩاﻱ⑬ ﻳﺎﺭﯨﻢ ﺩﯦﺪﯨﻢ.

ﻳﺎﺭﯨﻤﯩﯔ ﺋۆﻳﻰ ﺑﺎﻏﺪاﺷﺘﺎ،
ﺑﻪﻟﮕﯩﺴﻰ ﻗﺎﺭا ﺗﺎﺷﺘﺎ.
ﺋﺎﻧﭽﻪ ﻣﻪﻳﻠﯩﯔ ﺑﻮﻟﻤﯩﺴﺎ،
ﻧﯧﻤﯩﺸﻘﺎ ﺋﻮﻳﻨﯩﺪﯨﯔ ﺑﺎﺷﺘﺎ.

سايدا ئاپتاپلار چىقىپ،
گۈل ئېچىلىشىنى بىلمىدىم.
غۇنچە بويلۇق يار تۇتۇپ،
ئايرىلىپ كېتەرنى بىلمىدىم.

لەگمەنگىنى يېمەيمەن،
سىركەڭ بىلەن لازاڭ يوق.
ئەمدى سېنى سۆيمەيمەن،
بۇرۇنقىدەك ياگزاڭ يوق.

ساناقتا سەككىز ئاي بولدى،
جۇدا بولدۇم شۇ يارىمدىن.
يۈرىكىم قان بولۇپ ئاقتى،
سېنىڭ دەردى - پىراقىڭدىن.

قاشىڭنى قارا قىلغان،
باغىڭدىكى كۆك ئۇسما.
كۆزلىرىنى ئالايتقان،
يېنىڭدىكى لىڭ تاسما.

قارا قاش قاۋۇل يارىم،
كىملەرنى ئەپتۇ يېنىغا.
مەنمۇ تاپتىم ئۆز خىلىمنى،
ئوت يېقىلسۇن جېنىغا.

ئايىغىمدا ماغدۇرۇم يوق،
سەن بىلەن ماڭالمايمەن.
ئەزەلدىن تەلىيىم شۇنداق،
مەن كىمدىن يامانلايمەن.

سۇنى ئالدىم قۇتىغا،
سېپىۋەتتىم سۇپىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا،
بىزنى قويۇپ ئوتىغا.

قۇرغۇيۇم ئۇچتى تالاغا،
بىرسى ئالا، بىرسى قارا.
ئالتى ئاي ئوتۇڭدا كۆيدۇم،
بىلمىدىڭ كۆڭلى قارا.

ھەي گۈلۈم، قىزىلگۈلۈم،
يامان چاغدا خازان بولدۇڭ.
مېنى مەيخانىدا قويۇپ،
ئۆزۈڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

ئوقۇشۇڭ ئىنناپە تەھنا،
سۇرىسى ياسىنچە بار.
بىر قاراپ ئايرىلغىنىڭ
جانغا پىچاق سالغانچە بار.

دەردى بار بوستاندا ياتقاندىن،
چۆل - باياۋان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادىمدىن
بىلسە ھايۋان ياخشىراق.

ئىنانسام قانماس ئاۋارزىم،
گۈلدىمۇ ئىللىق بويلىرى.
تەركى قىلدى مەن غېرىبنى،
سالغان جۇدالىق كويلىرى.

ئاۋۋال ئۈزۈك ئېيتمىدىڭمۇ،
يارىڭ بولاي دەپ.
ئەمدى كۆڭلۈڭ ئۆزىندىمۇ،
جۇدا بولاي دەپ.

نەدەپ ئىچتىم خام بوزاڭنى.
تۈتتى كۆكسۈمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتى،
خۇمار كۆزۈمدىن.

كىلەر دەپ تاما قىلما،
كەتكىنىم شۇدۇر.
ئاشىق ئويناپ مۇرادىمغا
يەتكىنىم شۇدۇر.

بۈگۈن ئايغا ئالتى دىدۇ،
سانىسام يەتتى.
بىۋاپاغا ئاشنا بولسام،
تاشلىدى كەتتى.

سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس
مىسقال تۈمۈرنى.
ئالتۇن بىرىپ ئېلىپ بولماس
قالغان كۆڭۈلنى.

ئاپئاق سۇلتان جىنازىڭغا،
بۇلبۇل قونۇپتۇ.
ئايدەك يۈزۈڭ، چولپان كۆزۈڭ،
تۇپراق تولۇپتۇ.

سۇ بېشى سىڭگىم ئاياغ،
ئاستانە يول خانىسى.
قۇمۇلدا بىر يارىم بار،
كىچىككىنە قۇرغۇي بالىسى.

سۇ بېشى سىڭگىمگىچە،
ئاستانە، تۇيۇققىچە.
ئەگەل ئاخشام بىرئۆيدىم،
ياتمىدى تاڭ ئاتقىچە.

مەن ئۆزۈم يانىدا بولسام،
ھاشىقىم ئاستانىدا.
بارساڭلار دۇئا دەڭلەر،
قېشى قارا مەستانىغا.

سۇ بېشى سىڭگىم ئاياغ،
قۇمۇل دېگەنىنىڭ يول خانىسى
مېنىڭ ئۇندا بىر يارىم بار،
كىچىككىنە قۇرغۇي بالىسى.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن 74 ياشلىق ئاقپاشا ۋە باشقىلار.

* * *

ئەي ناۋا ئەي دوستلۇرۇم،
بىر بالاغا ئۇچقۇدۇم.
بىر بالادىن قۇتۇلۇپ،
مىڭ بىر بالاغا ئۇچقۇدۇم.

كىملەردۇ ئۇ دەڭگەل ئاتقان،
ئادىشى يوق دەپ ماسقىر ئاتقان.
ئادىشى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ،
تام تۈۋىدە ماراپ ياتقان.

يارىنىڭ يولى قاراڭغۇ،
بارالمىدىم يول تېپىپ.
سۆيەلمىدىم سەن يارنى
مۇڭداشقىلى جاي تېپىپ.

سەنمۇ ئۇقۇدۇڭ ناۋايى،
مەنمۇ ئۇقۇدۇم ناۋايى.
يارىمخاننى بىر سۆيسەم
يۈرىكىمنىڭ داۋايى.

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىدا،
گۈل ساقلىدىم يارىم ساڭا.
ئاڭلىسام گۈللەر ياساپسەن،
گۈل ئەمەسمۇ مەن ساڭا.

سەھەردە قارغىلار ئۇچتى،
غېرىبىنىڭ شەھىرىگە چۈشتى.
خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
مېنىڭ مەيلىم ساڭا چۈشتى.

ساي بۇلاقنىڭ قېشىدا،
ئۈندەرگىنىڭ بىر باش پىياز.
سەن خېنىمنىڭ ئىشقىدا،
پەرۋانە بولدۇم قىشمۇ ياز.

ئالا ئاتنىڭ پۇتىنى،
تارتىپ بىرەي تاقلاڭ.
يۈزى تۇرۇك قاراقاش،
ئەتە - ئاخشام ياقلاڭ.

مەن سېنى ئىنجىلىدىم.
تاراپ تۇرۇپ سىنجىلىدىم.
نېمە هايۋان نېمىسەن،
ئىشارەتنى بىلمىدىڭ.

قارا قاشىم چېچىلىپ كەتتى،
تېرىشىپ بەرسەڭچۇ.
سۆيەي دېسەم بويۇم يەتمەس،
ئېگىشىپ بەرسەڭچۇ.

ۋەسساما ۋەتتارىخى،
بولۇپتىمەن تەن ئاغرىقى.
هەممە ئاغرىق بىر سېرى،
يامان ئىكەن يار ئاغرىقى.

قارا بۇتنىڭ ئىچىدە،
قورقۇشۇمدا هۇ دېدىم.
ئۇتلىرىغا چىدىماي،
مۇزدەككىنە سۇ دېدىم.

هاي - هاي تېرەك بېشىدا،
كاككۇك ئويىنار.
ئايلا جوگان قوينىدا،
يىگىت ئويىنار.

ئانار باغدا مۇنار سالدىم،
كۆرمەسەن مۇنارىمنى.
ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن،
مېنىڭدەك مۇلايىمنى.

دەريا بويىدا بېلىق،
لەھەڭلە يۇتالمايدۇ.
قەزۋەخىدىن يار تۇتسام،
دۈشمەنلەر كۆرەلمەيدۇ.

گۈل بىلەن سوقسام تىكەننى،
گۈل بولۇر گۈللەر بولۇر.
باشقا قونغان قارغىلار،
يار ئالدىدا سەرسان بولۇر.

سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى،
خار ئەتەلمەيدۇ كىشى.
ناگاھان خار ئەيلىسە،
ھەر جايدا خاردۇر ئۇل كىشى.

يىگىتلىك كەتتى ئىلكىمدىن
قىرىدىم قىلمىدىم تۆۋۋە.
گۇناھ بىلەن ئۆتۈپ ئۆمرۈم،
ئادا بولغانغا يىغلايمەن.

يىگىتلىك باشقا دۆلەتتۇر،
قېرىلىق جانغا مەينەتتۇر.
يىگىتلەر ياخشى ئوينىڭلا،
بۈگۈن تاڭنا قىيامەتتۇر.

كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دەريا بويى بويلايلى.
بىلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،
بىز خۇداغا يىغلايلى.

# رەنجىش ۋە دەرد تۈكۈش ھەققىدە

سايدا ئۆسكەن ساي تېرەكنىڭ
سايىسى بولماس ئىكەن.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ
پايدىسى بولماس ئىكەن.

قىزىلگۈل تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارى بولدۇممەن.
سېنىڭدەك بىۋاپا يارغا،
كۆيۈپ ئاۋارە بولدۇممەن.

شۇنچىدىن پېرھىز⑭ قىلىپ،
ھەرگىز قولۇمنى سۇنمىدىم.
ماڭا بۇ پېرھىزلىغىم،
ھەرگىز جۇدا يەتكۈزمىدىڭ.

خىرامەن بولماڭ يارىم،
شۇنچە خىرامەنلىك ئۆتەر.
ياخشىلىق ئۆتكەن بېشىمدىن
بىر يامانلىقما ئۆتەر.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
يىغلىسۇن يار ئالىدا.
دەردى بولسا ئېيتىپ — ئېيتىپ
يىغلىسۇن زار ئالىدا.

مەن كەلدىم قۇياش بىلەن،
كۆزلۈم تولدى ياش بىلەن.
ئىشمۇ ئۆتتى ۋاقتىدىن،
ئۇ تېخى كېڭەش بىلەن.

مەن سېنى خوپ بىلمەن،
كۆڭلۈڭ ماڭا مايىل ئەمەس.
ئولتۇرۇپ قان يىغلىسام،
سەندىن مۇرات ھاسىل ئەمەس.

قۇلاقتىكى ھالقاڭنى،
ئاي شەكىللىك سوققانمۇ.
ئانام مېنى ئارزۇلاپ،
سېنىڭ ئۈچۈن تۇققانمۇ.

ئىشكىمىزدە تال تولا،
تاللاپ ئالدىم تالىنى.
يار بىۋاپا ئوخشايدۇ،
سورىمايدۇ ھالىمنى.

قارىمايلا ئۆزلىرى،
تىنچ قوندىمىكىن بويلىرى.
ماڭىمۇ مايىل ئەمەس،
مەشرەپتە قىلغان خۇيلىرى.

شاخ ـ شېخى بولغان بىلەن،
مېۋىسىز بولسا بىكار.
ئايدەك يۈزى بولغان بىلەن،
ئەقىلسىز بولسا بىكار.

يارىمنىڭ ئۆيى باشقا،
بەلگىسى قارا تاشتا.
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئۆيىڭدىن باشتا.

گۈللەر ئاچىلۇر باغدا،
بىز كىچىك نادان چاغدا.
ئەجەب بىز ئايرىلىپ كەتتۇق،
قەدرىمىزنى بىلەر چاغدا.

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
قولۇمغا ئېلىپ يەپتىمەن.
كۆكۆل بەرمىگەن يارنى،
كۆكۆل بەردى دەپتىمەن.

يۈرۈك يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز قاقشاتماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

ئاينىڭ ئايدىڭى يوق،
بۇلۇت قېشىدا بار ئۈچۈن.
مەن يارنىڭ يادىدا يوق،
يارى يېنىدا بار ئۈچۈن.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى،
يامانغا خار قىلىپ بولماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەھەرلىك ئۇيقۇدا ياتسام،
ئېتىڭىنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
كېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

يارىمنىڭ بۇلاقىدا،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرۈيمىز،
كاككۈك بىلەن زەينەپتەك.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتسەم،
كۆيۈپ قالدى دېدىڭمۇ؟
ھەپتە - ئون كۈن كەلمىسەم،
ئۆلۈپ قالدى دېدىڭمۇ؟

قەدرىمنى بىلمىدىڭ،
قاراپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ
ئەدۋىڭنى بىرۇرمەن،
تام ئارقىدا ماراپ تۇرۇپ.

ئىشىكىڭدىن ئۆتەرمەن،
ئۆتكۈنۈمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ ئىككى چىللىدى.
چىقمايسەنغۇ ئۆلدۈڭمۇ؟

سۇنى سالدۇق خارمانغا،
ئوتنى ياقتۇق سامانغا.
سامان كۆيۈپ كۈل بولدى،
مېنى ۋيدۇڭ ئارمانغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇرۇنقىدەك شوخ تىتىك،
چىققان ۋاقىلىرىڭ قېنى.
جاپا ئەمگەك بىلەن سۆيگەن،
يېقىن يارلىرىڭ قېنى.

سۇنىڭ سۈزۈكى بولاق،
چاچىنىڭ ئۇزۇنى ئولاق.
سەن يىراقتىن يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قولاق.

قاراغۇللارنىڭ سۈيى،
ئاقىدۇ تارام - تارام.
ئاشىقىغا كۆيمىگەننىڭ
يېگەن - ئىچكىنى هارام.

يارنىڭ هەيران بېغىدا،
ساقلىغان كەپتەرى بار.
كۆڭلىنى خەققە بېرىپ،
ماڭا يامان گەپلەرى بار.

يار باغىدا ئېچىلغان،
ئانار گۈلىنىڭ نارى مەن.
هەر تەرەپكە يول سالغان،
بىۋاپانىڭ يارىمەن.

قاش قاراسى مەندە دەپ،
قاشىڭغا مازۇز بولمىغىن.
بارچە دۆلەت مەندە دەپ
دۆلەتكە مازۇز بولمىغىن.

قىپقىزىل بۆكنى كىيىپ،
سەن ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ.
چېغىچە يارنى كۆرۈپ،
بىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

ئوقۇشۇڭ ئىنناپەتەھنا،
سۈرىسى ياسىنچە بار.
يارىمنىڭ قىلغان گېپى،
پىچاق بىلەن كەسكەنچە بار.

ئاسمانغا چىقاي دەمسەن،
بىزلۈتنى مىنەي دەمسەن.
ئۆزۈڭ قىپ يامانلىقنى،
كىملەردىن يامانلايسەن.

كىردى شەيتان بۇ كۆڭۈلگە،
مەن نۇچۇڭ سەۋرە قىلاي.
سۈرەياسىننى ئوقۇپ،
شەيتانغا مەن جەۋرە قىلاي.

دېپىڭىز قوي تېرىسى،
مەيدىڭىزگە ياقىسىز.
ئەقلىڭىزنىڭ يوقلۇقىدىن
ھەممە خەققە ياقىسىز.

نېمە قىلدىم مەن ساڭا،
ئەجەبمۇ قىلدىڭغۇ ماڭا.
قىلغىنىڭ يادىڭدا بولسۇن،
مەنمۇ قىلارمەن ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يار كېلىپ ئايلىمدىن ئۆتسە،
قاپقارا مۇڭلا ماڭا.
چۆرۈلۈپ ئايلىمغا كەلسە،
تار كېلۇر دۇنيا ماڭا.

ئاسمانغا چىقالامسىز،
بولۇتنى مىنەلەمسىز؟
ئۆزى كەلمىگەن يارنى
چىللاپ كەلتۈرەلەمسىز؟

چىمەن دوپپام بار دەيسەن،
كەيمەيدىغان نىمەڭگە.
ئاخشاملىقا كەل دەيسەن،
سۆيمەيدىغان نىمەڭگە.

دەريا كەچتىم، داۋان ئاچتىم،
مەن كۆرمىگەن تاغ قالدىمۇ.
يار ئۈچۈن مەن تارتمىغان
جەبرى جاپالار قالدىمۇ.

مەن سىنى پاناھ تارتىپ،
ئايۋانىڭدا ياتايمۇ.
ئون بەشكۈنلۈك ئالەمدە،
سىنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ

سەككىز ئاي سەرسانە يۈردۈم،
ئوتلىرىڭدا مەن كۆيۈپ.
ناسلا قالدىم كەتكىلى،
ھەسرىتىڭدە مەن ئۆلۈپ.

سۇ ئايرىلىپ ئاقمايدۇ،
يار قايرىلىپ باقمايدۇ.
يار قايرىلىپ باققاندا،
بىر خىيالى باقمايدۇ.

كېچىسى يار سەۋداسى،
ئەتىسى ئەل غوۋغىسى.
بىۋاپا سەن يارنى دەپ،
قاچتى كۆزۈمنىڭ ئۇيقۇسى.

كېچىلىرى ئۇخلىماي،
بارمۇ ئاشىقنىڭ پايدىسى.
كۈندۈزى ئەل غوۋغىسى،
كېچىسى يار سودىسى.

باغقا كىرمەك كىشى بار،
گۈللەرنى ئۈزمەك ئىشى بار.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
بىرلا دۈشمەن كىشى بار.

يارىم ئىتلىرىنىڭ يامان،
ئالدىم قولۇمغا تاشنى.
دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
ئەمدى كۆرۈڭ ئويناشنى.

بۇ ھويلا ئۇزۇن ھويلا،
ئەتراپىدا ئەينۇلا.
بۇ سۆزنى ساڭا قىلدىم،
ئولتۇرۇپ راسا ئويلا.

ساي تۆۋەن يۈگۈرۈۋىدىم،
ساچتى ئاياغىمغا تىكەن.
يارنى دەپ يۈرۈۋىدىم،
يارىم ماڭا باقماس ئىكەن.

ياپىپىشىل تونىنى كىيىپسىز،
ئاق تاۋار كۆڭلەك بىلەن.
بىزنى بۇندا ئېزدىقتۇرۇپ،
سىز يۈرۈيسىز كىم بىلەن.

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقىپ،
گۈل كۆرۈندىمۇ ساڭا.
ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتۈپ،
خار كۆرۈندىمۇ ساڭا.

ۋەسساما، ۋەتتارىخى،
بولۇپتىمەن تەر ئاغرىقى.
ھەممە ئاغرىق بىر سىرى،
يامان ئىكەن يار ئاغرىقى.

كۆك تىكەن گۈر - گۈر كۆيىدۇ،
ئاق تىكەنگە چارە يوق.
مەيلى بار ئوتتا كۆيىدۇ،
مەيلى يوقنىڭ كارى يوق.

ئوينۇغۇچتەك سارغىيىپ،
ياتسام كېلىپ بىر كۆرمىدىڭ.
ھەقتى ئاللاغا شۈكۈر،
سەن كەلمىسەڭ مەن ئۆلمىدىم.

ھويلاڭدىكى تال - تېرەك،
لىم بولامدۇ، بولمامدۇ.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
يار بولامدۇ بولمامدۇ.

ئاق قوناقنىڭ زاغرىسى،
ئاش بولامدۇ، بولمامدۇ.
كۆڭلى قاتتىق شۇ يارلار،
يار بولامدۇ، بولمامدۇ.

ساي تۆۋەن يۈرۈپتىمەن،
ساچتى ئاياغىمغا تىكەن.
يارنى دەپ يۈرۈپتىمەن،
يارىم ماڭا باقماس ئىكەن.

ئىشىك ئالدى ئاي بۇلاق،
سەكرەپ ئۆتەلمەس ئارغىماق.
سەن مېنى خىل كۆرمىسەڭ،
ئەينەك تۇتۇپ شەكلىڭگە باق.

بېغىڭدىكى ئېتىزنىڭ
چۆرىسىدە بىدە بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باق.
ساڭا كۆيگەن زىدە بار.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئەتىرگۈل كۈلۈپ تۇرۇر.
مېنى لايىق كۆرمىسەڭ،
سېنى خۇدايىم ئۇرۇر.

ئات مىنىپ كىمخاب كېيىپ،
يارىم مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
يۇقىرى - تۆۋەن بېرىپ،
قىيناپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگۈدەك.

ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسا كىم،
يۈرىكىنى قان تۇتۇر.
ئەقلىي بار بولسا پەرىنىڭ،
مېھرىباندىن يار تۇتۇر.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا،
شەبنەم چۈشتى نېمىشقا.
سىناشمىغان شۇ يارغا،
كۆڭلۈم چۈشتى نېمىشقا.

خويما كۆيدەردىڭ مېنى،
ئوچاققا سالغان چالمىدەك.
خويمۇ سارغايتتىڭ مېنى،
بەرگى سۇنغان ئالمىدەك.

چىنىنى سۇنۇق دېمەڭلار،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
دۇنيانىڭ مازۇزلۇقى،
بولدى ماڭا قاراڭغۇلۇق.

يۇقۇرى - تۆۋەن بېرىپ،
يارىنى كۆرمەمدۇ كىشى،
كۆرۈۋەپ كۆرمەسكە سالسا
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

گۈلمىدى غۇنچەمدى،
يارىم سېنىڭ قاشىڭدىكى.
كېچىلەپ تونالمىدىم،
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.

باغچىلارغا سۇ توشۇپتۇ،
مۇز بولۇپ تېيىلغىدەك.
مەنمۇ بىر گەپلەر ئىشىتتىم.
كۆپ بولۇپ يېرىلغىدەك.

يارى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى سەپتىمەن.
ئوتنى سېلىپ قويۇپ،
قىنارىنى بىلمەپتىمەن.

سايدا ئۈنگەن ساي تېرەكنى،
سايە كۆردۈڭمۇ يارىم.
تولا ئۆتۈپ ئىشىكىڭدىن،
خار كۆرۈندۈممۇ يارىم.

سۇدا سۇخسۇر بۇلغۇچە،
چۆل يەردە ئۆردەك بولسىچۇ.
دوست - دۈشمەننىڭ بەتنامىگە
يارىم ۋاپادار بولسىچۇ.

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ئوسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەھەردە توخۇ چىللايدۇ،
قانىتىنى قاقمايدۇ.
نېمە بولدى يارىمغا،
بىر قاراپمۇ باقمايدۇ.

ماڭا قاراپ ئېگىلمەس،
باغدىكى قىزىل ئالما.
مەن غېرىب بىچارىنى،
دوزاخ ئوتىغا سالما.

چىنىنى بەرمەك نادانغا،
چېكىپ ئويناپ سۇندۇرۇر.
كەم ئەقىل، تەلۋە خىيال،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرۇر.

ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
يار مەندىن يامانلاپتۇ.

ھاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
قار ياغامدۇ بىلەمسەن.
سىنىڭ كويۇڭدا مەن ئۆلسەم،
ئېگىلەيمۇ دېمەيسەن.

يارىم باردى كەلمىدى،
شۇڭقارى باردى كەلمىدى.
يارىمنىڭ ئاياغى سۇندى،
بانە بولدى كەلمىدى.

ھاۋالا تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
يامغۇر ياغاي دەمدىكىن.
كۆڭۈل دەگدەپ[15] تۇرۇپتۇ،
يارىم كېلەي دەمدىكىن.

يار خاراب ئەتتىڭ مېنى،
جىگەر كاۋاپ ئەتتىڭ مېنى.
خويمۇ خىياللاردا يۈرۈپ،
سەن بىر بالا ئەتتىڭ مېنى.

ئېگىز - ئېگىز ئالماڭنى،
ئالماسى بار دەپ ئەگدىڭمۇ؟
بايۋەچچىنىڭ ئوغلىغا
يامبۇسى بار دەپ تەگدىڭمۇ؟

يار ئۇيان ئۆتۈپ كەتتى،
يار بۇيان ئۆتۈپ كەتتى.
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى،
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

يول بىلەن ئۆتۈپ بارسام،
ئۆيلىرىگە چىللاتتىلا.
بۇ مېھرىبان كۆڭۈللەرنى،
چىللاپ بېرىپ ئاغرىتتىلا.

كەتمەن كۆتۈرۈپ بېرىپ،
تۇتقان سۇلىرىڭ قايسى.
بىزنى يامان دەپ بېرىپ،
تاپقان يارلىرىڭ قايسى.

www.uyghurkitap.com

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
يەرگە تۈك - تۈك چۈشۈپتۇ.
قاملاشمىغان يىگىتكە،
ئەجەب كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

چىرايىم زەپىران بولدى،
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى.
ئارىدا ئاداۋەت يوق،
كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

تاغلار بېشى تۇمانسىز،
كۆيۈپ قالساق تۈيمايسىز.
بىزنى يارغا قاتمىغان،
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ،
قولاق ئىشتكەن يالغان.
يارىڭ ئۆزگە تايىن،
چىللىغانغا مەن بارغان.

تۇتمىسام بولار ئىكەن،
قارا باسما ياغلىقنى.
سۆيمىسەم بولار ئىكەن،
يار دېگەن بالالىقنى.

قىر سايىنىڭ يوللارىدا،
ئالتە داۋان، يەتتە خادا.
يارىڭ ئۇرغان شاللىقىدىن،
مەيدەمدە بار مۇشتەك گادا.

چېچەكنى ئۈزۈن دەمسەن،
ئۈچىدا پۆپۈكى بار.
مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قورساقنىڭ كۆپكى بار.

جالانى ئۈزۈن سەپسەن،
ئۈچىدا پۆپۈكى بار.
يارنى چىللىسام كەلمەس،
قورسقىنىڭ كۆپكى بار.

ئالمىدەك رەڭلىك ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.
نەگۇناھىم بار ئىدى
قىلدى مېنى ياردىن يىراق.

ئاللا يايىرىم بۇ يايلاقتا،
قانداق يايلايسەن؟
ئۆزۈڭ ئويناپ، ئۆزۈڭ كۈلۈپ،
كىمگە لايلايسەن؟

ئاللا يايىرم بۇ يايلاقتا،
قانداق يايلايسەن؟
ئۆزۈڭ كىچىك، ئاشقىڭ چوڭ،
قانداق ئوينايسەن؟

يۈرىكىم جىز - جىز قىلادۇ،
ئوتتىكى ياغدىن بەتەر.
سەن مېنى ئاۋار قىلما،
شۇنچە كۆيگىنىم يېتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
قولىڭىزنى مەن تارتقان.
بار ئويۇننى سىز ئويناپ،
دەردىڭىزنى مەن تارتقان.

كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ،
قۇلىقىڭ ئاڭلىغان يالغان.
نېمانچىلا رەنجىيسەن،
مەن ساڭا نېمە قىلغان.

تۆرنۆكۆڭدىن دەڭگەل ئېتىپ،
تۆگمىلىرىڭنى بوشتاي.
مەندىن باشقىنى دېسەڭ،
ئېڭەك قىرىڭنى ئۇشتاي.

يارىمنى كېلىپتۇ دەپ،
ھەجەڭگە سالدىم تالىغا.
نېمە دەپ بەردىم كۆڭۈلنى
ئەسقاتمىغان شۇ يارىغا.

كەت دېسەڭمۇ كېتىمەن،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
سەن قاچان كەت دېگىچە،
يارىم قېشىغا يېتىمەن.

شاتاۋار گۈللۈك نېمە،
باھاسى ئۈستۈن بەش تەڭگە.
يارىم دەپ يۈرۈپتىمەن،
ئېتىرۋەتتى ئۆستەڭگە.

ئۇمۇ باردى ئۆتەڭگە،
مەنمۇ باردىم ئۆتەڭگە.
مەن ئۇنى يار دەپتىمەن،
ئۈتتىرىۋەتتى ئۆستەڭگە.

يە ئاتامدىن ئېيتماپتۇ،
يە ئانامدىن ئېيتماپتۇ.
بۇ مېنىڭ قارا بەختىم،
ياخشى ياردىن ئېيتماپتۇ.

ئۆيلىرى ئەجەب ئىسسىق،
ئارىلىقلىرى لىممىتە.
مېنى ئوتقا سەپ قويۇپ،
ئولتۇرۇۋالدىلا جىممىتە.

چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ،
كىچىك چىراغنى چاندۇرۇپ.
يارغا مەن نېمە قىلغان،
قاراڭغۇدا يول ماڭدۇرۇپ.

گۈلنى گۈلگە بەردىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
ئۆز خىلىمنى تاپقىچە،
پەيلى يامانغا بەردىلە.

تاغقا چىقتىم ئاتلىق،
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە.
يىغلىماڭ جېنىم يارىم،
بىزگە شۇنداق ئىرادە.

ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەمدۇ،
كۆئۈلسىز يارغا قاراپ.
كەينىدىن مېڭىپ قويسام،
خەقلەر قالىدۇ قاراپ.

ئاق سارايدىكى ئۆيدە
يارىم بىلەن مەن تۇرغان.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىنى تولا تارتقان.

دەردىم مېنىڭ تولىدۇر،
ئىچىمگە پاتماي تۇرىدۇ.
شۇغىنا يارىم مېنىڭ
ھالىمغا يەتمەي تۇرىدۇ.

ئۇچاي دەپ ئۇچالمادىم،
قاناتىم سۇنغان ئوخشايدۇ.
كېچىلەردە ئۇيقۇ يوق.
يۈرىكىم قانقىر قاقشايدۇ.

يەنە قاراڭغۇ چىراغ،
نېمىشقا روشەن كۆيمىدىلە.
ئىچىمدە يوقتۇر يېغىم،
ئۇنى ئۆزلىرى بىلمىدىلە.

مەن ئاشىق ئىدىم سىزگە،
بىر باقمىدىڭىز بىزگە.
بىر باقمىسىڭىز باقماڭ،
ئۇۋالىم بولار سىزگە.

يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەرمەنمۇ.
كويىڭدا زار - زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلەرمەنمۇ.

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
يېمىسەم بولار ئىكەن.
غېرىبلىق ئېسەر قىلدى،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

ئۆتمىگەن يوللاردىن ئۆتتى،
قاراقاش قاۋۇل جۇگان.
سالمىغان كويلارغا سالدى،
باغرى تاش قاۋۇل جۇگان.

شاھى - شاھى ئەمەسمۇ،
ئەتلەس پۇلغا كەلمەسمۇ.
بىلمەي دوست بولۇپ قاپتۇق،
بىۋاپاكەن ئەمەسمۇ.

مېنىڭدىن كۆپۈنۈپ يۈرمە،
ئانچە - مۇنچە ئويناپ قوي.
بارچە ئەللەت ئۆزۈڭدە،
پېشانەڭنى سىلاپ قوي.

ئوينايدۇ يەي ئوينايدۇ،
ئەگىم يولدا ئوينايدۇ.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
شېرىن جاننى قىينايدۇ.

سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ،
كۆز ياشىڭنى قۇرۇتتۇڭمۇ.
ئۈچ كۈن بولدى چىقمايسەن،
بۆلەك يارنى تۇتتۇڭمۇ.

موللىنى نەدىن بىلۇرسىز،
دەستارىدا قەلىمى.
يېڭى يارنىڭ دەردى تولا،
كونا يارنىڭ ئەلىمى.

باغ ئىكەن سۇ يوق ئىكەن،
سارغىيىپ قاپتۇ تېرەك.
بىۋاپانىڭ دەردىدە،
ئورنىدا تۇرمايدۇ يۈرەك.

كىچىككىنە باغچا ئىچىدە،
سارغىيىپ تۇرغان تېرەك.
بىۋاپا يار دەردىدە،
ئورنىدا تۇرمايدۇ يۈرەك.

چاكانداكىنى سوقۇپ سالسام،
قازاندا چاي بولمامدۇ.
سېنىڭدەك بىۋاپا يارغا،
ئەقىدەم زايا بولمامدۇ.

كىردىلەر شەرنىڭ يولىغا،
ھېچ قايان باقمادىلا.
سالدىلا ھەيران ئوتىغا،
ئۇۋالىدىن قورقمادىلا.

لېچىنىڭ ئالامدۇ،
قانىتى ئالا غازنى.
يارغىنەم دەپ تۇتتۇڭمۇ،
گېپىدە تۇرمىغان يارنى.

ئەتىگەندە ئويغانسام،
چاي قاينايدۇ چەينەكتە.
ھالى چوڭ يار ئۆزىنى
كۆرۈپ قويسۇن ئەينەكتە.

مېنىڭ يارىم كېلىدۇ،
سەرۋەگىنىڭ بېشى بىلەن.
يەنە ئېلىپ سوقىدۇ،
غۇجۇرتىنىڭ تېشى بىلەن.

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن،
تۇماق بىلەن ياز قىلدىڭ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئۆيدىن چىقماي ناز قىلدىڭ.

بىۋاپالىقنى سەن قىلىپسەن،
مېنى قىلمايدۇ دېمە.
ھەممە كويدا سەن يۈرۈپسەن،
مېنى تۇيمايدۇ دېمە.

ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،
خويما ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ كۆڭلۈڭدە بولسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

نەگۇناھىم بار ئىدى،
يار ئالدىدا - يار ئالدىدا.
ھېچلا ئىش مەلۇم ئەمەس،
قىلغان ئىشىم يار ئالدىدا.

تاغقا چىقتىم، كىيىك ئاتتىم،
تاغچى پالۋانلار بىلەن.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،
بىۋاپا يارلار بىلەن.

بۇلۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ،
ئېگىز تاغدىكى قاردىن.
ئون بەشكۈنلۈك ئالەمدە،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

ئۆيۈڭگە كىرىپ باقسام،
تەڭدىن تولىسى مورا.
ياردىن ئاغرىدى كۆڭلۈم،
نەدىكىن ياخشى دورا.

يارىم كېلىدۇ قاراپ،
سۇمبۇل ساچىنى تاراپ.
مەن يارىمغا نېمە قىلغان،
يامان كۆزىدە قاراپ.

يارىم سېنى بىر سۆيۈپ،
نە كۈن بولسا كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ھامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

ئېتىڭلار مېنى يارغا،
چېقىڭلار مېنى يارغا.
ساچىمدىن ئۈچ تال ئېلىپ،
ئېسىڭلار مېنى دارغا.

سۇ كېلەمدۇ ساي بىلەن،
ئۆي پۈتەمدۇ لاي بىلەن.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەمدۇ،
كۆڭلى قارا يار بىلەن.

بۇلبۇل سايرىدى كەتتى،
كاككۇك سايرىدى كەتتى.
ئۇن بەشكۈنلۈك ئالەمدە،
كىم مۇرادىغا يەتتى.

ھاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەنى يوق.
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەنى يوق.

كۈن چىقۇر گىرۋى بىلەن،
يارلا چىقۇر جۈپتى بىلەن.
ھەممە خەق جۈپتى بىلەن.
مەن ئۆزۈم يىگانىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرا[16] باشىغا چىقىپ،
تۇرۇپ ئېيتاي ناخشىنى.
تىڭشىغىلى كىشى يوق،
كىمگە ئېيتاي ناخشىنى.

قويدا قوشقار بولمىسا،
قوتاندا يوقمۇ ساغلىقى.
بۇ يەردە لايىق بولمىسا،
بەششاردا يوقمۇ لايىقى.

ھالىمىز خاراب بولدى،
جىگەرلەر كاۋاپ بولدى.
بۇ جانىمنى سەن ئالدىڭ،
ئەزرائىل سەۋەب بولدى.

دەرد ئەلەم كەلدى ماڭا،
ئۆلەيمۇمەن - كۆيەيمۇمەن.
ياخشى يارنى تاپقۇچە،
يامان بىلەن يۈرەيمۇمەن.

ئاق ئالمىنى تەرمەيمەن،
ئېتىكىمنى لاي قىلىپ.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن،
ياش ئۆمرۈمنى غەش قىلىپ.

ئاسمانغا چىقاي ئېگىز،
بۇلۇتقا سالاي كىگىز.
بويىڭىز ئەجەب پاكار،
خۇيىڭىز ئەجەب ئېگىز.

ئالما دېسەم ئالمايسىز،
جىگدە بەرسەم يېمەيسىز.
قايسى باينىڭ قىزى سىز،
بىزنى كۆزگە ئىلمايسىز.

قوناقلىقتىن ئوت ئالدىم،
بوينى قارا ئۆچكىگە.
ئالدىراپ كۆڭۈل بەردىم،
كۆڭلى قارا ئەسكىگە.

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يەردىمۇ ئاي بار ئىكەن.
يارنى مەن يالغۇز دېسەم،
يار قاشدا يار بار ئىكەن

قۇرغۇيۇم يالاقشىدۇ،
كىمنىڭ بېغدا پاختەك.
يار ئۆزىنى ماختايدۇ،
ئالەمدە كىشى يوقتەك.

كېچىلەپ تامنى تېشىپ،
يالىڭاياغ سۇنى كېچىپ.
كەلمىدۇقمۇ ئۆزلىرىنى دەپ،
بۇرۇنقى يارلاردىن كېچىپ.

مەن سېنى، جۇمۇ سېنى،
ئاتاڭغا ئېيتايمۇ سېنى.
ئۇستىخىنىڭنى ئۇن قىلىپ،
تۈگمەندە تارتايمۇ سېنى.

ئايدىن ئۆتەر يۈزىڭىز،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزىڭىز.
مەن سىزگە كۆيگەن ئەمەس،
ئىندىۋالغان ئۆزىڭىز.

ئەل مېنى يامان دېيدۇ،
مېنىلا كۆرەمدىكىن.
تاشلاپ كەتسەم شەھرىنى،
كۆڭلى خوش بولامدىكىن

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتسەم،
ماڭا كۆيىدۇ دەمسەن.
مەندىن باشقا يارى يوق،
ھەسرەتتە قالىدۇ دەمسەن.

گۈللا ئەمەس، چېچەك ئەمەس،
گۈلدىن ئۆتكىنچىدۇر.
شۇ ھالەتتە يۈرگەنلىرىم،
ئۇنىڭدىن ئۆتكۈنچىدۇر.

ئەتىيازنىڭ شامىلى،
قاچان ئۆتەر ئۆيۈڭدىن.
قاچانغىچە قالمايسەن،
ئەركە، نايناق خۇيۇڭدىن

ئوشۇق ئاتسام كەلسىدى،
سەنجۇ چۈشۈپ بەرسىدى.
بۇ مېنىڭ ئېيتقان ناخشام
دەزى بارغا تەگسىدى.

باغرىڭ تاشتەك بولغۇچە،
مەن كۆيگەنگە كۆيسەڭچۇ.
ماڭا ئەلەم قىلغۇچە،
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ.

كۆردۈڭمۇ بۇ باشىمنى،
كۆزۈمدىكى ياشىمنى.
ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن،
قاراقاش ئاداشىمنى.

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا،
بىر تۈپ ئۈزۈم، بىر ساپ ئۈزۈم.
ئەتە ئاخشام كېلىمەن دەپ،
كېلەلمىگەن قارا كۆزۈم.

يەنە پەس- پەس تۆۋىنى،
ئايىغىم بىلەن يول قىلىمەن.
بىر سېنىڭدەك ياخشىنى
سۆزۈم بىلەن گۈل قىلىمەن.

گۈل بىلەن سوقسام تىكەننى،
گۈل بولۇر، گۈللەر بولۇر.
باشقا قونغان قارغىلار،
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر.

ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزۈك.
ئەندى ئۆتمەيدۇ سۆزۈك.
ھەممە دوستلار بىرلەشتۇق،
قان يىغلايسەن ئۆزۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالما گۈلىدەك چەندان،
گۈل بەرگىدەك سارغايغان.
يول يىراقىدىن قورقۇپ،
بىچارە بولۇپ يالغان.

بىۋاپالىق قىلدىڭ سەن،
سېنى ھەرگىز دېمەسمەن.
ئالمىسا خۇدا جاننى،
دەردىڭدە مەن ئۆلمەسمەن.

سۇبھى سادىق تىنشلىپ،
كەلمەسمۇ زالىم يار قېشغا.
تاڭ سەھەردە قوپۇپ،
قوينۇم توشۇپتۇ يېشغا.

سەھەرنىڭ سالقىنى يارىم،
سۇبھى سادىققا تاپشۇردۇم.
سەن ئېنى ياد قىلمىساڭ،
كالا موللاغا تاپشۇردۇم.

مەن سېنى ئىنجىلىدىم،
چىرايىڭنى سىنچىلىدىم.
قانداق ھايۋان نېمىسەن،
ئىچىمدىكىنى بىلمىدىڭ.

ھاۋادا پارچە بۇلۇت.
ئاسماننى تۇمان قىلدۇ،
بىرگىنە پەيلى يامان،
ياخشىنى يامان قىلدۇ.

تامدىن چىقاردى بېشىنى،
كۆرسەتتى قەلەم قېشىنى.
ھارام يېگەن بەگنىڭ قىزى
تونىمايدۇ ئادىشىنى.

بۈگۈن ئاينا ئون سەككىز،
بىزنىڭ يار ئەجەب كەپسىز.
باشقىلاردىن ئاڭلىسام،
سىز مېنى يامان دەپسىز.

قوتان قويىنىڭ مەسچىتى
ئولاق قوزىسى تەسۈسى.
ھېچقاچان چىقماس ئېچىمدىن،
يارنىڭ قىلغان گۆسمىسى.⑰

تاغدا پاختەك، باغدا بۇلبۇل،
چاشقا چايناپ كەلگۈدەك.
شۇغىنە مېنىڭ يارىم،
بەجىننى يايلاپ كەلگۈدەك.

تاغدا قار ياغقايلىمۇ؟
تېرە - پەرەن بولغايلىمۇ؟
بولمىغان يار قويىنىدا،
ئۆمرىڭ زايا كەتكەيلىمۇ.

خار كۆرمەڭ مېنى، خار كۆرمەڭ مېنى،
خار كۆرگىنىڭ نۇقسان بولۇر،
ياراتقان پەرۋەردىگارىم،
يەر بىلەن يەكسەن قىلۇر.

مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن،
بىلەت ساتماپتۇ تۇرپانغا.
ئاخشام ئويىنغان يارلار،
جىگدە ساپتۇ دوپپامغا.

قۇم سىرىلدى قۇم تاغقا،
بىز سىرىلدۇق گۈلباغقا.
ۋەدىسى يالغان يارىم،
ھېچ كەلمەيدۇ بۇ ياققا.

قۇم سىرىلدى قۇم تاغقا،
بىز باغلاندۇق بۇ باغقا.
شۇل خۇدانىڭ تەقدىرى،
ئايرىۋەتتى يىراققا.

مەن قېشىڭغا بارغاندا،
چىقالمىغان تېغىم بار.
ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ باق،
يۈرىكىمدە دېغىم بار.

ئېشەكچى دېمەڭ بىزنى،
قەشقەر يولىدا كارۋان.
سارغايدى دېمەڭ بىزنى،
يار دەردىدە سارغايغان.

ئەجەبمۇ كۆيمەن سائا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
تەلمۈرۈپ كۆزۈم سەندە،
بىر قاراشىڭ ئۆلەمسەن؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆيدۈمغۇ مەن، كۆيدۈمغۇ.
يارىم ساڭا كۆيدۈمغۇ.
كۆيگەنگە ئىشىنەمسەن،
سېنىڭ كويۇڭدا يۈردۈمغۇ.

پېشايۋاندا تۇرۇپسەن.
ئىشارەت قىلىپ ئاتتىڭ تاش.
كۆيگىنىمنى بىلمىدىڭمۇ.
كۆڭلى قارا باغرى تاش.

ئۆلىخودىن كەلگۈچە،
تېرەككە يۆلەنگەن سەن.
مېنى ئانچە كۆيدۈرۈپ،
نېمىشقا تۆرەلگەنسەن.

گۈليار - گۈليار ئەمەسمۇ،
تېگى دەريا ئەمەسمۇ.
بىزنى ۋەيران قىلغانلار،
ئۆزى ۋەيران ئەمەسمۇ.

كۆزۈڭ بىلەن قارايسەن،
خۇلقۇڭ بىلەن باغلايسەن.
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار،
كۆيدۈرۈۋېلىشقا چاغلايسەن.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
كۈندە نەچچە كېلىمەن،
قەلەندەردەك كوچاڭغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تار كوچاڭدىن ئۆتمەيمەن.
دېرىزەڭدىن پاتمايمەن.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
مۇرادىڭغا يەتمەيمەن.

هايت دېسەم يەتمەس ئۈنۈم،
تاغلارنى تۇتتى تۇمان.
يىغلاي دېسەم دۈشمەن تولا،
توشتى ئىچىمگە دەرد ـ پىغان.

قېشىڭىزنىڭ قارىسى،
قارا مۇقىنىڭ دانىسى.
ساڭا مېنىڭ ئەل بولمۇغۇم،
ئاسمان زېمىن ئارىسى.

ئاق جۈجەمنىڭ بېشىنى،
قارا جۈجەمگە ئۈلىسا.
كۆڭلى قارا ئالدامچىنى،
بۇ جاھاندا قويمىسا.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
سايلاردا گۇگۇگلاپتىمەن.
بىۋاپا سەن يار ئۈچۈن،
زارى ـ زار يىغلاپتىمەن.

ئالا ئاتنىڭ تاقىسىدىن،
چاپانىنىڭ ياقىسىدىن.
شەھرىمىدىن كېتەي دەيمەن،
ۋاپاسىزنىڭ ئىزاسىدىن.

ئاسماندىكى ئايىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.
كۆرمەسمەن چىرايىڭنى،
بۇرۇنقىدەك ھالىم يوق.

تەلۋىدۇر بېشىم مېنىڭ،
باشنى ئاندا ئالغۇم كېلۇر.
شۇنچە پەريادلار بىلەن،
جانغا پىچاق سالغۇم كېلۇر.

جۇپ ئۆزۈك قولۇمدا تۇرسا،
دۇنيانى يايلاپتىمەن:
بىردەم ئايرىلماس يارىمنىڭ
ئوتىغا پايلاپتىمەن.

مەنمىغۇ سېنىڭ بىلەن،
سەن بولمىدىڭ مېنىڭ بىلەن.
بولمىساڭ بولما يارىم.
يېنىڭدىكى سېنىڭ بىلەن.

سەن تېرىق تېرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى.
سەن گۈمبەت قوپارمىساڭ،
ئايلا جۇگان ئۆلەرمىدى.

بىزنىڭ يارنى ئاتايدىكەن يۇرتىدا رەنا،
مەن داڭلىسام ئەقلىي كامىل موللىدەك رەنا.
دانا بولسا كەل دېگەندە بىر كەلمەسمىدى،
كەلمىگىنىنى بىلىپ قويدۇق قۇرۇقلا بانا.

www.uyghurkitap.com

يارى باردى كەلمىدى،
شۇڭقارى باردى كەلمىدى.
ئاتىنىڭ ماشقاقى سۇندى،
بانا بولدى كەلمىدى.

بارىمىغۇرەي بارىمىغۇر،
بارغان يېرىدىن يانمىغۇر.
بىزنى يوللارغا قاراتتى،
ئاشىق دېگەن تويمىغۇر.

يار بارسا بارايىنمۇ،
يولىغا قارايىنمۇ.
كەلمەس يارنى ساقلاپ،
ئاۋارە بولايىنمۇ.

ناخشا ئېيتىپ مەلەڭدىن،
ئۆتۈپ كەتتى ياش باللار.
خەۋەر ئالاي دېمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللار.

سەن ئۆزۈڭ ئەينۇلىقىڭدىن،
بىز پېقىرغا باقمىدىڭ.
سەن ئۆزۈڭ شاشلىق قىلىپ،
ئامراق تۆشۈڭگە ياقمىدىڭ،

كەلسىلە خېنىم دېسەم،
قارىماي كەتكەن يارىم.
خام تامادا داڭگال ئاتسام،
ئاچچىقى كەلگەن يارىم.

سەن مېنى يار ئەتمىسەڭ،
ئالەمدە مەن يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتەي.

يۈرىكىم غالۋۇرغا ئوخشاش،
قويسىلا تۇرماس تېرىق.
شۇنچە جاراھەتلەر بىلەن،
بولدى چىرايىم ساپسېرىق.

كۆڭلۈم چۈشتى كۆڭلۈڭگە،
كىردىم سېنىڭ كەينىڭگە.
ساق بېشىم ساراڭ بولدى،
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە.

غېرىپ ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ماڭا تېپتىنچ ماكان بولماس.
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە ئايان بولماس.

سەن ـ سەن مېنى سەن،
خاراب قىلدىڭ مېنى سەن.
كۆيەر ئوتلارغا سېلىپ،
كاۋابى قىلدىڭ مېنى سەن.

كەل دېگەندە كەلمىدى،
جانانە قېشىمغا مېنىڭ.
نەئالامەت تاغلىرى
سېرىلدى بېشىمغا مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

شور - شورغىنە سۇ ئېكىلىندۇ،
تۈگمەنلەر چۆرغاسىدىن.
خۇدايىم پاناھ بەرسۇن،
جۇگانلارنىڭ جۇداسىدىن.

ئاخشىمى تولا ئۇيىتسام،
دەردى يارىمكىن دەمسەن.
مەلەگدىن تولا ئۆتسەم،
مەيلى يارىمكىن دەمسەن.

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
بىكار بەردى دەپتىمەن.
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنى،
كۆڭۈل بەردى دەپتىمەن.

گۈلمۇ دەپ سۆيدۈم سىنى،
گۈلدىن بەتەر قىلدىڭ مىنى.
سۆيگىنىم ئالەمگە توشتى،
ئەمدى سۆيمەسمەن سىنى.

ئالمىنى ئاتتىم پەلەككە،
بېرىپ تەگدى بەلەككە.
ئايلاخان تولا يىغلايدۇ،
تاشلىۋىتىپ كەتكەنگە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى ئەجەب چىرايلىق.
مەنمۇ ھەم بىر يار تۇتاي،
سېنىڭدىنمۇ چىرايلىق.

ئۆرۈمچىگە ماڭغاندا،
ئام داۋاندا قار ئىدى.
بۇ كۆڭلەرنى كۆرگىچە،
خۇدايىم جاننى ئالسىدى.

ئوقەت قىلمىدىڭ دېدۇ،
ئوقەتنىڭ چىكى چاغلىق.
ئېرىقتىكى لاي سۇدەك
ئۆتۈپ كەتتىغۇ ياشلىق.

ئاي ئالدىمدا كۈن كەينىمدە،
ھەسرىتى ئىچىمدە.
چىقماس ئوتنى ماڭا سالدىڭ،
دەردىم ئىچىمدە.

قىزناقتىن قىز چىقىدۇ.
غۇلۇپىنى ⑱ تولغاپ.
ئالما بىلەن سېلىپ تازا،
يىغلىتىپ ئويناپ.

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسىز.
ئۇچلاپ قويغان ئۇن دەپتىمەن،
كېپەك ئىكەنسىز.

ئۈچتىن - ئۈچتىن تۈگمە تۈگدۈم،
ئالتە ئەمەسمۇ.
ئالتائاي يازدىن ئەگەشكىنىم،
زايا ئەمەسمۇ.

قايىنىمغان قازانلارنىڭ
بويىغا چۈشتۇق.
ئىندىمىگەن جوگانلارنىڭ
تورىغا چۈشتۇق.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتاپلىرى،
چۈش گەختە خاپا.
بۇنداق بولۇپ يار تۇتقىچە،
جانلارغا جاپا،

بىزنى - سىزنى يۈرۈتمىدى،
خالايىققا چىقىپ.
بۇ گەپلەر ئۈچۈن ئۆلەيلىمۇ
دەريادا ئېقىپ.

مېنى تاشلاپ كەتكىنىڭنى
ئۇنۇتمىغايسەن.
ئەمدى كەلسەڭ مۇرجۇغۇمغا
يولۇتمىغايمەن.

يولاتمىساڭ يولاتمىغىن،
خۇدايىم باردۇر.
ئاخىرەتكە بارغان چاغدا،
سوراغىم باردۇر.

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چەرخى پەلەكتە.
يارنىڭ كۆڭلى بەلەك يەردە،
مەن بىر ئەمگەكتە.

داچۇ كېيگەن بۇ جۇگانلار،
ئۆتتى بۇياقتىن.
ئاشىق ئۇيناپ بۇنداق بولسا
كەچتىم بۇ جاندىن.

بارۇرمەن دەپ تۇرۇرمەن دەپ،
يالغاندىن ئېيتقان.
بارۇر - تۇرۇر يوللىرىغا،
ئازغان تېرىتقان.

سېنىڭدەك سەندىنى،
سەنمۇ دېمەسمەن.
قەن - ناۋات بەرسەڭ،
ھەرگىز يېمەسمەن.

دورا دىيدۇ، دورا دىيدۇ.
قىچىلار ياغىنى.
ئەقلىي بولسا سۆيەرمىدى،
كىشىنىڭ يارىنى.

قارا دىيدۇ، قارا دىيدۇ،
قارا مەندە يوق.
سەن كۆزۈڭنى ئالايتمىغىن،
گۇناھ مەندە يوق.

قارا دىيدۇ، قارا دىيدۇ،
قارىلىك بىزگە.
چۆلدە قالغان ئاچ بۆرىدەك،
ئالايماك بىزگە.

بارغىنىڭدىن تۇرغىنىڭدىن
كەتكىنىڭ ياخشى.
يار دەردىنى تارتقىنىڭدىن
ئۆلگىنىڭ ياخشى.

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىقتا نىكاھ يوق ئىكەن.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم،
سەندىن نېمە پەرۋايىم.
ئەر بېشىم ئامان بولسا،
ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

يار بېغىدا ئاچىلغان،
ئانار گۈلىنىڭ نارى مەن.
ھەر تەرەپكە يول سالغان
بىۋاپانىڭ يارىمەن.

بىر بالاغا ئۇچقۇدۇم،
ئىككى بالاغا ئۇچقۇدۇم.
قېشى يوق، كىرپىكى يوق،
ھېزىر بالاغا ئۇچقۇدۇم.

بارچە ئۇللەتنى ماڭا،
ساپتۇ خۇدا نەقىلاي،
تەقدىر ئاللا خۇداغا،
مەن نۇچۇك چارە قىلاي.

دۇنيا ئۆزى بىر پەلەك،
باشتىن ئەگىپ ئۆتكىدەك.
يۈز - كۆزى قىزىل - ئالا،
بۇركۇت ئالغان تولكىدەك.

چۆلدە قالغان ئۆردەكنى
لىچىن ئالۇر، بۇركۇت ئالۇر.
جۇگانلارنى خورلىغانلار
ئاخىر پۇشايماندا قالۇر.

سەن ياراتتىڭمۇ مېنى،
ئاللا ياراتقان بەندىمەن.
بەندىلەر ئارىسىدا،
خويما گۇناھكار بەندىمەن.

دۆڭمۇ دۆك ئاراسىدا،
ئاتلار چېپىپ ھارغان ئەمەس،
بەندىسگە خۇدايىم.
بۇنداق بالا سالغان ئەمەس.

ئاق قۇشقاچ ھارامزەدە،
كاماردا ئارام ئالسۇن.
بىزنى يامان دېگەنلەر
بېشىنى يەپ زۇۋال تاپسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوزاخ يۈزلۈك دۈشمىنىگدىن،
ئۇيانمۇ قاچ - بۇيانمۇ قاچ:
ئەلىمگە پايلىمساڭ،
يۈگۈرەپ بېرىپ سۇلارنى چاچ.

قاشىڭ قارىسى سەندە،
سەن يارىمغا مەن بەندە،
قاشنى ئىرغىتىپ قويسام.
ئۆزى كەلگەن شەرمەندە.

مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن،
ئۇ يەرلەرگە بارغۇم يوق.
ماڭارغا يوللۇرۇم كۆپتۇر،
بولدى يانچۇقۇم قۇرۇق.

يۇقىرىغا بارغۇم تولا.
باراي دېسەم كارىم تولا،
شۇ غېرىبلىق شەھرىدە،
جېنىم قەپەستە مۇپتىلا.

ئاشقى دىيدۇ مېنى،
چىن ئاشقى دىيدۇ مېنى.
ئاشقى يوق نېمىدەك،
خەقلەر يۆرۈتمەيدۇ مېنى.

كېچە كەلگەن مەن ئەمەس،
پەنجىرەڭنى چەككەن مەن ئەمەس.
كېچىلەپ يېنىڭغا كىرىپ،
لېۋىڭگە سۆيگەن مەن ئەمەس.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىغا،
يىغىلىپتۇ لۆكچەكلەر.
قويلاي دېسەم چارەم يوق.
يەنە كېلەر نېمە دەردلەر.

گۈرجەك كۆتۈرۈپ بېرىپ،
قوناققا سۇ ئاچاي دەملا.
كۆيۈك ئوتىغا سەپ قويۇپ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا.

كەتتى، كەتتى دېسىنا،
يەمشىگە يەتتى دېسىنا.
ئەمدى كەلمەس دېسىنا،
كەتكەنلىرى شۇ دېسىنا.

قامچا گۈل بويىڭنى سوزما،
ئېگىز - ئېگىز لەرگە قاراپ.
ئەتەۋارىڭ قالمىدى،
تۈرىسەن يەرگە قاراپ.

هاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭۈلگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

سەن مېنى ئۇردۇم دەمسەن،
سېپى يوق قامچاڭ بىلەن.
سەن مېنى سۆكتۇم دەمسەن،
سوتىغى ⑲ يوق ناخشاڭ بىلەن.

ئۇچكۈن ئايرىلساڭ ئۆلسەن.
دېۋىدى يارىم مېنىڭ.

بەش كۈن ئايرىلىپ باقتىم،
چىقمىدى جانىم مېنىڭ.

قېرى يېنىپتۇ يېشىغا.
ئوسما قويۇپتۇ قېشىغا.
زېمىندار [21] باسقان دوپپا كىيىپتۇ،
پوغۇندا باسقان بېشىغا.

چاچ سېلىپلا توخماقتەك،
قاش قويۇپلا بىلەكتەك.
ئەجەبمۇ ئوبدان سەمرىپلا،
گۆنجۈر يېگەن ئىنەكتەك.

تۆگىلەر ياتۇر ئوپۇردا.
باغلاپ قويدۇم شوپۇرغا،
يېنىمدىكى ئاياللار،
ئىشتىنىنى ئۈزۈن يۇپۇرغا.

ئاي بېشى چارشەنبەدە،
ئايدەك ياساندىڭ ئاي جۇگان.
توڭ تېزەكتەك مۇدۇرلۇپ،
ئايىغىڭ سۇندى ئاي جۇگان.

بېغىمىزدا ئالما تۇرسا،
شاپتۇلدىن يەپلا.
تۆيلىرىگە بىز بارغىچە،
تۆزلىرى كەپلا.

كىچىككىنە تۆگمە تۇگدۇم،
ئالتۇن ئەمەسمۇ.
ئالتاي يازدىن ئەگەشكىنىم،
زايا ئەمەسمۇ.

## ئەدەب ئەخلاق ۋە پەند. نەسىھەت. ھەققىدە

ياخشىنىڭ يادىكارىنى
كۆزۈڭ قىتىدا ساقلىغىن.
يامانىنىڭ كۈسمىسىنى
ئاپىرىپ يىراققا تاشلىغىن.

يارىلىڭ بەرگەن نارجانىنى،
تاشلىما تومانلارغا.
خۇدا بەرگەن جانىڭنى،
خار قىلما يامانلارغا.

دەرياغا تاشقىن كەلگۈدەك،
تاشنى ئېلىپ تۇغانىئى تۇت.
ياخشىغا بولسا مەيلىڭ،
يامانىنى قويۇپ ياخشىنى تۇت.

ئات بويىدا جۇغىلا،
بېشىدا يۈگەن - نوختا.
ئاچچىقىڭ تولا كەلسە،
سەۋرى قىل - بىزە تۇختا.

ياخشىلارغا دوست بولساڭ،
ھەردەم ئاغزىغا ئالۇر.
يامانلارغا دوست بولساڭ،
كوچىدا غەيۋەت قىلۇر.

www.uyghurkitap.com

چىلان باغقا بارماڭلار،
چىلان باغدا يىلان بار.
چىرايلىققا كۆيمەڭلار،
چىرايلىقتا يىلان بار.

جىڭغىراپ ئۈن كېلىدۇ،
قىز بېشىدا قاڭغۇرا. (21)
بولسا مەيلىڭ يار ئۈچۈن،
سەنمۇ ئۆيگە ئالدىرا.

يامغۇرلار ياغار بولسا،
مۇز داۋانلار پەسلەيدۇ.
يار ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول،
دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

ئېگىز يەرگە چىقماڭ يارىم
يىقىلىپ ئۆلەرسىز.
چىرايلىققا بەرمەڭ كۆڭۈل،
كۆيۈپ ئۆلەرسىز.

گۈل ئاچىلۇر گۈلىستاندا.
توزىيدۇ زىمىستاندا.
ئۆزۈڭنى ئېگىز تۇتما،
يارىڭ گۆرۈستاندا.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇمنىڭ پاتقىنى پاتقان.
يامان يارغا يولۇقساڭ،
بېشىڭنىڭ قاتقىنى قاتقان.

ئىشىك ئالدى چىناردۇر،
ئەگسەم شاخى سۇنادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتسا،
قىز - يىگىتكە گۇناھدۇر.

بۇ چىنار - نازۇك چىنار،
تەگمە ئۇنىڭ شاخى سۇنۇر.
شاخى سۇنغاندىن كېيىن،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونۇر.

پەيزاۋاتقا بارغۇنچە،
توققۇزنى ئالدۇق يانغىچە.
بار پۇلۇمنى خەجلىدىم،
تۇغماس خوتۇنغا قالغىچە.

چىنىغا چىنا كېرەك،
چوغرۇققا توغراق كېرەك
زاغرىغا پىياز قوشۇپ،
چاقچۇققا ياقماق كېرەك.

گۈل تېرىسام ئاچىلۇر،
گۈلنى سۇغىرسام ئاچىلۇر.
گۈلنىما ۋاقتىدا سۇغىرساڭ،
گۈلى خەندەك ئاچىلۇر.

سەن چىشىگىنىڭ بارىدا،
ياغ چايىنىماي گۆش چاينا.
ئورنىدا تۇرمايدۇ چىشىڭ،
تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن پوتاڭنىڭ بارىدا،
بىلىگىنى مەھكەم باغلىغىن.
بىلىگىدە تۇرمايدۇ پوتاڭ،
تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن.

سەن قوشۇڭنىڭ بارىدا،
ئۆردەككە سال، غازغا سال.
ئىندەككە كەلمەيدۇ قوشۇڭ،
تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن.

سەن ئېتىڭنىڭ بارىدا،
ئۇيغا چاپماي دۆڭگە چاپ.
ئۇقۇرغا كەلمەيدۇ ئېتىڭ،
تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن.

گۈل تېردىم كۆرسىنا،
ئوسما تېردىم كۆرسىنا.
بىۋاپانى ئاشنا تۇتسام،
تاشلىۋەتتى كۆرسىنا.

ئەر كىشىنىڭ ئەقلى بولسا،
ھەرگىز قىلمايدۇ تەسچىلىك.
ئىككى نان قويىندا بولسا،
ئاندىن ئامدان تېنچلىق.

نېرىقى ئۆيدە ياتقانلار،
بېرىقى ئۆيدىمۇ ياتقان.
ئاشىنسى يوق نادان بالىلار،
چەڭزىنى ساباپ ياتقان.

قارا ياغاچ قاشتا بولۇر،
چاچ گۆيەك چاچتا بولۇر.
يارنىڭ دەردى ھەر قاچان،
يۈرەك بىلەن باشتا بولۇر.

سۇنى كەشتىم، مۇزنى تەشتىم،
لاي ئىكەننى بىلمىدىم.
چىچىغا ساپتۇ جالا،
تاز ئىكەننى بىلمىدىم.

توپا ئالساڭ ئېگىزدىن ئال،
سېغىزلىقىنە.
بىر سۆيسەڭمۇ ياخشى سۆي،
نومۇسلۇقىنە.

ۋەز ئېيتمىغىن ئەخمەققا،
بىرنى ئالماپتۇ قۇلاققا،
كېلىپ ئۇرساڭ ياناققا،
ئاندىن ئالۇر قۇلاققا.

چىنەكتىكى كاۋىنى،
ئېلىپ قويدۇم باراڭغا.
ئەگەشمەيمەن پەندىيات،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.

يار يىراق بولغان بىلەن،
كۆڭۈل يېقىن بولسا كېرەك.
بۇ كۆڭۈل بولغان بىلەن،
كۆڭۈلنىڭ تەستىقى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىلبىرىم بىتەر - بىتەر،
خەقلەر ئىشتىسە نېمە دەر.
بىلگىنى دەردى بار دەر،
بىلمىگەنلەر تەلۋە دەر.

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

سايدا ئاپتاپلار چىقىپ،
گۈل ئېچىلۇرنى بىلمىدىم.
غۇنچە بويلۇق يار تۇتۇپ،
يۈرەك كۆيەرنى بىلمىدىم.

كۆكۈل سېزىدۇ دېيدۇ.
كۆكۈلنىڭ سەزگىنى راستۇر.
ئاشىق تۇتتى دېگەنلەر،
ئۇيىنسا يۈرەككە خاستۇر.

يامان بىلەن ئۆمرۈم مېنىڭ،
زايا ئۆتكۈنچە،
ياخشى بىلەن خىجالەتنى
تاتسام يارىشۇر.

پاقىنىڭ كېرىلگىنى،
ھەرگىز يىلانغا ئوخشىماس.
قېرىنىڭ كېرىلگىنى
ھەرگىز جۇگانغا ئوخشىماس.

تۇگمىنىڭ تېگەر بولسا،
بېغىشىڭنى قويدۇرما.
ئاشىقلىق قىلاي دېسەڭ،
دوست دۈشمەنگە تويدۇرما.

ئېرىقىڭنى مەن ئويدۇم،
سەن كېلىپ يەنە ئويما.
شەھرىڭگە مۇساپىرمەن،
دۈشمەن قولىغا قويما.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
چېكىپ ئويناپ سىندۇرۇر.
بىۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرۇر.

نېسىۋەڭ بولسا كېلۇرسەن،
شامى ھەرەمدىن.
نېسىۋەڭ بولمىسا كېتۇرسەن،
قاشى كۆزۈڭدىن.

ھەي يىگىتلەر ـ يىگىتلەر،
قىزنى ئوبدان تاللاڭلار.
چىرايلىقتا ۋاپا يوق.
مىجەزىگە قاراڭلار.

ئىچسەم ئىچكۈم كېلۇر،
ھاراق دېگەن ئاچچىقسۇنى.
سۆيمىسەم بولار ئىكەن
يارىم دېگەن قان قۇسقۇرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆگمەنگە ئۆگۈت كەلسە،
يېغىشنى قويۇۋالدۇ.
بىز ئىككىلەن ئوينىساق،
دوست - دۈشمەن تويۇۋالدۇ.

سىز خېنىم ياماناماڭ،
ياخشى - ياماننى كىم بىلۇر،
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
سايىنى تېرسا گۈل ئۈنۈر.

كىم كېلىپ ئېيتتى ساڭا،
سودىگەر يار تۇتقىلى.
سەن ئۆزۈڭنى ئاتىدىڭمۇ،
ئاھ ئۇرۇپ قان يۇتقىلى؟!

بۈگۈن جاھانغا ئوخشايدۇ،
يېتىملەر زار - زار قاقشايدۇ.
يېتىملەرگە رەھىم قىلغان،
روسۇلىللاغا ئوخشايدۇ.

ئادەم ئەتسەڭ مېنى،
بېشىمغا كۆتۈرەرمەن سېنى.
ئادەم ئەتمىسەڭ مېنى،
پېتىگىمگە تەڭ قىلارمەن سېنى.

توڭ تېزەكنىڭ توڭسىز،
ھەممىمىزنىڭ چوڭسىز.
ھەممە ئىشنى بىلسىز،
ئەسكىلىكنى قىلسىز.

دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا،
شاخلىرى ئېگىز بولسا.
دوست بولسا ئادىل بولسا،
ئۆلگىچە ئايرىلماس بولسا.

شاخقا سۇنسام قولۇم يەتمەس،
شېخى ماڭا ئېگىلىپ بەرمەس.
كىشى ھالىنى كىشى بىلمەس،
بىر نامەردكە بارماغۇنچە.

دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى،
دۈشمەنلىرىم سەنمۇ زېرىك.
سەن ئىشەنگەن تاغلىرىڭدا،
بىرمۇ ياتمايدۇ كىيىك.

تەلۋىلەرنىڭ شانىمۇ،
ھەردەم پەرىشان سۆزلىمەك.
ئۇ ساڭا ئادەت بولۇرمۇ،
ئۆتكەن ئىشنى تەرگىمەك.

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك،
كۆڭۈل ھەر يەرگە باشلايدۇ.
سەمەرقەنت ئالمىسىدەك
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.

ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلدى،
قىپچىڭلار باغۇ - بوستانغا.
ئۆلۈمگە ھىيلە يوقتۇر،
شاپائەت قىل گۈل - گۈلۈستانغا.

## ۋە باشقىلار

تىردانىدا (22) ئوقۇم جىق ئىدى.
ئاتقانىدا كۆڭلۈم توق ئىدى.
يار بىلەن تېپىشقانىدا
ئەندىشە خىياللار يوق ئىدى.

يارىمنىڭ ئېتى خەلچە،
پۇرجام (23) تەگمەس ھېلىچە.
مەن ساڭا خىزمەت قىلاي،
ئۆمرۈمنىڭ بارىچە.

چىرايلىرىڭ كېلىشكەن،
قامىتىڭمۇ جايىدا.
ۋاقىت يەتتى دېدىڭغۇ،
سەن قالما شۇ سايىدا.

بادام بارغۇ - بادام بار،
ئاستا كېلىڭ ئادەم بار.
خەقلەر بىلەن كارىم يوق،
بالدۇر قىلغان ۋەدەم بار.

ئاق كۆڭلەك، قىزىل جەيمەك (24)
يۇملاق جۇگان دېيدۇ.
ئەمچىكىنىڭ قايان دېسە،
قولتۇغۇم سايان دېيدۇ.

باسما كۆڭلەك كىيىپسىز،
چاشما كۆڭلەك داڭدىمۇ.
ئەردىن ئەرگە يۆتكىلىپ،
ئەرلىك ئاۋارزىڭ قاندىمۇ.

قوش قوغۇڭنى تېپىپ ئاچتىم،
يەرگە چۈشتى شىنىسى.
سەن ئۆزۈڭنى كىشى دەمسەن،
سەن تېرىتقىنىڭ پىنىسى.

ئاتام موللا قەلەندەر،
ئەلەم تەگمەي قەلەم تەگدى
يېشىم ئۇن بەشتە تۇرۇپ،
قىز تەگمەي جۈگان تەگدى.

چىمەن دوپپاڭ بەش تالا،
ئادىشىڭ يوقمۇ ياش باللا.
ئىشارەتنى بىلمەيدۇ،
يېڭى ئۆسكەن ياش باللا.

شوتا قويدۇم توغراققا،
چاقچاق قىلماڭ بويتاققا.
چاقچاق قىلسىڭىز بويتاققا،
ئەپلەپ سالۇر يانپاشقا.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
ناۋات بەرسەم سايرايدۇ.
جۇگانلار هارامزادە،
داچەن بەرسەم قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتىيازنىڭ سوغىدا،
ئۇشۇپ قاپتۇ غورىلا.
ئادىشىنىڭ قويىندا،
ئۇخلاپ قاپتۇ ياش باللا.

ئەتىيازنىڭ پەسلىدە،
ئۈزۈم سۈيى بەلغەم قىلۇر،
ھەر قانچە قاشاڭ جۇگاننى
ئاشىنىسى ئىلدام قىلۇر.

قارلىق تاغلار يېقىن ئۇچۇن،
ھاۋالىرى سوغۇق چاغۋا، ㉕
ئېستىكىنە ئايلالارنىڭ
ئاداشلىرى يوق چاغۋا.

بۇ دالاڭ ئېگىز دالاڭ.
مەمۇدىخان ياتقان دالاڭ.
مەمۇدىخانىنىڭ خالتىسى
ئۈزۈم بىلەن ياڭاق، چىلان

قوۋغىڭىز قاچۇرا پەن،
ئاچىلىشى نازۇ بىلەن.
ئۈزىڭىز قاۋۇل جۇگان،
ئويناشىڭىز باللار بىلەن.

ئۇنى يەيسەن، بۇنى يەيسەن،
پايدا قىلمايدۇ ساڭا.
ئېرىڭمۇ بەگگى - قىمارۋاز،
دورا قىلمايدۇ ساڭا.

بەش داۋان داۋاپ چىقسام،
داۋان يولى تۈز كۆرۈنەر.
شاھى كۆڭلەك ئىچىدە،
قىرى ماملار قىز كۆرۈنەر.

ئاداقچىمۇ ئاداقچى،
كۆڭلى يۇمشاق ئاداقچى.
ئاداقچىنى قاقشاتقان،
بارماق سوۋۇر قاراقچى.

كوچىلاردا ماڭماڭلار،
كوچىلاردا تىڭچى بار.
سىز بىزنى كىچىك كۆرمەڭ،
قورسىقىمىزدا بىگىسى بار.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى قانچە ساناپ باق.
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
خان ئاچاڭدىن سوراپ باق.

مەن ئۆزۈم بىر كاۋاپچى،
غانجۇغامدا ئارامچى.
بېرەي دېسەم پۇلۇم يوق
يارغا بولدۇم ئالدامچى.

ھاۋادىكى ئىككى قۇش،
بىرى باغلاق، بىرى بوش.
ئاخشىمى ياتسام كۆڭلۈم خوش،
ئەتىسى قوپسام قوينۇم بوش.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

كىچىككىنە پەنجىرەڭدىن
ئىككىلەن پاتتۇق.
قىلماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ
دەردىنى تارتتۇق.

ئاپئاق ئاغچام،
يېنىڭدا ياتقۇم كېلىدۇ.
ئالمائىنى قويۇپ،
جىگدەڭنى قاققۇم كېلىدۇ.

بارۇر لېچىن، تۇرۇر لېچىن،
سالسام ئالادۇ.
مەن ئۆلگەندە يارىمنەمنى،
خانلار ئالادۇ.

ئاسقاڭدا ئايماق،
تەخسەڭدە قايماق.
لەللۇلۇڭنىڭ سەتەڭلىرى،
ھەممىسى مايماق.

گۈل قاشىدا چىگمەنىنىڭ
مۆھلەتى بار.
مۇرادىغا يەتكەنىنىڭ
دۆلەتى بار.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئىزدەرمەن سېنى.
ئالەم خەلقى جۇگان دېسە،
قىز دەرمەن سېنى.

ئىزاھلار:

① خەستە — جاراھەت، يارلانغان.

② ئۇچام خىي — قومۇل شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ بىر مەھەللىسى (خىي — مەھەللە)

③ دالمىياڭ قاچا — خورجۇن قاچا.

④ يەڭ دەپچە — يەڭگە سايىدىغان كىرلىك.

⑤ قاڭقىر — كۆڭلۈم زارلىنىدۇ.

⑥ ئوۋاڭ - دوۋاڭ — ئېگىز - پەس، ماڭماتالا

⑦ دالۋاي — ئوينىتىپ.

⑧ دېغىر - دېغىر — غىچىر - غىچىر.

⑨ ئىرجىيىپ — ھىججىيىپ

⑩ كۆكيار — غەربىي تاغدىكى جاي ئىسمى.

⑪ يار بولۇڭ — قومۇل شەھەرگە قاراشلىق پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ كەنتى.

㉑ ئەندۇ — غەلتە.

⑬ يادايي — چۇداي — ئاددىيلار، غورىگۈل قاتتىق - قۇرۇق.

⑭ پىرسىر — پەرھىز قىلىش، ئېھتىيات قىلىش.

⑮ دەگدەش - ئەنسىرەش.

⑯ تۈرا — بوتەي، ئىستاھكام، كۆزىتىش مۇنارىسى.

⑰ كۆسمە — غەيۋەت.

⑱ غولوپ — قۇلۇپ.

⑲ سوتۇق — ئاماڭ.

⑳ زىمىندار — دوپپىنىڭ زەر باسقان توقۇشى.

㉑ قاڭغۇر — قىزلارنىڭ دوپپىسىغا تاقىۋالىدىغان كۈمۈش قاڭغۇراق.

㉒ تىردان — ئوقدان.

㉓ بۇرجام — چولا، ۋاقت.

㉔ جەيمەك — قىسقا چاپان.


㉕ چاغۋا — ئوخشايدۇ، بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزى
سىدىن: ئاخۇنبەگ، ئاقپاشا، ئەمەت ئىسمائىل، باست رەمىياز،
نەمەت بوسۇق؛ ئاستانە يېزىسىدىن: يۇسۇپ خېلىل، يۇسۇپ
غازى، ھېلىم شەيخ، نەمەت ھامىدى، ئۆمەر قارى، روزى سو-
پى، قاراتال يېزىسىدىن: سەدول ئاخۇن، كالى ئاخۇن؛ خوتۇنتام
يېزىسىدىن: نىياز سوپا. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىن: يەھيا قارى، ك
چىك ئانارخان. يۇنۇس ئەمەت، قارادۆۋە يېزىسىدىن: قېيۇم يۇنۇس.
1982 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە.



# ئېيتىش ۋە خىل
# تىپتىكى قوشاقلار



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## نەغەم بىلەن بەختىنىسا

### (ئېيتىشىش)

**بەختىنىسا:**

سىنىڭ ئېتىڭ نەغەمدۇر،
شۇنداق يۈرسەڭ بولامدۇ؟
كېچە ـ كۈندۈز تالادا،
جۇگان ساڭا تېگەمدۇ؟

**نەغەم:**

سىنىڭ ئېتىڭ بەختىنىسا،
چاچىنى ئۇزۇن تارىسا.
يۈگۈرۈپ بېرىپ تېگەرسەن،
نەغەم ساڭا قارىسا.

**بەختىنىسا:**

ئاسماندىكى ئۈچ يۇلتۇز،
كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەيدۇ.
سىزمۇ چوڭ بولۇپ قاپسىز،
سىزنى قاچان ئۆيلەيدۇ.

**نەغەم:**

تاغدىن چۈشتۈم پىيادە،
ئۆيلىنىمەن بۇ يەردە.
بىر كۈن سىزنى ماڭا قىلىدۇ،
خۇدايىممۇ ئىرادە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەختىنسا:

نەغمەم باقى ئېيتىڭدۇر،
تۇرغىنىڭ شۇ پەيتىڭدۇر.
جۇل ـ جۇل چاپان ئۇستىڭدە
چولاق ئېشەك ئېيتىڭدۇر.

نەغمەم:

بەختىم بار دەپ داڭلايسەن،
بەختىڭ يوقتۇر بەختىنسا.
ھېچ كىشى قاراپ قويماس،
نەغمەم سېنى ئالمىسا.

بەختىنسا:

نەغمەم ئۆزى بىغەمدۇر،
دىيدۇ خۇدا ئىگەمدۇر.
بەختىنسا ئۇنىمسا،
تاسما بىلەن چىگەمدۇ.

نەغمەم:

نەغمەم ئۆزى نەغمىچى،
ناخشا ئېيتىپ ھارمايدۇ.
ئەتە ـ ئاخشام كەينىدىن
بەختىنسالار قالمايدۇ.

بەختىنسا:

نەغمەم دەرۇ ـ نەغمەم دەر،
ئېتىڭ سېنىڭ قەلەندەر.
بىر جىڭ تۆت سەر ئۇنۇڭ يوق،
بەختىنسالار نېمە يەر.

نەغمە:
گاداي كۆرمەك نەغمەنى،
چاندازىدا پۇلى بار.
تىلەپ يېمەس ھېچقاچان،
ئىككى بىلەكى ـ قولى بار.

بەختىنىسا:
شاتاۋار كۆڭلەك كېرەك،
چىن بەجىن ئەينەك كېرەك.
ئىچكىلى سىنچاي قويۇپ—
جانان چىنە، چەينەك كېرەك.

نەغمە:
كۆڭۈلنى كۆڭلەك قىلاي،
يۈرەكنى ئەينەك قىلاي.
ئىچكىلى سىنچاي قۇيۇپ
ئاغزىمنى چەينەك قىلاي.

بەختىنىسا:
كۆڭۈل بەردىم سېنىڭغا،
ئەمدى باراي يېنىڭغا،

نەغمە:
بەختىنىسا كەپ قىشىمغا،
بەخت قوندى بېشىمغا.

بىرلىكتە:
كۆڭۈل بەردىم سېنىڭغا،
ئەمدى باراي يېنىڭغا.
بەختىنىسا كەپ قىشىمغا،
بەخت قوندى بېشىمغا.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قۇمۇل شەھەرى شەھەر ئىچى يېزا جىڭ- دە بۇلاق كەنتىدىن: ئاقپاشا، ئابدۇللا زاكىر، ئىسمائىل ئىبراھىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇسا چاپاق دەمسەن مېنى

ئا: تاپقان - تەرگەن پۇلۇمغا،
سەن خوتۇننى مەن ئالغان.
ياندا پۇلۇم تۈگىدى،
راست سۆزۈممۇ ھەم يالغان.

ب: نەچچە قېتىم سۆزۈڭنى
مەن يالغانغا چىقارغان.
ئېچىپ قارا كۆزۈڭنى
سەن گادايغا ئالدانغان.

ئا: مېنىڭ كۆزۈم ئۇچۇققۇ،
يەنە يوغان ئاچايمۇ؟
سەن خوتۇننى كۆرگەندە،
پالاز يېپىنىپ قاچايمۇ؟

ب: مەندىن قاچقىن دېمەيمەن،
قۇرۇق ناننى يېمەيمەن.
كۆندە گۆش بىلەن ياغ تاپ
بۇندىن كېيىن دېمەيمەن.

ئا: مەن ئۆزۈم بىر راست گاداي،
گۆشكە پۇل قايدىن تاپاي.

گۈش بىلەن ياغلار ئۈچۈن،
كۈندە مەن كەتمەن چاپاي.

ب: كەتمەن چىپىپ پۇل تاپقچە،
ئولتۇرغىلى قونچاقمىدىم.
سەن ئۈچۈن قورۇلغىلى،
قازاندىكى پۇرچاقمىدىم.

ئا: ئون پۇلۇمنىڭ بىرىدا،
مۇسا بىگىم دەيتتىڭ مىنى.
ياندا پۇلۇم تۈگىسە،
مۇسا چاپاق دەمسەن مىنى.

ب: ئانداق - مۇنداق دىمەيمەن،
دائىم سىنىلا دەيمەن.
دىلىڭغا ئازار بەرمەي،
سىنىڭ بىلەن ياشايمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئاراتۇرۇك ناھىيە باي يېزىسىدىن:
69 ياشلىق يەھيا ئەيىندىن، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى
يېزا ئايلىق مازار كەنتىدىن: 58 ياشلىق ئىسھاق يەھيا. 1988 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۆمەر قارى بىلەن مارىخاننىڭ ئېيتىشىشى

(1)

ئەر: ئېرىقىڭدا سۇ يوقمۇ؟
بېلىقلارغا نە بوپتۇ.
بارچە خەقلەر ئوينا پتۇ،
بىز ئوينىساق نە بوپتۇ.

ئايال: ئاق چەكمەن، قىزىل چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
جۇگانلاردا ھېچ گەپ يوق،
يىگىتلەر ئەجەب دەردمەن.

ئەر: قارا چەكمەن قارا چەكمەن،
يار ئۈچۈن چاپاي كەتمەن.
يارىم كەتمەن بەرمىسە،
كۆڭلەكچان كېتەي دەردمەن.

ئايال: ئىلى يولىدا كۆردۈڭمۇ،
شالغا يايغان چەكمەننى.
شەھەر ئىچىدە كۆردۈڭمۇ،
سەنمۇ مەندەك دەردمەننى.

ئايال: ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

ئەر: ئۆستەڭدىكى سۈزۈك سۇ،
مۈزلاپ قاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرۈيمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

ئايال: بەش چېچىمدا بەش تۇمار،
تۇمار ئاسمىغان كىم بار.
ياشلىقتا، نادانلىقتا،
ئاداش تۇتمىغان كىم بار.

ئەر: دەرەخنىڭ ئۇچىدا شاتۇت،
بىر ياخشىنى ئاشنا تۇت.
بىر ياخشى ئۇنىمسا،
ئويناپ كۈلۈپ هاراق تۇت.

ئايال: ئاتنىڭ ئوبدىنى تورۇق،
قىزنىڭ ئوبدىنى ئورۇق.
يىگىتلىك قىلاي دېسەم،
پۇتۇمدا يوغان چورۇق.

ئەر: توك تېزەكنىڭ توڭسەن،
يىگىتلەرنىڭ چوڭسەن.
جۇگانلار قارىمسا،
قورسىقىڭ كۆپۈپ تۇرسەن.

ئەر: تولا قارىدىم ساڭا،
بىر قارىمىدىڭ ماڭا.
قارىمىساڭ قارىما،
ئۇۋالىم بولۇر ساڭا.

ئايال: سۇ قايرىلىپ ئاقمايدۇ،
يار قايرىلىپ باقمايدۇ،
يار قايرىلىپ باققاندا،
بىر خىيالى ياقمايدۇ.

ئەر: بىز شۇنداق يۈرۈمدىمىز،
قۇرۇقلا بەتنام كۆتۈرۈپ.
بۈگۈن ئۆلسەكمۇ ئۆلەيلى،
باشقىچە داڭ كۆتۈرۈپ.

ئائال: ئەجەب ئوبدان يارىشىپتۇ،
ئۇچاڭدىكى قاتۇرما.
ئايدا - يىلدا كۆرۈنۈپ،
مېنىڭ بېشىمنى قايدۇرما.

ئەر ئوڭ قولۇمدا ئاي پالتا،
مۇجۇغۇڭنى كولايمەن.
ئۇخلاپ قالماي سەگەك يات،
ئەتىسى ئاخشىمى توۋلايمەن.

ئايال: چىنە چەينەكنىڭ چورغۇسىمەن،
پەرەڭ غۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچىمەن.
ئاشنىسى يوقنىڭ ئاشنىسى مەن،
جۆرىسى يوقنىڭ جۆرىسىمەن.

ئەر: سىرلىق ساندۇق ئىچىدە،
ئالتۇن ئوشۇق ئوينايدۇ.
شۇغىنا مېنىڭ يارىم،
كۆزى بىلەن قىينايدۇ.

ئايال: لەغمەننىڭنى يېمەيمەن،
سىركەڭ بىلەن لازاڭ يوق.
ئەمدى سېنى سۆيمەيمەن،
بۇرۇنقىدەك ياڭزاڭ يوق.

ئەر: ئويانمۇ ئۆتەشىم بار،
بويانمۇ ئۆتەشىم بار.
سەن ياراتمىساڭ مېنى،
قورغويدەك ئاداشىم بار.

ئايال: ئىشىك ئالدى جوسەيلىك،
سەيلىمىسەكمۇ سەيلەكلىك.
سەن يار ئەتمىسەڭ مېنى،
زاپاس يارلار پەيلەكلىك.

ئەر: قومۇل شاڭدا كۆپ ياتتۇق،
ئاتامنىڭ مىراسى دەپ.
جاپانىمۇ بەك تارتتۇق،
سۆيگەننىڭ كىراسى دەپ.

ئايال: تاغقا چىقتىم تاماشىغا،
ئەملىك ئاتلار مىنگەشسە.
يارغا يار كېرەك بولسا،
كىشنەپ يۈرۈپ ئەگەشسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەر: ھاۋا ئوخشار ھاۋاغا،
بولۇت ئوخشار نېمىگە.
سېنىزگىنە شۇ يارىم،
ئوخشايدىغۇ كېمىگە.

ئايال: لەنجۇلارغا باردۇق بىز،
كارۋانلارغا پۇل تۆلەپ.
ئايلىمدىكى شۇ يارىم،
ئولتۇرۇپتۇ تام يۆلەپ.

ئەر: يەرگە تەگدى تاقىتە،
ئالا ئاتنىڭ تاقىسى.
سۆيىزەپ ئۆتەر سۇلاردىن،
يېڭى كۆلنىڭ پاقىسى.

ئايال: سەن كېيسەڭ ياراشمايدۇ،
ئاق باسما، يېشىل باسما.
ئىزدىسەم تېپىلمايدۇ،
ساڭا ئوخشاش لىڭتاسما.

ئەر: بۇ ئۆيلەرنىڭ لىملارى،
تاغدىن كەسكەن چىڭگاگدەك.①
ئالدىمدىكى بۇ خېنىم،
قېرىپ قالغان ھىڭگاگدەك.②

ئايال: بۇ ئۆيلەرنىڭ لىملارى،
قىزىل قانغا ئوخشايدۇ.
ئالدىمدىكى قارىلار.
خام كاۋىغا ئوخشايدۇ.

ئەر: تاغنىڭ ئارقىسى يايلاق،
تۆگە بالىسى تايلاق.
خۇدا بۇيرۇسا سۆيەرمەن،
باغرى ئوت كۆزى ئويناق.

ئايال: ئالمىنى بىرىڭ دەيسەن،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسەن.
قەدرىمنى بىلمەيسەن،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسەن.

ئەر: يارىم كېلىدۇ قاراپ،
زۇلپى چېچىنى تاراپ.
يارغا مەن نېمە قىلدىم،
يامان كۆزىدە قاراپ.

ئايال: سەن قەدرىمنى بىلمىدىڭ،
قاراپ تۇرۇپ - قاراپ تۇرۇپ.
ئەدىۋىڭنى بېرەرمەن،
تامنىڭ ئارقىدا ماراپ تۇرۇپ.

ئەر: رامبۇل قوينىڭ تېرىسىنى،
تېرىچىلار ئاشلايدۇ.
ئادىشىڭىزنى بوش كۆرمەڭ،
رەسۋا قىلىپ تاشلايدۇ.

ئايال: جەرەن ئاتنىڭ يورغىسىنى،
مىنىپ چاپساڭ كۆرەرسەن.
مارىخاننىڭ بىگىسىنى،
بىر دەم توختا كۆردىرسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئەر: تاغ بېشىدا ئولتۇرسام،
ئوۋاك ـ دوۋاك توز كۆرۈنەر.
قىزىل كۆڭلەك ئىچىدە،
قېرى جۇگان قىز كۆرۈنەر.

ئايال: ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۆمۈچ ساپتۇ چىرايلىق.
شۇنچە خەق ئارىسىدا،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

ئەر: غول ئېرىقنىڭ③ يوللىرى،
ئىككى تەرىپى تاش بولسا.
ھەممە خەقنىڭ ئاشىقى،
سەن يارىمدەك ياش بولسا.

ئايال: يارىمنىڭ يارى بولسام،
بوستاننىڭ گۈلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

ئەر: قۇشقاچ قوندى قامقاقا،
تورغاي قوندى يانتاقا.
يارىم بىلەن زاغرا يېسەك،
شېكەر تېتۇر تاماققا.

ئايال: يار ئۆيۈك يېقىن بولسا،
ئاغزىم بىلەن نان بەرسەم.
ئەقدە ساقلىغان يارنىڭ،
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

ئەر: سائەت ئالساڭ زەنجىر ئال،
شاپتۇل ئالساڭ ئەنجۈر ئال.
سائەت ئون ئىككى بولغاندا،
يار قويىندا راھەت ئال.

ئايال: جەرەن ئاتنىڭ يورغىسىنى،
مىنىپ چاپساڭ بىلەرسەن.
بۇ ئالەمنىڭ راھىتىنى
قويىندا ياتساڭ كۆرەرسەن.

ئەر: ئاق سارايىنىڭ ئىچى كەڭ،
تۆت تەرىپى چاڭ بولسا.
بۇ شەھەرلەردىن يار تۇتسام،
ئاق يەرلەرگە④ داڭ بولسا.

ئايال: ئاق سارايى بار ئىكەن،
زەدىۋىلى يوق ئىكەن.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

ئەر: يارىم چاڭدا ياتقاندا،
پەنجىرەگدىن ئاتتىم تاش.
باغرىم سۇ بولۇپ ئاقتى،
بىر باقساڭچۇ قەلەم قاش.

ئايال: ئاق سارايدىكى چاغدا،
يارىم بىلەن مەن ياتقان.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىنى تولا تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## (2)

ئايال: يوللىرىڭغا ماڭمايمەن،
ماڭسام ھەر تەرەپتە يول.
دوستتىن تولىسى دۈشمەن،
سەن ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول.

ئەر: قارا بۇلۇت ئۈستۈمدە،
دۈشمەن مېنىڭ قەستىمدە.
بىز خۇداغا راست بولساق،
دۈشمەن ئاياغ ئاستىڭدا.

ئايال: كۆڭلۈم چۈشتى كۆڭلۈڭگە،
كىرەي ئەمدى كەينىڭگە.
ساق بېشىم ساراڭ بولدى،
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە.

ئەر: غېجەك تارتىمەن يارىم،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
ئالتە كۈنلۈك ئالەمنى،
ئۆتكۈزەي سېنىڭ بىلەن.

ئايال: كۆڭۈل سېزىدۇ دېيدۇ،
كۆڭۈلنىڭ سەزمىگى راستۇر.
يار قەدىرىگە يەتكەندە،
سۆيسە يۈرەككە خاستۇر.

ئەر: ئېچىلگىن چاراقلايدۇ،
مارىخان تىڭشاپ قويۇڭ.
يۈرەك بېغىشىم سىزدە.
ھالىمنى سوراپ قويۇڭ.

ئايال: ئاخشاملىقتا مەن بارىي،
ۋەدەڭدە تۇرالامسەن؟
سەن ئۆزۈڭ كىچىك بالا،
ھاجەتكە يارالامسەن؟

ئەر: ئىشىك ئالدى زارەتلىك،
ئىچكەن سۈيۈم شەربەتلىك.
سەن مېنى كىچىك دەمسەن،
مەنمۇ خېلى غەيرەتلىك.

ئايال: جاندىن ئەزىز يارىمسىز،
كۆڭلۈمنى ئالالامسىز؟
جايىمىز مۈشكۈل يەردە،
ھاجەتكە يارالامسىز؟

ئەر: باغىدەكمۇ ئەمەسمەن،
بارلىغىدەكمۇ ئەمەسمەن.
يارىنىڭ سېسىق گېپىگە
چىدالىغىدەكمۇ ئەمەسمەن.

ئايال: يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى،
ئالا قاشقا تورۇق ئات.
مەن خۇداغا راست بولسام،
كۆندە قىلىمەن ئۈنى يات.